ئەخمەت تۇردى ئەسەرلىرى



# ئۇنتۇلغان كىشىلەر

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

بۇ رومان 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر» شەرىپىگە ئېرىشكەن.

ئۇنتۇلغان كىشىلەر

ھايات شۇنداق
ئاي ياغۇرى
يىراقتا قالغان مۇھەببەت
سەرسان روھ
بەختسىز سەئدىيە
قاباھەت
يەكچىشمە
مۇزلىغان يۈرەك
دەۋر سادىسى

ISBN 978-7-5371-6502-0

باھاسى: 26.00 يۈەن

ئۇنتۇلغان كىشىلەر



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

يىغىلسا مال ــ دۇنيا، تۇگەر، يوقىلۇر،
پۈتۈلسە قالۇر سۆز، جاھان ئايلىنۇر.

ــ يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سەن ئۆتمۈشكە تاپانچىدىن ئوق ئاتساڭ، كېلەچەك سېنى زەمبىرەك بىلەن ئاتىدۇ.

ــ رەسۇل ھەمزەتوف

ئەخمەت تۇردى ئەسەرلىرى



# ئۇنتۇلغان كىشىلەر

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئابلىكىم ھەسەن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **دىليار تۇرسۇن**
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: **غالىب شاھ**

ئەخەت تۇردى ئەسەرلىرى

**ئۇنتۇلغان كىشىلەر**

(رومان)

ئاپتورى : **ئەخەت تۇردى**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا 1 ـ قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168× 850م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 13.125
2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN978-7-5371-6502-0
سانى: 1- 4000
باھاسى: 26.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز





# نەشرىياتتىن

ئەخەت تۇردى — دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان ۋەكىللىك خاراكتېردىكى داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ 50 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا پروزىچىلىقنىڭ ھېكايە، پوۋېست، رومان قاتارلىق ھەممە ساھەسىدە قەلەم تەۋرىتىپ، ھەممە ساھەسىدە بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە خېلى زور تەسىر قوزغىدى.

يازغۇچى 1940 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1949 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1964 - يىلى 8 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن ژۇرنالنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان. 1989 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ كەسپىي يازغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىپ، 2000 - يىلى 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققۇچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، دۆلەتلىك

بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى.

ئەخەت تۇردىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتى 1958 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گۇرۇچ» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن تارتىپ 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ «ھاياتنىڭ باشلىنىشى»، «دەشتكە باھار كەلدى»، «كۈرەش داۋام قىلىدۇ»، «ئازاد زامانەمدىن ئايلىناي»، «بىزنىڭ ئەۋلاد» قاتارلىق بىر قىسىم ھېكايىلەرنى يېزىپ، شۇ دەۋر رېئاللىقىنى خېلى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن ھەم كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئەخەت تۇردىنىڭ پروزا ئىجادىيىتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇ «يالقۇنلۇق ياشلىق»، «مەرھابا، باغۋەن»، «مەھبۇس قىزى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىش ئاساسىدا پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «قىيانلىق دەريا»، «ئەلۋىدا، كۆز يېشىم» قاتارلىق پوۋېستلارنى ئېلان قىلىپ، بۇ جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدىن رومان ئىجادىيىتىگە ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى ئىجادىيىتى بولۇپ قالدى. ئۇ 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، 1989 ـ يىلى تۇنجى رومانى — «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»نى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇ رومان ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممىتى ۋە يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاساسلىق كۈچىنى رومان ئىجادىيىتىگە قارىتىپ، كەينى ـ كەينىدىن «ھايات شۇنداق»، «سەرسان روھ»، «بەختسىز سەئىدىيە»، «قاباھەت» قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ جامائەتچىلىك بى-

لەن يۈز كۆرۈشتۇردى . ئەگەر بىز «خەيرخوش ، توققۇز كۈنلۈك ماكان» ، «ئەلۋىدا ، كۆز يېشىم» ناملىق ئەسەرلەرنى ئۇنىڭ ھېكايە ۋە پوۋېست ئىجادىيىتىدىكى بىر پەللە دېسەك ، ئۇنداقتا «سەرسان روھ» ، «بەختسىز سەئىدىيە» ، «قاباھەت» رومانلىرى ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان نادىر ئەسەردۇر .

يازغۇچىنىڭ تۇنجى پوۋېستى «قىيانلىق دەريا» 1985 ـ يىلى مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى باھالاشتا «مۇنەۋۋەر پوۋېست» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ بىر قىسىم ھېكايىلىرى ، بولۇپمۇ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ، «ھايات شۇنداق» ، «سەرسان روھ» ، «بەختسىز سەئىدىيە» قاتارلىق رومانلىرى كەينى ـ كەينىدىن «جۇڭگو كىتاب مۇكاپاتى» ، «تۇلپار ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ، «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى» ··· قاتارلىق مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ زور شەرەپ قۇچتى . ئۇنىڭ بىر تۈركۈم ھېكايە ـ پوۋېستلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن سىرت ، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ، «خەيرخوش ، توققۇز كۈنلۈك ماكان» قاتارلىق نادىر ھېكايىلىرى چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، «چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايىلىرى» ناملىق توپلام بىلەن «پەرۋاز» ناملىق مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىندى .

بۇ قېتىم نەشرىياتىمىز دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا سوۋغا قىلىش ۋە ئەخەت تۇردى ئىجادىيىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يازغۇچىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى 10 توم قىلىپ نەشر قىلدۇق . بىز ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلغان بۇ 10 توملۇق ئەسەر يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ تارىخ ۋە رېئاللىق ھەققىدىكى 50 يىلدىن بۇيانقى جاپالىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى . ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدە كىشىلەرنىڭ

ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن بولغان ئوخشاشمىغان مۇناسىۋەت -
ئالاقىلىرىنى ، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي
دۇنياسىنى تىپىك ۋە ماھىيەتلىك بولغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى
ئىچىدە ئوبرازلىق يارىتىشتەك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدى-
لەندۈرۈپ ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ياراتقان . ئۇ تەسۋىرلى-
گەن پېرسوناژلارنىڭ كۆپىنچىسىدە زامانداشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى
قىياپەتلىرى تەبىئىي ۋە ئېنىق ئېچىپ بېرىلىپ ، ئۇيغۇر خەلقى-
نىڭ تىپىك مىللىي خاراكتېرى خېلى روشەن ئەكس ئەتكەن .
بۇ خىل تىپىك خاراكتېر يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ،
جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆزقاراشلىرى ، شۇ-
نىڭدەك ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئارقىلىق سەنئەت يۈكسەك-
لىكىگە كۆتۈرۈلگەن . شۇڭا ئۇ كىشىلەرگە ئۆزگىچە بىر خىل
ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ ، كىشىنى ھايات گۈزەللىكىدىن ،
شۇنداقلا تەبىئەت گۈزەللىكىدىن سۆيۈندۈرىدۇ .

قىسقىسى ، ئەخەت تۇردى دەۋر قىياپىتىنى ئىجابىي ۋە سەل-
بىي ياقتىن يورۇتقان ، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك ، زىددىيەت-
توقۇنۇشلىرى كەسكىن ، پېرسوناژلىرى ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە
ئىگە ، تىلى تاتلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن يېڭى
دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ، جۈملىدىن ئۇنىڭ رومانچىلىق ساھەسى-
گە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان تۆھپىكار يازغۇچىدۇر .

بىز ئاخىرىدا ، ھۆرمەتلىك ئەدىبىنىڭ تېنىگە سالامەتلىك ،
قەلىمىگە تېخىمۇ زور بەرىكەت تىلەيمىز !

2009 - يىل ، مارت .

# يازغۇچىدىن

ھەرقانداق كىشى ئەلۋەتتە ئۆز خەلقىنىڭ كۈرىشىنى ئېسىدىن چىقىرىشنى خالىمايدۇ.

يېقىنقى تارىخىمىز ھەققىدە مۇشۇنداق بىر ئەسەر يېزىش ئىشتىياقى مەندە تويۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئاتاقلىق يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ مەلۇم ئەسىرىدىكى مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرسەم تولىمۇ باب كېلىدۇ:

«تاغلاردا شۇنداق بۇلاقلار بولىدۇكى، يېڭى يول ئېچىلسا بۇ بۇلاقلارغا ئېلىپ بارىدىغان چىغىر يوللار ئەستىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇسسىغاندا يولدىن بۇرۇلۇپ بارىدىغان يولۇچىلار بارغانسېرى ئازىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ بۇلاقلارنى يالپۇز ياكى لويىلا بېسىپ كېتىدۇ. كېيىن بارا ـ بارا يولۇچىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيمۇ قالىدۇ. ئوت ئاتەش ئىسسىق كۈنلەردە ئاندا ـ ساندا بىرەر ئادەمنىڭ ئېسىگە كېلىپ، ئۇسسۇلۇق تەشناسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يولدىن بۇرۇلۇپ بۇلاق بېشىغا بارسا بارار. يولۇچى كېلىدۇ ـ دە، ئوت بېسىپ كەتكەن بۇلاقنى ئىزدەپ تاپىدۇ. گىياھلارنى ئاۋايلاپ ئاچىدۇ ۋە ھەيران قېلىپ ‹ئاھ!› دەپ تاشلايدۇ: ئالل‍ىقاچانلاردىن بۇيان ھېچكىم لايلاتمىغان مۇزدەك بۇلاق سۈيىنىڭ تىنىقلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ، بۇلاقتا ئۇ ئۆزىنىمۇ، قۇياشنىمۇ، ئاسماننىمۇ، تاغ ـ تاشلارنىمۇ كۆرىدۇ ... كۆرىدۇ ـ دە، شۇنداق جايلارنى بىلمەسلىك گۇناھ، يار ـ بۇرادەرلەرنىمۇ بۇنىڭدىن خەۋەردار قىلىش كېرەك، دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ ...»

شۇنداق، ئىش ئەنە شۇ يەردىن باشلاندى. مەنمۇ سۈيى سۈزۈك ۋە تاتلىق، كىشىلەر ئەستىن چىقىرىپ قەدەم ئىزلىرى ئازلاپ قالغان

ئەنە شۇنداق خىلۋەت بۇلاقلارنى ئىزدەپ تاپتىم. ئۇنىڭ سۈيى تەشنا قەلبىمگە شەربەت بولدى، مېنى روھلاندۇردى، ئىلھاملاندۇردى. ئەمەما، بۇ كۇپايە قىلمايتتى. مەن بۇ بۇلاقلارنى باشقىلارغىمۇ بىلدۇرۇپ قويۇش نىيىتىگە كەلدىم ۋە ئەينى ۋاقىتتا، ئاشۇ بۇلاقلارنى بەرپا قىلغان، ئاسرىغان كىشىلەرنىڭ ھازىرغىچە ياشاپ كەلگەنلەردىن بەزىلىرى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلار ھە دېگەندىلا ماڭا: «بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلغان ئىشلار، ئۆچكەن ئىزلار ...» دېيىشىپ كۆڭلىدىكى ئالقانداق مەيۇسلۇكلەرنى بىلدۈردى ...

ياق، دۇنيادا ئۇنداق ئاسان ئۇنتۇلىدىغان ئىش يوق! ئادەمزات باسقان ئىزلار مەڭگۈ قىممەتلىك، ئۇنتۇلغۇسىز بولىدۇ!

سۆھبەتداشلىرىم مەقسەتكە يارىشا كۆڭلىنىڭ ئەڭ نازۇك قاتلاملىرىدىكى سىرلىرىنى ئېيتىپ بەردى. كۆمۈلۈپ قالغان بۇلاق كۆزلىرىنى ئاچتى!

شۇئان مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ زۇلمەتلىك تۈن پەردىسىنى يىرىپ تاشلاپ ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە ئىرىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جاپالىق كۈرەشلىرى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بەختى ئۈچۈن تۆككەن ئىسسىق قانلىرى، يورۇقلۇقنى كۆرۈش ئۈچۈن باسقان سانسىز ئىزلىرى نامايان بولغاندەك بولدى. مەن ھاياجانلاندىم، روھلاندىم، غايەت زور بىر مەنىۋى كۈچ ماڭا تۈرتكە بولدى. مەن ئاخىر شۇ تۈرتكە بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

«ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ھېچبولمىغاندا، 1940 ـ يىللاردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي يوللىرىنى، ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى يۈزەكى بولسىمۇ ئەۋلادلارنىڭ ئېسىگە سېلىپ، بۈگۈنكى بەختىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يېتىشكە تۈرتكە بولار، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

لېكىن، بۇ رومان يىرىك ئەسەرگە قەدەم قويۇش يولۇمدىكى بىر ھەۋەس بولدى. شۇنداق ئىكەن، ھەرقانداق بىر ئىش يېڭى باشلانغان چاغدا نۇرغۇنلىغان كەمچىلىك ۋە سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ.

ئۇ جەزمەن ئۇستازلارنىڭ يېتىلىشى، تەنقىدچىلەرنىڭ كۆيۈنۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا تۈزىتىلىپ تولۇقلىنىپ بارىدۇ.

ئاخىردا، مېنى نۇرغۇن يازما ۋە ئاغزاكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن، شۇ دەۋردىكى مۇرەككەپ ۋە قانلىق كۈرەشلەرنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىسى ھەم تىرىك شاھىتى بولغان ئەدىۋاقى سەيدۇللا، شىرىپ خۇشتار، ئەمەت بەختى، مەتىمىن قۇربان، ئابلىز ئەبەيدۇللا، قۇربان يىڭجاڭ قاتارلىق پېشقەدەم ئۇستازلارغا چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتورنى ئاشۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئائىت بىر قىسىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتكەن «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىگىمۇ ھۆرمەت بىلەن تەشەككۈر ئېيتىمەن!

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب  سەيلىگاھتىكى جۇدالىق ........................1
ئىككىنچى باب  ھەپسىدىكى سىرداشلار ......................18
ئۈچىنچى باب  تۇنجى سان «تاڭ نۇرى» ......................51
تۆتىنچى باب  ئىپپەت قۇربانى ..............................78
بەشىنچى باب  ئاخىرەتنىڭ سۈرىتى .........................108
ئالتىنچى باب  يۇلتۇزلار ئويغاق ..........................122
يەتتىنچى باب  پاجىئەلىك كېچە ............................137
سەككىزىنچى باب  ئۇنى دەريا تولدۇردى ....................150
توققۇزىنچى باب  راۋاقتىكى «رازۋېدكا» ....................164
ئونىنچى باب  بۇرۇتقا خاپا بولسا، ساقال چىقتى .............178
ئون بىرىنچى باب  قان بىلەن يۇيۇلغان داغ ..................192
ئون ئىككىنچى باب  بەيتۇللانىڭ شىپالىق دورىسى .............213
ئون ئۈچىنچى باب  يېشىل تۇغ ..............................227
ئون تۆتىنچى باب  قاچقۇن ..................................239
ئون بەشىنچى باب  «شېھىت مازار» ..........................245
ئون ئالتىنچى باب  چىلتەنلەر نامايىشى ......................264
ئون يەتتىنچى باب  توغراقلار چاۋاك چالدۇ ....................281
ئون سەككىزىنچى باب  سىرلىق ئەۋلىيا ........................297
ئون توققۇزىنچى باب  ئاھ، گۈزەل! ..........................314
يىگىرمىنچى باب  ئۇلار قۇچاقلاشتى ..........................333
يىگىرمە بىرىنچى باب  تۇنجى جەڭ ............................345
يىگىرمە ئىككىنچى باب  سانسىز قەبرىلەر ......................364
يىگىرمە ئۈچىنچى باب  جادۇ ئالدىدا ..........................373
يىگىرمە تۆتىنچى باب  ئۇلار تاغنى كۆرەلمىدى ..................387
يىگىرمە بەشىنچى باب  بۇ بابنىڭ مەزمۇنى ئىچىدىكى گەپتە....399

## بىرىنچى باب

# سەيلىگاھتىكى جۇدالىق

بوغۇزلايمەن دېسە قويمۇ تېپىرلايدۇ.
— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

1

ھەر يىلى ئۆرۈك پىشىقىدا بولىدىغان «ھەزرەت سەيلىسى» بۇ قەدىمىي، ئەزىز شەھەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى ھېسابلىناتتى. بۇ كۈنلەردە ھاياتنىڭ پۈتۈن خۇشاللىقى، تۇرمۇشنىڭ جىمى شاۋقۇن – سۈرەنلىرى خۇددى بىردەملىككە بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندەك، كىچىككىنە ھەزرەت يېزىسى قايناپ كېتەتتى. ئۇزۇن چاپانلىرىنى دولىسىغا غېرىبچە تاشلىغان تاۋاپچىلار، مەپە، ھارۋىلاردا شەھەردىن چىققان سەيلىچىلەر گىرەلىشىپ ئاجايىپ بىر ئادەم ئېقىمىنى پەيدا قىلاتتى. سەيلىگاھنىڭ بۇ كۈنلەردىكى تۇرمۇشى خۇددى مىڭ تارلىق سازغا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ ھەربىر تارىدىن ئۆزگىچە خاس ئاۋاز چىقاتتى، گىرەلىشەتتى، ماسلىشاتتى، جور بولاتتى ...

بۈگۈن ھاۋا يەنە ئوچۇق بولدى. قۇياش ئوت چاچرىتىپ كۆتۈرۈلدى، گۈل بەرگىلىرىدىكى شەبنەملەر جۇلالاندى، ئۇلار خۇددى كەپتەرنىڭ كۆزىدەك دانە ـ دانە بولۇپ تىترەشكە باشلىغاندا، كۆك، قىزىل لەپە تارتىلغان ئات ۋە ئېشەك ھارۋىلىرى ھەزرەت يولىدا پەيدا بولدى، ئۇلار يول تالىشىپ، توپا توزىتىپ توختىماي چېپىشاتتى. ئالىپتە بېزەلگەن بىر مەپە رەستىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ،

ھەشەم ـ دەرەم بىلەن يولغا چىقتى. مەپىكەش ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى تاز چىراي ئادەم ئىدى، كىشىلەر ئۇنى «ئامبال تاز» دەيتتى. ئامبال تازنىڭ مەپىسى ھەقىقەتەنمۇ ئازادە ئىدى، تۆكلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان چىلان تورۇقنىڭ قۇلىقىغا قىزىل دۇردۇندىن لېنتا باغلانغان، لېنتىنىڭ ئۇچىغا ئۇششاق تۇچ قوڭغۇراقلار ئېسىپ قويۇلغان، ئاتنىڭ ماڭلىيىغا بولسا كەھرىۋا ھەم كۆزمونچاقتىن ئىككى تىزىق مەرزەڭگە ئېسىلغانىدى. سېمىز ئاتنىڭ ساغرىسىدىكى يېشىل، قىزىل چۇپۇردىن گۈل تۆگۈلگەن لەندازىغىمۇ كىچىك جەز قوڭغۇراقلار بېكىتىلگەنىدى. ئامبال تاز ئاشۇ سۆلەتلىك مەپىسىنى جالداڭشىتىپ ھەيدىگىنىچە غولغۇن ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ چىلان ساپلىق ئۇزۇن قامچىسىنى ئاتنىڭ بېشىدا ئويىنىتىپ، لەرزان قاس چىقىرىپ، بۆرە يۆرۈشىدە كېتىۋاتقان ئاتنىڭ يېنىدا سوكۇلداپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ تۆگە تاپىنىدەك يوغان، قاپقارا توگرا باسقان يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى خۇددى پىچاقتا كېسىۋەتكەندەك تىلىم ـ تىلىم يېرىلىپ كەتكەنىدى ...

ئالدىغا كۆك لەمبۇقتىن پەردە تارتىلغان مەپە ئىچىدە ئىككى ئادەم ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ياش قۇرامى، بوي ـ تۇرقى ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ھەر ئىككىلىسى قىرانلىق يېشىدىكى ئوتتۇرا بوي ئادەملەر ئىدى. ئۇچىسىغا لىغىرلاپ تۇرغان ئاق پاڭچۇ كۆڭلەك، بېشىغا يېشىل مەنپۇ دوپپا كىيىۋالغان ئالتۇن چىشلىق، ئاق سېرىق يۈزلۈك ھاپىز خوجا بولۇپ، كىشىلەر ئادەتتە «ھاپىز جۆيجاڭ» دەپ ئاتايتتى. ئۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، بۈگۈن پۇقراچە كىيىنىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن سەيلىگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ھاپىز خوجا بوي ـ بەستى كېلىشكەن ئەرلەردىن بولسىمۇ، لېكىن توشقان كالپۇكى ئۇنىڭ يۈز كېپىتىنى بىرقىسما بۇزۇپ تۇراتتى، ئۇ بۇ كىچىككىنە پۇچۇقنى يوقىتىمەن دەپ بۇرۇتمۇ قويۇپ باقتى. لېكىن ئۇنىڭ سارغۇچ، شالاڭ بۇرۇتلىرى ئۇ ئەيىبنى تولۇق يوشۇرۇپ كېتەلمىدى. يەنە بىرىنىڭ ئىسمى قاسىم كاناي بولۇپ، سەپكۈن يۈزلۈك، مولۇڭكۆز بۇ ئادەممۇ يېقىندىن بېرى كىشىلەرگە تونۇلۇۋاتقان ئالاھىدە

«قۇلاق» لارنىڭ بىرى ئىدى.

مەيىنىڭ ئىچى دىمىق بولۇپ كەتتى، ئۇلار تىنچىقتى، تەرلىدى، شۇنداق بولسىمۇ پەردىنى ئاچمىدى، قاسىم كانىاي غاز پىيىدىن ئىشلەنگەن ئاق ۋە يۇمشاق يەلپۈگۈچ بىلەن ھاپىز خوجىنى پۇشۇلداپ تۇرۇپ يەلپۈشكە باشلىدى. مەپە تىقمۇتىقماق ئارىسىدا قالدى، ئامبال تاز كىشىلەرگە ۋار - ۋار ۋارقىرايتتى، چىلان تورۇق كۆپۈككە تىوشقان ئېغىزدۇرۇقنى غۇچۇرلىتىپ، تىزگىن سىيرىپ ئالىدىغا چاپچىيتتى. دەل شۇ چاغدا بىر يىگىتنىڭ غودۇدۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي، قارىغۇمۇ سەن!؟ مەپەڭنى كۆزۈڭگە قاراپ ھەيدە!

يول ماڭالماي ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان ئامبال تازمۇ غەزەپ بىلەن چالۋاقىدى:

— قاراپ ھەيدىمەي بېشىڭغا ئات سالدىممۇ؟! سەنمۇ مېدە قېچىردەك سۆركەلمەي نېرى تۇر!...

يىگىتنىڭ جۇدۇنى تۇتتى:

— قارا، ماۋۇ مامكاپ تازنى! مەن ناماقۇل دېيىشتە يوق، يەنە كىنىدىكىدىن چىقىرىپ ۋارقىرايدا! ھېلى بىكار ...

شۇ تۇرقىدا ئۇلارنى مەيلىگە قويۇپ بەرسە بىر - بىرىنىڭ يېغىرىغا تەگكۈدەك گەپلەر بىلەن راسا بىر قەپەس ئېلىشقان بولاتتى، لېكىن ئارىلىققا بىر قىزنىڭ يېلىنغاندەك ئاۋازى قىستۇرۇلدى:

— باتۇق، بولدى قىلىڭا، ماڭايلى ...

قىزنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەي مەپىنىڭ پەردىسى ئازراق قايرىلدى، ھاپىز خوجا تۇمشۇقىنى يېرىم چىقىرىپ پەسكە قارىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى تونۇش چىراي تۇراتتى: «ئوھوي!... باتۇق، ئاققىز!... — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ئاستا شىۋىرلىدى، — بۈگۈن بىزنى خۇدا ئۇچراشتۇرۇپتۇ - دە! سەيلىمىزمۇ ئامەتلىك بولغۇدەك!...»

باتۇق يىگىرمە بەش ياشتىن ھالقىغان، بەستى كېلىشكەن، پالۋان قامەت يىگىت ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى پاكىز قىرىدۇرۇلغان، يېشىل شايىدىن تىكىلگەن شاپاق دوپپىسى تەر قۇيۇلۇپ

تۇرغان بېشىغا چاپلىشىپ كەتكەن، ئۇزۇن خەسە كۆڭلىكىنىڭ بىر پېشىنى كۆك بەلبېغىغا قىستۇرۇۋالغانىدى. باتۇقنىڭ قۇرغۇي بۇرۇن-لۇق يۇملاق يۈزى ئاپتاپتىن قىزىرىپ تەرلەپ ـ تەپچىپ تۇراتتى.

ئاققىز ئەمدى ئون توققۇز ياشلارغا كىرگەن، قاش ـ كۆزى جا-يىدا، ئوماققىنا چوكان ئىدى، بۈگۈن ئۇ زىلۋا بويىغا قۇمچاق گۈللۈك تۇخۇم سېرىقى چىتتىن كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، تاۋاپ ۋە سەيلە ئىشقىدا تېپىچەكلەپ تۇراتتى ...

ئامبال تاز باتۇقنىڭ گېپىدىن گۈرەنلىرىگىچە قىزىرىپ ئەلەمدىن «پاسسىدە» يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى، ئۇ ئەمدى چىڭقىلىپ، تۈرۈ-لۈپ راسا بىر سوقىقا بېرەي دېگەندە، مەپىنىڭ ئىچىدىن بۇيرۇققا ئوخشاش قىسقىغىنا ئاۋاز كەلدى:

— نېمە تۇرىسەن، تېز ماڭ!

ئامبال تازنىڭ سۆلەتلىك مەپىسى يۈرۈپ كەتتى. تورۇق ئاتنىڭ بويىنىدىكى جەز كولدۇرمىنىڭ زىل ۋە بوم ئاۋازلىرى ئۆزئارا سىڭىشىپ خۇددى ساپايى سوققاندەك جاراڭشىپ كېلەتتى.

## 2

ئاققىز بۈگۈن خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن بەئەينى لالە گۈلىدەك رەڭلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ قاراپ تويمايتتى، ئاڭلاپ قانمايتتى. جىمى ئادەملەر ئۇنىڭغا تونۇشتەك، ھەممە نەرسە يېڭى ۋە گۈزەلدەك كۆرۈ-نەتتى. ئۇ ئازغىنىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن باتۇقنىڭ بەلبېغىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇۋېلىپ نۇرغۇن يەرلەرنى ئايلاندى. ئاپاق خوجا مازىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە سۈر بېسىپ توختىدى، ھەيۋەتلىك، يوغان كۆك دەرۋازا بېشىدىكى سىرلىق كاھىشقا ئەرەبچە ھەم پارسچە قىلىپ «پەيـ-زىلئەنۋار» دەپ خەت ئويۇلغان بۇ كاتتا مازارنى ئۆزىگە ئوخشاش مىڭلىغان نادان كىشىلەر قاتارىدا تاۋاپ قىلدى، كەڭ ۋە سۈرلۈك گۈمبەز ئىچىدىكى يەتمىش ئىككى كىشىنىڭ جەستى قويۇلغان

چوڭ ـ كىچىك ئەللىك سەككىز قەبرىنى ھازىدارلىق، مىسكىنلىك قىياپەتتە بىرمۇبىر يوقلىدى، قەبرە ئۈستىگە يېپىلغان يوپۇقلارنىڭ ئۇچىنى يۈزىگە سۈرتتى. ئاپاق خوجا ياتقان يېشىل كاھىشلىق يوغان قەبرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بېشىنى ئېگىپ ئۇزاق سۈكۈتتە تۇردى، كۆز يېشى قىلدى، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىقىرىپ تىۋىندى، ئاۋۋال باتۇقنىڭ، ئاندىن ئۆزىنىڭ بەختىنى تىلىدى، ئاخىرىدا خۇدانىڭ توقسان توققۇز سىپاتىنى شېپى كەلتۈرۈپ، سوغۇق قەبرىسىمۇ نادانلارنىڭ ئەقىدىسىنى باغلىۋالغان بۇ زاتنىڭ ئۆزلىرىگە پاناھ بولۇشىنى تىلىدى ...

كۈن پېشىن بولغانىدى، باتۇق بەش دانە گۆشگىردە ئالدى، بەلبېغىنى يېشىپ «شەربەت كۆلى» نىڭ بويىغا داستىخان قىلىپ يايدى، مۈگدىشىپ ئولتۇرۇپ غىزالاندى، شەربەت كۆلىنىڭ «زەمزەم» سۈيىنى ئوچۇملاپ ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشتى.

ــ باتۇق، قارىغىنا، ــ دېدى ئاققىز قولىنى سارغۇچ رەڭدە جىمىرلاپ تۇرغان سۇغا چىلاپ تۇرۇپ، ــ شەربەت كۆلىنىڭ سۈيى نېمىشقا باشقا سۇلارغا ئوخشىمايدۇ؟

باتۇق تەمتىرىمەيلا جاۋاب بەردى:

ــ شەربەت كۆلىنىڭ سۈيى ئادەتتىكى سۇ ئەمەس، ئاققىز، بۇ ئۆزى زەمزەم. بۇ كۆلنىڭ تۈۋى يوق، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭ مۇئەللەق تۇرغان بىر ھۇجرىسى بار، ئۇ كىشى ھەر كۈنى بەش قېتىم قەبرىسىدىن قوپۇپ، يەر ئاستى يولى بىلەن مۇشۇ كۆلنىڭ ئىچىدىكى ھۇجرىسىغا كېلىپ غۇسۇل ـ تاھارەت ئالىدۇ، شۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ قولى تەگكەچكە بۇ كۆلنىڭ سۈيى تاتلىق، شەربەت!

باتۇق يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، ئاققىزنىڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە تىترەۋاتقان ئاۋازى گەپنى بۆلۈۋەتتى:

ــ باتۇق، سەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدىكەنسەن ـ ھە؟

باتۇق ئاققىزنىڭ قان تەپچىرەپ تۇرغان ئاناردەك يۈزىگە، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ھېرىسمەن كۆزلىرىگە قارىدى، ئۇنىڭ قاپقارا دۈگ-

لەك كۆزلىرى خۇشال، ئوتلۇق ئىدى ۋە باللارنىڭكىدەك غۇبارسىز پارقىرايتتى.

— كىچىك چېغىمدا دادام سۆزلەپ بەرگەن، — دېدى باتۇق ئاز - تولا كۆرەڭلىك يوشۇرۇنغان بىر خىل تەلەپپۇزدا، — شۇ چاغدا دادام بىلەن ئىككىمىزمۇ مۇشۇ تېرەكنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغانىدۇق ...

— بىزنىڭمۇ مۇشۇ كۆلدىكى مۇئەللەق ھۇجرىغا ئوخشاش بىر ماكانىمىز بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟!— دېدى ئاققىز مۇڭلانغان ھالدا، — ئۇ چاغدا ھېلىقى ناكەس قېرى ھەمدەم بەگمۇ، ئۇنىڭ كۈچۈكى سېرىق جوھۇتمۇ ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا بىزنى تاپالمايتتى.

باتۇق ئاققىزنىڭ سوغۇق، ھۆل قولىنى كەڭ ئالقىنى ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ سىلىدى ۋە خۇددى كىچىك بالىنى بەزلىگەندەك ئۇمۇلدۇرۇپ دېدى:

— ئاققىز، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، «ھەركىم ئۆز ئۆيىدە پادىشاھ» دېگەن گەپ بار. بىزنىڭ ھازىرچە تۇتقان ئۆيىمىز بولمىسىمۇ، لېكىن كەڭ ئاسماننىڭ ئاستى بىزنىڭ ماكانىمىز، نەگىلا بارساق دوستىمىز، قېرىندىشىمىز، پاناھىمىز بار!

ئۇلار يەنە ئايلاندى، ئايلىنىپ يۈرۈپ چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىغا ئادەم يىغىلۋاتقان نامدار بىر مەدداھنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى. بېشىغا دەستار ئوراپ، چېۋىق يوللۇق بەقەسەم چاپان ئۈستىدىن ئەنجانچە چېكەن رومال باغلىۋالغان ساقاللىق بۇ مەدداھ خېلى سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى، ئۇ ئىككىلەپ - ئۈچلەپ يىغىلىشقا باشلىغان كىشىلەرگە قاراپ سول قولى بىلەن قۇلىقىنى تۇتقىنىچە لەرزان ئاۋازدا نەئەد ئوقۇدى:

ئى شەمشادى قەدەر،
مەرىكى ھەررايى ھالامەت.
زۇلفىگە زىيادۇر،
غەۋغايى قىيامەت ...

ئۇنىڭ ساز، يېقىملىق ئاۋازى ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى، ئادەملەر بارا ـ بارا كۆپىيىپ گىرە بولدى. ئەمدى مەدداھنىڭ ئۇدۇلىدا يەكتىز بولۇپ ئولتۇرغان ئورۇق، ياشانغانراق بىرى ئاۋازىنى سوزۇپ دوست تارتقاندىن كېيىن كىشىلەرنى تېخىمۇ مەھلىيا قىلىش غەرىزىدە مەدداھدىن تېپىشماق شەكلىدىكى بىر سوئالنى سورىدى:

— تەقسىر، ئوندىكى ئوغلاق، يىگىرمىدىكى بۆرە، ئوتتۇزدىكى تۈلكە، قىرىقتىكى يولۋاس، ئەللىكتىكى نوختى، ئاتمىشتىكى توختى، يەتمىشتىكى توخى، سەكسەندىكى سوپى، بۇ نېمەدۇر؟

مەدداھ قاپقارا ساقىلىنى سىيپاپ سېھرىي كۈچكە تولغان پارقىراق كۆزلىرىنى كىشىلەر توپىغا ئاغدۇردى، ئاندىن ئارىدەك قوللىرىنى ئالدىرىماي ئالدىغا سوزۇپ شېرىكىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

— ئى يارەن، ئاڭلىمىدىم دېمەڭ: ئادەم ئونغا كىرگەندە ئوغلاق بولىدۇ، غەرەز ئۇقمايدۇ؛ يىگىرمىگە كىرگەندە بۇرنى كۆپىدۇ، ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتمەيدۇ، بۆرە مىجەز بولىدۇ؛ ئوتتۇزغا كىرگەندە ئەقلىگە كىرىدۇ، تۈلكە مىجەز بولىدۇ؛ قىرىققا كىرگەندە ئادەم مېڭىسىنىڭ تۆت چانىقى تولىدۇ، بەرجەس بولىدۇ، يولۋاس بولىدۇ؛ ئەللىككە كىرگەندە، ئۆلۈمنىڭ نۇقتىسى سېلىنىدۇ، ياشلىقتىكى ھاۋايى ـ ھەۋەستىن قالىدۇ؛ ئاتمىشقا كىرگەندە ئادەم ھەممە ئىشتىن توختايدۇ، ياشلىققا تەھسىن ئېيتىدۇ، ئۆلۈمنى كۈتىدۇ؛ يەتمىشكە كىرگەندە كېچىسى ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان توخۇ مىجەز، ئاخىرەتنى ئويلايدىغان بولىدۇ؛ سەكسەنگە كىرگەندە مىڭ ئىككى ئاينىڭ جامالىنى كۆرىدۇ، بۇ ئادەمگە دوزاخ ئوتى ھارامدۇر!

— ھەق دوست! ...

ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دوست تارتىلدى، ئارقىدىن يەنە سوئال سورالدى:

— تەقسىر، يەتتە ئىقلىم، ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى بىر ـ بىرىگە ئەڭ ئامراق نەرسە قايسىدۇر؟

جاۋاب ناھايىتى قىسقا ھەم تېز بولدى:
— بوۋاق پوسىمىغا ئامراق،
قېشى يوق ئوسمىغا ئامراق.
قارا قىز سوپۇنغا ئامراق،
تۇل خوتۇن شۇمەككە ئامراق.
بويتاق تويغا ئامراق،
پاكار بويغا ئامراق.
چولاق چاۋاكقا ئامراق،
توكۇر ئۇسسۇلغا ئامراق.
قارىغۇ يولغا ئامراق
گاچا سۆزگە ئامراق! ...

مەدداھنىڭ ئاۋازى رىتىملىق، دېگەنلىرى قىزىقارلىق ئىدى، خېلى يىراقتىكى كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇ تەرەپكە ئېقىنشقا باشلىدى. ئەمدى سوئال ـ جاۋاب چۈش ۋە چۈش تەبىرلىرى ئۈستىگە يۆتكەلدى:

— تەقسىر، بىر ئادەم قوغۇن يەپ چۈش كۆرسە تەبىرى قانداق بولغاي؟

— شۇ ئادەمگە ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن مەدەت بولغاي.

— بىر ئادەم چۈشىدە كەپتەر كۆرسە نېمە بولۇر؟

— ئول كىشىنىڭ پەرزەنتى ئالىم بولۇر.

— ئەگەر بىرى چۈشىدە لاچىننى كۆرسە نېمە بولۇر؟

— ئول كىشىنىڭ پەرزەنتى باتۇر بولۇر.

— ئەگەر بىرى چۈشىدە بۇلبۇلنى كۆرسە نېمە بولۇر؟

— ئول كىشىنىڭ پەرزەنتى نەغمىكەش بولۇر.

.............

ئادەملەر تېخىمۇ كۆپىيىپ چوڭ دائىرىلىك بىر ھالقا بولدى. مەدداھ ئەمدى رەسمىي ۋائىزلىققا ئۆتتى. بېلىدىكى رومالنى يېشىپ تاشلىدى، مەيدىسىنى ئاچتى، شۇ تۇرقىدا ئۇ قىيما ـ چىيما بولۇشقا

تەييار تۇرغان تەلۋە ئاشىققا ئوخشايتتى. ئۇ جان ـ جەھلى بىلەن بې-
رىلىپ، چىڭقىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ مانا ئەمدىكى بايانى
ھەزرىتى ئەلى توغرىسىدىكى قىسسە ئۈستىدە بولۇۋاتاتتى. مەدداھنىڭ
قوۋۇزىنى كۆپتۈرۈپ، تۈكلۈكنى چاچرىتىپ پۈتۈن زېھنى بىلەن
سۆزلەۋاتقان قىسسىسى كىشىلەرنى گاھ خۇشال قىلسا، گاھ ھاڭ ـ
تاڭ قالدۇراتتى، گاھ كۈلدۈرسە، گاھ يىغلىتاتتى، بەزىدە ھەتتا پىچاق-
لىرىنى قولغا ئالغۇزۇپ ئادەم ئۆلتۈرگۈسىنى كەلتۈرەتتى؛ بەزىدە بول-
سا تەزىم قىلىپ چوقۇندۇراتتى، جېنىنى قۇربان قىلغۇدەك ھالغا كەل-
تۈرۈپ قوياتتى؛ توخۇ يۈرەكلەرنى باتۇر، شەھۋانىي بۇزۇقلارنى ئىپ-
پەت ـ نومۇسلۇق قىلىۋېتەتتى؛ بەزىدە بولسا شەپقەتسىزلەرنى
سەممىي ، مۇلايىم، مۆرىمەس؛ لەقۋالارنى سۆزمەن، چېچەن
قىلىۋېتەتتى ...

مەدداھ شۇنداق بېرىلىپ كەتكەن ئىدىكى، بىردەم قولىقىنى تۇتۇپ
ئاسمانغا قاراپ نەزم ئوقۇيتتى، بىردەم بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ
كىملەرگىدۇر ئېھتىرام بىلدۈرەتتى، بىردەم سول قولىنى مەيدىسىگە
قويۇپ، ئوڭ قولى بىلەن شاپىلاقلاپ ئۆز سۆزىگە جان
كىرگۈزەتتى ...

مەدداھنىڭ ئاغزى كۆپۈكلەندى، باش ـ كۆزىدىن تەر قۇيۇلدى،
كۆيۈك ئاپتاپتىن مىستەك قىزغۇچ تۈس ئالغان يۈزى يېلىنجايتتى. ئۇ
باتۇق بىلەن ئاققىزنى جەلپ قىلىۋالغانىدى، بولۇپمۇ ئاققىز باتۇقنىڭ
دالدىسىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئوڭ قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ،
پۈتۈن ۋەسلى بىلەن مەدداھنىڭ قىسسىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى.
مەدداھنىڭ سۆزمەنلىكى، خۇش نەپەس ئاۋازى، چاققان ھەرىكىتى
ئاققىزنى ھەيران قالدۇردى. باتۇقمۇ قىمىر قىلماي زوقلىنىپ ئولتۇر-
دى، مەدداھ ئۇنى ھەزرىتى ئەلى بىلەن بىرگە جەڭگە ئەكىرىپ كەت-
كەنىدى. ئۇ ئۆزىنى بىردەم كەربالا چۆلىدىكى قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ
ئىچىدە، بىردەم ئوھۇت تېغىدىكى * قىيقاس ـ چۇقانلار ئارىسىدا كۆ-
رەتتى ...

مەدداھ قىسسىنىڭ ئاخىرىنى تۆۋەندىكى نەزم بىلەن چۈشۈردى:

يەتتە ياشتا خەلق ئىچىدە ئۆزىنى بىلدۈرگەن ئەلى،
تەھتۇ مازۇ بىللە تاغنى تەكتىدىن ئۈزگەن ئەلى.
ئول خۇدانىڭ شىرىدۇر، ئەرشى ئۈستىگە چىققان ئەلى،
ھەر غازاتتا ئىسمى ئەزەم ئايەتتىن بىلگەن ئەلى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئەي، خۇدانىڭ مۆمىنلىرى، ئۇلۇغ ئىسمى ئەزەمنىڭ ھەققى — ھۆرمىتى، ئۇلۇغ ھەزرىتى شاھى مەردانىنىڭ ھەققى — ھۆرمىتى يولىدا قولۇڭنى دۇئاغا كۆتۈرگىن: قىرىق خېنىم، قىرىق بىر خېنىم، قىرىق چىلتەن، يەتتە سۇلتان، تۆت چارىيا، توقسان توققۇز مىڭ مازار — ماشايىخ، تۆت يۈز پەيغەمبەر، ئوتتۇز ئۈچ مىڭ ساھابىلەر، مەغرىبتىن — مەشرىققىچە، يەمەندىن — يەسەرگىچە، تۆت گىرداپ، سەككىز قىرغاقنى بېسىپ ياتقان ئەۋلىيا — ئەنبىيالارنىڭ، شېھىت — غازىيلارنىڭ روھىناتىغا، يەرۇ ئاسماننى بېسىپ ياتقان مەزلۇم — ئەزىزلەرنىڭ روھىناتىغا، كەربالادا شېھىت بولغان ئىككى شاھزادىنىڭ روھىناتىغا تەگسۇن، ئامىن! ... «ئامىن» دەپ سوئاغا قول كۆتۈرگەن بەندەڭنىڭ ئۇ دۇنيا — بۇ دۇنيا يۈزىنى يورۇق، مەرتىۋىسىنى زىيادە قىلغايسەن! ئامىن، ئامىن! ... يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ھەربىر ئوغۇل بالىدىن بىر دانە قىزىل تىيزا سورايمەن، ئامىن! ...

مەدداھنىڭ ئاغزى گەپتە بولغىنى بىلەن كۆزى جامائەتتە ئىدى، ئۇ ناھايىتىمۇ تۈيغۇنلۇق بىلەن كىملەرنىڭ يانچۇقىنى كولاپ پۇل بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، كىملەرنىڭ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ غىپپىدە كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى يەر ئاستىدىن كۆزىتىپ تۇراتتى، پۇل بەرمەي كېتىۋاتقانلار بىرئاز كۆپىيىۋىدى، ئۇ دەرھال ئاۋازىنى قويۇۋې-

* ئوھۇت تېغى — مەدىنىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. ئەينى چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە مۇشرىكلار بىلەن جەڭ قىلغان.

تىپ زەردە بىلەن نەزم ئوقۇدى :

دۇئادىن يۈز ئۆرۈگەن مۇختارى بولغاي،
تېنى ئەبلەخ، ئۆزى ئىپلاسى بولغاي.
دۇئاغا يارى بەرسە ھەربىر مۇسۇلمان،
ئۆلەر ۋاقتىدا تاپقاي نۇر بىلەن ئىمان ...

كېتىۋاتقانلار تەمتىرەپ قالدى، بەزىلەر چاندۇرماي ئارقىسىغا يېنىپ يانچۇقىنى كولىدى ...

باتۇق بىلەن ئاققىز ئەڭ ئاخىرىدا ئورنىدىن تۇردى، باتۇق شاپاق دوپپىسىدىن تەردە ھۆللىنىپ كەتكەن ئىككى قىزىل تىيزىنى ئاستا سۇغۇرۇپ بىرىنى ئۆزىگە، بىرىنى ئاققىزغا ئاتاپ مەدداھنىڭ ئېتىكىگە تاشلىدى، مەدداھ شۇ ھامان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تەھسىن ئوقۇدى :

— رەھمەت، ئوغلۇم، سەدىقە قىلغان قولۇڭنى خۇدايىم سەككىز جەننەتكە سالغاي، خۇدايىم چىققان دۆۋەڭنى ئېگىز، ئۆزۈڭنى ئىككى دۇنيا ئەزىزى مۇكەررەم قىلغاي، ئامىن! ...

ئۇلار يەنە ئايلاندى، سەيلە ئاجايىپ قىزىپ كەتكەن ئىدى. ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى، ئادەمنىڭ كۆپلۈكى، چاڭ - توزاننىڭ قويۇقلۇقىدىن دەم ئېلىشمۇ قىيىن ئىدى. ئۇلار باققال بازىرىغا كەلدى، مەي بولۇپ پىشقان ئاق ئۆرۈكتىن تويغۇچە يېدى، ئارقىدىن دوغ، جولاپ ئىچتى، يەنە ماڭدى، ئايلاندى. چوڭ جۇمە مەسچىتىنىڭ يېنىغا كەلگەندە مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ چېتىدە ئولتۇرغان بىر رەمچى ئۇلارنى چاقىردى :

— بالىلىرىم، كېلىڭلار، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈۋاتىسىلەر، پال ئېچىپ باقاي.

ئۇلار رەمچىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئاققىز ئۆزىگە رەم سالدۇرماقچى بولدى. بېشىغا كونا سەللە ئورىغان، ساقاللىق رەمچى قولىدىكى ئۇزۇن

تەسۋىنى تېز ـ تېز سىيرىپ ئاللىقانداق بىر ئايەتنى پىچىرلاپ ئوقۇدى ۋە ئاخىردا ئۈنلۈك قىلىپ : «مېنىڭ پالىم ئەمەس، ھەزرىتى دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ پالى بولغاي ئىلاھا ئامىن! » دەپ دۇئا قىلدى ـ دە، ئاندىن ئالدىدىكى مەللە پالاسنىڭ ئۈستىگە يېيىلغان بىر پارچە سامان قەغەزگە قېرىنداشنى ھۆللەپ تۇرۇپ چېكىت قويۇشقا باشلىدى، چېكىتلەر خۇددى تۆت مىسرالىق شېئىردەك تۆت يەرگە تىزىلدى، ئۇنىڭدىن ئاخىردا ئون ئالتە قۇرلۇق چېكىتلىك سىزىقلار كېلىپ چىقتى. پالچى ئەمدى ئۇنى بىر ـ بىرىگە جۈپلەپ، جۈپ ۋە تاقا ئايرىدى، ئاندىن ھەربىرىگە ئۆزى بىلىدىغان غەلىتە بەلگىلەرنى قويۇپ چىققاندىن كېيىن خالتىلاشقان قاپىقىنى لەپپىدە كۆتۈردى، كۆزلىرى چىمىلدىدى، خۇنۈك چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈردى.

— ئەي پال ئىگىسى، بىلگىل، ئاگاھ ۋە دانا بولغىنكى، ساڭا ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ پالى كەلدى، — دېدى ئۇ تەنتەنىلىك ئاۋازدا، — بۇ پال ناھايىتى مۇبارەكتۇر، تەلەپ، ئىقبالىڭ بەلەندۇر، ھەر ئىشقا قەدەم قويساڭ خەيرلىكتۇر. قىزىم، سەندە كېسەل بار، لېكىن كېسىلىڭ ئىشقى كېسىلىدۇر، مەشۇقىڭدىن ۋاپا كېلۇر، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، رىزقىڭ پاراۋان بولۇر. پەرزەنت، بالا ـ چاقىلىرىڭ كاتتا مەرتىۋىگە ئېرىشۇر، بەزىسى ئالىم، بەزىسى قازى، مۇدەررىس بولۇر. ھەر ئىشقا قەدەم قويساڭ بىسيار پايدا كۆرۈرسەن. قىزىم، دۈشمىنىڭ بار، كۈچلۈكتۇر، لېكىن ئەلھال ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەس. ئاللا ساڭا يار بولۇر، ۋاللاھۇ ئەئلەم بىساۋاب! ...

باتۇق خۇشال بولۇپ كەتتى، رەمچىگە تۈيدۈرماي ئاققىزنىڭ قولىنى ئاستا تۇتۇپ مېھرى بىلەن سىقتى، شاپاق دوپپىسىدىن بىرمۇنچە پۇللارنى سۇغۇرۇۋېلىپ سېخىيلىق بىلەن رەمچىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئەمدى ئۈجمىلىك باغقا بارامدۇق؟ — دېدى باتۇق رەمچىنىڭ ئالدىدىن ئۇزىغاندىن كېيىن.

— ئۇ يەردە نېمە بار؟ — ئاققىز باتۇقنىڭ كۆزىگە نازاكەت بىلەن قارىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھاياجان ئىلكىدىكى پۈتۈن تۇرقىنىڭ نۇرا-

نىلىقى تەڭداشسىز ئىدى.
— ھەممە نەرسە بار، — دېدى باتۇق ئۇنىڭ قولىدىن ئاستا تار-
تىپ، — يۇر، ھېرىپمۇ كەتتىڭ، ئازراق ئارام ئالايلى، ئۇ يەردە مەي
باغلاپ پىشقان ئۈجمە بار، يۇمشاق ئەشمە قۇم بار، كىشىلەر ئۇ يەرنى
«ھۆرۈن باغ» دەيدۇ.
ئۇلار ئۈجمىلىك باغقا كەلدى، بۇ يەر خېلىلا سالقىن ئىدى. تاۋاپ-
چىلارنىڭ بەزىلىرى ئېرىق بويىدىكى قۇملاق ئۈستىدە سوزۇلۇپ
ئۇخلاۋاتاتتى، بەزىلىرى ئۇ يەردە - بۇ يەردە توپ بولۇشۇپ دۇدۇيىزە،
دامكا ئوينىشىۋاتاتتى. باتۇق بىلەن ئاققىز باغنى ئايلاندى، بىردەم
ئۈجمە قېقىپ يېدى، ئاندىن يوغان بىر تۈپ ئۈجمىنىڭ ئاستىغا كېلىپ
ھاردۇق ئالدى. باتۇق يۇمشاق توپا ئۈستىگىلا سوزۇلۇپ ياتتى، يې-
تىپلا ئۇزاق ئۆتمەي ئۇيقۇغا كەتتى، ئاققىزمۇ ئۈجمىنىڭ سوغۇق، يې-
رىك غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاتلىق ئۈگدەشكە باشلىدى ...

3

باتۇق قاتتىق بىر تېپىكتىن گويا ئۈركۈپ كەتكەن كېيىكتەك ئور-
نىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشىدا ئىككى ساقچى دېۋەيلەپ
تۇراتتى، ئاققىز ئۈجمىنىڭ غولىنى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتاتتى. باتۇق
كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئەتراپىغا سەگگىرىپ قارىدى، شۇ چاغدىلا ئۇ
ئۆزىدىن ئون قەدەم نېرىدا سوغۇق ھىجىيىپ، تەكەببۇرانە قىياپەتتە
تۇرغان ھاپىز خوجا بىلەن قاسىم كانايىنى كۆردى.
— شىرىن ئۇيقۇڭنى بۇزۇۋەتتۇق، باتۇق، ئەپۇ قىلغىن ... —
ھاپىز خوجا شۇ گەپنى قىلدى - دە، ئاغزىنى كالچايتىپ تولىمۇ نا-
ساز كۈلدى.
— نېمە قىلماقچىسەن ؟! — باتۇق قاپىقىنى شۈنداق چىلك تۈردى-
كى، پېشانىسىدە چىمچىلاق قولدەك قاپارتما پەيدا بولدى. ھاپىز خوجا
سىپايىگەرچىلىك بىلەن گەپنى يىراقتىن ئەگىتتى:

— نېمە قىلماقچىدۇق؟ خۇدا ساڭا شەپقەت قىلىپ بۈگۈن ھەزرەت سەيلىسىگە ئەكەپتۇ، ئەمدى بىز مەرھەمەت قىلىپ ئۆز جايىڭغا ئاپىرىپ قويماقچىمىز!

باتۇق ئۇنىڭ نىجىس ئىچكى دۇنياسىنى بەش قولدەك بىلەتتى، شۇڭا ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ئاققىزنىڭ قولىدىن تارتىپ ساقچىنىڭ ئالدىدىن قاچتى. ھاپىز خوجا بىلەن قاسىم كاناي ئالتاغىل ۋارقىرىدى، ساقچىلار قوغلىدى، ياشراق بىر ساقچى ئېتىلىپ بېرىپ ئاققىزنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى، ئاققىز تارتىشتى، باتۇق بىر مۇشت بىلەن ساقچىنى يىرقىرىتىۋەتتى، يەنە قاچتى، بارغانسېرى يىراقلاشتى، دەل شۇ چاغدا «پاڭ» قىلغان بىر ئاۋاز ئۇجىملىك باغنى لەرزىگە سالدى، ئاققىز قاتتىق چىرقىرىدى، ئاۋازى ئۆلۈم ئالدىدىكى كېپىكنىڭ بوزلىشىغا ئوخشايتتى. باتۇق شىددەت بىلەن ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىدى، ھاپىز خوجا تاپانچىسىنى سىلاپ، كۆزىنى تۇمارچە قىسقان ھالدا ھىجىيىپ تۇراتتى، قاسىم كاناي ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ بىر نەرسىلەرنى دەۋاتاتتى، ئاققىزنىڭ نازۇك بارماقلىرى باتۇقنىڭ ئالقىنىدىن ئاستا - ئاستا ئاجرىدى، سوۋۇشقا باشلىغان تېنى يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى، ئۇ زەئىپ ئىڭراش ئىچىدە ئىككى قېتىم تولغاندى. كۆزىنىڭ قارىسى كېڭىيىپ، ئاخىرقى ئىككى تامچە ھەسرەتلىك ياش چوڭقۇر چاناقلىرىدا لىغىرلاپ قالدى، ئۇنىڭ باتۇققا تىكىلگەن خۇنسىز كۆزلىرىدە خۇشاللىق، قايغۇ ۋە ئاللىقانداق چەكسىز ئارمانلار ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل مۇرەككەپ ھېسسىيات قېتىپ قالغانىدى...

ئاققىزنىڭ بەدىنىدىن تېخىچە قان ئېقىۋاتاتتى، باتۇقنىڭ كۆڭلى ئاينىدى، ئۇ بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان قىپقىزىل، ئىسسىق ئادەم قېنىنى تۇنجى قېتىم مانا شۇنداق يېقىنلا يەردىن كۆرۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ تېنى شۈركۈندى، يۈرىكى دەسلەپ ئېغىپ، تىترىدى، كېيىن ئاستا - ئاستا قېتىپ قالدى. ئاققىزنىڭ يۈزىنى، ماڭلىيىنى، چېچىنى سىلىدى. قان ئېقىۋاتقان بىقىنىنى تۇتتى. ئوق ئاققىزنىڭ ئاچىقىنىغا تېگىپ جىگە-

رىنى بۆسۈپ چىققاندى، مەھبۇبىسىنىڭ ئىسسىق قېنى ئەمدى باتۇقنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن ئېقىشقا باشلىدى، ئۇ قان سىرغىپ تۇرغان بارماقلىرىنى ئاستا يۆكتى، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ بىردىنلا لەڭ ئۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئاققىزنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان ئاپئاق يۈزىدىن ئاخىرقى قېتىم كۆزىنى ئالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قىزىغان قېنى تومۇرلىرىدا شۇۋۇلدايتتى، دەقىقە ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەدىن ئۇنىڭ گۆشمۈستەك غولى لەرزىگە كەلگەن ئىدى. ئۇ ئالدىرىماي كۆڭلىكىنى سېلىپ ئاققىزنىڭ ئۈستىگە ياپتى، ئۇنىڭ كۆڭلەكسىز بەدىنى قىيپاش چۈشكەن كۈن نۇرىدا مىستەك پارقىرايتتى، بىلەك ۋە كۆكسىدىكى سېمىز بۇلجۇڭلىرى تۈگۈر - تۈگۈر بۆرتۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا نامايان بولغان بەستلىك قەددى - قامىتى خۇددى چارەك ئەسىرلىك چىنارغا ئوخشايتتى ...

باتۇق ئۇسسىغاندەك بولدى، تامىقى قۇرۇدى، ئاغزىدىكى جىمى ھۆللۈكنى تىلىغا يىغىپ يۇتقۇندى، ئۇ بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن يۈزلىرى ئېسىلىپ ھۆمۈدەپ كەتتى، ئۇ ئاخىرقى غەيرىتىنى يىغىپ جەسەتتىن تەستە ئاجرىدى، ئارقىغا بىرنەچچە قەدەم سىلجىپ ھاپىز خوجىغا قادالدى، ھاپىز خوجىنىڭ شۇملۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى شۇ تاپتا باتۇققا خۇددى دوزاخنىڭ روجەكلىرىدەك يىرگىنىچلىك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ھاپىز خوجا سەل ئالاقزادە بولدى، باتۇقنىڭ كۆزىدىن چاچراۋاتقان ئۇچقۇن ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى كۆيدۈرگەندەك قىلدى، ئۇ ھودۇقۇپ قاسىم كاناي بىلەن ساقچىلارغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— نېمە قاراپ تۇرۇشسەن، باغلا ئۇنى! — ھاپىز خوجىنىڭ ئاۋازى دەز چىنىدەك جىغىلدايتتى.

ئىچىگە لىققىدە ئاچچىق يۇتۇۋالغان باتۇق شۇ تاپتا ھېچ نەرسىدىن قورقمايتتى.

— باغلا؟! — باتۇق مەسخىرىلىك سوئال بىلەن ھاپىز خوجىغا تىكىلدى ۋە چاقماق تېزلىكىدە ئوق يىلاندەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ

گېلىدىن قارماپ تۇتتى، تىرناقلىرى ئۇنىڭ بويۇن ـ پاتاگۈلىرىغا كىـ رىشىپ بىردەمدىلا ئۇنـى خارقىرىـتىپ قويـدى. قاسىم كـاناي بىلـەن ئىككى ساقچى باتۇققا تەڭلا يېپىشتى، قېرى ساقچىنىڭ خېلى گۇمپىد-سى بار ئىدى، ئۇ قولىنىڭ پوكـىنى بـىلەن بـاتـۇقنىڭ ئـارقـا مېڭىـ سىگە شىددەت بىلەن بىرنى ئۇردى، باتۇقنىڭ كۆزى قاراڭغـۇلىشىـپ ھالسىرىدى، شۇ ئەسنادا ھاپىز خوجمۇ ئۇنىڭ چاڭگىلـىدىن بوشـاپ ئوڭ پۇتـى بىلەن جـان يېرىگـە قاتتىـق تىزلـىۋەتتى، باتـۇق باغلاققا چۇشكەن شىردەك يۇلقۇنۇپ ـ يۇلقۇنۇپ ئاخىر يېرىم ھوشسىزلىنىـپ قالدى ...

بۇ چاغدا بايىقى ئوق ئاۋازىدىن ئۈركۈپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتكەن كىشىلەر ئەمدى ئادەم ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ بـىردىن ـ ئىـكـ كىدىن يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىغانىدى. ئۇلار ھەيرانلىق، ۋەھىمە ئىـ چىدە دەسلەپ كۇسۇرلاشتى، كېيىن ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ سۆزلەشـ تى :

ـــ نېمە بوپتۇ ؟

ـــ كۆرمەمسەن!

ـــ ئادەم ئۆلۈپتۇ ...

ـــ كىم ؟

ـــ كىملىكىنى كىم بىلىپتۇ!

ـــ كىم ئېتىپتۇ ؟

ـــ ھېلىقى ...

ـــ چوڭ جۇيزىنىڭ باشلىقى ...

ـــ سېرىق جوھۇت! ....

ـــ تىنىش ...


ـــ جېنىڭدىن تويدۇڭما ؟

ـــ قارا، ئۇنىڭ زوراۋانلىقىنى!

ـــ بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى يوقما ؟!

ـــ ئادەمنىڭ قەدرى شۇنچىلىكما ؟!

— چۇجىنىڭ بوينىنى يۇلغاندەك ...
— چامغۇرنىڭ كۆكىنى كەسكەندەك ...
— ئاناگىنى ! ...
— قاراپتۇر، بۇ خۇدالىق ئالەم. ئادەمنىڭ خۇنى بىر كۇنى ئەمەس بىر كۇنى ئۆز شۇمپەيىنىڭ جىنىنى ئالماي قويمايدۇ.
— ئاستا ...
— هەي، ئاۋۇ يىگىت كىم ئىكەن؟
— رەھمەتلىكنىڭ ئىرى ...
— كاساپەت، قاپلاندەك كۇچى بار ئىكەن!
— نىمىسىنى دەيسەن، خارقىرىتىپ قويدى ...
— ئەنە باغلاپ ئەكەتتى ...
— كىم دىدىڭ؟
— باتۇق ...
— هە؟ باتۇق سىلىڭ؟!
— شۇنداق، باتۇق سىلىڭ!
قۇياش پاتتى، ئۇنىڭ ئاداققى قىزغۇچ نۇرلىرى پارچە - پارچە بۇلۇتلار مەگزىدە قىپقىزىل ئەگلىك بولۇپ قالدى.



## ئىككىنچى باب

# ھەپسىدىكى سىرداشلار

دۈشمىنىڭگە ھال ئېيتما، كۈلگۈسى كېلۇر،
دوستۇڭدىن سىر ئايىما، بىلگۈسى كېلۇر.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

بازار كۈنى ئىدى. يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن دېھقانلار شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىدىن ئۇزۇلمەي كىرىشكە باشلىدى. سارايلار ئات ـ ئۇلاغلارغا تولدى، رەستىلەر سودا ـ سېتىق بىلەن جانلاندى، ھېيتگاھ مەيدانىمۇ ئېلىپساتارلارنىڭ مىغ ـ مىغ قاينىمىغا ئايلاندى.

قەدىمدىن تارتىپ ھۈنەر ـ كەسىپ، سودا ـ سېتىقنىڭ كانى بولغان بۇ شەھەر شۇنچە كاتتا مالىمانىنى ئۆز باغرىغا سىغدۇرۇپ جىمى كارامىتىنى نامايان قىلماقتا. ناۋايلار بېشىغا قوندۇرۇۋالغان تەۋەك بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا شۇڭغۇپ يۈرۈپ ۋارقىرايتتى:

— تونۇرى سېغىزدىن، خېمىرى مېغىزدىن، سوقچاق ئېتىزنىڭ، مارجان بۇغدايىنىڭ ...

سامسىپەزلەر پەشخۇندىكى گۆشگىردىلەرنىڭ چۆۋىنىنى قورۇپ ئولتۇرۇپ خېرىدار چاقىراتتى:

— دەريا ياغ ـ دەريا ياغ، ياغ يەپ يالىڭاچ يات ئوغۇل باللا ...

بىر ـ بىرىگە يانداش قويۇلغان كۆك سايىۋەن ئاستىدىكى ئىككى

باققالنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ھەم تولىمۇ ساز ئىدى، بىرى يېڭى چىققان چىلگە تاۋۇزنى تىلىملاپ تۇرۇپ ۋارقىراۋاتاتتى:

— دورا تاۋۇز ... ئەدرەك تاۋۇز ...

يەنە بىرى يوغان سېۋەتتىكى قارا توغاچنى قوتاز قۇيرۇقى بىلەن يەلپۈگەچ:

— جەننەتنىڭ مېۋىسى بۇ، ئوغۇل باللا! ئۆزۈڭ يەپ ئۆزۈڭ داڭلا! ... — دەيتتى.

دوغاپچىلارنىڭ قولىدىكى تۆمۈر ۋاشاق مۇز ئۈستىدە ئوينىماقتا، بازارچىلار قاتار قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلارغا سىغماي ساغرىسىنى يەرگە يېقىپ ئولتۇرۇپ دوغاپ ۋە جولاپ ئىچەتتى، ئۈششاق مۇزلارنى دەسلەپ شۈمۈپ، كېيىن كورۇسلىتىپ چاينايتتى. لەگىپۈگچىلارنىڭمۇ غالتىكى خېرىدارلارنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆمۈلۈپ قالغان، ياشلار تۈگۈل قېرى چاللار، مومايلارمۇ غالتەكنىڭ يېنىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ بېلىدىكى زاغرىنى ساپال ھېجىرلاردىكى لەگىپۈگغا چىلاپ كۆزىدىن ياش چىققۇچە ئاچچىق سۈمۈرۈپ مەززە قىلىشاتتى.

شەھەر ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن قىيقاس - چۇقان، ۋاژ - ۋۇژ بىلەن توشقان، شەھەر ئاسمىنى بولسا خۇددى ئىس - تۈتەكتەك كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ - توزاندىن كۈن نۇرىنى توسقۇدەك قېلىن بىر قەۋەت پەردە ھاسىل قىلغانىدى. تىرىكلىك كويىدا قىملداپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بازارنىڭ رەتسىز، قايناقلىقىدىن شەھەر ھالسىراپ قالغانىدى ...

پېشىندىن سەل ئۆتكەندە ھېيتگاھدا مۇنداق بىر خەۋەر تارقالدى:

«يارباغ دەرۋازىسىدا بىر كارامەت پەيدا بوپتۇ، يائاللا، كۆرگەنلەر دەرماندا، كۆرمىگەنلەر ئارماندا قالىدۇ!»

كىشىلەر قىزىقسىندى، «كارامەت» نى كۆرۈشكە ئالدىرىدى، ئىتتىكلەپ - ئۈچلەپ يارباغ دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ سىلجىدى. بۇ يەردىمۇ ئادەملەر قىم - قىم ئىدى، ھەر خىل ياش، ھەر خىل جىنس،

ھەر خىل كىيىمدىكى كىشىلەر تۆمۈر قاپقىلىك قارا دەرۋازىغا قاراپ تۇرۇشاتتى. دەرۋازىنىڭ ئوڭ قانىتىغا باتۇق مىخلانغانىدى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىقىنىڭ سۇپىرىسىغا قېقىلغان يەتتە سانتىمېتىرلىق مىخ يېرىمىغىچە كىرىپ، بېشىنى شۇ تەرەپكە قىيسايتىۋەتكەن، ئىككى قولىمۇ تازا كېرىلدۈرۈپ، ئالىقىنىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن مىخلانغانىدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، بېغىشىغا سېلىنغان چەمبەر ھالقىمۇ دەرۋازىغا مىخلىۋېتىلگەن. باتۇقنىڭ قولىدىن ئاققان قان مەڭزىنى بويلاپ سىرغىۋاتاتتى، ئالىقىنىدىنمۇ توختىماي قان ئېقىۋاتاتتى. باتۇقنىڭ باش تەرىپىگە «بۇلاڭچى»، «قاچقۇن» دېگەن يوغان خەتلەر يېزىلغان قەغەز چاپلاپ قويۇلغانىدى. باتۇقنىڭ بۇ ھالىتى بەزىلەر ئۈچۈن ئويۇن ۋە كۈلكە، بەزىلەر ئۈچۈن ئازاب ۋە غەزەپ بولۇۋاتاتتى. بەزىلەر «توۋا!» دەپ ياقىسىنى چىشلىسە، بەزىلەر «خوپ بوپتۇ!» دەپ ھىجىيىشاتتى. باتۇق نېمە ئۈچۈندۇر ئەتراپىدا تۇرغان كىشىلەرگە تىكىلىپ قارىمايتتى، ئۇنىڭ غەزەپ ۋە ئەلەمدىن كېڭىيىپ كەتكەن كۆز قارىچۇقى ئىككى يېنىدا بېزىرىپ تۇرغان ساقچىلارغىلا قادالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى سەل تاتىرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىرىدىن نەشتەردەك ئۆتكۈر بىر ئۇچقۇن چاقناپ تۇراتتى...

كىشىلەر تەۋرەشكە باشلىدى، يېڭى كەلگەنلەر ئارقىدىن ئىتتىرىپ ئالدىدىكىلەرنى قىستاپ كەلدى. باتۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان ساقچى مىلتىقلىرىنى شاراقلىتىپ كىشىلەرگە ھەيۋە قىلدى، كىشىلەر يەنە داجىدى. باتۇقنىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان ئۇزۇن پاچاق ساقچى قولىدىكى تۈنىكە كانايىنى ئاغزىغا توغرىلاپ بازارچىلارغا ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى:

— خالايىق! بۇ گۇناھكاردىن ئىبرەت ئېلىڭلار! كىمكى بۇ بۇلاڭچى قاچقۇنغا ئوخشاش ...

ئۇنىڭ سۆزىنى يۇقىرى تەرەپتىن كەلگەن دۇمباق بىلەن سۇنايىنىڭ شادىيانە ئاۋازى بېسىپ كەتتى، كىشىلەرنىڭ دىققىتى بىردەملىككە شۇ

تەرەپكە ئاغدى. ئىككى گەز ئۇزۇنلۇقتىكى ئېلان تاختىسىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ئىمكەش چاپانلىق، تاز چىراي بىر ئادەم دۇمباقچى بىلەن سۇنايچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا گىدىيىپ دەرۋازا تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىسمى توختاق بولسىمۇ، لېكىن شەھەردىكى چوڭ - كىچىك ئۇنى «قاچ - قاچ تاز» دەپ ئاتايتتى. بۇ لەقەمگە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كۆنۈك ئىدى. لەقەمنىڭ قويۇلۇشىدا مۇنداق بىر قىزىق ئارقا كۆرۈنۈش بار ئىدى: 1936 - يىلى شەھەردە تۇنجى قېتىم «چاپايوف» ناملىق كىنو قويۇلغاندا، توختاق جاھاندىن خەۋىرى يوق، كەپسىز بىر يىگىت ئىدى. شۇ كۈنى ئۇ بىرنەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن كىنوغا كىرىپ ئېكرانغا يېقىن ئولتۇردى، كىنو باشلىنىپ مەلۇم يەرگە كەلگەندە ئېكراندا تۇيۇقسىز قىلىچ ئوينىتىپ «ھۇررا» بىلەن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر پەيدا بولدى، توختاق بۇنى كۆرۈپلا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە: «قاچ - قاچ! كاللاڭنى ئالىدۇ، قاچ!» دېگىنىچە ۋارقىراپ ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى، ئۇنىڭ ئەنسىز، ۋەھىمىلىك ئاۋازى باشقىلارنىمۇ چۆچۈتۈپ ئۆرىتۆپە قىلىۋەتتى. ئۈركۈگەن كىشىلەر كىچىككىنە ئىشىككە قاپلاشتى، قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى. ئەگەر كىنو مېخانىكى بىلەن خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ چۈشەندۈرمىگەن بولسا بىرنەچچە ئۇششاق بالا قىستاڭچىلىقتا دەسسىلىپ جېنىدىن ئايرىلغانمۇ بولاتتى. لېكىن ئۇلار تېزلا تىنىچىشتى. ھەتتا بىرەر سائەت ئۆتمەيلا ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىدىن قاتتىق خىجىلمۇ بولۇشتى. ئەنە شۇ كۈنى كەچتە كىشىلەر توختاققا «قاچ - قاچ تاز» دېگەن لەقەمنى قويۇپ قويغانىدى.

ئېلانچىلار دەرۋازىنىڭ يېنىغا كەلگەندە توختىدى، بۇنداق كۆپ ئادەم توپلانغان سورۇنلار ئۇلار ئۈچۈن تۇتىيا ئىدى. ئۇلار دەسلەپ دۇمباق بىلەن سۇنايىنى راسا ئەۋجىگە چىقاردى. ئارقىدىن ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ، توختاق ئالدىغا چىقتى، ئۇ گۈرەنلىرىنى كۆپتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— بۇرادەرلەر! بۇگۈن يارباغ دەرۋازىسىنىڭ تېشىدا، سوۋگىراژدانلار كۇلۇبىدا ئاۋازلىق كىنو قويۇلىدۇ. كىنو ئىسمى «پاقا چوكان»، تامامى سوقۇش، ۋاقتى قىيام سائەت سەككىزدە. گازىر - پۇرچاق ئۆزۈڭلەردىن، ئەمما لېكىن، ئېشەك - تەخەيلەرنى ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنىڭ پۇتىغا باغلاشقا بولمايدۇ، گۇم - گۇم قىلسا قورق-ماڭلار، ئۇ تامدىكى سۈرەت! كۆرۈشكە ئالدىراڭلار، بۇرادەرلەر، ئال-دىراڭلار! ...

ئۇ ئېلاننى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىماقچى بولىۋېدى، بايىقى ئۇزۇن پاچاق ساقچى چىرايىنى سەت پۈرۈشتۈرۈپ گۆلەيدى، ئارقىدىن مىل-تىقنىڭ ئۇچىنى شىلتىپ جىملەپ قويدى. ئېلانچى شاۋقۇنسىزلا غىپ-پىدە تىكىۋەتتى. شۇ ئەسنادا يىراقتىن «پوش - پوش» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، بازارچىلار ئىككى يانغا بۆلۈنۈپ يول ئاچتى، شەھەر ئىچىد-دىن دەرۋازىغا قاراپ ئاتلىق كېلىۋاتقان ھاپىز خوجا كۆرۈندى. تۆت پاقالچىقى قارا - قۇرا ئارغىماق ئۆز يورغىسىنى بۇزماي سالماق تۇياق يۆتكەيتتى. كۈمۈش جابدۇقلۇق ئېگەر ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇرغان ھاپىز خوجا بۇگۈن يەڭلىرىگە شىپال قويۇپ ئامىرىكىنىڭ قارا مووۇ-تىدىن تىكىلگەن ھەيۋەتلىك ساقچى فورمىسىنى كىيىۋالغانىدى. ئۇ باتۇقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئاتىنى توختاتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. ھاپىز جۇيجاڭ لېۋىدىكى يېرىم - يارتا كۈلكىسى بىلەن كۆزىدىكى شۇملۇقنى يوشۇرماقچى بولدى. باتۇق ئۇنىڭغا كىرپىك قاقماي غەزەپلىك تىكىلدى، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىدىن يۈرىكىدى-كى قەيسەرلىكنىڭ قىلچە سۇسلاشمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھاپىز جۇيجاڭ باتۇقتىن كۆزىنى ئالدى، قاشلىرىنى يىمىردى، دەستىسىگە سەدەپتىن كۆز قويۇلغان قوش تىللىق قامچىسىنى چىڭ سىقىملىدى، كېيىن بىردىنلا بېشىنى سىلكىپ بۇراپ ئۇزۇن پاچاق ساقچىغا قارىدى. ساقچى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ دىققەتتە تۇردى. ھا-پىز جۇيجاڭ قامچىنىڭ ئۇچى بىلەن باتۇقنى بوشىتىش توغرىسىدا

ئىشارەت قىلىپ قويۇپ ئارغىماقنىڭ بېشىنى بۇرىدى، قولا ئارغىماق تىزگىن سىيرىپ، قولاقلىرىنى شىڭتايتىپ يۇرۇپ كەتتى.

2

باتۇقنى كەچكىچە سازايى قىلدى، تىللىدى، دۆشكەلىدى، ئۇردى. پەقەت گۇگۇم چۈشكەندىلا ئالتە بۇرجەكلىك تۇرمىنىڭ جەنۇبىي ھويلىسىدىكى 7 ــ نومۇرلۇق كامېرغا تاشلاپ قويدى. باتۇق مانا شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ دۇنيانى تەرك قىلغاندەك يېگانە بولۇپ قالدى. ئۇ ـ نىڭ ئەتىدىن ــ كەچكىچە كۆزىگە چېلىقىدىغىنى ۋە قۇلىقىغا كىرىدىـ غىنى تۇرمە باشلىقى ليۇ خەندۇڭ بىلەن گۇندىپاي سايىم كېپەكباشـ نىڭ يىرگىنچلىك تەلەتى ۋە تەلۋىلەرچە قەبىھ ئاۋازىلا ئىدى.

ليۇ خەندۇڭنىڭ ئىپقى كۆپ، قارىسى ئاز پۇلتىيىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن ھەمىشە شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى. پەۋاز قاپاقلىرى ئۇسـ تىدە قاشنىڭ ئىزىمۇ كۆرۈنمەيتتى. قېشى ئورنىدا پەقەت بىرنەچچە تال سېرىق تۈك دىردىيىپ تۇراتتى. ئۇستىگە قاڭشىيىپ كەتكەن بۇر ـ نىنىڭ تۆشۈكىدىن بىر تۇتام تۈك چىقىپ قالغانىدى، كىلەڭسىز ئاغـ زى شىرداق يۈزىنى قۇلىقىنىڭ تۈۋىگىچە قىستاپ بارغانىدى، ئۇ ئاشۇ ئاغزى بىلەن ئەتىدىن ــ كەچكىچە تۇرمە قورۇسىدا خۇددى ئەركەك غازدەك سەت كاركىراپ، كەلسە ـ كەلمەس ۋالاقشىپ يۈرەتتى ....

تۇرمىگە دەسلەپتە كىرگەنلەر بەزى ساددا خىياللارغا بېرىلىپ بالـ دۇرراق قويۇپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن كونىلارنىڭ بۇنداق تۇرمىلەرگە قارىتا كۆزقارىشى خېلى چوڭقۇر. ئۇلارنىڭ ھاجەتخانا ۋە كامېر تاملىرىغا سىغىز ياكى كۆمۈر بىلەن يېزىپ قويغان بۇنداق خەتلىرىنى ھەمىشە كۆرگىلى بولاتتى:

«بۇرۇن كىرگىنى، كېيىن كىرگىنى، ئىلگىرى ـ كېيىن ھەممىسى كىرگىنى! ئۆلۈپ چىققىنى، تىرىك چىققىنى، ئىلگىرى ـ كېيىن ھەمـ

مىسى چىققىنى ! ...»

يەنە شېئىرلارمۇ يېزىلىپ قالاتتى :

«باھار ئۈيقۇسىدا تاڭ ئاتقاننى سەزمەيسەن،
ھەر تەرەپتىن ئىت ھاۋشىغاننى ئاڭلايسەن.
ئۆتتى كۈنلەر، ئۆتتى ئايلار، ئۆتەر يەنە تالاي يىللار،
شۇ پېتىچە ئۆتەرسەن، ھايات لەززىتىنى كۆرمەيسەن! ...»

باتۇقمۇ دەسلەپ بەزى خام خىياللاردا بولدى، بۇگۈن يە ئەتە بۇ يەردىن چىقىپ كېتىدىغاندەك، قويۇۋەتمىسە قېچىپ كېتىدىغاندەك يېڭى تۈيغۇلاردا بولدى. لېكىن، كۆز ئالدىغا ھاپىز خوجىنىڭ شۇم ئەگگىز تەلەتى بىلەن تۈرمە باشلىقىنىڭ غالجىر قىياپىتى كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئاسانلىقچە قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى، ئەتراپى ئېگىز ھەم قېلىن تاملار بىلەن قورشالغان، تۆت بۇرجىكىدە كۆزىتىش پوتەيلىرى بار سۇرلۇك بۇ تۈرمىدىنمۇ ئوڭايلىقچە قېچىپ بولمايدىغانلىقىنى ئاستا ــ ئاستا چۈشەندى. تۈرمىنىڭ بىر خىل رىتىمدىكى مەنىسىز، خورلۇق تۈرمۇشى ئۇنى تۈيدۈرماي ئۆز ئىلكىگە ئالدى. كىچىكىدىن تارتىپ تەبىئەتنىڭ كەڭ ۋە گۈزەل قوينىدا، كىشىلىك ھاياتنىڭ تىنچ ۋە شىددەتلىك ئېقىنلىرىدا گويا لاچىندەك پەرۋاز قىلىپ، كېيىك ــ توشقاندەك ئەركىن، ئازادە تاقلاپ ئۆسكەن بۇ بەگۋاش يىگىت تۈرمىنىڭ ئىنسان ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان چىدىغۇسىز قىسماقلىرىغا ئاستا ــ ئاستا كۆندى. بۇ كۈنلەردە ئۇ قانچىلىك قىممەتلىك نەرسىدىنى يوقاتقان بولسا، يەنە شۇنچىلىك قىممەتلىك نەرسىلەرنىمۇ تېپىۋالدى. بۇنىڭ بىرى، ئەركىن ھاياتنىمۇ ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان باھاسىز بىر سىرداش ئىدى. ئۆزىدىن توقۇز ياش چوڭ بۇ سىرداش باتۇق تۈرمىگە تاشلانغان بىرىنچى كۈنىلا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، ھەقىقىي ئاكىلىق مېھرى بىلەن مۇنداق دېگەنىدى :

— يىگىت، تونۇشۇپ قويايلى، مېنىڭ ئىسمىم قۇتلۇق، كىشىلەر «قۇتلۇق ئەپەندى » دېيىشىدۇ. بىز ئوخشاشلا جاھاننىڭ سەرسانى! گەرچە يېشىمىز، سەرگۈزەشتىمىز ئوخشىمىسىمۇ، دەرد ـ ھالىمىز، مۇڭ ـ زارىمىز ئوخشاش!

شۇ كۈنى باتۇق قاتتىق ئەلەمدە ئىدى، ئەلەمدىن يۈرىكى يىغلاۋا-تاتتى، شۇڭا ئاغزى گەپكە كەلمەي، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپلا قالدى.

ئۇلار ئەتىسى، ئۆگۈنى، ئىندىنى يەنە كۆرۈشتى، ھەر كۆرۈشكەندە قۇتلۇق ئەپەندى يەنە شۇنداق كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان يېقىملىق سۆزلەر بىلەن باتۇقنى بەزلىدى، باتۇق پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارالغان كۈچلۈك بىر ھېسسىيات بىلەن قۇتلۇق ئەپەندىگە ئىجىل بولۇپ قالدى. قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ يوغان، دۈگىلەك كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر خىل كۈچ ـ قۇدرەت سېزىلىپ تۇراتتى، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ سالۋاراپ كەتكەن سوزۇنچاق ئات يۈزىمۇ كىشىلەردە جىددىي ھەم سەممىي تەسىرات قالدۇراتتى. قۇتلۇق ئەپەندى ئۇزاق يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىل-غاچقا ناتىقلاردىن ئىدى. ئۇ سۆز قىلغاندا مەنىسى قىسقا، قەسىدىلىرى ئۇزۇن، ئورۇنسىز گەپلەرنى قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ھايات سەۋداسى، ئىستىقبال قايغۇسى تۆكۈلۈپ تۇراتتى...

ئۇلار ھەر كۈنى ھاۋالىنىش ۋاقتىدا ئۇچرىشالايتتى. مانا، بۈگۈنمۇ ئۇچرىشىدىغان ۋاقىت ئاز قالدى. ھاۋالىنىش نۆۋىتى 7 ـ كامېرغا كەلدى. باتۇق ھاۋالاندۇرۇشقا بۈگۈنكىدەك تەقەززا بولۇپ كەتمىگە-نىدى. قاراڭغۇ، زەي كامېردىن چىقىپ ئۆزىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قۇچىقىغا تاشلىغىنىدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھۇزۇرلۇقتىن بىھوش بولۇپ كەتتى.

ئۇلار يىراقتىنلا چىراي ئىچىپ كۆرۈشتى، تام تۈۋىدە بىر ـ بىرد-گە ياندىشىپ ئولتۇردى، راھەتلىنىپ ئاپتاپقا قاقلاندى. قۇتلۇق ئەپەندى كونىراپ كەتكەن سەندەل كەشىنى سېلىپ، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى

تۆردى، ئىسسىق ئەت توپا ئۆستىگە پۈتىنى ئۈزۈن سوندى، ئۈنىڭ
پۈتى تاپىنىدىن تىزىغىچە يارا ئىزلىرى بىلەن تولغانىدى. باتۇق كۆ-
رۆپلا ئەندىككەندەك سورىدى:
ــ قۈتلۇق ئاكا، پۈتىڭىزغا نېمە بولغان، نېمىدېگەن كۆپ تاتۇق
بۇ؟ كىچىكىڭىزدە كۆيۆپ قالغانمۇ ـ يە؟
ــ جازانىڭ چېچەكلىرى بۇ، ئۇكام، ــ دېدى قۈتلۇق ئەپەندى
ئۈنىڭ ساددا سوئاللىرىغا ئىچىدە كۆلۆپ، ــ جاللاتلارنىڭ جازا
قورالّلىرىنى سەن تېخى كۆرمىدىڭ، خۇدا ساڭا نېسىپ قىلمىسۇن...
بارماقلارنى سىقىدىغان قىسقۇچ دەمسەن، تىزلاندۇرۇپ قويىدىغان
داشقال دەمسەن، داغلايدىغان تۆمۆر دەمسەن، بۇرۇنغا قۈيىدىغان لازا
سۆيى دەمسەن، يەنە تېخى يېڭىدىن ئىجاد قىلغان «شاتۇتىنىڭ
قونداقىقا چىقىشى»، «ئايروپىلانغا بومبا ئېسىش» دەمسەن، ئىشقىلىپ
دۇنيادىكى ئەڭ يامان جازا ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى بار. بۇ جاللاتلار-
نىڭ زالىملىقى تارىختا «كىشىلەرنىڭ قېنى بىلەن تۆگمەن چۆرگە-
لەتكەن» دەپ نام ئالغان ئىراقنىڭ قانخور نايىبى ھوججاج ئەبۇ
يۆسۆپ سەقەنىدىنمۇ* ئېشىپ كەتتى!...
قۈتلۇق ئەپەندى شۆكلەپ قالدى، باتۇقنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ،
لەۋلىرى پىر ـ پىر ئۇچاتتى. ئۇ قۈتلۇق ئەپەندىنىڭ ئەقىل ـ ئىدرا-
كى، چىدام ـ غەيرىتىگە قايىل بولغانىدى.
قۈتلۇق ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ قەيسەر ئەزىمەت ئىدى، نۇرغۇن قې-
تىم قىرلىق داشقالغا دەسسەتكەنلىكى، تىزلاندۇرغانلىقى ئۆچۆن ئىككى
تاپىنى، تىزى پۆتۆنلەي يارىلىنىپ تاتۇق بولۇپ كەتكەنىدى. قولغا
ئېلىنغان ۋاقتىتىكى يىگىرمە كۆندىن ئارتۇق سوراق جەريانىدا يېمە-
گەن تاييقى، تارتمىغان ئازابى قالمىدى. بىر قېتىم سىم قامچا بىلەن
ئەللىكنى ئۇرغاندا، ئۇچىسىدىكى تولىما كۆڭلەك قانغا بويىلىپ بەدە-

* ھوججاج ئەبۇ يۆسۆپ سەقەنى ــ خەلىپە ئابۆلمۆلۆك ئىبنى مەرۋاننىڭ مۇئاۋىن لەشكەر
باشلىقى بولغان، ئۇچىغا چىققان زالىم.

ننگه پېتىپ كەتتى. شۇ چاغدا غالچىلار ئۇنىڭغا تەنە قىلىپ : «سىنىڭ قانچىلىك قاتتىقلىقىڭنى كۆرۈپ باقايلى!» دەپ ئىككى تال يىپتىم قو-ۋۇرغىسىنىمۇ ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن تالاي قىسمەتلەر تـوغرىسـىدا باتۇققا ھېچ نەرسە دېمىدى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن پـاجىئەلـەر ئارقىلىق ئۇنىـڭ سەبىي كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى، يـۇمـران يـۈرىكـىنى پـۇچۇلاشنى خالى-مايتتى. ئۇلار بىردەملىك روھىي جىددىيلىكتىن كېيىن يەنە ئۆز ھالىغا كىلىشتى، ئەتراپىدا ئولتۇرغان، كېلىپ ـ كېتىۋاتقان ھەمراھلىرى بى-لەن سالاملاشتى، ئەھۋاللاشتى، كەڭ سەينادا مـىدىرلاپ يۈرگەن ئـۆ-زىگە ئوخشاش جىسمانىي زەئىپ، چىرايى مىسكىن مەھبۇسلارنى سال-قىن نەزەر بىلەن كۆرەك قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچـىدە بىرى سـەينانىـڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ يالغۇز قەبرىدەك تىك تۇرات-تى، ئۇ شۇ ھالەتتە مىدىر ـ سىدىر قىلماي مۇمىيادەك قېتىپ قالغانى-دى. ئۇنىڭ ئاقىرىشقا باشلىغان چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ پاخپىيىـپ كەتكەن، سوۋېتىنىڭ يۇڭ تىرىكسىدىن تىكىلگەن شىم ـ كەمزۇلى قىرقىلىپ، چەت ـ چۆرىلىرى جۇلجۇللاشقان، بېشىدىكى ئالما ئۇرۇقى مەنپۇ دوپپىسىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، جىيەكلىرى تەر ۋە كىردىن قېتىپ كەتكەنىدى. باتۇق بۇ ئادەمگە ئۇزاق قارىدى، ئىچى ئاغرىغاندەك بـول-دى، كېيىن قۇتلۇق ئەپەندىدىن ئاستاغىنا سورىدى :

—— قۇتلۇق ئاكا، بۇ ئادەم كىم؟ ئېلىشىپ قالمىغانـدۇ ـ ھە، بىچا-رە؟!

قۇتلۇق ئەپەندى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى :

—— ئۇكام باتۇق، دەرد دېگەن بۇ نەرسە ئاخىر بېرىـپ ئەلەم بولـى-دۇ، ئەلەم بېرىپ ئەجەل بولىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق دەردنى ئىـچىگە يـۇ-تۇپ ۋەيران بولغان ئادەم، ئۇنىڭ ئىسمى ھاجى ئورۇس ...

—— ھاجى ئورۇس؟ —— باتۇق ھەيران بولدى.

—— ھەئە، ھاجى ئورۇس، —— دېدى قۇتلۇق ئەپەندى ۋە كېـيىنكـى

ئىشلارنى قىسقىچە چۈشەندۈردى، — ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ھاجى ئىسلام ئىكەن، ئۆزى كاتتا سودىگەر، بىر نەچچە قېتىم ئەنجان، قازان، شەمەي، ھەتتا موسكۋاغىچە بېرىپتىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «ھاجى ئورۇس» دەپ ئاتىۋالغان، ئۆزىمۇ شۇ ئىسمنى ئىمزا قىلىدىكەن، ئۇ مەندىن بىر ئاي كېيىن 1943 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۈرمىگە چۈشتى، مانا ھازىر بىر يىل يەتتە ئاي بوپتۇ، ئۇ بەكمۇ جىمغۇر، سۇكۇتچان ئادەم، مەنمۇ تېخى يېقىندىلا غىل ـ پال تونۇشتۇم ...

باتۇق تېخىمۇ قىزىقتى، ئۇنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىگىچە بىلىشكە ئالدىرىدى:

— ئۇنى نېمشقا سولاپتۇ، قۇتلۇق ئاكا؟ ئۇ يا بىزگە ئوخشاش يالاڭ تۆش، پاناھسىزلاردىن بولمىسا ...

باتۇقنىڭ سۆزى ئاغزىدا قالدى، سايىم كېپەكباش ئالتاغىل ۋارقىرىدى:

— ۋاقىت توشتى! دەرھال كامېرغا كىرىش! ... ھەي، ھاجى ئورۇس! ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، بۇت قەلەندەرى، ماڭ ـ ماڭە! بېرىپ تۈرماي ئۇۋاڭغا كىر! ...

كەڭ سەينا بىردەمدىلا بوشاپ قالدى.

3

7 ـ كامېرغا ئامەت ياغدى، قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن ھاجى ئورۇس مۇشۇ كامېرغا يۆتكەلدى. تۈرمۈشتا بۇنداق تاسادىپىيلار كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ، تۈرمە ئىچىمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن باتۇقنىڭ ئىككى ھەمراھى ۋاقىت ـ قارارى توشۇپ قويۇپ بېرىلدى، شۇ ئارىلىقتا بىر كېچە ـ كۈندۈز ياغقان ئاق يامغۇر بىلەن قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ كامېرى خەتەرلىك بولۇپ قالدى. يەنە شۇ ئارىلىقتا نېمە ئۈچۈنكى ھاجى ئورۇسنىڭ ئۆيچى كامېرى تارقاقلاش-

تۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، بىر ھەپتە ئىچىدە بىرى ئۇگدىن، بىرى سولدىن كېلىپ 7 ـ كامېرغا جەم بولۇپ قالدى.
تەقدىرنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن باتۇق بىلەن قۇتلۇق ئەپەندى بەكمۇ خۇشال ئىدى. ئۇلار خۇددى ئۇزاق يىل ئايرىلىپ كەتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردەك مۇڭدىشىپ قانمايتتى، دىلكەشلىك، سىرداشلىق بىلەن بىردەم بولسىمۇ كۆڭۈلسىز تۇرمە ھاياتىنى ئۇنتۇشقا تىرىشاتتى. لېكىن، ھاجى ئوروس ئۇنداق ئەمەس، يەنىلا كەم سۆز، سۇكۇتچان ئىدى، گويا جىمى جاھاننىڭ غەم ـ قايغۇسى ئۆز بېشىغا چۈشكەندەك كۆڭلى دائىم پەرىشان يۈرەتتى. ئۇ ھاۋالانغاندا ھېلىقىدەك سەينانىڭ ئوتتۇرىسىدا تىك تۇرۇپ، پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ خىيال سۈرەتتى. كامېرغا كىرگەندە تار ۋە قاراڭغۇ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى زىغىر پاخىلى ئۈستىدە زوڭ ئولتۇرۇپ بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا ئالغىنىچە خىيال سۈرەتتى. ئۇنىڭ قاچان ئۇخلاپ، قاچان قوپقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئۇزاققا بارمىدى، قۇتلۇق ئەپەندى ئۇنى ئۆز رايىغا قويمىدى، بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن كەڭ ـ كۇشادە سۆزلىشىش نىيىتىدە گەپنى مۇنداق باشلىدى:
— ھاجىكا، «ئۆچكىنىڭ مويى تۈگىمەس، بەگنىڭ ئويى» دەپتىكەن، سىلىنىڭ بۇ خىياللىرىنىڭ باش ـ ئايىغى بارمۇ زادى؟
ھاجى ئوروس بېشىنى كۆتۈردى، قۇتلۇق ئەپەندىگە سىنچىلاپ قارىدى، ئۇنىڭ گۆشلۈك كۆپمە يۈزى خۇددى قارىداپ كەتكەن ئۆپكىدەك خۇنۇك ئىدى، جىيەكلىرى قىزارغان جاغال كۆزلىرى بولسا سۇ ئۈستىدىكى مايدەك سۇس پارقىرايتتى.
— ئوي دېگەن ئويۇپ يەيدۇ، ھاجىكا، — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئاخىر بىرىپ دەردكە چاقىدۇ! ...
— شۇنداق، ئەپەندىم، ھەممە كىشىنىڭ دەردى بار، دەردى يوق كىشى نەدە بار؟! — ھاجى ئوروس چوڭقۇر بىر ئۇھسىنىپ ئېغىز ئاچتى، ئۇنىڭ ئاۋازى زەردىلىك ئىدى، ئۇ قۇتلۇق ئەپەندىگە يېقىنراق

سىلجىپ داۋام قىلدى، — ئەپەندىم، مەن سىلىگە ئېيتسام، دۇنيادا ئۈچ بەختسىزلىك ۋە يەنە ئۈچ دوزاخ بار، ئۈچ بەختسىزلىكنىڭ بىرى، ياش ۋاقتىدا ئاتا - ئانىدىن ئايرىلىش، ئىككىنچىسى، ئوتتۇرا ياش ۋاقتىدا خوتۇنىدىن ئايرىلىش، ئۈچىنچىسى، قېرىغاندا بالىۋاقىدىن ئايرىلىش؛ ئۈچ دوزاخنىڭ بىرى، قاپىقى يامان خوتۇن، ئىككىنچىسى، ئىس يانغان مورا، ئۈچىنچىسى، پۇت قىسىتىغان ئاياغ! — ئۇ يەنە بىردىنلا جىم بولدى، قاشلىرىنى يىمىرىپ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكتى، كۆزلىرى مۇڭلۇق ئىدى، نەپىسى قىسىلغاندەك ھۆمۈدەيتتى. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئاستا داۋام قىلدى، — بىزنىڭ ھازىرقى ھالىمىز ئەنە شۇ، ئەپەندىم، بەختسىزلىكمۇ، دوزاخمۇ، ھەممىسى كەلدى، بىز ھازىر پىلىلدىغان شامدەك ئۆچۈش ئالدىدا تۇرىمىز! — ئۇ بۇ سۆزلەرنى شۇنچىلىك بىزارلىق، دەردلىك ۋە چىن قەلبىدىن چىققان خاپىلىق بىلەن ئېيتتىكى، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى. ھاجى ئورۇسنىڭ جىممىدە يۈرۈپ ھاياتتىن ئاستا - ئاستا خوشلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇنى خاۋاتىرلەندۈرۈپ قويغانىدى.

— ئۇنداق ئۈمىدسىزلەنمىسىلە، ھاجىكا، — دېدى ئۇ ئېچىنىش تەلەپپۇزىدا، — ئادەم بالىسى ھېچقاچان ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىمەسلىكى لازىم، ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ جىمى گۈزەللىكىدىن ئۈمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىدىغان ئۆلۈمنىڭ نېمە كېرىكى بار؟! بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۈگۈن بىزنى قىناۋاتقان بۇ قاراڭغۇ زىندانلار ھامان بىر كۈنى گۇمران بولىدۇ! كىم بىلىدۇ، ئېھتىمال بىر كۈنلىرى بۇ تۈرمىلەرنىڭ ئورنىدا باغۇبوستانلار كۆكلەر! ئەنە شۇ ۋاقىتتا، بىزمۇ ئەۋلادلىرىمىز بىلەن بىللە بۇ يەرنى سەيلە قىلارمىز! ...

ھاجى ئورۇس بېشىنى ئېغىتتى، ئۇ ئەمدى خېلى ئېچىلىپ سۆزمەن بولۇپ قالغانىدى:

— ھەي، ئەپەندىم، ئامەت بىزدىن ئۆركۈگەن، شۇڭا بىز تۆگە ئۈستىدە تۇرساقمۇ ئىت تالاۋېرىدۇ. ئامەت يۇملاق، مەينەت يېپىشقاق

ئىكەن، دېمەككى، ئامەت دېگەن بۇ نەرسە دوملاپلا يۈرىدۇ، بەزى كېتىپ، بەزى كېلىپ تۇرىدۇ. مەينەتچۇ؟ ئۇ شۇنداق مەرەزكى، بىر كەلسە چاپلىشۋالىدۇ، ئاسانلىقچە ئاجرىمايدۇ! مانا بىزنى مەينەت باسقان، بولمىسا نېمە گۇناھىمىز بار؟! ئېيتىڭلار، زادى نېمە گۇناھىمىز بار؟!

ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، چىرايى سۈرلۈك تۈس ئالدى، كامېر ئىچى بىردىنلا سۈكۈتكە چۆمدى. تۆمۈر چىۋىقلار مىخلانغان ئەينەكسىز پەنجىرىدىن يوغان يېشىل چىۋىنلار گىژىلداپ كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. ئۈچ مەھبۇسنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىگە سوئال بىلەن تىكىلىپ قالغانىدى.

ھەمىشە تۈپتۈز يوللاردا مېڭىپ ئادەتلەنگەن كىشىلەر ئۈچۈن بىردىنلا ئەگرى - توقاي يوللارغا چۈشۈپ قېلىش ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە تۇيۇلىدۇ. ھاجى ئۇرۇسنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق ئىدى. بىر چاغلار ئۇنىڭ راسا گۈللەپ ياشنىغان، «توپا ئالسا ئالتۇن، كۈل ئالسا كۈمۈش بوپتۇ» دېگەندەك، ئامەت ۋە نۇسرەت يۈزلەنگەن ۋاقىتلىرى بولغانىدى.

1943 - يىلى 11 - ئايغا كەلگەندە، گويا ھايات ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ قارا باسقاندەكلا بولدى، تەقدىر ئۇنى تۇيۇقسىزلا بىر كېچىسى ياش ۋە ئامراق خوتۇنى نازاكەت خېنىمنىڭ ئىسسىق قوينىدىن يۇلۇپ ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. ئۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيتتى، پەقەت بىر - ئىككى قېتىملىق سوراقتا «شېڭ دۇبەن جانابلىرىغا قارشى تۇردۇڭ!» دېگەن گەپلەرنىلا ئاڭلىدى، لېكىن ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى، ئاخىر نارازىلىق بىلدۈردى، قارشىلىق قىلدى، نەتىجىسى تاياق ۋە ئازاب بىلەن ئاخىرلاشتى. كېيىن ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ تۆۋەندىكى «جىنايەت» نى تاپشۇردى: «مەن ئەزەلدىن خانىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ باقمىغان، ئايالىم كەچ كۇرسىغا كىرگەندە مەن ئۇنى تىللاپ قو-

يۈپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولۇشۇم مۇمكىن. سىلەرگە مەلۇم، مۇ-سۇلمانلارنىڭ ئاياللىرى ئۆزىنى كۆرسىتىپ كەچكىچە تالادا لاغايلاپ يۈرسە بولمايدۇ. ئۇ كەچ كۇرستا ئوقۇيمەن، دەپ ھەر كۈنى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىم كېلىپ تىللىدىم، ئۇ: «كەچ كۇرستا ئوقۇش شىڭ دۇبەننىڭ بۇيرۇقى، سەن ئۇنىڭغا قارشى چىقماقچىمۇ؟» دېدى. مەن ئۆزۈمنى باسالماي: «ھېلىغۇ شىڭ دۇبەن ئىكەن، ئاسماندىن چۈشكەن شاھىنشاھنىڭ بۇيرۇقى بولسىمۇ بارمايسەن! مېنى شىڭ دۇبەن ئۆيلەپ قويغان ئەمەس!» دېدىم، شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز قاتتىق سوقۇشۇپ قالدۇق، مەھەللىدىكىلەر ئاڭلاپ جۈيزىگە مەلۇم قىپتۇ. مېنىڭ گۇناھىم مانا شۇ!»

ئەزەلدىن سىياسەتكە ئارىلاشماي، پۇل ۋە مال ئۈچۈنلا جان قېقىپ يۈرگەن بۇ نادان سودىگەر ئۆزىنىڭ 1943 ـ يىلى ئەتىيازدا ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېتتىن مال ئېلىپ كىرگەنلىكى بىلەن گۇمانلىنىپ، «كەچ كۇرس ۋەقەسى» گە باھانىداپ قولغا ئېلىنغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

ئۇ تۈرمىگە چۈشكەندىن بۇيان، يۈرىكىنى غاجاپ، تېگى يوق خىيالغا مۈپتىلا قىلغان سىر ـ ئەسراسىنى مانا بۈگۈن تۈنجى قېتىم قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن باتۇرقا ئېيتتى:

— دۆم يېتىپ، دۆم قوپۇپ يىغقان مال ـ دۇنيالىرىمنى بۇلاپ ـ تالىدى، كۆزۈمنىڭ قارىسىغا دەسسىتىپ ئۆگىتىۋاتقان كىچىك خوتۇنۇم نازاكەتنىمۇ مەندىن بەزدۈردى! ... ئاھ، خۇدا! شەيتاننىڭ شەرىدىن، زالىمنىڭ زۇلمىدىن ساقلىغايسەن! رەقىبلىرىمنىڭ ئاغزىنى بەند، دوستلىرىمنىڭ ئاغزىنى كۈشادە قىلغايسەن! ...

ھاجى ئورۇسنىڭ كۆزلىرىگە غىللىدە ياش كەلدى، يۈزلىرى تارتىشىپ، قوۋۇزلىرىدىكى قورۇقلار تىككىدە بولۇپ كەتتى، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ ئىچى ئاغرىدى.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، ھاجىكا، — دېدى ئۇ بىرنەچچە ئې-

غىز تەسەللى ئىپتىشقا تىرىشىپ، ــــ ئادەم بايلىققا، مالۇ دۇنياغا ئۆزىنى
ئانچە ئۇرماسلىقى لازىم! قايىسىبىر دانىشمەن : «زەر ۋە گۆھەرلەرگە
ھېرىس بولماق ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس، چۈنكى بايلىق ئامانەت
نەرسىدۇر، ئۇ ھەر كۈنى بىراۋنىڭ قولىغا ئۆتەر ۋە ھېچكىمگە ۋاپا
قىلماس . » دەپتىكەن . نازاكەت خېنىمنىڭ ئىشىغا كەلسەك، سىلە
سالامەت بوشاپ چىقسىلا چوقۇم ئالدىلىرىغا كېلىدۇ، خوتۇن كىشى
دېگەن بىر تال ئەگرى قوۋۇرغىغا ئوخشايدۇ، ھاجىكا، ئۇنى تۈزلەيمەن
دېسەك سۇنۇپ كېتىدۇ، شۇ پېتى ئىشلىتىش كېرەك.
ھاجى ئورۇس بېشىنى سالدى، يېنىك پۇشۇلدىدى. ئۇنىڭ كۆزلە-
رى مۇڭلۇق، چىرايى مىسكىن بولسىمۇ، لېكىن شۇ تاپتا كۆكسى ـ
قارنى بوشاپ، يۈرىكى خېلىلا يايراپ قالغانىدى.
7 ـ كامېردىكىلەر بۈگۈن كەچكىچە سىرداشلىق بىلەن ئۆتتى.
گويا بىرى كۈنتەرتىپى تۈرغۇزۇپ قويغاندەك، بىرەيلەن سۆزلەپ
بولسا، يەنە بىرى ئارقىدىن ئۇلاپلا سۆزلەپ كېتەتتى. قۇتلۇق ئەپەندى-
نىڭ قولغا ئېلىنىش سەۋەبلىرى ھاجى ئورۇسنى دەسلەپ قىزىقتۇ-
رۇپ، كېيىن چۆچۈتۈپ قويدى. «كاساپەت، ياش بولغىنى بىلەن
قاپتەك يۈرىكى بار ئىكەن ـ ھە ؟! ــــ ئويلىدى ئۇ قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ
ئادەتتىكىچە بوي ـ بەستىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ، ــــ مانا، قارشى
چىقتى دېگەن بۇنداق بولىدۇ! ئۇ شېڭ دۇبەن جانابلىرىغا كۆپكۆن-
دۈزدە ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى چىقىپتۇ ئەمەسمۇ ؟! بۇ ئۆزى باشقىچە
ئىقلىمدىكى ئادەم ئوخشايدۇ! ... »
قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ سۆزلەپ بەرگىنىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ قىسمەت-
لىرى ناھايىتى ئاددىي ئىكەن :
ئۇ 1943 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىپتۇ، سەۋەب بىرلا : سى-
نىپتا ئوچۇق دەرس ئۆتۈۋېتىپ ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق دەپتۇ : «بىلىپ
قويۇڭلار ، شېڭ دۇبەن جانابلىرى يېڭى نۇتۇق ئېلان قىلدى، ئۇ ئۆز
ۋاقتىدىكى بىرلىك سەپ جەريانىدا دائىم دېگۈدەك : ‹جەڭگىۋار ، ئىل-

مىي ۋە نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىنغان بۈيۈك سىياسەت ماركسىزم ـ لېنىنىزم پرىن-
سىپلىرىنى ئاساس قىلىدۇ › دەيتتى، ۋەھالەنكى، شىنجاڭدا ئۆلكىلىك
پىرقە قۇرۇلغان 1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى خەلققە قىلغان مۇراجىئەت-
تىدە قىلچە ئەيمەنمەستىن : «ئۈچ مىللىي مەسىلەك ئالتە بۈيۈك سىيا-
سەتنىڭ ئاساسى، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ ئۆزى ئۆلكىمىزدە ئۈچ
مىللىي مەسىلەكنى ئىجرا قىلىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى › دەۋاتىدۇ،
قاراڭلار، نىقابلانغان ئادەم نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە ؟! »

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى رەسمىي تىنتىشقا باشلاپتۇ، قىسقا ۋاقىتلىق
جىددىي تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە لىن جىلۇنىڭ يېقىن ئا-
دىمى، ئۇ دارىلفۇنۇندا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا لىن جىلۇدىن «قاراۋۇل »،
«لەپىلدەش »، «قەھرىمانلار مارشى » قاتارلىق يېڭىچە تىياتىرلارنى
ئۆگەنگەن ھەم ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىپ سەھنىلەردە ئوينىغان، دې-
گەندەك نەق جىنايەتلەر قوشۇلۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دېلوسى
تولۇقلىنىپ، كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىنلىق بىر ئاخشىمى مەكتەپتىكى يا-
تىقىدىن قولغا ئېلىنىپتۇ .

قۇتلۇق ئەپەندى ھەممىگە ئىقرار ئىكەن، بولۇپمۇ، لىن جىلۇ شىن-
جاڭ دارىلفۇنۇنغا ئىلمىي مۇدىر بولۇپ كەلگەندە ئۇنىڭ ياخشى شا-
گىرتى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ تەربىيىسى بىلەن مەكتەپتىكى ئىنقىلابىي
ياشلارنىڭ «ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش » پائالىيىتىگە
قاتناشقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن خەنزۇچە تىل ۋە خەتنى خېلى
پىششىق ئۆگىنىۋالغانلىقىنى ھۆرمەت ۋە ئىخلاس بىلەن سۆزلەيدى-
كەن .

— «ئېسىلدە خاتا يوق، بىئېسىلدە ۋاپا » دېگەندەك، يولداش لىن
جىلۇ ھەقىقەتەنمۇ ئېسىل ئادەم ئىدى، — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى
چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن، — بىلىملىك، خۇش چاقچاق،
قولىغا قەلەم ئالسا شائىر، سەھنىگە چىقسا ئارتىس، مۇنبەرگە چىقسا
ناتىق ئىدى. 1938 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىردە ئۇنىڭ پۈتۈن مەكتەپ

ئوقۇغۇچىلىرىغا قىلغان سۆزى ھازىرغىچە قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ، ئۇ-
نىڭ شۇ كۈنكى سۆزى بىزنىڭ قەلبىمىزگە ئۇرۇق بولۇپ چۈشكەن.
دۈشمەنلەر ئۇنىڭدىن بەكمۇ قورقاتتى، كالپۇكى ئادەم يېغى بىلەن
ياغلانغان خۇنخور جاللات شىڭ شىسەي ئاخىر ئۇنىمۇ يەپ
كەتتى! ...

— ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇما؟ — باتۇق ئەندىككەندەك ئالدىراپ سورى-
دى. قۇتلۇق ئەپەندى ساڭگىلىغان بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى:

— ھەئە، ئۇنى 1943 - يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىدىكى 2 - تۈرمىدە
مەخپىي ئۆلتۈرۈشتى، مەنمۇ بۇنى يېقىندا ئاڭلىدىم ...

ھاجى ئۇرۇس ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى:

— بۇ دۇنيادا ياخشى ئادەملەر ئۇزاق ياشىيالمايدۇ! — دېدى ئۇ ۋە
بۇنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك، — تاشمۇ مېۋىسى ئوبدان دەرەخكە
كۆپ ئېتىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپ قوشۇپ قويدى.

تۇرۇپلا باتۇقنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، دەسلەپ بۇرۇن تۆشۈكلىرى
كېرىلىپ، كۆزى قىزاردى، كېيىن بىردىنلا ئۆزىنى تۇتالماي ئېسەدەپ
كەتتى.

— ئاققىز، ئاققىز! ... مەن يارىماس سىنى قوغدىيالمىدىمغۇ! مەن
... مەن ... — دېدى ئۇ مەيدىسىگە مۇشتلاپ، — مەن سىنىڭ
ئىنتىقامىڭنى ئالمىسام ئوغۇل بالا ئەمەس! ... بۇ دۇنيادا ياشىماي-
مەن! ...

قۇتلۇق ئەپەندى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ئاستا سورىدى:

— ئاققىز دېگىنىڭ كىم، ئۇكام؟ ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟

باتۇقنىڭ ھېكايىسى مانا مۇشۇ سوئالدىن باشلاندى:

— مەن بىر يېتىم ئوغۇل، ئاققىزمۇ ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ
بىر تۇل ھاممىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان. بىز بىر يۇرت، بىر مەھەللە
ئىدۇق، كىچىكىمىزدىن بىللە ئۆستۇق، ۋەدىمىز چىڭ ئىدى. لېكىن
بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى يۇرتىمىزنىڭ كاتتىسى — ھەمدەم بەگ

ئۇنى زورلۇق بىلەن تۆتىنچى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولدى، چوڭ مەـ
رىكە ئۆتكۈزدى. كەچتە نىكاھ پاتىھەسى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن
مېھمانلار تارقاپ، شەھەردىن چىققان ئەمەلدارلار قالدى. ئۇلار يەپ ـ
ئىچىپ، ئويۇن ـ كۈلكە قىلىشىۋاتاتتى. مەن تۆت ئاغىنەمنى باشلاپ
ئۇلارنىڭ قورۇسىغا كەلدىم، ھەممىمىزدە قارا سۆگەتنىڭ قوۋزىقىدىن
قىلىنغان يالغان ئوقباغ، قولىمىزدا ياغاچ مىلتىق ھەم تاپانچىلار بار
ئىدى. بىز بەگنىڭ يوغان دەرۋازىسىنى ھەيۋەت بىلەن قاقتۇق، مەن
ئېگەرلەنگەن ئات ئۈستىدە ئىدىم. شىركەيىپ بولغان بىر ساقچى
«كىمسەن ؟!» دەپ ۋارقىرىدى، ئىشىك قاققان ئاغىنەم : «بىز، دەرھال
ئىشىكنى ئاچ! بەگنىڭ تويىغا باتۇق سىلىڭ كەلدى!» دەپ ھەيۋە
قىلدى. مانا شۇ چاغدا مېنىڭ «باۋۇدۇن» دېگەن ئىسمىم «باتۇق» قا
ئۆزگەردى، ھېلىقى ساقچى ئۆزىچە «سىلىڭ، سىلىڭ ...» دېگىنىچە
ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قارىدى، ئۇنىڭ مەستلىكتىن غىلايغان كۆزلىرىـ
گە مېنىڭ ئات ئۈستىدىكى يالغان ھەربىي قىياپىتىم راستتەك كۆرۈندى
بولغاي : «خوپ، سىلىڭ، مانا ھازىر!» دەپ ئىشىكنى يوغان ئېچىۋەتـ
تى. بىز كىرىپلا ئۇنىڭ ئاغزىغا لاتا تىقىپ، پۇت ـ قولىنى باغلاپ
قورالىنى ئېلىۋالدۇق، شۇ قورال بىلەن ئارقا ھويلىغا ئۆتۈپ، ئۇ يەرـ
دىكى بىر چالا مەست ساقچىنىمۇ بايىقىدەكلا جايلىۋەتتۇق، ئاندىن
ئاقىغزنى ياساپ جابدۇۋاتقان ئاياللارنى تىنۋش چىقارماي بىر ئۆيگە
سولاپ قويۇپ ئاقىغزنى ئەپقاچتۇق. بىزنى نۇرغۇن قېتىم ئادەم چىقىپ
تۇتالمىدى، قولىمىزدىكى ئىككى قورالنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىمىزنى
قوغداپ قالدۇق. بىز بارمىغان دەشت ـ چۆل، تاغ ـ باياۋان قالمىـ
دى، «قاراقچى» دەپ ئاتالدۇق، «باتۇق سىلىڭ كەپتۇ» دېسە، كىشىـ
لەر قورقىدىغان بولۇپ قالدى، قانداق قىلاتتۇق، ھالالنى تاپالمىغاندا
ھارامنى يېمەي ئۆلەمتۇق ؟! نېمە لازىم بولسا شۇنى بۇلاپ تاپتۇق، كېـ
يىن جاھان تىنچىغاندەك بولدى، ئەل ـ يۇرتنى سېغىندۇق، ئاخىر
ئاقىغزنىڭ تەلىپى بىلەن «ھەزرەت سەيلىسى» گە كەلدۇق. كىم بىلـ

سۇن، ھەمدەم بەگنىڭ چوڭ ئوغلى ھاپىز خوجا تېخىچە بىزنىڭ پې-
يىمىزدە ئىكەن. ئۇ بۇرۇن چەت بىر ناھىيىدىكى ساقچى ئىدارىسىدە ئىدى، ئۇنىڭ ۋىلايەتكە كېلىپ تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى مۇشۇ قېتىملا بىلدىم. بۇ قارام شۇمپەن قان قەرزىگە بوغۇلدى، خەپ توختا، بۇ ھېسابنى ئالماي قويمايمەن! ...

باتۇق يۇمران ساقال باسقان ئېڭىكىنى خەپلەپ تۇتقانچە تۇرۇپ قالدى، كۆزلىرىدىن ھازىدارلىق قايغۇسى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ئۈچ سىرداش بىر - بىرىگە تەسەللى بەردى، بىر - بىرىنى بەزلىدى، ئۆزئارا كۆڭۈل ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ، تۈرمە ھاياتىنىڭ بىر كۈنلۈك ئۇزاق، زېرىكىشلىك ھەم مەنىسىز تۇرمۇشىنى ناھايىتى دىلكەشلىك بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈۋەتتى.

## 4

تۈرمە ئىچى جىمىپ قالدى، لېكىن باتۇقنىڭ كاللىسى جىمىمايتتى، ئۇ ئوڭدىسىغا يېتىپ قاپقاراڭغۇ تورۇسقا قارىغىنىچە خىيالغا چۆمدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلاپ، نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئەقلى يەتكۈزگۈسى كېلەتتى. ئىككى كۈندىن بېرى تۈرمىدە بولغان ئىشلار ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ھاجى ئورۇسنى «ھەربىي قۇرۇلۇشتا ئىشلەيسەن» دەپ، ئەللىككە يېقىن ئادەم بىلەن بىللە ئاچىقىپ كەتتى، نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇشىنى، قاچان قايتىپ كېلىشىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. قۇتلۇق ئەپەندىنى تۈنۈگۈن ئەتىگەندە سوراققا ئاچىقىپ كېتىپ چۈشكە يېقىن يېرىم ھوشسىز ھالدا كامېرغا تاشلاپ قويدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى باتۇقنىڭ ئۆز بېشىدا بولۇۋاتقاندەك ئۇنى ئازابلايتتى، ھاجى ئورۇسقا ئىچ ئاغرىتاتتى، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ شىكەستىلەنگەن بەدىنىگە جېنىنى قانات قىلىپ ياپقۇسى كېلەتتى، ئۆزىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدىمۇ ئويلاپ ھەسرەتلىنەتتى ...

ئاي كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئاپئاق نۇرى دەسلەپ تۇرمە سەيناسى، كېيىن قىڭغىر ـ قىيسىق پەنجىرىلەرنىڭ تۆمۈر روجەكلىرىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ كامېرلارنى يورۇتتى. باتۇق ئاستا بېشىنى كۆتۈردى، ئايغا سالام بەردى، ئاي شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە مۇقەددەس ئورۇن ئالغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈمۈش نۇرلىرىنى قاپقاراڭغۇ، زەي كامېردا ياتقان باتۇققىمۇ ئايىماي سەپتى، ئۇنى گۇناھكار دەپ ئايرىپ قويمىدى، ئۇنىڭ قاتمۇقات قايغۇ ـ ئەلەملەر بىلەن پۈچۈلانغان قەلبىنى بىردەم بولسىمۇ ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ زەئىپ جىسمىنى نۇر دەرياسىغا چۆمدۈردى، نۇر ئۇنىڭ پېشانىسىدە، كۆزىدە، يۈزىدە، كۆكسىدە جىلۋە قىلدى. ئۇ قوللىرىنى سوزۇپ نۇرنى تۇتماقچى بولغاندەك ئالىقانلىرىنى كېرىشتۈردى. نۇر ئەمدى ئۇنىڭ بارماقلىرىدا، بىلەكلىرىدە ئوينايتتى ...

باتۇقنىڭ نۇر بىلەن ئوينىشىپ نۇرغا بەند بولغان شېرىن خىياللىرىنى قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازى بۇزۇۋەتتى:

— باتۇق، تېخىچە ئۇخلىمىدىڭمۇ؟

— قۇتلۇقكا، قاراڭە، نۇر! ... — باتۇق يەنىلا ئۆز خىيالىدا ئىدى.

قۇتلۇق ئەپەندىمۇ بېشىنى كۆتۈردى:

— ھە، ئاي چىقىپتۇ ـ دە! ئاسماندا ئاي چىقسا ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭ؟

باتۇق قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— ئۇخلىيالمىدىم ...

ئۇلار تامغا يۆلەندى، ئاي نۇرى ھەر ئىككىسىنىڭ كۆكسىگىچە يورۇتۇپ تۇراتتى. بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن قۇتلۇق ئەپەندى باتۇقتىن كۈتۈلمىگەن بىر سوئالنى سورىدى:

— سەن ئوقۇغانمۇ؟

باتۇق ئوڭايسىزلانغاندەك بېشىنى ئاستا چايقىدى.

— باتۇق ئىنىم، ئادەم ياشلىق چېغىدا ئاز - تولا بىر نەرسە ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك! — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى چوڭقۇر بىر ئىچكى تۇيغۇ بىلەن، — ياشلىقتا تىرىشمىسا قېرىغاندا خار بولۇپ قالىدۇ. قايسىبىر كىتابتا: «شەرەپ — ئەقىل بىلەن ھۈنەردىن، ئۇلۇغلۇق — ئىلىم بىلەن پاراسەتتىن كېلىدۇ. پۇل - مالنىڭ يوقلۇقىدىن كەمبەغەل بولساڭمۇ، ئەقىل - پاراسەت، غەيرەتكە باي بولغىل، ئەقىل - پاراسەت، غەيرەت پۇل - مالدىن كۆپ ئەۋزەل» دەپ يېزىلغانلىقى ھازىرغىچە ئېسىمدە. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئىلىم - ھۈنەرگە بەك ئەھمىيەت بەرگەن، لېكىن ئەۋلادلىرىمىز نادانلىقتا، جاھالەتتە قېلىۋاتىدۇ. سەن «مازارىي بۇزرۇك» دېگەن ھېكايىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ھە، بوپتۇ، ئاڭلىمىغان بولساڭ ئېيتىپ بېرەي: بۇ ئىشنىڭ قاچان، قەيەردە بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس، لېكىن ئېشەكنىڭ مازار بولغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەت كۆپ. ۋەقە مۇنداق بولغان ئىكەن: «بىر سودىگەرنىڭ ئېشىكى يول ئۈستىدە تۇغۇپتىيۇ، ئۆلۈپتۇ. تەخىينى ھەيدەپ كېتىۋاتقان سودىگەرنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش كېلىپ ئارقىغا يېنىپتۇ ۋە ئۆلگەن ئېشەكنىڭ تاپىنى چىرايلىق كۆمۈپ قويۇپتۇ ... بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يولدىن ئۆتكەن بىرىنچى يولۇچى تاپ كۆمۈلگەن توپىغا قاراپ: ‹ۋاي بىچارە، ئىگە - چاقاڭمۇ بولمىدى، يول ئۈستىدە قاپسەن! ...› دەپ ئىچ ئاغرىتىپ، دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ، بىرقانچە تال تاش - چالمىلارنى يىغىپ، تاپ كۆمۈلگەن توپىنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇپ قويۇپتۇ. كېيىن بۇ يولدىن ئۆتكەن ئىككىنچى يولۇچى چالما قويۇلغان تەرەپنى قىبلە بىلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىپتۇ ۋە ئېشەك ھەيدەيدىغان تايىقنى تاش - چالما قويۇلغان تەرەپكە سانجىپ ئۇچىغا بەلبېغىنى ئارتىپ تۇغ - شەددە قىلىپ قويۇپتۇ ... شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيان - بۇيان ئۆتكەنلەر بۇ تاپقا دۇئا - تەكبىر ئوقۇشتىن تاشقىرى، تۇغ - شەددىلەر قاداپ ماڭىدىغان، ھەتتا خېلى يىراق جايدىنلا ئات - ئېشەكلىرىدىن چۈشۈپ،

بويىنغا ئارقان ۋە بەلباغلىرىنى سېلىپ تووۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىپ ئۆ-
تىدىغان بولۇپتۇ ... بۇ «مازار» نىڭ داڭقى ئاستا ـ ئاستا شەھەر ـ
يېزىلارغىچە كېتىپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بىر سوپى «مازار» غا
شەيخ بولۇۋاپتۇ، ئۆتكۈنچىلەردىن خەير ـ ساخاۋەت تىلەپ، ھۇجرا
سېلىپ، گۈمبەز ياساپ، ئۇنىڭغا «مازاري بۇزرۇك» دەپ نام قويۇپ،
مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 72 ـ نەۋرىسى قىلىپ چۈشەندۈرۈپتۇ ...
ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتكەنلىكى نامەلۇم. بىر كۈنى يەنە ھېلىقى سو-
دىگەر تەخىينى ھەيدەپ بۇ يولدىن ئۆتۈپتۇ، ھەشەمەتلىك «مازار» غا
كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دۇئا ـ
تەكبىر ئوقۇشقا باشلاپتۇ. سودىگەرنىڭ تەخىيى ئانىسىنىڭ تاپىنىنى
پۇراپ تۇمشۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سىيىپتۇ ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن
ھاڭراپتۇ. ئېشەكنىڭ قاتتىق ھاڭرىشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان شەيخ
«مازاري بۇزرۇك» نىڭ يېنىدا سىيىپ ـ چىچىپ ھاڭراپ تۇرغان
ئېشەكنى كۆرۈپ ئۆلگۈدەك دۇمبالاپتۇ، لېكىن ئېشەك بۇ يەردىن
زادىلا ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ ... سودىگەر شەيخكە ئۆزرە ئېيتىپتۇ، لېكىن
شەيخ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ: «بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ مازىرىغا ئېشەك قويۇۋەت-
كەن سەنمىدىڭ؟ بۇ يەردە كىمنىڭ ياتقانلىقىنى بىلەمسەن، نائەھ-
لي!» دەپتۇ ـ دە، سودىگەرنى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قازى
شەيخنىڭ دەۋاسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سودىگەرنى ئەيىبلەپ: «گۇ-
ناھىڭ ئۈچۈن مازاري بۇزرۇككە خانىقا سېلىپ داشقازان ئورنىتىسەن
ھەم ئۆزۈڭ ئاشۇ داشقازانغا يەتتە يىل ئوت قالايسەن! شۇنداق قىل-
غاندا، گۇناھىڭ مەغپىرەت بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ. ئىلاج-
سىز قالغان سودىگەر «مازاري بۇزرۇك» كە قايتىپ كەلگەندە تەخىيى
يەنىلا «مازاري بۇزرۇك» كە بېشىنى قويۇپ ئېغىناپ ياتقان ئىكەن،
بۇنى كۆرگەن سودىگەر ئېغىر بىر تىنىپ تەخىينىڭ ئانىسىنى ئەس-
لەپتۇ، ئويلا ـ ئويلا، ئاخىر ئالدىدا تۇرغان بۇ «مازاري بۇزرۇك» نىڭ
ئۆز ئېشىكى ئىكەنلىكى ئېسىگە كېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ-

تۇ ...»

ـــ باتۇق، مانا قارا، بىزنىڭ خەلقىمىز نادانلىقتا قايسى دەرىجىگە يەتكەن ـ ھە؟! بىزنىڭ پەن ـ مائارىپىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتتىن باشقا، دىنىي مۇتەئەسسىپلەرمۇ توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ موللىلارنىڭ قارىشىچە، خەت يېزىشنى ئۆگەنگەندە، «نوسەندە موللا»* بولۇپ قالارمىش! ... بىزنىڭ ئەھۋالىمىز نېمىدېگەن بىچارە ـ ھە؟! نادانلىق بىزنى جاھالەتكە يۈزلەندۈرۈۋاتىدۇ. باتۇق ئىنىم، نادانلىقتا، جاھالەتتە قالغان مىللەت مەڭگۈ خارلىقتىن، مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلالمايدۇ! ئېسىڭدە بولسۇن، سەن تېخى ياش، قانچە كۆپ ئۆگەنسەڭ شۇنچە ياخشى! ...

چىن قەلبىدىن ئېيتىلغان سۆز ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى كۆتۈرىدۇ. باتۇق قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ ئاۋازىدىن ئەنە شۇنداق بىر مەنىنى سەزگەندەك بولدى. شۇڭا ئۇ كۆڭلىدىكىنى پوسۇققىدە ئېيتتى:

ـــ بۇرۇن يوقسۇزلۇقتىن ئۆگىنەلمىدىم، ئەمدى تۇرمىدە قانداق ئۆگىنىمەن؟

ـــ ئۆگىنىش نىيىتىڭ بولسا، مانا مەن، ـــ قۇتلۇق ئەپەندى ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، ـــ لېكىن، بىلىم ئېلىش ئاسان ئەمەس، ئۇ خۇددى سۇ ئاستىدىن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى سۈزگەنگە ئوخشايدۇ، مەرۋايىت سۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى لەيلەپ چىقمايدۇ، ئۇنى تېپىش ئۈچۈن سۇنىڭ ئاستىغا چۆكۈش كېرەك، چۈشەندىڭمۇ؟

ـــ چۈشەندىم! ـــ باتۇق دادىل جاۋاب بەردى.

ـــ ئەمىسە، ئەتە ئەتىگەندە بىرىنچى دەرسنى باشلايمىز، ـــ قۇتلۇق ئەپەندى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇلىدىكى تامغا بىرپەس قاراپ تۇردى، كېيىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ داۋام قىلدى، ـــ بىرىنچى دەرس ئەنە ئاۋۇ تامغا يېزىلغان بىر كۇپلېت شېئىر بولسۇن! ئۇ 1942 ـ يىلى

* نوسەندە موللا ـــ نىكاھدىن ئاجرىشىدىغانلارغا تالاق خېتى يېزىپ بېرىدىغان موللا.

6 ـ ئايدا يېزىلغان ئىكەن، كىمنىڭ يازغانلىقى نامەلۇم، لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ جاللات شىڭ شىسەي تۆتىنچى قېتىملىق تازىلاش ۋاقتىدا قولغا ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلغان بىر ئىنقىلابچى!

قۇتلۇق ئەپەندى ئاۋازىنى رىتىمغا كەلتۈرۈپ ئىنتونانسىيە بىلەن شېئىرنى يادقا ئوقۇدى:

كېسىلسە باش، تۆكۈلسە قان،
چۇشەر ھامان ماكانىمىزغا.
قىيىن ـ قىستاق، جازا ـ سوراق،
ئەسلا كىرمەس خىيالىمىزغا!

— ئەتە مانا شۇ شېئىرنى ئوقۇشنى، يېزىشنى ئۆگىنىشكە باشلايسەن، قانداق؟

باتۇق يېتىمچىلىك، يوقسۇزلۇقتا ئۆسكەن بولسىمۇ، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا يىگىت ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ خېلى ھاياجانلاندى، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ:

— ئۆگىنىمەن، چوقۇم ياخشى ئۆگىنىمەن! — دېدى ۋە يەنە بىر تۈرۈپ كۆڭلى يېرىم بولغاندەك مىسكىن ئاۋازدا سورىدى، — مۇبادا، سىز چىقىپ كېتىپ قالسىڭىز قانداق قىلىمەن؟ ئۇ چاغدا كىمدىن ئۆگىنىمەن؟

— بۇمۇ بار گەپ! — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى ۋە بىردىنلا جىددىيلەشتى، — مەن ئەمدى يېتىشۋەرمەيمەن، كۈرەش قىلىمەن، شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرغانلىقىم شۇنچە تولۇق گۇناھمىكەن؟! ئەگەر مەن چىقىپ كەتسەم ئۆزۈڭ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەر، مەن ساڭا يېزىش، ئوقۇشنىڭ ئەپچىل چارىسىنى تولۇق ئۆگىتىپ قويىمەن!

ئۇلار بىردەم جىم بولدى، ھەر ئىككىسى شېرىن خىياللار تەسىراتىدا ئىدى. ئاي نۇرىمۇ ئەمدى ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزىدىن يۆتكىلىپ،

كامىرنىڭ يۇقىرى تەرەپلىرىنى سۇس يورۇتتى. باتۇقنىڭ خىيالى يە-نىلا قۇتلۇق ئەپەندىدە ئىدى.

— سىز چىقىپ كەتسىڭىز نەگە بارماقچى؟ — سورىدى ئۇ كې-يىنكى ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، — ئاتا - ئانىڭىز، ئائىلىڭىز نەدە؟

قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ خىيالى بۆلۈندى. ئۇ نۆۋەتتىكى كۆرەشلەر ئۈستىدە ئويلاۋاتاتتى. باتۇقنىڭ سوئالى ئۇنىڭ پىكرىنى ئارقىغا ياندۇردى:

— چوڭ دادامنى «مومچى تاز»، ئۆز دادامنى جىلىڭ شۇرىن ئۆلتۈ-رۈۋەتكەن! — دېدى ئۇ ھەسرەتلىك تىنىپ.

باتۇق ھەيرانلىقتا سورىدى:

— مومچى تاز؟ ئۇ كىم؟!

— كىم بولاتتى، — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى قىسقىلا چۈشەندۈ-رۈپ، — يېشى ئاتمىشتىن ئاشقاندىمۇ يەنە شەھۋانىيلىقتىن قالماي، قۇۋۋەت دورىسى ياسىتىش ئۈچۈن خەلققە «ئەركەك قۇشقاچ مېڭىسى ئالۋىنى» سالغان، يەر يېغى لېيىنى «موم» دەپ زورلاپ سېتىپ، خەلقنى دەھشەتلىك «موم ئالۋىنى» بىلەن ۋەيران قىلغان زالىم ما تىن-تەي!* شۇ سەۋەبتىن خەلق ئۇنىڭغا «مومچى تاز» دەپ لەقەم قويغان ۋە مۇنداق قوشاقلارنى توقۇغان:

دويۇت يولى قومۇشلۇق،
ئورغاق سېلىپ ئورۇغان يوق.
14 يىللاپ شەھەر سورىغان،
ما تىتەيدەك زالىم يوق!

---

* ما تىتەي — 1920 - يىللارنىڭ باشلىرى قەشقەردە تىتەي بولۇپ تۇرغان. «تىتەي» ئۇنىڭ ھەربىي ئەملى. ئىسمى ما فۇشىڭ.

باتۇقنىڭ يۈرىكى ئېزىلدى، ئۇ ئەزەلدىن دۇنيادا ياخشى ئادەملەر كۆپ، يامان ئادەملەر پەقەت ھەمدەم بەگ بىلەن ھاپىز خوجا دەپلا قارايتتى. لېكىن، بۇ بىرنەچچە كۈنلۈك كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىغا قاراپ، يامان ئادەملەرنىڭمۇ ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ يېڭى - يېڭى ئىسىملارنى ئاڭلىدى، بۇ يىرگىنچلىك ئىسىملار تارىختىن بۇ-يان ئۆلىنىپ، ئۆزۈلمەي كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئاخىرى زادى نەگە بارىدۇ ؟! ... تۇۋا، شۇنچە كۆپ يامان ئادەملەرنى يەر - زېمىن قانداق كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقاندۇ ؟! ...

باتۇق يەنىمۇ چوڭقۇر ئويلاشقا تىرىشاتتى، لېكىن بىر يەرلەرگە كەلگەندە ئەقلى يەتمەيتتى، خۇددى خالتا كوچىغا كىرىپ قالغاندەك، قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا تېمىسقىلاپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا قۇتلۇق ئەپەندىدىن نېمىلەرنىدۇر سورىغۇسى كېلەتتىيۇ، ئەمما يەنە ئۇنىڭ چوڭقۇر خىيالدا ئىكەنلىكىنى سېزىپ سوراشتىن يالتىياتتى.

باش توخۇ چىللىدى، تاڭ قاراڭغۇسى كامىرغا يېپىلدى، ئۇلار خىيال بىلەن ئېزىلىپ، شۇ ئولتۇرغان پېتى بىر - بىرىگە يۆلەنگىنىچە سەھەرنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىغا كەتتى.

5

ئۇلار بېرىلىپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا ئىشىك شاراقلاپ ئېچىلدى. بوسۇغىدا يېڭى كەلگەن ياش گۇندىپاي تۇراتتى. قۇتلۇق ئەپەندى ئۇنىڭغا خەنزۇچە سۆزلىۋىدى، ئۇ چالا - بۇلا ئۇيغۇرچە جاۋاب بەر-دى :

— ھەئە، يېڭى كەلدىم، ئىسمىم ۋاڭ دەيدەي ...

گۇندىپاينىڭ ياش قۇرامى باتۇق بىلەن دېمەتلىكتەك كۆرۈنەتتى. «قاپاقتا نېمە بولسا تېشىغا سۇ تېپەر » دېگەندەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئاقلىق، سەبىيلىك ئوچۇق چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— بۇنى سىزگە كىرگۈزۈپتۇ، — دېدى ئۇ قولىدىكى بوغچىنى قۇتلۇق ئەپەندىگە ئۇزىتىپ، — كىيىم ئىكەن.

ۋاڭ دەيدەينىڭ سىلىق مۇئامىلىسى ئۇلارغا تەسىر قىلدى. ئۇلار بۇ يەردىكى گۇندىپايلاردىن — مەيلى تۈرمە باشلىقى ليۇ خەندۇڭ بولسۇن ياكى قاراۋۇللار باشلىقى سايىم كېپەكباش بولسۇن، ئەزەلدىن بىرەر ئېغىز سىلىق، يۇمشاق گەپ ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ۋاڭ دەيدەي بوغچىنى بېرىپلا چىقىپ كەتتى.

— بۇ يىگىتنى ساقچىلىققا مەجبۇرىي تۇتقاندەك قىلىدۇ، — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، — بۇنىڭمۇ قەلبىدە بىر جاراھەت بار، توختا، ئۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا تونۇشۇۋالايلى.

قۇتلۇق ئەپەندى بوغچىنى ئاچتى، بىر پار يېڭى كىيىم بىلەن يوغان بىر توقاچ سوپۇن چىقتى.

— ئاغىنىلەر كىرگۈزۈپتۇ، — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى كۆل رەڭ تىرىكىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، — دۇنيادا يولداشتىنمۇ مېھرىبان، سەپداشتىنمۇ كۆيۈملۈك تۇغقان بولامدۇ؟

ئۇنىڭ كۆزى ئايلىنىپ سوپۇنغا تىكىلدى، كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيغاندەك سوپۇننىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە قارىدى، سەپداشلىرى ئۆتكەندە بىر قېتىم يېمەك - ئىچمەك كىرگۈزگەندە يوغان شىرمەننانىنىڭ ئارىسىغا خەت تىقىپ قويغانىدى. مانا بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى، سوپۇننىڭ ئىچىدىن نېپىز شالۋۇرغا ئورالغان كىچىككىنە خەت چىقتى. قۇتلۇق ئەپەندى خۇشاللىق، ئالدىراشلىق ئىچىدە خەتنى ئېچىپ كۆز يۈگۈرتتى: «بۇرادىرىمىز قۇتلۇق! — دەپ باشلانغان خەت ناھايىتى ئۇششاق ھەم قىستاپ يېزىلغانىدى، — ھايات ئىسكەنىلىكىڭنى بىلىپ تۇردۇق، يېقىندىن بۇيان ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. بىرنەچچە مەكتەپنى ھەربىي گازارما قىلىۋالدى، ئوقۇغۇچىلار پىدىتراپ، ئوقۇتقۇچىلار ئىشسىز قالدى. كۈن ئېلىش تەس بولۇۋاتىدۇ. ھە، قارا، بۇرادەر، بىز سېنىڭ ناھەق يېتىۋاتقانلىقىڭ توغرىسىدا مۇ-

ناسۇەتلىك ئورۇنلارغا ئەرز قىلىۋاتىمىز، سەنمۇ جىم ياتما! تېز ئارىدا كۆرۈشۈشىمىز ئۈچۈن ھۇررا! سېنى سېغىنىپ:
رىشىت ھەمزى، بەختى سېرىق، تۇدى راجى، ھەيدەر خوجا، شايى ئەخمەت ...

1945 ـ يىل 17 ـ ئاۋغۇست.»

قۇتلۇق ئەپەندى خەتنى قايتا ئوقۇدى، خەتتىكى جىددىيلىك ئۇ-نىڭ كۆزىگە، يۈزىگە كۆچكەندى. باتۇقنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈش-تى.

ــــ خەتتە نېمە دەپتۇ؟ ــــ سورىدى ئۇ ئاخىر ئۆزىنى تۇتال-ماي، ــــ بىرەر كۆڭۈلسىز خەۋەر بارمۇ نېمە؟

قۇتلۇق ئەپەندى خەتنى ئاغزىغا سېلىپ ئۇزاق چاينىدى، كېيىن تۈكۈرۈك ئارىلاش پۈركۈپ تاشلاپ، ئاندىن باتۇققا قاراپ دېدى:

ــــ مەيلى ياڭ زېڭشىن بولسۇن، مەيلى شېڭ شىسەي بولسۇن، مەيلى گومىنداڭ بولسۇن، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئەزەلدىن ئېنىق: بىزنى ئەبەدىلئەبەد نادان قالدۇرۇش! قارىمامسەن، كەلگۈلۈك يەنە بىزنىڭ ماگارپىمىزغا كەپتۇ، مەكتەپلەر تاقىلىپ، ئوقۇغۇچىلار تارقاپتۇ! ــــ ئۇ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن باتۇققا يېقىنراق سىلجىپ قولىنى تۇت-تى، ــــ ئۇكام باتۇق، ئەمدى مەن تېزرەك چىقىپ كېتىشىم كېرەك، سەپداشلىرىم مېنى كۈتۈۋاتىدۇ، مەن ئەتىلا ئاچلىق ئېلان قىلىمەن!

ــــ ئاچلىق؟! ــــ باتۇق بۇنداق گەپنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاچقا، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ ئاغزىغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

ــــ ھەئە، ئاچلىق! ــــ دېدى قۇتلۇق ئەپەندى كەسكىن ھالدا، ــــ تىلىكىم ئورۇنلانمىغۇچە ئاغزىمغا بىر يۇتۇم تائام سالمايمەن!

باتۇق يەنە ھەيران بولدى:

ــــ قاچانغىچە؟

ــــ تەلەپ ئورۇنلانغۇچە دېدىمغۇ!

— مۇبادا، ئورۇنلانمىسىچۇ؟

— ئۇ چاغدا ... — قۇتلۇق ئەپەندى تۇختاپ قالدى، گەپنىڭ ئاخىرى باتۇققا ئېغىر تۇيۇلۇشى مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ئۇ باشقا تەرەپتىن چۈشەندۈردى، — ئورۇنلىنىدۇ، چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ مېنى بۇنداق چەكسىز ياتقۇزۇۋېرىشكە نېمە ئاساسى بار؟! باتۇق ئىنىم، مەندىن ئەنسىرىمە، ئاچلىق ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمىسەم بىھۇدە قاماپ قويۇۋېرىدۇ! مەن ئەركىن ياشىشىم كېرەك، قۇشلار جېنىدا ئەركىنلىككە ئىنتىلىدىيۇ، ئىنسانلار ئەركىنلىككە مۇھتاج ئەمەسمۇ؟! مەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم، بۇ ھەرىكىتىم غەلىبىگە ئېرىشمىگۈچە ئاغزىمغا گىياھ سالمايمەن! لېكىن مەندىن ئەنسىرىمە، جان ئاسان يەردە ئەمەس، ھاياتلىقنىڭ بەرداشلىق كۈچى چەكسىز، ئىنىم. قارا، ئاۋۇ تورۇستىكى ئۆمۈچۈكمۇ ھېچ نەرسە يېمەي ئۈچ - تۆت يىل تىرىك تۇرالايدۇ، لەڭمەنتاقتاق چېغىدا بىر - ئىككى يىلغىچە سۇ ئىچمەي ياشىيالايدۇ، مەن ئادەمغۇ!؟ ...

باتۇق قاراپلا قالدى، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ ئاغزىدىكى گەپنىڭ سالمىقى، كۆزىدىن چاقناپ تۇرغان نۇرنىڭ قۇدرىتى ئۇنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى.

قۇتلۇق ئەپەندى دېگىنىنى قىلدى. ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا بىر پارچە قەغەزگە ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە: «مېنى نېمە ئۈچۈن ياتقۇزۇۋېرىسىلەر؟! مەن زادى نېمە گۇناھ قىلدىم؟ ئۈزۈل - كېسىل بىر تەرەپ بولمىغۇچە ئاچلىق ئېلان قىلىمەن!» دەپ يېزىپ گۈندىپايغا تۇتقۇزدى. بۇ ھەرىكەت پۈتۈن تۈرمىدە تەسىر قوزغىدى، ھەممە كامېرلاردا مۇشۇ ھەقتە غۇلغۇلا، مۇشۇ ھەقتە گەپ ئىدى.

بىرىنچى كۈن ئۆتۈپ كەتتى، تاماق يېمەي تازا قىينالدى، ئىككىنچى كۈنىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. قورسىقىدا ھېچنېمە قالمىدى، چىرايى سارغايدى. بۇ كۈنى تۈرمە باشلىقى لىيۇ خەندۇڭ كامېرغا ئىرغاڭلاپ كىرىپ پوپوزا قىلدى:

— ئۇنچە كۆرەڭلىمە! بىز سىنى ئۆلمەن دەپ ئۆلەلمەيدىغان، ياشايمەن دەپ ياشىيالمايدىغان قىلىپ قويالايمىز، ياخشىلىقچە تامىقىڭنى يە!

قۇتلۇق ئەپەندى پەسەنت قىلمىدى، ۋاڭ دەيدەي ئەكىرىپ قويغان تاماقلار توپا باسقان تەكچىدە دەستىلىنىپ تۇراتتى ...

ئۈچىنچى كۈنىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئاشقازان، ئۈچەيلىرى ئاچلىققا كۆندى، ئانچە قىينالمايدىغان بولۇپ قالدى، پەقەت بېشى قېيىپ، كۆزى ئىمىر - چىمىر بولاتتى، پۇت - قولىدا ماغدۇر قالمىدى. تۆتىنچى كۈنىگە كەلگەندە ھالسىزلىنىپ، مىدىرلىيالماي يېتىپ قالدى. بۇ كۈنى باتۇقمۇ، ليۇ خەندۇڭمۇ تەڭلا ئالدىراپ قالدى، باتۇق ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ چېكىسىنى يەڭگىل ئۇۋۇلىدى، يۈز - كۆزلىرىنى يەلپۈدى. ليۇ خەندۇڭ بولسا ئاللىكىملەرگە تېلېفون بېرىپ جىددىي سۆزلىشەتتى. باشقا كامېردىكىلەرنىڭمۇ قۇلىقى دىڭ ئىدى، ئەگەر بىرەر ۋەقە چىقىپ قالسا ئىسيان كۆتۈرىدىغاندەكلا ئەلپازدا ئىدى. كەچقۇرۇن 7 - كامېرنىڭ دېرىزىسىدە ۋاڭ دەيدەي پەيدا بولدى. ئۇ باتۇققا قاراپ بىلىنەر - بىلىنمەس ھىجايدى ۋە ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ:

— باشلىقلارنىڭ ھەممىسى چىقتى، مۇزاكىرە قىلىۋاتىدۇ، — دەپلا كېتىپ قالدى.

بۇ كېچە يەنە جىمجىت ئۆتۈپ كەتتى. باتۇق تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يۈز - كۆزىنى سىلايتتى، تومۇرىنى تۇتۇپ يۈرىكىنى تىڭشايتتى. قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ نەپەس ئېلىشى بەكمۇ زەئىپ، يۈرەك ھەرىكىتى ناھايىتى ئاجىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قۇرۇپ قاتمۇقات گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئاران مىدىرلىتىپ باتۇققا پىچىرلايتتى: «قورقما، ئاسان ئۆلمەيمەن! ... »

باتۇققا غۇۋژىدە يىغا ئولاشتى، بۇ يىغا ئىچ ئاغرىقىنىمۇ ياكى تەسىراتىنىمۇ، باتۇق ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

تالڭ ئاتتى، قۇياش چىقتى، بۇ ھەيۋەتلىك ئوتلۇق شار تۇرمىنىڭ ئېگىز تېمى ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، قاراڭغۇ، زەي كامېرلارنىڭ ھەممىسىنى تەكشى يورۇتتى. ئۇنىڭ بىر كىچىدىن كېيىنكى تۇنجى ئىللىق ۋە پاك نۇرى 7 ـ كامېرنىڭ پەنجىرىسىدىن ۋىلىلداپ شوڭ-غۇپ، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ تاتىراڭغۇ يۈزىنى، چوڭقۇر چاناقلارغا پې-تىپ خىرەلىشىپ قالغان ئويچان كۆزىنى سۆيۈپ ئەركىلىتىپ غىدىق-لىماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا لىۋۇ خەندۇڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ كىرىپ كەلدى ـ دە، قەغەزنى دۇدۇقلاپ ئوقۇدى، بۇ قۇتلۇق ئەپەندىنى تۈر-مىدىن چىقىرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش ئىدى.
باتۇق ئالەمچە خۇشاللىقتا چۆمدى، خۇشاللىقتىن قۇتلۇق ئەپەندى-نىڭ ماڭلىيىغا، كۆزىگە چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى، قۇتلۇق ئەپەن-دىمۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈردى، ساغرىسىنى سۆرەپ بېرىپ تامغا يۆ-لەندى. غەلىبە شادلىقى ئۇنىڭغا ھېسابسىز مەنىۋى كۈچ بەرگەنىدى. ئۇ خۇددى كىچىك بالىدەك يايراپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغان باتۇققا قاراپ ھالسىز ئاۋازدا مۇنداق دېدى:
— مانا قارا، باتۇق، بىز غەلىبە قىلدۇق، داڭقى دۇنياغا مەشھۇر گەندىمۇ ئالتە كۈنلۈك ئاچلىق ئېلان قىلىش جەريانىدا قوي سۈتى ئىچىپتىكەن. مەن بولسام ھېچنېمە يېمەي بەش كۈنگە باردىم، قارى-غاندا مەن گەندىدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنمەن!...
باتۇق ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن تەسىرلەندى، لېكىن نېمىنىدۇ ئاڭ-قىرالمىغاندەك:
— گەندى؟ ئۇ قانداق نەرسە؟ — دېگىنىچە كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ قالدى. قۇتلۇق ئەپەندى مىيىقىدا كۈلدى ۋە ئالدىراپ ئىزاھات بەردى:
— گەندى دېگەن ئادەم، تولۇق ئىسمى مۇھانداس كارامچان گەن-دى. ئۇ قوشنىمىز ھىندىستان خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، ھىندى خەلقى ئۇنى «ئەۋلىيا ئاتا» دەپ ھۆرمەتلەيدۇ،

ئۇمۇ تالاي قېتىم تۇرمىلەردە يېتىپ نۇرغۇن جاپا ــ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ...

باتۇق لەۋلىرىنى يىمىرىپ، بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى.

ئەتىسى ئۇلار خوشلاشتى. باتۇقنىڭ كۆزىدىن ياش تامچىلىدى، ئۇ گويا بىرى يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك ئازابلىنىۋاتاتتى.

ــ خوش، باتۇق! ئۇنتۇپ قالما، ئۇكام. بىز تېخى تالاي ئۇچرىشىمىز! ئوقۇشنى، يېزىشنى توختاتما، مەن بەرگەن كىتابنى ئوبدان ئوقۇ! خەيرخوش ...

باتۇق ئىچ ــ ئىچىدىن قاپساپ كەلگەن بىر خىل ئازابتىن بوغۇلدى، ھېچنېمە دېيەلمىدى، بېشىنىلا لىڭشىتىپ قالدى ...

قۇتلۇق ئەپەندى تۈرمىدىن چىقتى، ساپ ھاۋا، كۆپكۆك ئاسمان ئۇنىڭ قەلبىگە تەسۋىرلەپ ئېيتقۇسىز بىر خۇشاللىق بەرمەكتە ئىدى، ئۇ ئۆزىنى قۇش بولۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدىغاندەك ھېس قىلدى، توپا باسقان دەل ــ دەرەخلەرنى قۇچاقلىغۇسى ۋە ئۇنىڭ ھەربىر يوپۇرمىقىنى سۆيگۈسى كېلەتتى. ئۇ ئاسمانغا قارىدى، بىر توپ كەپتەر جەۋلان قىلىپ، لەك ئۆرۈپ ئۇنىڭ باش ئۈستىگە كەلدى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا غوڭ قاپاق بىلەن ئويۇنچى كەپتەرلەرنىڭ قانىتىدىن چىققان شىددەتلىك، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېقىملىق ئاۋازلار ئۆرۈلدى ...

قۇتلۇق ئەپەندى كۆزلىرىنى بوش قىسىپ ئويلىدى: «يورۇق دۇنيادا ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكتىن ئارتۇق ئارمان قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق لەززەتلىك تۇيۇلىدىغان نەرسە بارمىكىن؟!...»



## ئۈچىنچى باب

# تۇنجى سان «تاڭ نۇرى»

كونا يىراق بولسىمۇ، ئاپتىپى يېقىن.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

ئۇلار ھويلىدىلا ئۇزاق قۇچاقلاشتى.

— توختىغىنا، سېنى ئوبدانراق بىر كۆرۈۋالاي. كۆزۈمگە شۇ قەدرىدەك كۆرۈنۈۋاتىسەن! — دېدى رىشىت ھەمزى قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىچە ئۇزاق تىكىلىپ.

قۇتلۇق ئەپەندى بۇ كۈن ئاستى ـ ئۇستىگە پەرلەشتۇرۇپ يېڭى كىيىم كىيىۋالغانىدى. «ئادەم خىسلىتىنىڭ بىرى ئۆزىدە بولسا، توققۇزى توندا» دېگەندەك، ئازادە ئۇستۋاش، چىرايلىق سەرپايلار ئۇنىڭ سالاپىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى.

— كۆردۈڭمۇ، قانداق تۇرۇپتىمەن؟! — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى ئىللىق كۈلۈمسىرەپ.

— كۆردۈم، كۆرمەمدىغان، ئورۇقلاپ بەئەينى دۇتارنىڭ دەستىسىدەك بولۇپ قاپسەن، — دېدى رىشىت ھەمزى ئېچىنغان قىياپەتتە، — ئەمدى سېنى راسا باقمىساق بولمايدۇ، بىر كۈندە ئۈچ ۋاخ ئەمەس، بەش ۋاخ تاماق يەيسەن.

— مېنى بۇرۇنراق ئۆلسۇن دەمسەن؟ — چېقىشتى قۇتلۇق ئەپەن-دى، — كۆپ يېگەن بۇرۇن ئۆلىدۇ جۇمۇ! نېمىشقا دەمسەن؟ ھەممە ئادەمنىڭ ھاياتتىكى رىزقى بەلگىلىك بولىدۇ، مەن كۆپ يەۋەرسەم رىزقىمنى باشقىلاردىن بالدۇر يەپ بولىمامدىمەن! سەن قايسىبىر شا-ئىرنىڭ: «كەم تائاملىق ھەممە دەردكە داۋادۇر، ئەسلىدە دەردكە پەر-ھىز شىپادۇر» دېگەن شېئىرىنى كۆرمىگەنمىدىڭ؟

ھەر ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشتى ۋە رىشىت ھەمزىنىڭ ئۆگزىدىكى مەنزەر ئۆيىگە چىققاچ يەنە پاراڭلاشتى:

— خوش، جەھەننەمدىن قاچان چىقىۋالدىڭ؟

— ئۈچ كۈن بولدى ...

— ئۈچ كۈن؟!

— ھەئە، چىقىپلا ئۆيدە ياتتىم، مانا بۈگۈن بىرىنچى بولۇپ سىېنى يوقلاپ كېلىشىم.

— رەھمەت، ئازراقلا تىنىپ قويغان بولساڭ ئالدىڭغا ئۆزۈم باراتتىم ...

ھاكىلىرى ئۆڭۈپ، قارا سۇۋاقلىرى كۆرۈنۈپ قالغان كىچىككىنە مەنزەر ئۆي ئاددىيلا سەرەمجانلاشقانىدى. دېرىزە ئالدىغا قويۇلغان يۇ-مىلاق شىرە ئۈستىدە بىرنەچچە كىتاب بىلەن دۇۋەت - قەلەم ۋە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان قولىيازمىلار تۇراتتى.

قۇتلۇق ئەپەندى قولىيازمىلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ سورىدى:

— رىشىت، يەنە يېزىۋاتامسەن؟ ئىلھامىڭ قانداقراق؟

— ئانچە - مۇنچە مىدىرلاپ تۇردۇم، دوستۇم. بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر خۇمارلىق كېسەل دېگىنە، — ئۇ قولىيازمىلار ئىچىدىن بىر ۋاراقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ قۇتلۇق ئەپەندىگە ئۇزاتتى، — ماۋۇ بىر كۇپلېت شېئىرنى كۆرۈپ باققىنا، بۈگۈن ئەتىگەن يېزىپ قويغانىدىم.

قۇتلۇق ئەپەندى قەغەزنى قولىغا ئېلىپ دەسلەپ مۇنداقلا بىر كۆز يۈگۈرتتى، كېيىن قىزىققانىدەك ئۈنلۈك ئوقۇدى:

ياشلىقنىڭ باھارىدىن ئۆتۈپ يازغا،
يىگىتلىكنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ قالدىم.
چۈش بولۇپ قالدى ئارتتا بەڭۋاشلىقىم،
شۇ يىللار قوينىدىن كۆپ يېڭىش ئالدىم!

— جايىدا، جايىدا! — دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، — پىكىردە خېلى چوڭقۇرلاپسەن، دېمىسىمۇ، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىمىزنى يەكۈنلەيدىغان ۋاقىت كېلىپ قالدى! ... — قۇتلۇق ئەپەندى رىشىت ھەمزىنىڭ جىلمىيىپ تۇرغان چىرايىغا ھەۋەسلىنىپ قارىدى.

رىشىت ھەمزى چىراي ـ شەكلى، تەقى ـ تۇرقى خېلى يامان ئەمەس يىگىتلەردىن ئىدى، بىراق ئۇنىڭ شالاڭ ۋە كالتە قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوقا چىلاندەك بېغىر رەڭ توپۇقىنىڭ بىر ئۇچى قاڭشىرىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، چىرايىنى بىرئاز خۇنۈكلەشتۈرۈپ قويغانىدى. شۇ سەۋەبتىن بەزىلەر ئۇنى «رىشىت توپۇق» دەپمۇ ئاتايتتى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا شېئىرغا ھەۋەس قىلاتتى، كېيىن دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش جەريانىدا شائىرلار بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلاردىن شېئىرنىڭ «سىر» لىرىنى ئۆگەندى، ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن قۇتلۇق ئەپەندى ئىشلەيدىغان مەكتەپتە ئەدەبىيات مۇئەللىمى بولۇپ قالدى. بىرنەچچە يىللىق ئورتاق تۇرمۇش ئۇلارنى پىكىر ۋە ئېتىقاد جەھەتتە ھەقىقىي سىرداش دوستلاردىن قىلىپ قويغانىدى.

— ياز، دوستۇم، ئەمدى يازىدىغان ۋاقىت كەلدى! — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى قولىدىكى قەغەزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلىتىپ، — خەلقنىڭ مۇڭ ـ زارىنى، ئارزۇ ـ ئىستىكىنى، كۈرەش ئىدراكىنى ياز! ئۇلار سېنىڭ شېئىرلىرىڭدىن ئىلھام ئالسۇن، شېئىرلىرىڭ ئۇلارغا ھەقىقەتنى سۆزلىسۇن!

ئۇلار شېئىر ئۈستىدە، ھەقىقەت ئۈستىدە ۋە كۆز ئالدىدىكى ئىشلار ئۈستىدە ئۇزاق سۆزلەشتى. ئاڭغىچە رىشىت ھەمزىنىڭ ئايالى تاماق تەييارلىدى، ئۇلار راھەتلىنىپ چۈشلۈك تاماققا ئولتۇردى.

ـــ ئەمدى بازارغا چىقايلى، ـــ دېدى قۇتلۇق ئەپەندى تاماقتىن كېيىن، ـــ كوچا ـ رەستىلەرنى ئايلىنىپ باقايلى، بەكمۇ سېغىنى-دىم ...

ئۇلار ئۆيدىن چىقتى، تار ۋە ئۇزۇنچاق كوچا بەئەينى سۇغۇرنىڭ ئۇۋىسىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىر ـ بىرىگە چاپلاپ، خۇددى قىستاپ ئۆتكۈزۈلگەن تىزنىقتەك چىرمىشىپ كەتكەن ئۆيلەر بولسا شۇنداق زىچ ۋە كۆجۈم ئىدىكى، قارىغان ئادەمنىڭ دېمى سىقىلاتتى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئىزلىرىنى تولۇق ۋە روشەن ساقلاپ قالغان بۇ كوچا، ئۆي-لەر سىرتتىن قارىغان كىشىگە گويا ئاللا مۇشۇ بەندىلىرى ئۈچۈن ئەرشتىن ئالاھىدە چۈشۈرۈپ بەرگەن مۇقەددەس مۆجىزىدەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلار ئاياغ ئىزلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بولۇپ كەتكەن يوللارنى بېسىپ بىرنەچچە قىستاڭ ئەگمىلەردىن، ئۇستى يې-پىق تار كوچىلاردىن ئۆتۈپ ھېيتگاھقا كەلدى. بىر چاغلاردا يولنىڭ ئىككى چېتىدە خۇددى رەسىدە بولغان قىزنىڭ تال ـ تال كىرپىكى-دەك بىر تەكشى سەپ تارتقان قىرچىن تاللار ئەمدى كېسىلىپ، چەي-لىنىپ قاغجىراپ كەتكەچكە ھېيتگاھ مۇڭلىنىپ ـ غېرىبسىنىپ قالغا-نىدى. ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بىر توپ ئەسكەرلەر يۇڭ تايلىرىدا توساق ياساۋاتاتتى. شەھەردىكى تىجارەتچى، ھۆپىگەرلەر بۇ ئاشكارا ۋەھىمىدىن قورقۇپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالغان، بىر چاغلاردىكى قايناق، يېقىملىق، مۆھتەرەم ھېيتگاھ ئەمدىلىكتە دىۋانە ـ قەلەندەر-نىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. جامەنىڭ پەلەمپەي، پەشتاقلىرى، ھەتتا كۆك گۈمبەزنىڭ ئاستىدىكى كەڭ بوشلۇققىچە يېتىم ـ يېسىر، ئاچ ـ زېرىنلار بىلەن تولغانىدى. يۈز ـ كۆزلىرى قاسماق، كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل بۇ يوقسۇللار ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە ئىنچى-كە، ئورۇق قوللىرىنى سوزۇپ، خېلى يەرلەرگىچە سەدىقە تىلەپ باراتتى. قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن رىشىت ھەمزىمۇ جامەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەنە شۇنداق بىر توپ خەيرىچىلەرنىڭ ئارىسىدا قالدى :

— غوجام، سەدىقە بەرسىلە، بىزگە بەرگەن سەدىقىلىرى زايە كەتمىگەي!

— غوجام، توۋا گۇناھىنى، سەدىقە بالانى يەر، ئازراق ئىلتىپات قىلىپ قويسىلا، ئاخىرەتلىكلىرى غەنىي بولغاي!

قۇتلۇق ئەپەندى تۆش يانچۇقىدىن بىرئاز پۇل ئېلىپ ئۆلەشتۇرۇپ بېرىشكە تەمشىلىۋىدى، شۇ ھامان يەتتە ـ سەككىزچە بالا تىلەمچى ئۇنىڭ چاترىقىدىن، قولتۇقىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ ئۇلاش ـ چولاش قولىغا ئېسىلدى:

— ئاكا، ماڭا ... ماڭا ...

— مەن قالدىم، ئاكا، مەن ...

— ماڭا بېرىڭ، ئاكا، ماڭا ...

قۇتلۇق ئەپەندى ئۇلارنى سەۋر قىلىشقا ئۈندىدى ۋە قولىدىكى پۇلنى يېتىشىچە ئۆلەشتۇرۇپ بەردى. رىشىت ھەمزىمۇ بىرنەچچە ئاجىز مېيىپلارغا سەدىقە بەردى.

— رىشىت، جاھان نېمە بولۇپ كەتكەن ـ ھە؟! — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى نەملىشىپ قالغانىدى، — ئۇلار خەلققە ۋەھىمە سېلىپ شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بارگاھ تۈزۈپ نېمە قىلماقچى؟!

— بۇنىڭ ھەممىسى «قورقىقان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر» دېگەندەكلا بىر ئىش، دوستۇم! — رىشىت ھەمزى قاشلىرىنى يىمىرىپ قويدى، — دېدىمغۇ، تاشقورغان بۇلارنىڭ قولىدىن كەتتى، يېڭىسار، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن تەرەپلەردىنمۇ مىلتىق دورىسىنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدۇ، ئەنە شۇ ھىدنى سەزدى بولغاي، يۇر، بۇ يەردىن كېتەيلى.

ئۇلار جامەنىڭ ئالدىدىن تېزلا ئايرىلىپ سەرراپ بازىرى تەرەپكە ئۆتتى، ئۇ يەردىكى بىر چايخانىدا ئادەتتىكىچە تىرىكچىلىك كېتىۋاتاتتى. ئۇلار چايخانا ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ ئۈستىگە مىندۈرۈپ قويۇلغان

كارىۋاتقا كىلىپ ئولتۇردى، كونا پالاس سېلىنغان كارىۋات غىر-سىلداپ تۇراتتى. رىشىت ھەمزى ياندىكى تەنزىكەشتىن سىڭا مۇشتەك ناۋات ئېلىپ، چاي دەملەشكە بۇيرۇدى. ئۇلار ئەتراپىغا سىرلىق قاراپ قويۇپ يەنە پاراڭغا چۈشتى، ھە دېگەندىلا گەپلىرى تازا يۇرۇ-شۇپ كېتەلمىدى. چايخانا ئىچىدىن بىرەيلەننىڭ دۇتار بىلەن ئېيتقان مۇڭلۇق، ئىزگۇ ناخشىسى ئۇلارنىڭ مەيلىنى تارتىۋالدى. ئۇلار ئىختى-يارسىز سۆزدىن توختاپ، باشلىرىنى چايخانا ئىچىگە بۇرىدى، دۇتار-نىڭ لەرزان ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىنغان ناخشا ئەمدى ئۇلارغا تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى:

كۆڭۈل خۇشال بولمىغىن،
دۇنيا ۋاپا ئەتمىدى.
بىرنى خىسراۋ شاھ قىلىپ،
بىرنى گاداي ئەيلىدى.
ئۆتتى قانچە دەۋرانلار،
تۈگەپ كەتتى سۇلتانلار،
ۋەيران بولدى بوستانلار،
ئاخىرى خاراب ئەيلىدى...

قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ قولىدىكى تاتلىق چاي ئىچىلمەي سوۋۇشقا باشلىدى. ئاددىي خەلقنىڭ قەلبىدىكى دەرد ـ ئەسرانى، كۆڭلىدىكى ئارزۇ ـ ئىستىكىنى ناخشا ـ ساز بىلەن ئىزھار قىلىپ خۇماردىن چى-قىۋاتقانلىقى، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۆزىنى بەزلەۋاتقانلىقى ئۇنى چوڭ-قۇر ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى.

«توغرا، خەلق كۈچى قۇدرەتلىك، ئۇ بىر تاشقىن! — ئۆز ـ ئۆ-زىگە سۆزلىدى ئۇ، — لېكىن ھازىر بۇلارنىڭ كۈچى دەرد ـ ئەلەم، ئاھۇپىغان بىلەن كۆمۈلۈپ قېلىۋاتىدۇ! ئۇلارنى ئويغىتىش، ئۆزلىرى-

نىڭ ئىنسانلىق قەدرىنى تونۇتۇش كېرەك! شۇ چاغدىلا، چۈشكۈنلۈك كۈچكە ، خارلىق غەزەپكە ئايلىنىدۇ! لېكىن بۇ غاپىللارنى قانداق ئويغىتىمىز، تاشقىنغا يولنى قانداق ئېچىپ بېرىمىز؟ ...»

ئۇنىڭ خىيالى رىشىت ھەمزىنىڭ سوئالى بىلەن بۆلۈندى.

— قارا، قۇتلۇق، كىم كېلىۋاتىدۇ؟

قۇتلۇق ئەپەندى بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراققا قارىدى، بەختى سېرىق يۇقىرى تەرەپتىن قوللىرىنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ سىلىپ لىكىلداپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى يېڭى پاسوندا — ئۇچىسىدا تىرىكە شىم - كەمزۇل، پۇتىدا بېغىر رەڭ رۇسچە بەتىنكە بار ئىدى. ئۇ نەچچە قەدەم نېرىدىنلا قولىنى سوزۇپ ۋارقىراپ كەلدى:

— مۇبارەك بولسۇن، قۇتلۇق ئەپەندى، تەھتىسارادىن ساق - سالامەت چىقىپسەن.

ئۇلارمۇ ئۇزاق قۇچاقلاشتى، ماڭلىيىنى ماڭلىيىغا تىرەپ بىرپەس ئۈن - تىنسىز تۇرۇشتى.

— مەن سېنىڭ تۈرمىدىن چىققانلىقىڭنى بايا رىشىتنىڭ مەھبۇبىدىن ئاڭلىدىم. قانداق، تېنىڭ تازىمۇ؟

— مانا مۇشۇنچىلىك ... — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى كونا سەپىدىشىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ.

— ياخشى ... چېنىقىپ تارمۇشتەك بولۇپ قاپسەن! — بەختى سېرىق ئۇنىڭ غوللىرىنى قاماللىدى.

ئۈچ دوست بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ بىرپەس چايخورلۇق قىلدى، كېيىن بەختى سېرىق قۇتلۇق ئەپەندىگە قاراپ خورسىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— قانداق، كۆردۈڭمۇ؟ جاھان مۇشۇنداق بولۇپ كەتتى، ئاداش، زوراۋانلارنىڭ دەستىدىن دوستلار كۆرۈشكەندە سۆزلەشمەيدىغان، بازارلار جىمجىت، ئات - ئۇلاغلار شالاڭ، باللار يىغلاشقا پېتىنالمايدىغان، بېشەم خوتۇنلارمۇ ئۇنلۈك جېدەل قىلىشتىن ھېيىقىدىغان،

ئىتلار قاۋىماس، توخۇلار چىللىماس بولۇپ قالدى! — ئۇ بىرئاز تۇ-
رۇۋىلىپ زەردە بىلەن داۋام قىلدى، — تۈنۈگۈن 20 - پولكنىڭ
ئەسكەرلىرى 3 - مەكتەپنى بوشىتىپ ھەربىي دوختۇرخانا قىپتۇ،
بۈگۈن قوناق بازىرى مەكتەپكىمۇ ئەسكەرلەر تۇشۇپتۇ. ئۈچ كۈندىن
بېرى تۇتۇپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئاز ئەمەس، ھازىر قورسىقىدا
ئازراق ئۈمىچى بار ئادەمنىڭ كۈنى تەس بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كې-
تىۋەرسە دادىسىنىڭ ئېتى بىلەن ئانىسىنىڭ ئىسمىنى يازالايدىغانلارنىڭ
ھەممىسى تۈگىشىدىغان ئوخشايدۇ! ...

بەختى سېرىقنىڭ زەردىلىك ئاۋازىدا، كۆكۈچ كۆزلىرىدە قانداقتۇر
بىر خىل قېيىداش، ئاغرىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىككە ئوخشاش ئالامەتلەر
ئوچۇق سېزىلىپ تۇراتتى.

— ئۇنداق ئاسان تۈگەشمەس! — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى قولى-
دىكى پىيالىنى يېنىك چېكىپ تۇرۇپ، — ئۇلار تۈگەشسە سەن بىلەن
بىز تېخى بارغۇ؟

— ئەگەر سەن بىلەن بىزمۇ تۈگەشسەكچۇ؟! — بەختى سېرىق
قايتۇرۇپ سوئال قويدى.

قۇتلۇق ئەپەندى كېسىپ ئېيتتى:

— تۈگىمەيمىز، بەختى، ئۇلارمۇ تۈگىتەلمەيدۇ!

بەختى سېرىق ئەسلىي تەبىئىتى بويىچە تېخىمۇ قىزىشىپ مۇنازىرە
قىلماقچىدەك ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، رىشىت ھەمزى كۆز ئىشارىتى بى-
لەن جىملەپ قويدى.

— بولدى، سىياسىي پاراڭنى قويۇڭلار، ئەتراپتا «قۇلاق»
تولا! — دېدى ئۇ ۋە سۆھبەتنىڭ تېمىسىنى باشقا ياققا بۇرى-
ۋەتتى، — خوش، قۇتلۇق ئەپەندى، ئەمدى ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلاي
دەيسەن؟

— قەدىناس مەكتىپىم تاقىلىپتۇ! — دېدى ئۇ يېنىك خورسى-
نىپ، — شۇنداقتىمۇ، پۇچۇق يارماق يەردە قالماس، تۈنۈگۈن بىر

قوشنام يېڭى خەۋەر كۆتۈرۈپ كەلدى : ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكى كونا تونۇشلار ئۆز يېنىغا چىللىغۇدەك، بەلكىم شۇ يەرنىڭ مەدىنىي ئاقار-تىش بۆلۈمىدە ئىشلەپ قالارمەن.

بەختى سىرىق ئالدىراپ سۆز قاتتى :

— شۇنداق قىل، ئۇ يەردە ئىشلىسەڭ خەلق مائارىپىنى روناق تاپ-قۇزۇشتا كۆپرەك ئىش قىلغىلى بولىدۇ، بىزمۇ ساڭا كۆپپاڭچىلىق قى-لىشىپ بېرىمىز .

— بوپتۇ، ئۇيۇشمىدا ئىشلىسەڭ مائاشىڭغا چارەكىلەپ بۇغداي بى-لەن قوناق ئالىسەن، — دېدى رىشىت ھەمزىمۇ قوشۇلۇپ، — ئىشقى-لىپ، قورسىقىمىز ئاچ قالمايدىغان بولىدۇ .

ئۇلار يەنە بىردەم ئۇيانىدىن - بۇيانىدىن پاراڭلاشتى، ئىككى چەي-نەك چايمۇ تۈگىدى، ئاخىرقى پىيالىلەر بوشىغاندىن كېيىن ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— خوش ئەمىسە، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك پاراڭلىشايلى، — دېدى رىشىت ھەمزى ساماۋارچى بىلەن ھېسابلىشىپ بولۇپ، — قۇتلۇق، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قال، قانغۇدەك بىر مۇڭدىشايلى.

— رەھمەت، ئاداش، — قۇتلۇق ئەپەندىم ئۆزرە ئېيتتى، — ئانام ئەنسىرەپ قالىدۇ .

بەختى ئارىغا چۈشتى :

— مېنىڭچە، مۇنداق بولسۇن : ئەتە چۈشتىن كېيىن بىزنىڭ ئۆي-گە يىغىلايلى. قۇتلۇقنىڭ چەتئەللىكتىن بەزى ئاغىنىلەرنىڭ تېخى خەۋىرى يوق، مەن بۈگۈن ئۇلارغا خەۋەر قىلاي، ھەممىمىز جەم بو-لۇپ قانغۇدەك مۇڭدىشايلى، قانداق؟

قۇتلۇق ئەپەندى دەرھال قوشۇلدى.

— ناھايىتى ئوبدان تەكلىپ بولدى، مېنىڭمۇ سىلەر بىلەن مەسلى-ھەتلىشىدىغان مۇھىم گەپلىرىم بار ، ئەتە ئۇچرىشايلى!

قۇتلۇق ئەپەندى دەسلەپ رىشىت ھەمزىنىڭ، كېيىن بەختى سى-

رىقنىڭ يالپۇز ياپرىقىدەك كەڭ پەنجىلىك قولىنى سىقىپ خوشلاشتى. ئۈچەيلەن ئۈچ تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

2

بەختى سېرىقنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى بىر خالتا كوچىدا ئىدى. كەچ پېشىن بىلەن ئۇنىڭ ئاددىي مېھمانخانىسىغا يەتتە ئۈلپەت جەم بولدى، بۇلارنىڭ ياش قۇرامى، چىراي ـ شەكلى، بىلىم سەۋىيىسى بىر ـ بىرىدىن ئاز ـ تولا پەرق قىلسىمۇ، لېكىن يەتتىلىسى مۇشۇ شەھەرنىڭ ياش، جۇشقۇن، ئىلغار پىكىرلىك مائارىپچىلىرى ئىدى. تۈنۈگۈنكى ئۈچ دوستقا قوشۇلۇپ كەلگەنلەر: پال ـ پال كۆز تۇدى راجى، دوغىلاق سېمىز ھەززى پاكار، قىزىل بۇرۇن باقى ھاجى، قارىمۇتۇق شايى ئەخمەتلەر ئىدى.

كىچىككىنە مېھمانخانا يەتتە سەپداشنىڭ ئوتلۇق تىنىقلىرى بىلەن ئىسسىپ، ئۈزۈلمەس پاراڭلار بىلەن قايناپ كەتتى. كەينى ـ كەينىدىن ئۇلاشتۇرۇپ چېكىلىۋاتقان ئاچچىق تاماكىنىڭ ئىسى ئۆينىڭ تورۇسىدا بىر قەۋەت كۆكۈچ پەردە ھاسىل قىلغانىدى.

ئۇلارنىڭ ئاغرىنىش، قېيىداش ۋە غەزەپكە تولغان تۈگىمەس سۆزلىرى كۆز ئالدىدىكى ئىشلاردىن نېرى كەتمەيتتى، كىمدۇر بىرى دارىلمۇئەللىمىندىكى ئىككى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈچ كۈن بۇرۇن قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئېيتسا؛ يەنە بىرى، ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى شەنلى مەكتەپلەرنىڭ ئاساسەن تاقالغانلىقىنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەرسان بولۇپ، بەزىسى سودىگەر، بەزىسى ھۈنەرۋەن، بەزىسى پايلاقچى ـ ئىشپىيون بولۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ غەزەپتىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتەتتى. ئىشقىلىپ، ھەممىسىنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئاچچىق گېپى، ئۆزئارا روھىي مەدەتكە موھتاج دەرد ـ ئەلىمى، يۈرىكىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ئورتاقلىشىدىغان ئارزۇ ـ ئىستىكى بار

ئىدى...

سىنچايدىن كېيىن قورۇما كەلتۈرۈلۈپ هاراق قۇيۇلدى. بەختى سېرىق بىرىنچى رومكىنى قولىغا ئېلىپ:

— قېنى دوستلار، دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت! بۇ يەردە ئولتۇرغان تاماملارنىڭ سالامەتلىكى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىزنىڭ خەيرلىك بولۇشى ئۈچۈن خوشە! — دەپلا كۆتۈرۈۋەتتى.

رومكا ئايلىنىپ قۇتلۇق ئەپەندىگە كەلگەندە رىشىت ھەمزى ئۇنى غىدىقلاپ قويدى.

— قېنى، قۇتلۇق، ئەمدى ئۆزۈڭ بىرنېمە دە، گەپنى لوقماندىن ئاڭلايلى!

قۇتلۇق ئەپەندى ئىككى تەرىپىگە بىرئاز قىمىدىنىپ قويۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى، يوغان قىرلىق رومكىغا لىپمۇلىق قۇيۇلغان ھاراقنى قولىغا ئالدى، ئالتە دوستىنىڭ ھەممىسىگە ھېرىسمەنلىك، سېغىنىشلىق نەزەر بىلەن بىرمۇبىر قاراپ چىقتى، ئاندىن ھاياجانلىق تىن ئېلىپ دولقۇنلۇق ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— دوستلار، سەپداشلار! مەن مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىشىنى ئۇزاقتىن بېرى بەكمۇ ئارزۇ قىلغانىدىم، نىيىتىمىز ھالال ئىكەن، ئاخىر جەم بولدۇق. ئەمدى بىز مۇشۇ جەم بولغىنىمىز بويىچە بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ خەلقنى ئويغىتايلى، خەلقنى جاھالەتتە تۇتۇپ تۇرغان نادانلىقتىن، باشقىلار ئۆزىگە تەڭ كۆرمىگەن خارلىقتىن ئويغىتايلى! «ئەل قوزغالسا تەخت قوزغىلار» دېگەن گەپ بار، — ئۇنىڭ قولى يېنىك تىترىدى، رومكا داۋالغۇپ بىرنەچچە تامچە ھاراق داستىخانغا تۆكۈلدى، ئۇ شۇ تۇرقىنى بۇزماي سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — يولداشلار! مەن ھەممىنى ئويلاپ قويدۇم، ھاياتىم يا دارغا ئېسىلىش بىلەن تۈگەيدۇ، يا بولمىسا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ يىقىلىشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەرمەن! ئەمدى سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋشقا بولمايدۇ، ھەرىكەتلىنىش كېرەك. بۇ ھەرىكەت ئۆزىمىزنى خارلىقتىن، مەھكۇملۇقتىن، زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاش بىلەن ناندەك

زۆرلۈر! لېكىن، ئەمدى بىز بۇرۇنقىدەك شەخسىي قەھرىمانلىق، قاراملىق، نادانلىق قىلماسلىقىمىز كېرەك. بۇنىڭ زىيىنى ئاز بولمىدى، نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنىڭ بىھۇدە بېشى كەتتى، نۇرغۇنلىرى باشپاناھسىز قالغاچقا تۈرمە ـ زىندانلاردا چىرىپ تۈگىدى. بۇ دەردنى مەنمۇ تارتتىم، بۇ بىزگە قانلىق ساۋاق بولدى. بۈگۈن بىز مانا شۇ تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرىكىتىمىز، ئىستىقبالىمىز توغرىسىدا ئوبدانراق پىكىرلىشىپ باقايلى! پىكرىمىزنىڭ قىزغىن، ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇشى ئۈچۈن خوشە! — قۇتلۇق ئەپەندى شۇنچە ھاراقنى بىر تىنىقتىلا ئىچىۋېتىپ بوشىغان رومكىنى ساقىيغا ئۇزىتىپ تۇرۇشىغا تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن گەپ ـ سۆزلەر بەئەينى ئاقۋالداقتەك پاراسلاپ كەتتى.

— توغرا، تەجرىبىلەرنى ئوبدان يەكۈنلەش كېرەك!

— ئەمدى يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلايلى!

— بىر ياقىدىن باش ...

— بىر يەڭدىن قول چىقىرايلى!

— جاننى تىكىپ قويدۇق!

— خەلقنى ئويغاتماي بولمايدۇ!

— ئۇلارنىڭ ئىچى دەردكە توشتى ...

— پىچاق سۆڭەككە يەتتى ! ...

— قانداق ئويغىتىمىز ؟

— كەچ كۇرستا ئوقۇتامدۇق ؟!

— مەسچىتلەرگە بېرىپ سۆزلەمدۇق يا ؟!

— تەشۋىق ۋەرەقى تارقىتىمىز!

— بېشىڭ ئونمۇ ؟!

— گېزىت چىقىرايلى!

— يول قويامدۇ ؟!

— يول بەرمەيمىز ـ دە!

— ئۇيۇشۇۋالساق نېمە قىلالايدۇ ...

— توغرا، بۇرۇن قۇمدەك چېچىلىپ زىيان تارتتۇق ...
— بۇ بىر قانلىق ساۋاق ...
— بۇنىڭ ئۈچۈن دوستلار تەشكىلات قۇرايلى، تەشكىلات! شۇ چاغدا ئىگە - چاقىمىز بولىدۇ.
— لېكىن، بۇ مەخپىي بولۇش كېرەك.
— شۇنداق، ھەم مەخپىي، ھەم مەقسەتلىك، پىلانلىق، تەشكىللىك بولغىنى ياخشى ...
— ...
پىكىرلەر ئاستا - ئاستا روشەنلەشمەكتە، بارا - بارا بىر نۇقتىغا يىغىلماقتا ئىدى. پال - پال كۆز تۇدى راجى ئورنىدىن تۇردى:
— «ھالالدىن نان تاپساڭ كوچىغا چىقىپ يە» دېگەن گەپ بار. بىزنىڭ ئىشىمىز ھەق! ھەق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن تەشكىلات قۇرۇپ، تەشۋىق ۋەرەقىنى ئوچۇق - ئاشكارا تارقىتىپ، ئەركىن - ئازادە ئىشلىمەيمىز ؟! — ئۇ قولىنى كەسكىن شىلتىدى، — مېنىڭچە، ئىشلەيمىز! بىز يەتتە سەپداش بۈگۈنلا تەشكىلات قۇرايلى! مەن گومىنداڭ پىرقىسىگە كىرىۋېلىپ ھالدا مەجبۇرىي ئەزا بولغان، مانا ھازىر يولداشلارنىڭ ئالدىدا گومىنداڭ پىرقىسىدىن ئۆزۈل - كېسىل چىقىپ قالغانلىقىمنى جاكارلايمەن! — ئۇ چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن گومىنداڭنىڭ ئەزالىق كىنىشكىسىنى ئېلىپ يىرتىپ تاشلىدى.
تۇدى راجىنىڭ جىددىي، كەسكىن ھەرىكىتى يولداشلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئومۇمىي كەيپىياتتىن قارىغاندا، بىرەر تەشكىلات قۇرۇپ، شۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىش يۈرگۈزۈش مۇقەررەرلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى. قۇتلۇق ئەپەندى ئەتەي سەپداشلىرىنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ باقماقچى بولدى.
— يولداشلار، — دېدى ئۇ سۆز ئېلىپ، — بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىر قولۋاققا چۈشكەن جەڭچىلەر، دېمەك، بىزنىڭ جېنىمىزمۇ، تېنىمىزمۇ ھايات - ماماتتا بىللە بولىدۇ! دەرۋەقە، قولۋاق

مەنزىلى ئانچە يىقىن ئەمەس، بوران ـ چاپقۇنلارمۇ كۈچلۈك. لېكىن، بۇ ئىشتا ئېتىقاد، ئىرادە ھەممىدىن مۇھىم. ئېتىقاد يۈرەكتە بولۇشى كېرەك. شۇندىلا، يىراق مەنزىلمۇ، بوران ـ چاپقۇنمۇ ھېچنېمە قىلالمايدۇ. يۈرەكتە بولىدىكەن، مۇھەببەت بولىدۇ، مۇھەببەت بولىدىكەن، سۆيۈش بولىدۇ. مانا شۇ نۇقتىنى چىڭ تۇتقاندا ئىنسان ئاداشمايدۇ!

بەختى سېرىق قىسقا، لېكىن مەنىلىك قىلىپ قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ پىكرىنى ياقىلىدى:

— شۇنداق، دۇنيادا ئاسان ئىش يوق. پىكرىڭمۇ يولى ئىككى: بىرى — بەس، يەنە بىرى — تەس! بۇنىڭ قايسىسىنى تاللاش ھەركىمنىڭ ۋىجدانىغا باغلىق! مەن خەلقىمنىڭ كۆز يېشى ئۈچۈن ھاياتتىكى ئەڭ تەس ئىشنى تاللاپ، ئۆمۈر بويى شۇ يولدا مېڭىشقا بەل باغلىدىم!

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدە يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان «كۆرەش» تەشكىلاتىنى قۇردى، ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قىبلە تەرەپكە قاراپ سەلتەنەت بىلەن: «خەلققە، ۋەتەنگە، مىللەتكە خائىنلىق قىلمايمەن! مۇبادا، قولغا چۈشۈپ دار ياكى مىلتىق ئالدىدا سەپداشلىرىمنى سېتىۋەتسەم قىيامەتتە دوزىخي بولۇپ كېتەي!» دەپ ئۈنلۈك قەسەم بەردى ھەم ئۆزىنىڭ ئىسىم فامىلىسى يېزىلغان تىزىملىك ئۈستىگە بارمىقىنى چىشلەپ قانىتىپ باستى. ئاخىردا «كۆرەش» تەشكىلاتىنىڭ بىرىنچى سانلىق يىغىنىنى ئېچىپ ئىككى ئىشنى قارار قىلدى: بىرى، تەشكىلاتچىلارنىڭ ھەربىرى مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە مىللەت، دىن ئايرىماي سادىق، ئىشەنچلىك، ياراملىق ئادەملەردىن ئىككىنى ئەزالىققا تونۇشتۇرۇش؛ يەنە بىرى، قەرەلسىز «تاڭ نۇرى» ناملىق گېزىت چىقىرىش ئۈچۈن ئىلغار زاتلاردىن ئىئانە توپلاپ جىددىي تەييارلىق قىلىش.

ئۇلار بەختى سېرىقنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا ۋاقىت تۈنگە يېقىنلاشقانىدى. شىمال تەرەپتىن لەرزان تاغ سەلكىنى ئۇرۇپ، كوچا ـ كوي،

هويلا ـ ئاراملارنى خېلى سالقىنلاتقانىدى، ھاۋادىن يامغۇر شەپىسى كېلىپ تۇراتتى.

«ئادەمنى ئارزۇ ئۇچۇرىدۇ، قۇشنى قانات» دېگەندەك، يېڭى ئارزۇ ـ ئىستەكلەر يەتتە سەپداشنى قاناتلاندۇرغانىدى، ئۇلار خۇددى ئۇچۇشقا تەمشەلگەن بۈركۈتتەك تىنچ ۋە چەكسىز كۆككە تويماي قارايتتى ....

3

شەھەر خەلقى بۈگۈن ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان مۆجىزىلىك بىر كۈننى بېشىدىن ئۆتكۈزدى ...

ئۇلار تاڭ سەھەردىلا خۇددى ھاشارغا ھەيدەلگەندەك جىددىي ھەم سۈرلۈك ئەلپازدا قىزىلنىڭ مەيدانى تەرەپكە قوزغىتىلدى. كوچا ـ كوچىلاردا جاكارچىلار، مەھەللىلەردە چەكادىلەر ئۈزۈلمەي ۋەز ئېيتاتتى: «خالايىقلار! تېز بولۇڭلار، قىيام سائەت ئون ئىككىدە قىزىلدا چوڭ مەرىكە بولىدۇ، كاتتا ئويۇن كۆرسىتىلىدۇ! ھۆكۈمەت تامام پۇقرالارنىڭ قاتنىشىشىنى جاكارلىدى. مۇبادا كىمدەكىم ئۆزىنى قاچۇرسا قاتتىق سوئال ـ سوراقى بولىدۇ!» دۇكانلار تاقالدى، سودا ـ سېتىق بېسقتى، ئەتىگەندىلا قىزىپ كېتىدىغان قايناق بازارمۇ شىپپىدە بولۇپ قالدى. كىشىلەر تۆتتىن ـ بەشتىن بولۇشۇپ شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى شېغىللىق تار يولدا ھەيران بولغان، قىزىقسىنغان ۋە ئەنسىرىگەن ھالەتلەردە ئالدىراپ كېتىشىۋاتاتتى ...

بۇ خەۋەر مەدەنىي مائارىپ سېپىدىكىلەرگە تۈنۈگۈن يەتكۈزۈلگەن، يەتكۈزۈلگەندىمۇ ھەيۋەتى، سۈرئىتى ۋە تەلىپى ھەرقانداق داغدۇغىلىق خەۋەرلەردىنمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار بۈگۈن سەھەردىلا خۇددى ئوقۇغۇچىلاردەك رەتكە تىزىلىپ تەشكىللىك ھالدا يۈرۈپ كېتىشتى.

قىزىلنىڭ مەيدانى تۈپتۈز كەتكەن چىملىق ئىدى. ئۇنىڭ يىراق

چەت ـ چۆرىلىرى سىم تور بىلەن قاشالانغان بولۇپ، بىر تەرىپىدە
زومچەك ـ زومچەك ئۆيلەردىن بىرنەچچىسلا بار ئىدى. چۇشكە يېقىن
مانا شۇ ئۆيلەرنىڭ ئەتراپى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. نەلەردىندۇر
پەيدا بولغان باققال، ناۋاي، غالتەكچى ۋە تەنزىكەشلەر ساز ئاۋازلىرى
بىلەن خېرىدار چاقىرىپ كالتە بازار ئاچتى، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ با-
ھاسى بىردەمدىلا لەپپىدە ئۆرلەپ كەتتى. بىر چاغدا توپ ـ توپ
ساقچىلار ئاسماندىن چۇشكەندەك پەيدا بولدى ـ دە، كىشىلەر ئارد-
سىدا كۇيىدەك يامراپ تەرتىپ ئورنىتىشقا باشلىدى، ھەش ـ پەش
دېگۇچە ۋارقىراپ يۇرۇپ باش ـ ئايىغى يوق قىم ـ قىم ئادەمنى ھې-
لىقى ئۆيلەرنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلىتىپ سەپكە تۇرغۇزدى. كىشى-
لەر ئارىسىدا قۇتلۇق ئەپەندى، بەختى سېرىق قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.
قۇتلۇق ئەپەندى سەپنىڭ مەركىزىگە يېقىن يەرگىچە قىستاپ باردى.
سەپنىڭ بۇ يېرىدە ھەيۋەتلىك سورۇن تۇزۇلدى، ئۇستىگە ئاق
داستىخان سېلىنغان شىرە ئۇستىگە مىكروفون قويۇلدى. مىكروفون-
نىڭ ئالدىدىكى شاھانە ئورۇندۇقتا سېمىز بىر ھەربىي گىدىيىپ ئول-
تۇردى، ئۇ ئۇچىسىغا ئامېرىكىنىڭ نەشە رەڭ سارجىسىدىن ئەمەلدارلىق
فورمىسى كىيىۋالغانىدى. قارا كۆزەينەكنى بىلەن قولىدىكى ئاق پەلىيى
ئۇنى تېخىمۇ سۇرلۇك ھەم سالاپەتلىك قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ
ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۇرگەن ھەربىي، ساقچى ۋە مەمۇرىي
ئەمەلدارلار «ھۆرمەتلىك كاڭ لۇيجاڭ جانابلىرى»، «مۆھتەرەم كاڭ
لۇيجاڭ ئالىيلىرى» دەپ ئاغزىدىن چۇشۇرمەيتتى. يېپيېڭى ساقچى
فورمىسىنى كىيىۋالغان ھاپىز جۇيجاڭ ئۇنىڭ بېقىنىدا قاڭقىيىپ ئول-
تۇراتتى. مەيداندىكىلەرنىڭ دىققىتى ئۆرۇلۇپمۇ ـ چۆرۇلۇپمۇ ئاشۇ
سۇرلۇك، لەش چىراي ئادەم بىلەن شۇم ئەگگىز ھاپىز خوجىنىڭ ئا-
رىسىدا كېزىپ يۇرەتتى ...

تۇيۇقسىز «پاڭ» قىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، كىشىلەر قاتتىق
چۆچۇپ شۇكلەندى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي قىزىل ئاسمىنىدا بىر
نەچچە بومباردىمانچى ئايروپىلان پەيدا بولدى، ئۇ قاتتىق، قوپال غار-

قىراپ بىردەم پەسلەپ، بىردەم كۆتۈرۈلۈپ غايىپ، نادان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلىۋەتتى. ئايروپىلانلارنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئەمدى يىراقلاپ تۇرۇشىغا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا بىردىنلا ئون ئىككى يۇلتۇزلۇق تانكىلار پەيدا بولدى. ئۇلار تۆمۈر تاپانلىرى بىلەن چىملارنى ئېزىپ يانجىدى، ئۇزۇن، مۇدھىش ئىستوۋۇللىرىنى ئوڭ ـ سولغا ھەرىكەتلەندۈردى، كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن سۈر پەيدا قىلىپ گۈلدۈرلەپ ئۆتتى، كېيىن بىرلا كوماندا بىلەن ئالدى تەرەپتىكى قارا ـ قۇرا نىشانلارغا قاراپ ھۇجۇم ياسىدى، بەس ـ بەستە ئوق ياغدۇردى، ئۇنىڭ قاپقارا ئىستوۋۇلىدىن لاپىلداپ ئوت ياناتتى. ئۇنىڭ ئارقىدىن ئاپتوموبىللارغا سۆرىتىلگەن ھەر خىل تىپتىكى زەمبىرەكلەر ئۆتتى. زەمبىرەكلەر ئېتىلىشقا باشلىغاندا كىشىلەر كۆزىنى يۇمۇپ، قۇلىقىنى ئېتىۋالدى. ئۇلار گويا يىراقتىكى تاغلار گۈمۈرۈلۈپ، يەر ـ زېمىن تەۋرەۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى. ئۆمرىدە بۇنداق سۈرلۈك ھەم قاباھەت كۆرۈنۈشلەرنى چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان، كېچە ـ كۈندۈز تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە قوي قوتىنى بىلەن توخۇ كاتىكىنىلا ئويلاپ يۈرىدىغان ئاددىي خەلق ۋەھىمىگە، ساراسىمىگە، ۋەسۋەسىگە چۈشكەندى ...

بۇ ئىشتىن كېيىن قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىۋالغان ئاتلىق قىسىم ئارغىماقلىرىنى ئويىنىتىپ مەيدانغا كىردى، ئۇنىڭ ئارقىدىن پىلىموتلىرىنى بەتلىۋالغان پىيادە قىسىم، ئۇنىڭ ئارقىدىن ... ئىشقىلىپ، كۆرسىتىشكە تېگىشلىك ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سۈر پەيدا قىلىپ بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى. ئۇلار ئۆتۈپ بولغاندا پۈتۈن مەيدان چاڭ ـ توزان بىلەن ئاچچىق يۇتۇپ قالدى. كىشىلەر ئاستا ـ ئاستا ئەس ـ ھوشىنى يىغدى، بىر ـ بىرىگە سوئال نەزىرىدە قاراشتى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سۆزلەشمەكچىدەك كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ، ئاغزىنى ئۆمەللەشتى. شۇ چاغ مىكروفوندىن سۈربەتلىك كاڭ لۇيجاڭنىڭ مېتالدەك قاتتىق ۋە سوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى، تەرجىمان ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇ-

دۇلمۇ ئۇدۇل يەتكۈزۈپ تۇردى :

— بىز بۇگۈن نىمە ئۈچۈن ھەربىي كۆرەك قىلدۇق؟ مەقسەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئۆز كۈچىمىزنى نامايىش قىلىش، مانا كۆردۇڭلار، بىزنىڭ كۈچىمىز تەڭداشسىز. بىز ھازىر دۇنيادىكى بەش چوڭ دۆلەتنىڭ بىرى، بىز غالىبلاردىنمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت ئامېرىكا بىزنىڭ دوستىمىز! ئۇنىڭ قورالى بىزنىڭ قورالىمىز! — كاڭ لۈيجاڭ قارا كۆزەينىكىنى ئالدى، ياغلىقى پىلەن يۈز - كۆزىنى سۈرتتى، ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ يەنىمۇ چىرقىراق ھەم سوغۇق ئاۋازدا داۋام قىلدى، — لېكىن، ھازىر شىنجاڭ خەلقى ئۆزىنى بىلمەيۋاتىدۇ، ئۇ يەر - بۇ يەردە قۇتراپ بىز بىلەن ئېلىشماقچى بولۇۋاتىدۇ، بۇ نېمىدېگەن ئەخمەقلىق - ھە؟! پىستە كۈچۈك قاچان شىر، قاپلانلارغا تەڭ كېلەلىگەن؟! تېخى بەزىلەر ئىدىلىدا چىققان بىرنەچچە ئوغرىلارنىڭ ھەرىكىتىگە بارىكاللا ئېيتىۋاتىدۇ، ئۇلارنى دورىماقچى بولۇۋاتىدۇ، بۇمۇ ئۈچىغا چىققان تەلۋىلىك ئەمەسمۇ؟! ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ئىشى ئۇلۇغ پىرقىمىز ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس، ئۇ ناھايىتى كەلسە غەربىي شىمالدىكى بىر «سوقۇر ئۇچەي» ... ئۇنى چورتلا كېسىپ تاشلىساق ئىش تۈگەيدۇ! ...

قۇتلۇق ئەپەندى خۇددى ھەرە چاققاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. رىشت ھەمزى بىلەن بەختى سېرىقمۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ دەرغەزەپتە يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. قۇتلۇق ئەپەندى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ پېشىنى تارتتى.

— قۇرۇق گەپ! ... — ئۇ ئاستا پىچىرلىدى، — ئېغىزدىكى گەپ بىلەن شەھەر ئالغىلى بولسا، ھەممە ئادەم پادىشاھ بولمامدۇ؟!

— قارا، ئۇنىڭ رەڭۋازلىقىنى ! ...

— قارا، ئۇنىڭ ئەلپازىنى ! ...

— تىنچ ...

ئۇلارنىڭ سۆزىنى مىكروفوننىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بېسىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە ھاپىز خوجا سۆزلەۋاتاتتى :

— بىز ئۇيغۇرلاردا : «بىر ئىت كۆرۈپ قاۋىسا، مىڭ ئىت كۆرمەي قاۋايدۇ » دېگەن بىر ھېكمەتلىك گەپ بار. يېقىندا ئىلى، تاشقورغان تەرەپلەردە بىر قىسىم كۇسۇك ئىتلار سۆڭەك تالىشىپ قاۋىشىۋىدى، بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ بەزى لالما ئىتلار ئۇلارغا ئەگىشىپ قاۋاۋاتىدۇ، ياكى قاۋىماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنداقلار كاللىسىغا ھېزى بولسۇن! ئىت هامان ئىت، ئۇ ئۆگزىگە چىقىۋالسىمۇ بەرىبىر ئىگىسىدىن پەس! ...

بۇ گەپلەردىن قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ بەدەنلىرى شۈركۈنۈپ توخۇ ئەت بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق تېتىقسىز ئىبارىلەرنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتى قالمىغانىدى، كەتمەكچى بولۇپ قەدىمىنى يۆتكەۋاتقاندا كاڭ لۇيجاڭنىڭ ئاۋازى قۇلىقى تۈۋىدە يەنە پەيدا بولدى :

— بىز شىنجاڭلىقنى قوغداۋاتىمىز، ئاسراۋاتىمىز! ئەگەر بىزنىڭ مېھىر - شەپقىتىمىزنى بىلمەي ئەسكىلىك قىلىمەن دېيىشسەڭ ئۇمۇ مەيلى، ئۇ چاغدا ترومىننىڭ ئاتوم بومبىسىنىڭ تەمىنى تېتىپ قويماق-تىن باشقا چارە يوق! مانا، بۈگۈن كۆرۈشتىڭ، يەرنى بىر تەپسەم ئۈستۈڭلەردىن ئايروپىلان، ئاستىڭلاردىن تانكا ئۈنۈپ چىقىدۇ! بۇمۇ يېتىپ ئاشىدۇ ...

بەختى سېرىق چىداپ تۇرالماي چاپچىپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرى پارقىراپ، جاۋغايلىرىدىكى ئىنچىكە قورۇقلار تىككىدە تار-تىشىپ كەتكەنىدى. قۇتلۇق ئەپەندى يېنىدىكى سەپداشلىرىنى بىر - بىرلەپ نوقۇپ قايتىشقا شەرەت قىلدى. ئۇلار بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى غىپلا تىكىۋەتتى. ئۇلار يولغا چىقىپ خالىي يەرگە كەلگەندە قۇتلۇق ئەپەندى مۇنداق دېدى :

— كۆردۈڭلارمۇ، ئۇلار بۈگۈن ئۆزىچە كۈچ كۆرسىتىپ، بىزنى گۆش، ئۆزىنى قۇش قىلىپ، چوقۇلىماقچى بولۇۋاتىدۇ!

تۇدى راجى دىمىغىنى قاقتى :

— چوقۇلايمەن دەپ تۇمشۇقى قاناپ كەتمىسلا مەيلىغۇ!

رىشىت ھەمزى مىيىقىدا كۈلدى :

— شۇ ئەمەسمۇ، بۇلارنىڭ بۈگۈنكى قىلىقى بەئەينى «قورققان

ئىت ئارقىغا قاراپ خىرقىرار » دېگەن ئىشنىڭ دەل ئۆزى بولدى!

بەختى سېرىق ئۆزىچە چالۋاقىدى :

— ھېلىقى ھاپىز دېگەن پالاق تۇخۇمدىن بولغانىنىڭ گەپلىرىگە قاراڭلار! بىزنى تېخى ھېچنېمە بىلمەيدۇ، دەپ ئۆزىچە كاركىراپ كەتكىنىنى! بىلىپ قوي، ھېچنېمە بىلمىسەكمۇ، ئىلىپنى چوماق، بەنى پوقاق دېيەلەيمىز!

بىرئاز جىملىقتىن كېيىن قۇتلۇق ئەپەندى سورىدى :

— بەختى، «تاڭ نۇرى » گېزىتىنىڭ تەييارلىقى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

— چاتاق يوق، ئىنشائاللا، ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ، ئىئانە توپلاش تۈگىدى، — بەختى سېرىق ئىشەنچلىك قىلىپ جاۋاب بەردى، — ئون توقماق پۇل يىغدۇق، ئەمدى شاپىگرافتا ئەمەس، تاش مەتبەئەدە باسىمىز!

— ماقالىلەرچۇ؟

— تەييارلاۋاتىمىز، ئۆزۈڭ ھېلىقى ئىككى پارچە نەرسىنى تېزرەك پۈتكۈزۈپ بەر.

قۇتلۇق ئەپەندى باش لىڭشىتتى :

— بولىدۇ، ئەمىسە بىرىنچى سانىنى تېزرەك چىقىرىۋېتەيلى!

— توغرا، — دېدى رىشىت ھەمزى شائىرانە تەلەپپۇزدا، — ئەمدى قاۋايلى، قاۋاشقا باشلايلى، ھاپىز جۈيجاڭ قاۋاشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقسۇن!

رىشىت ھەمزىنىڭ سۆزى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

## 4

«تاڭ نۇرى » گېزىتىنىڭ تۇنجى سانى سېنتەبىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئەڭ قايناق بىر بازار كۈنلۈكى دۇنياغا كەلدى! تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ مۆجىزە شەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

ھېيتگاھدىكى سەرراپ بازىرىدا سودا توختاپ كەتتى، ھەممە ئادەم دوقمۇشتىكى كىنو ئېلان تاختىسىغا چاپلانغان ئىككى بەتلىك گېزىتكە تەلپۈنگەنىدى. سەپنىڭ ئارقىسىدىراق تۇرۇپ قالغان پاكار بويلۇق بىر ئادەم ئالدىغا بويۇنداپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، مەنپۇ دوپپىلىق ئەپەندىم، چىگراق ئوقۇسىڭىزچۇ، بىزمۇ ئاڭلايلى!

ئارقىدا تۇرغان بىر توپ ئادەم ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىگەنىدى، چەتتىكىلەردىن بەزىسى ئۆتە قوپتى:

— بىر ئادەم ئوقۇۋېرەمدۇ؟!

— كالپۇكىنىڭ بىر قەۋەت تېرىسى سويۇلۇپ كەتتى بىچارىنىڭ!

— بىر قوشۇق سۈيۈڭ يوق، سايرىتىۋېرەمسەن؟!

ھېلىقى پاكار ئادەم يەنە مۇراجىئەت قىلدى:

— ساۋابلىق ئۈچۈن ئوقۇغىنا، ئىنىم، ئوقۇ! ئالەم ئاڭلىسۇن! ھېلى مەن ساڭا ناۋاتتىن چاي دەملەپ بېرىمەن.

مەنپۇ دوپپىلىق يىگىت ئالدىغا سۈرۈلدى، تىلى بىلەن كالپۇكىنى ھۆللىدى، ئاغزىغا يىغىلغان ئازغىنا سۈيۈقلۇقنى يۇتۇۋەتتى.

— ئەمسە ئاڭلاڭلار، ئوقۇدۇق، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ۋە ئوقۇشنى بىرىنچى بەتتىكى ماقالىدىن باشلىدى، — مۆھتەرەم ئاتا - ئانىلار، ھۆرمەتلىك ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار! بىزنىڭ بۇ تۈنجى سان گېزىتىمىز سىلەرگە يىراق ئۆتمۈشتە ئەمەس، دەل ھازىرقى ۋاقىتتا؛ چەت يەرلەردە ئەمەس، دەل ئۆز يېرىمىزدە يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ، سىلەرنىڭ ئوبدانراق ئويلاپ بېقىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ: «چىنىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۈچ يىل ئامبال بولغان كىشى يۈز مىڭ سەر كۈمۈشكە ئىگە بولىدۇ، ئەتىگەندە ھاكىملىق جاكارلانسا، كەچقۇرۇن باي بولۇپ كېتىدۇ.» دەيدىغان گەپ بار ئىدى. بۇ ئىش ئەمدى بىزنىڭ يۇرتىمىزدا كۆپ خوتۇن ئېلىپ، تويدىكى سوۋغا - سالام بىلەن باي بولۇشقا ئۆزگەردى.

قاراڭلار، پەيزاۋاتنىڭ ھاكىمى لىۇ دارىن جانابلىرى بىر يىل ئىچىدە يەتتە خوتۇن ئېلىپ، بەگ ـ شاگىۇلاردىن كەلگەن سوۋغا ـ سالام بىلەنلا باي بولۇپ كېتىپتۇ! بۇ جاناب يەتتە قېتىملىق تويىدا توقسان مىڭ سەر كۈمۈش قىممىتىدىكى مال ـ دۇنياغا ئىگە بوپتۇ! ئەمدى بىز لىۇ دارىن جانابلىرىدىن سوراپ باقايلى: سىز قېرىپ قالغان چېغىڭىزدا بۇ خوتۇنلارنى نېمە قىلماقچى؟! مال ـ دۇنيانى ئېلىپ نەگە قاچماقچى؟! دارىن جانابلىرى، بىلىپ قويۇڭ! كۆپ خوتۇن ئېلىش ۋاستىسى بىلەن يىغقان مال ـ دۇنيا ئاخىر ئۆزىڭىزنىڭ بويىنىغا سىرتماق بولىدۇ! چۈنكى ئۇ سىزنىڭ قانلىق قامچىڭىز ئاستىدا ئېشىلەۋاتقان كاج تەلەي دېھقانلارنىڭ قان ـ تەرى! يۇقىرالارنىڭ قەھرى سىزنى بوغماي قويمايدۇ! ئۇلارنىڭ سەۋر قاچىسى دەرد ـ ئەلەم بىلەن تولدى. ئەمدى ئۇ پارتلايدۇ، يېرىلىدۇ! قېرىنداشلار، ئويلاپ بېقىڭلار، لىۇ دارىندەك ئاچ كۆز مەلئۇنلار ھەممە يەردە بار. شىللىمىزغا مىنىۋالغان بۇنداق چوڭ ـ كىچىك ئامباللارنىڭ زورلۇق ـ زومبىلىقى يېتىپ ئاشمىدىمۇ؟! ئۇلارنى ئىرغىتىپ تاشلايدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟! ... يېتىپ ئاشتى! ئەمدى ئويغىنايلى، ئۇيۇشايلى! ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، كۈرەش بىلەن قولغا كېلىدۇ، قېرىنداشلار، قېنى ھەممىمىز بىرلىكتە ئازادلىق تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، زۇلۇم ۋە جاھالەتنىڭ ئەشەددىي قورغىنىغا ھۇجۇم قىلايلى، ئۇنىڭ تۆمۈر قاپقىلىرى كۇمپەيكۇم بولسۇن! ھۇررا، قېرىنداشلار! ھۇررا ...

مەنپۇ دوپپىلىق يىگىت بىرىنچى ماقالىنى ئوقۇپ تۈگەتتى. كىشىلەر ئارىسىدىن غەزەپلەنگەن، ئاچچىق يۇتقان، خورسىنغان ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى:

— تۇلۇمچاشقانلار!

— ئاغزى كۆيمىسە دوزاخنىمۇ يەيدۇ تېخى!

— قېرى جېنىغا يەتتە خوتۇن ئالغىنىنى قارا!

— ئالتىسنى گۆرۈگە قويىدۇ!
— بىرنى ماڭا بەرسىچۇ!
— ئۆمرۈڭ خوتۇنسىز ئۆتتى ـ دە! ...
— خەپ، توختا! ...
— ئاستىراق! ...
— ئۇنىڭغا كېرىكى پۇل.
— يېنىنى توملاپ غىپپىدە تىكتۈەتمەكچى! ...
— دوزاخقا بارسۇن!
— كۆيۈپ كۈل بولسۇن! ...
— تىنچ ...
— ئاۋازىڭنى پەس قىل ! ...
ھېلىقى پاكار ئادەمنىڭ ئاۋازى يەنە ياڭرىدى :
— ئۇكام، ئاخىرىنى ئوقۇغىنا، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدەك ئۇلۇغ گەپلەر ئىكەن.
يىگىت ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئىككىنچى ماقالىدە تېخىمۇ يېڭى، كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان خۇش خەۋەرلەر بار ئىدى :

«1. ياپون جاھانگىرلىكى 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭگو ئارمىيىسىگە شەرتسىز تەسلىم بولدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاجاۋۇزچىلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلدى!
2. 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىلى پارتىزانلىرى رەسمىي مىللىي ئارمىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ، غۇلجا ئىستىراھەت بېغىدا تۇغ تاپشۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.
3. سۈيدۈڭ ئازاد نىشانلىق 1 ـ پولكى 1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ بىرىنچى يېرىمىدا شىخونى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ھەربىي يۈرۈش باشلىدى.»

مەنپۇ دوپپىلىق يىگىت ئارقىدىنلا 2 ـ بەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «ئىشقى» تەخەللۇسى بىلەن يېزىلغان تۆۋەندىكى شېئىرنى يېقىملىق

ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇپ بەردى :

كىمكى ھەقنى سۆيمىسە جايى جەھەننەم ئىچرەدۇر ،
توغرا يولدا ماڭمىغاننىڭ ئۆمرى ماتەم ئىچرەدۇر .
كىم ئۇنتۇسا پەخرىنى ئاخىر بولۇر ھالى زەبۇن ،
ئەل ئۈچۈن ئۆلگەن كىشىنىڭ نامى ئالەم ئىچرەدۇر .
ئەل ۋە يۇرتۇڭغا خىيانەت قىلما «ئىشقى» دەھرىدە ،
چۈنكى زۇلۇم دەردىدىن خەلقىڭ ئەلەم ـ غەم ئىچرەدۇر .

يىگىت تۆۋەندىكى ئەقلىيە سۆزلىرىنى ئوقۇپ گېزىت ئوقۇشنى تا-
ماملىدى :

— «ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق نەرسە ھۆسن ـ خۇلقتۇر . ئىن-
سان ياخشى خۇيى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەممە ياخشىلىقلىرىنى
ھاسىل قىلغان بولىدۇ . بۇنداق كىشىگە ھۆسن ـ خۇلق ساھىبى دېيە-
لۇر . جانابىي پەيغەمبىرىمىز ‹دىن دېگەن نېمە ؟ › دېگەن سوئالغا
‹ھۆسن ـ خۇلق › دەپ جاۋاب بەرگەن . يەنە بىر ھەدىستە : ‹كىشى
ئۈچۈن ھۆسن ـ خۇلقتىن ياخشىراق بىر نەرسە يوقتۇر › دېيىلگەن .
مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر :
ھەرقاچانكى سۆزلىسە يالغان ئېيتۇر .
ھەرقاچانكى ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلۇر .
ھەرقاچانكى ئامانەتكە خىيانەت قىلۇر .
دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇناپىق دېگەندىن يامان سۆز يوقتۇر ، بۇنداق
ئادەمگە ھېچكىم ئىشەنمەس ۋە ھاقارەت نەزەرى بىلەن قارار ! »

كىشىلەر ئارىسىدا يېنىك ، ئەمما ھاياجانلىق بىر تەۋرىنىش بولدى .
ئۇلار توختىماي سۆزلەيتتى ، ماختايتتى ، كىملەرنىدۇر غايىبانە تىلغا
ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ جەسۇرلۇقىغا ، ئەقىل ـ پاراسىتىگە ، باتۇرلۇقىغا ئا-
پىرىن ئوقۇيتتى . گېزىت ئۇلارنىڭ قەلبىگە بوسۇپ كىرىپ ، ئۇخلاپ

قالغان ھۆجەيرىلىرىنى ئويغاتقان، قايغۇ ياشلىرىدىن خىرەلىشىپ قال-
غان كۆزلىرىگە ئۈمىد ۋە خۇشاللىق نۇرىنى سەپكەن ئىدى ...

گېزىت ناھايىتى تېز تارقالدى، كىملەرنىڭ قولى ئارقىلىق نەلەرگە
تارقىلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ئۇ گويا پۈتى، قانىتى، كۆز ۋە
قۇلىقى باردەك، ئىنسان ياشايدىغان بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنىڭ ھەممىسى-
گە تېز ۋە كۆپ تارقىلىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە نۇسخىلىرى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارى-
سىنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولغاندا ھاپىز جۈيجاڭ غەزەپ ۋە ئەلەمدىن
«پاسسىدە » يېرىلغۇدەك بولدى. ئۇ قاسىم كاناي كۆتۈرۈپ كىرگەن
بىر نۇسخا گېزىتنى ناھايىتى سەۋر ۋە چىدام بىلەن ئوقۇپ بولغاندا
خۇددى زەمبىرەك ئاۋازىدىن ئۈركۈپ كەتكەن قېچىردەك ئىككى پۇتى-
نى يەرگە قاتتىق ئۇرغىنىچە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

ــــ بۇ ... بۇ ... قايسى قىزىل ... پاچاقلارنىڭ قىلغان ئىشى-
كەن ؟!

قاسىم كاناي بېشىنى ئەگدى:

ــــ تېخىچە بىلەلمىدۇق ...

ھاپىز جۈيجاڭ گېزىتنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ ئىشخانىدا ئۇياق-
تىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. بۇ ئۇشتۇمتۇت ۋەقە ئۇنىڭغا گويا
تىپتىنچ ئاسماندا شىددەتلىك چاقماق چاققاندەك قورقۇنچلۇق تۇيۇل-
غانىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆتكەن ھەپتە قىلىنغان ھەربىي كۆرەكنىڭ
پۇقرالاردا پەيدا قىلغان ۋەھىمىسى بىلەن ئىسكەنجىسى مانا مۇشۇ كى-
چىككىنە شۇم ئېغىز گېزىت بىلەن بىتچىت بولۇپ كېتىشى مۇمكىن
ئىدى. ھاپىز جۈيجاڭ كاللىسىغا كەلگەن بۇ خىياللاردىن گويا قارا
قىشتا سوغۇق سۇغا چۆشكەندەك شۈركۈنۈپ كەتتى.

ــــ بۇ قانداق گەپ ـ ھە ؟! قىزىل پاچاق مۇتتەھەملەرنىڭ مۇ-
شۇنداق ئاپئاشكارا تەشۋىقات تارقىتىپ، پۇقرالارنى ئۇلۇغ پىرقىمىز-
گە قارشى قوزغىشىغا چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ ؟! ــــ ئۇ غەزەپتىن

ھۆمۈدىدى، — دەرھال تىنتىڭلار! يەتتە قات ئاسمانىنىڭ قەرىدىكى
شاياتۇنلار بولسىمۇ تىپىڭلار! بۇنداق گېزىت ئىككىنچى قېتىم كۆزۈمـ-
گە كۆرۈنمىسۇن!

— خوپ!

ھاپىز جۇيجاڭ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سو-
رىدى:

— داڭبۇ تەرەپتىن چىقىدىغان ھېلىقى «خەلق ئىستىكى» دېگەن
گېزىت نېمە بولدى، توختاپ قالدىمۇ؟

قاسىم كاناي ئۇنىڭغا يېقىنراق سىلجىپ دېدى:

— ئۆتكەندە ئىككى سان چىققان. كېيىن ئادەم يېتىشمەي توختاپ
قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇقرالار ئوقۇماي، دورىپۇرۇشلارغا يىغىپ بې-
رىپتۇ...

ھاپىز جۇيجاڭ يەنە چىچاڭشىدى:

— ئوقۇماي ھەددىمۇ؟! ئۇلار ئوقۇمىسا بىز ئوقۇپ مەجبۇرىي ئاڭ-
لىتىمىز! سەن بۈگۈندىن باشلاپ ئاشۇ گېزىتنى قايتا چىقىرىشقا يار-
دەملەش، شۇجىجاڭغا تېلېفون بېرىپ قويىمەن، ئاۋۇت ئاق تۇمشۇق-
نىمۇ ئۆزۈڭگە قوشۇۋال! ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە سان چىقىرىپ،
ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتىنى بېسىپ چۈشۈشىمىز كېرەك. قاسىم، مەن سا-
ڭا ئېيتاي: تىل دېگەن ئۈستىخانسىز بىر پارچە گۆش، لېكىن ئۇ
زۇۋانغا كەلسە تىغدىنمۇ ئۆتكۈر نەرسە جۇمۇ!

— خوپ، ياخشى چىقىرىمىز!

— قارىغۇياپىلاقنى تاش بىلەن ئۇرسىمۇ ئۆلىدۇ، تاشقا ئۇرسىمۇ
ئۆلىدۇ، — دېدى ھاپىز جۇيجاڭ دانالارچە تەلەپپۇزدا، — بىزمۇ
ئۇلارنى دەل مانا شۇنداق قىلىشىمىز: بەزىدە ئۇرۇشىمىز، بەزىدە ئۆ-
زىنى ئۆزىگە ئۇرغۇزۇشىمىز لازىم، چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم، جۇيجاڭ جانابلىرى ...

— بىزنىڭ گېزىت تەشۋىقاتىمىزدا گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىككى

نۇقتا بار، — دېدى ئۇ ئاخىردا قاسىم كانايىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — بىرى، دىن مەسىلىسى. بىز قىزىل پاچاقلارنىڭ باشتىن ـ ئاياغ مۇقەددەس ئىسلام دىنىغا چىش ـ تىرنىقى بىلەن قارشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشىمىز كېرەك. بۇنىڭغا مىسال قىلىپ، سوۋېتتىكى قىزىل پاچاق بولشېۋىكلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ بۆشۈكى ئۇلۇغ بۇخارا شەرىپىنى دەپسەندە قىلغانلىقىنى سۆزلەشكە بولىدۇ. يەنە بىرى، قىزىل پاچاقلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى كوممۇنىزم دېگەن قاباھەت بىر نەرسە ئارقىلىق ھەممىنى بىرلەشتۈرۈش، ھەممىنى ئومۇمنىڭ قىلىش، ھەتتا خوتۇنلارنىمۇ ئومۇمنىڭ قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش كېرەك. بۇنىڭغا مىسال قىلىپ، سوۋېتتىكى كولخوز، سوۋخوز دېگەنلەرنى سۆزلەشكە بولىدۇ. چۈشەندىڭمۇ؟ بۇلار ئەلۋەتتە گەپنىڭ پوسكاللىسى، قالغىنىنى ئۆزۈڭلار توغرىلاڭلار!

— خوپ! ...

قاسىم كاناي ئىرغاڭلاپ چىقىپ كەتتى. ھاپىز جۇيجاڭ يانچۇقىدىن سوۋېتنىڭ «پالمىر» ماركىلىق تاماكىسىدىن بىرنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى، ئاچچىق ئىس ئۇنىڭ ئاغزىدىنمۇ، بۇرنىدىنمۇ پۇرقىراپ چىقتى، ئۇ كۆزلىرىنى ئۇچۇرجەك قىسىپ، بېشى ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن ئىسقا قاراپ خىيالغا چۆمدى ...



# تۆتىنچى باب

## ئىپپەت قۇربانى

خەلق «پۇۋ» دېسە بوران چىقىدۇ.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

كاڭ لۇيجاڭ ئاتمىش ياشقا يېقىنلاشقان بولسىمۇ، تېخى ھاۋايى - ھەۋەستىن قالمىغان ئادەم ئىدى.

بۈگۈن ئۇ چۈشتىن بۇرۇن كونا بىر ئۈلپەتتى بىلەن قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ ماجاڭ ئوينىدى. چۈشتىن كېيىن ئۆزىچە ناخشا ئېيتىپ بىردەم قورۇنى ئايلاندى، بىردەم ئۇزۇن كەسمە قەغەزلەرنى ئالدىغا يېيىۋېلىپ، كوڭزى - مىڭزىنىڭ ئەقىدىلىرىنى خۇش خەتچىلەپ يازدى. كەچكە يېقىن تۇرۇپلا ئويۇن كۆرگۈسى كېلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن مۇھاپىزەتچىسىنى ھاپىز جۈيجاڭنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. جۈيجاڭ شەخسەن ئۆزى سانايىنەپىسەگە بېرىپ جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى، ئارتىس - مۇزىكانتلار ئىختىيارىي ھەرىكەتكە قويۇپ بېرىلگەنىدى، بىردەملىك ئوپۇر - توپۇردىن كېيىن پۈتۈن سانايىنەپىسە تەخ قىلىندى.

ھاپىز جۈيجاڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۈچ ماددىلىق نىزام جاكارلىدى:

1. ئۇلۇغ پىرقىنى، قۇدرەتلىك دۆلەت ئارمىيىسىنى مەدھىيىلەيدىغان نومۇرلاردىن باشقىسىنى سەھنىگە قەتئىي ئېلىپ چىقماسلىق؛
2. پۈتۈن ئويۇندا كاڭ لۇيجاڭنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن

قىلىش؛

3. كاك لۈيجاڭغا ياراپ، ئازراق ئىشارە قىلىنغان ھەرقانداق نومۇرنى قايتا ئورۇنلاش.

ھاپىز جۈيجاك سانايىنەپىسەدىن قايتىپ كېلىپ بىر تۈركۈم ساق-چىلارنى كۈلۈپ ئامانلىقنى قوغداشقا ئورۇنلاشتۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن پوچتىنغا ئولتۇرۇپ كاك لۈيجاڭنىڭ ئالدىغا كەتتى.

ئويۇن سائەت سەككىزدە باشلاندى، قىزىل دۇخاۋا پەردە ئېچىلىش بىلەن سەھنىدە بارلىق ئارتىس - مۇزىكانتلار نامايان بولدى. بىرىنچى نومۇر ئومۇمىي خور ئىدى. مارش ئاھاڭىدىكى ئومۇمىي مۇزىكا بىلەن ئاككوردلۇق ناخشا ئاۋازى زالنى بىر ئالدى. ناخشا ھەربىر ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە ھاپىز جۈيجاك ئالاھىدە بىر خىل نەزەر بىلەن يېنىدىكى كاك لۈيجاڭغا قارايتتى، لېكىن كاك لۈيجاڭدا ھېچقانداق ئىپادە كۆ-رۈنمەيتتى. ئۇ بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تىرەپ، قولىنى قورسىقىنىڭ ئۈستىدە گىرەلەشتۈرۈپ قاڭتايغان پېتى جىممىدە ئول-تۇراتتى. نومۇرلار توختىماي ئالمىشىپ تۇردى، ئانچە - مۇنچە كۆتۈ-رۈلگەن كۈلكە ۋە چاۋاك سادالىرىغا ئەگىشىپ ھاپىز جۈيجاڭنىڭ ھې-لىقىدەك قاراشلىرىمۇ داۋاملىشىۋەردى. كاك لۈيجاك ھەيۋىتىنى بۇزماي ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ پەۋاز قاپاقلىرى ئاستىدىكى ئۈچبۇرجەك قارا كۆز-لىرى بەزىدە بىرھازا يۇمۇلاتتى، بەزىدە تۇيۇقسىز ئېچىلىپ سەھنىگە تىكىلەتتى. ئېلانچىك نۆۋەتتىكى نومۇردا ياش ئارتىسكا رىزۋاننىڭ «تەنەۋۋەر» ئۇسسۇلىنى ئورۇنلايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، كاك لۈيجاك نېمە ئۈچۈندۇر ئىككى يېنىغا قىمدىنىپ ھاپىز جۈيجاڭدىن ئاستا سو-رىدى:

— رىزۋان دېگەن ھېلىقى ئۇسسۇلچى قىز شۇمۇ؟

— خوش، شۇنداق... — ھاپىز جۈيجاك بويۇنلىرىنى سىلىكەت بىلەن ئېغىتتى.

— ھە... ئاڭلىغان، — دېدى كاك لۈيجاك كۆزلىرىنى مۇغەمبەر-لەرچە ئوينىتىپ، — بۇ قىزنى ياخشى ئوينايدۇ، دەيدۇ.

— شۇنداق، ئۇسسۇلچىلارنىڭ كۆزى ...

ئۇلارنىڭ پارىڭى رىزۋاننىڭ سەھنىگە چىقىشى بىلەن ئۈزۈلدى. ھەر ئىككىسىنىڭ مەستخۇش كۆزى سەھنىگە تىكىلدى. يىڭنىچە ئۇستۋاش، كۆز چاقنىدىغان ئۈنچە - مارجانلار رىزۋاننىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىگە تەڭداشسىز ھۆسن قوشۇپ، ئۇنى گويا قۇياش نۇرىدا تولۇق ئېچىلغان لالە گۈلىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى لوھو* قادالغان تەتىللا دوپپا، قاپقارا چېچىدىكى ياقۇت كۆزلۈك كۈمۈش چازا، قۇلىقىغا قىستۇرۇلغان ئالتۇن چېكە گۈل، ئاق ۋە بۇدرۇق بارماقلىرىدىكى پەرلەشتۈرۈپ سېلىنغان زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈكلەر رەڭمۇرەڭ سەھنە چىرىغى بىلەن تېخىمۇ نۇرلىنىپ كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى. رىزۋان شۇ تۇرقىدا ئادەم ئەقلىنى ئەسىر قىلىدىغان گۈزەللىك ئىلاھى ۋېنراغا* ئوخشاپ قالغانىدى ...

كاڭ لۈيجاڭنىڭ بايىقى قىياپىتى بۇزۇلدى. گەۋدىسى ئالدىغا ئېگىلىپ، كۆزى مەست قىلماي سەھنىگە تىكىلدى. رىزۋاننىڭ يېقىملىق، خۇلقلۇق، تەبىئىي ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ۋە شۇنىڭغا ماسلاشقان چىرايلىق قاش - كۆزى، تولۇق، بېجىرىم بوي - تۇرقى ئۇنى باشقىچە خىياللار ئالىمىگە ئېلىپ كەتكەنىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ خىيالىغا ياشلىق دەۋرى چۈشتى. ئۇ كىچىكىدىنلا نەپسىگە ئامراق، ئويۇن - تاماشىغا بېرىلگەن قارام، لېكىن زېرەك ئادەم ئىدى. ئۇ ھەمىشە يار - بۇرادەرلىرىگە : «ياشلار ياۋاش بولماسلىقى كېرەك، شوخ بولمىغان ئادەمنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ » دەيتتى. شۇڭا ئۇ ھەممە يەردە ئۆزىنى چوڭ تۇتاتتى. لېكىن باشقىلار بولسا ئۇنى كۆزگە ئىلماي «سالپاڭ قۇلاق » دەپ كەمستەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ بېشى يوغان، بوينى قىسقا بولغانلىقتىن سالپاڭ قۇلاقلىرى مۈرىسىگە تېگىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇستىخانلىرى يوغان، بەستلىك بولغىنى بىلەن بۇرۇت - ساقالسىز

---

* ئەتىۋار قۇشلارنىڭ پېيى.

** يۇنان رىۋايىتىدىكى مۇھەببەت ئىلاھى، گۈزەل ئايال.

كوسا ئىدى. «قۇلىقى يوغان باي بولىدۇ» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويسا، كوسىلىقىدىن نومۇس قىلاتتى. شۇڭا، يىگىرمە نەچچە ياش ۋاقتىدىلا زەنجىۋىل سۈيىنى پەلكۈش بىلەن ئەتە - ئاخشاملىرى ئېڭەك ۋە ئېغىز چۆرىلىرىگە سۈرتۈپ ساقال چىقىرىشنى ئارزۇ قىلدى، لېكىن قانچە قىلسىمۇ ئۇنىڭغا ساقال - بۇرۇت نېسىپ بولمىدى ...

ئۇ ھەربىيدە تەختكە چىقىشتىن بۇرۇن قاقتى - سوقتى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. تولاراق ئۈرۈمچىدىكى تىجارەتچى، سودىگەرلەر بىلەن ئاپاق - چاپاق ئۆتتى، ئۇلار بىلەن ئەتىدىن - كەچكىچە ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا سۈردى، قىمار ئويناپ چوتار ئالدى، كۆرەڭلىك بىلەن پاھىشىگە پۇل خەجلەپ، نوچىلىق قىلىپ يۈردى. ئۇ يەنە ساختىپەزلىك بىلەن پۇل تېپىش نىيىتىدە قۇرۇق «توپ مال سېتىش سارىيى» ئاچتى. ئۈرۈمچى نەنگۇەن ئەتراپىدا بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ نۇرغۇن ساندۇق ياساتتى، ساندۇقلارغا نومۇر قويدى، ماركا چاپلىدى، ئۈستىگە «خاڭجۇنىڭ ئېسىل تاۋار - دۇردۇن مەھسۇلاتلىرى قاچىلانغان» دېگەن خەتلەرنى يازغۇزدى. شۇنىڭدىن كېيىن خېرىدارلارنى باشلاپ كېلىپ «پالانى كۈنى مالنى ئالسەن» دەپ نۇرغۇن زاكالەت پۇلى ئالدى، ئالدىيۇ، بىر كېچىدىلا يوقاپ كەتتى. خېرىدارلار بەلگىلەنگەن كۈنى سارايغا كېلىپ ئۇنى ئىزدىدى، لېكىن ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالماي كۆڭۈللىرىگە تۈيۈق چۈشتى، ئاخىر سارايۋەنگە ھېلىقى ساندۇقلارنى ئاچقۇزدى، ساندۇقلارنىڭ ھەممىسىگە ئەسكى - تۈسكى لاتا - پۇتىلەر قاچىلانغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلدى، بىراق ئۇ ئاللىقاچان شىئەنگە قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ شىئەندە كونا سەپداشلىرىنىڭ ياردىمى ھەم ئايىماي خەجلىگەن پۇلىنىڭ كۈچى بىلەن ھەربىي سەپكە كىرىپ ناھايىتى تېزلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭدا «ئۆچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلىدى. ئۇزاقتىن بېرى شىنجاڭغا قول سوزۇپ، بۇ يەردىمۇ ئۆز كۈچىنى كۆپەيتىش نىيىتىدە يۈرگەن «غەربىي شىمالنىڭ خانى» خۇ زۇڭنەن دەرھال ئۇنى 9 -

بىرىگادىنىڭ لۈيجاڭلىقىغا تەيىنلەپ شىنجاڭغا ئەۋەتتى ...
كاڭ لۈيجاڭنىڭ ياشلىق سەرگۈزەشتىلىرى كۆڭلىگە بىر شۇم خىيال كەلتۈردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى شەھۋانىي ھەۋەس بىلەن غەلىتە پارقىرايتتى، تىلى خۇددى يىلاننىڭ نەشتىرىدەك ئالدىغا سوزۇلۇپ، قىپى قاچقان كۆكۈچ لەۋلىرى ئۇستىدە ئوينايتتى...
رىزۋان ئۇسسۇلنى تۈگەتتى. سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھۆرمەت سالىمىنى بەردى ۋە قىزغىن چاۋاكلار ئىچىدە تورغاي مېڭىشى بىلەن يورغىلاپ كىرىپ كەتتى. چاۋاك بېسىلمىدى، پەردە تېزلا ئېچىلدى، سەھنىدە يەنە رىزۋان پەيدا بولدى. شۇ چاغ كاڭ لۈيجاڭ يېنىدىكى مۇھاپىزەتچىسىنىڭ قۇلىقىغا بىرنەرسە دېۋىدى، مۇھاپىزەتچى ئارىسالدىلىق بىلەن بىردەمگە تۇرۇپ قالدى، لېكىن كاڭ لۈيجاڭنىڭ تىلى شورلۇق سۆزىگە پالان دېگىلى بولمايتتى، شۇڭا ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىدىن ئۈچ رەت ئارقىدىكى لىيەنجاڭ دەرىجىلىك بىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ بىرنېمىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. كاڭ لۈيجاڭ ئەمدى يېنىدىكى ھاپىز جۈيجاڭغا پىچىرلىدى. ھاپىز جۈيجاڭ ئورنىدىن سەل قوزغالدى، تەكرار باش لىڭشىتتى ۋە ئىتتىك سىرتقا چىقىپ يەنە تېزلا قايتىپ كىردى ...
ئويۇن خېلى كەچ ئاخىرلاشتى. زال بوشىغاندا كاڭ لۈيجاڭ بىلەن ھاپىز جۈيجاڭ قوزغالدى، كاڭ لۈيجاڭنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بىلەن بىر لىيەنجاڭ، بەش ئەسكەر ۋە ئۈچ ساقچى زالدا بۇيرۇق كۈتۈپ قالدى. ئۇلار بىر دەقىقە باش قوشتى، ئارقىدىنلا شەپە چىقارماي زالنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئاياللارنىڭ گىرىمخانىسىغا ئۇسۇپ كىردى. قىز - چوكانلار گىرىملىرىنى يۇيۇپ كىيىم يەڭگۈشلەۋاتاتتى. ئۇلار قىيا - چىيا قىلىشتى، بىر - بىرىگە يېپىشىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئاتتى.
— قورقماڭلار، ئاۋازىڭلارنى چىقارماڭلار، ھېچ گەپ يوق! — دېدى بەنجاڭ دەرىجىلىك بىر ساقچى، — رىزۋاننى لۈيجاڭ جانابلىرى قوبۇل قىلماقچى!
بۇلۇڭ تەرەپتىن تەئەججۈپلۈك ئاۋاز ئاڭلاندى :

— قوبۇل قىلماقچى ؟!
— شۇنداق، قوبۇل قىلماقچى! — دېدى ھېلىقى ساقچى سىپايىگەرلىك بىلەن، — رىزۋاننىڭ ئۇسسۇلى لۇيجاڭ جانابلىرىغا ياراپ قاپتۇ، ئۆزى بىلەن سۆزلەشمەكچى...
رىزۋان بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا چىقىپ ساقچىغا نارازىلىق بىلدۈردى:
— بۇنداق كېچىدە ھېچ يەرگە بارمايمەن، لۇيجاڭنىڭ گېپى بولسا ئەته قىلسۇن! ...
رىزۋاننىڭ كۆڭلى تۇيغان ئىدى، يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدەپ، دىمى سىقىلغاندەك بولدى. بۇنداق تۇيۇقسىز «قوبۇل قىلىش» لار بۇ يەردىكى ئارتىسلار ئۈچۈن ئانچە سىر ئەمەس ئىدى. بەزى ئەمەلدارلارنىڭ نەزىرىدە: «سانايىنەپىسە ئەزەلدىن كۆڭۈل ئېچىش، خۇمارلىقنى باسىدىغان ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ ئۇۋىسى» دەپ قارىلاتتى. شۇڭا ئۇلار خالىغان ۋاقىتتا بۇ يەرگە قول سوزاتتى، خالىغان قىز - جۇۋانلارنى «قوبۇل قىلىپ» تۇراتتى، بۇنداق «ئىلتىپات» راستتىنلا بەزى قىز - چوكانلارنىڭ كۆڭلىگىمۇ ياقاتتى، ئۇلار تېخى ئۆزلىرىنى «پالانى باشلىقنىڭ نەزىرىگە چۈشكەن» دەپ ماختىنىپ كۆرەڭلەيتتى، بۇ يولدا ئۇلار ئاز - تولا پايدا - مەنپەئەتكىمۇ ئېرىشەتتى. لېكىن، بەزى قىز - چوكانلار بۇنداق بىھۇدە «ئىلتىپات» نى قەتئىي رەت قىلىپ، غۇرۇرىنى، نومۇسىنى ساقلاپ قالماقچى بولاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولمايتتى، بەزىلىرى ھەر خىل ئىشلارغا باھانىداپ خىزمەتتىن ھەيدىلەتتى، ھەتتا بەزىلىرى ئوچۇق - ئاشكارا زىيانكەشلىككە ئۇچرايتتى. رىزۋان ئون تۆت يېشىدا ئارتىس بولۇپ ھازىرغىچە ئۆتكەن ئالتە يىللىق ھاياتىدا مانا شۇنداق ئىشلارنى تالاي قېتىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ بوي تارتىپ چوڭايغانسېرى نېمە ئۈچۈندۇر خۇشاللىقى بىلەن قايغۇسىمۇ بىللە چوڭىيىپ باردى، رېئاللىق ئۇنىمۇ ئۆز تەقدىرىدىن ئەنسىرىتىدىغان، ھەتتا خۇدانىڭ ئۆزىنى بۇنداق چىرايلىق يارىتىپ قويغانلىقىغا نارازى بولىدىغان قىلىپ قويى-

دى.

ئۇنىڭ خىيالى قىز - چوكانلارنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن چۇرقىراشقان ئاۋازى بىلەن بۆلۈندى:

— باشلىقنىڭ گېپى بولسا كۈندۈزى قىلسۇن!

— رىزۋاننىڭ ئۇسسۇلىنى بايا كۆردىغۇ! ...

— يېرىم كېچىدە بولىدىغان قانداق قوبۇل قىلىش ئىكەن ئۇ ؟!

ساقچى مىيىقىدا كۈلدى، ئاۋازىمۇ بايىقىدىن قوپاللاشتى:

— لۈيجاڭ جانابلىرىنىڭ ئىلتىپاتى كاتتا، قاچان خالىسا شۇ چاغدا قوبۇل قىلىۋېرىدۇ! بۇ ئىشتا سىلەر چۇرقىراپ ئاۋارە بولماڭلار! قېنى رىزۋان، يۈرۈڭ، ماشىنا ساقلاپ قالدى.

رىزۋان دەسلەپ ئارقىغا داجىدى، كېيىن ئۇسسۇلچىلارغا خاس بىر خىل چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى ئىشىككە ئېتىپ قاچماقچى بولۇۋىدى، لېيەنجاڭنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئىككى ئەسكەرنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇ شۇ چاغدىلا بار ئاۋازى بىلەن «قۇربان!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە تولغاندى، يۇلقۇندى، يەنە ۋارقىرىدى، ساقچى - ئەسكەرلەرنى تىللىدى، قارغىدى، ھەممىسى بىكار كەتتى، بەلكى تېخىمۇ قاتتىق قىسماققا چۈشتى، كىچىككىنە نازۇك جىسمى كۈچلۈك، قوپال قولدا پۈكۈلۈپ قولتۇققا قىسىلدى، ئەسكەر ئۇنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى. شۇ ئەسنادا ئۇ ياقتىكى ئۆيدىن ئەرلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىنى توستى، لېيەنجاڭ دەسلەپ بىرئاز مەڭدىدى، كېيىن تاپانچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەيۋە قىلدى. ساقچى - ئەسكەرلەرمۇ مىلتىقنى چىقىرىپ ئۇلارنىڭ بۇرنىغا تەڭلىدى. يىگىرمە ئۈچ ياشلاردىكى مۇزىكانت قۇربان ھەيۋىگە پىسەنت قىلماي ئالدىغا ئېتىلىپ چىقتى، گىرەلىشىپ تۇرغان ئەسكەر ۋە ساقچىلارنى يېرىپ ئۆتۈپ رىزۋانغا ئېسىلىۋىدى، ئۇزۇنتۇرا بىر ئەسكەر مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن ئۇنىڭ گەجگىسىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇردى، يىگىت دەلدۈگۈنۈپ يىقىلدى، دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئالدىغا بىر كىچىك ماشىنا كەلدى، ھېلىقى يوغان ئەسكەر رىزۋاننى قولتۇقىغا قىسقان پېتى ماشىنىغا ئەكىرىپ كەتتى.

ئەتراپتىكىلەر يەنە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋىدى، ليەنجاڭ تاپانچىسىدىن ئاس-مانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئۈزدى. ئاللا ـ چوقان بېسىقتى، ئەسكەر-لەر مىلتىقنى شاراقشىتىپ قويۇپ بىر ـ بىرلەپ تىكىۋەتتى. ماشىنا تېزلا قوزغالدى، ئارتىسلار قىيا ـ چىيا قىلىشىپ قالدى، ھەر خىل تىللاش، قارغاشلار ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى بىلەن ئارى-لىشىپ كەتتى. قۇربان يەر تىرەپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇزاپ كېتىۋاتـ-قان ماشىنىغا بىرپەس تىكىلدى، كېيىن ئاجايىپ بىر تەلۋە كۈچ بىلەن ماشىنىنى قوغلاپ كەتتى ...

2

قۇربان ئەتىسى ئەتىگەندە چوڭ رەستىدە پەيدا بولۇپ قالدى. كى-شىلەر ئۇنىڭغا ھەيرانلىق، قىزىقىش ۋە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ پۇلتايغان كۆزلىرىدىن بىر خىل مەجنۇنلۇق، خۇدرەيلىك ۋە ئاللىقانداق بىر خىل غالجىرلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ياقىسىنى يىرتـ-قان، كىيىم ـ كېچەكلىرى سالپا ـ سۇلپاڭ، مىڭىش ـ تۇرۇشى ئېگىز ـ پەس ئىدى. ئۇ ھەسرەت ۋە نادامەت بىلەن بىرلا گەپنى تەكرارلايتتى: «ئاتتى! ... ئۆلدى!... ئاتتى!... ئۆلدى! ... »

ئۇ رەستىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يىقىلىپ قالدى، ئۇستى ـ ئۇس-تىلەپ كەلگەن روھىي ۋە جىسمانىي ئازاب ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزگە-نىدى. بىر دۇكاندار ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ دۇكانغا ئەكەلدى، ئىسسىق چاي ئىچكۈزدى...

چۈشكە يېقىن شۇم خەۋەر تارقالدى، رىزۋان ئۆلگەنىدى. بۇ ئىش توغرىسىدا شەھەردە بىردەمدىلا گۇر ـ گۇر گەپ بولۇپ كەتتى.

قۇتلۇق ئەپەندى «كۈرەش» تەشكىلاتىنىڭ يىگىرمە نەچچە ئەزا-سىنى تۈمەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بىر تاللىقتا چاقماق تېزلىكىدە يىغدى. ھەممەيلەننىڭ كەيپىياتى جىددىي، قېنى قىزىق ئىدى.

قۇتلۇق ئەپەندى قىسقا ۋە ئاددىيلا سۆزلىدى :

— سەپداشلار، تونۇلغان كىچە شەھىرىمىزدە يۈز بەرگەن ۋەقە ھەممە ئادەمنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى، كىشلەر ھازىر ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكىدىن ئەنسىرىمەكتە. قۇربان تەشكىلىمىزنىڭ ياش ئەزاسى ئىدى. ئۇ رىزۋان بىلەن يېقىندا توي قىلىشنى پۈتۈشكەن. ئۇلارنىڭ تەقدىرى بىر كېچىدىلا ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. بىرى ئېپپەت ـ نومۇسنى قوغداش يولىدا قۇربان بولدى، يەنە بىرى زوراۋانلىقنىڭ مۇدھىش زەربىسىدىن ساراڭ بولۇپ كەتتى. ئەمدى بىزنىڭ ۋەزىپىمىز نېمە؟ — قۇتلۇق ئەپەندى جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى، — ئەمدى بىز پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي، داۋالغۇپ تۇرغان خەلقنى قوزغىشىمىز كېرەك! بىز مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ ئىككى باش بولۇپ ئىشقا كىرىشىمىز : بىر باش ئەتىكى بازار كۈنىگە ئۈلگۈرتۈپ «تاڭ نۇرى» گېزىتىنىڭ ئىككىنچى سانىنى چىقىرىدۇ، بۇنىڭغا رىشىت ھەمزى بىلەن بەختى مەسئۇل بولىدۇ؛ يەنە بىر باش رىزۋانىنىڭ جەسىتىنى تېپىپ، نامايىشقا تەييارلىق قىلىدۇ، بۇنىڭغا مەن بىلەن تۇدى راجى مەسئۇل!...

يىغىن تارقالدى، ھەممەيلەن جىددىي ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. قۇتلۇق ئەپەندى سانايىنەپىسەدىكى ئارتىسلار بىلەن بىرلىشىپ رىزۋانىنىڭ جەسىتىنى تېپىش ئۈچۈن ئىزچىلىق قىلدى. «تاڭ نۇرى» گېزىتىدە ئىشلەيدىغانلارمۇ شۇ كېچە كىرپىك قاقمىدى. ئەتىسى بازار كۈنى ئىدى، كۈن بىلەن تەڭ بازار قىزىپ كەتتى، تۆت دەرۋازىدىن كەلگۈندەك كىرىۋاتقان بازارچىلار شەھەردە ئادەم دېڭىزى شەكىللەندۈردى، ھېيتگاھنىڭ شىمال تەرىپىدىكى سەرراپ بازىرى راسا قىزىغان بىر ۋاقىتتا، بەختى سىبرىق «تاڭ نۇرى» گېزىتىنىڭ تېخى ھېلىلا مەتبەئەدىن چىققان ئىككىنچى سانىنى بازارنىڭ بىر چېتىدىكى ئۆرە تاختىغا چاپلىدى، كىشلەر گۈررىدە ئولاشتى، ساۋاتلىقلار ئۈنلۈك ئوقۇدى، غاڭ ـ غۇڭ تولغان بازار بىرپەس شىپپىدە توختىدى، ھەممەيلەننىڭ دىققىتى گېزىتتە ئىدى.

بىرىنچى بەتتىكى «قانغا قان!» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان ئۇزۇن ماقالە
كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى، ماقالە رىزۋاننىڭ ئىچىنىشلىق ئۆ-
لۈمى توغرىسىدا ئىدى. «خەنجەر» تەخەللۇسلۇق مۇئەللىپ ماقالىنى
ناھايىتى تەسىرلىك ھەم ئۆتكۈر يازغانىدى، ئۇنىڭ ھەربىر قۇرى گو-
يا يىلىنجاۋاتقان چوغ ۋە گۈلدۈرلەۋاتقان چېقىندەك كىشىلەرنىڭ
ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ماقالىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئوت-
تۇرا ياشلاردىكى كادىر سۆپەت بىر ئادەم تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇ-
غاندا كىشىلەر ئىختىيارسىز تەۋرەپ ئۈنسىز قاينام ھاسىل قىلدى:
«... خەلقىنىڭ كۆز يېشى دەۋردىن دەۋرگە ئېقىپ كەلمەكتە! تۇم-
شۇقىدىن قان يۇراپ تۇرىدىغان چىلبۆرىلەر بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ
كەتتى. ئاھ، مىللىتىم! كۆلپەت ئىچىدە قالغان ئانا يۇرتۇم! شانلىق تا-
رىخىڭنى، نۇرلۇق ئىقبالىڭنى دەپ سانسىز باتۇرلار ئۆز ھاياتىدىن ئاي-
رىلدى، ئۇلۇغۋار ئىشلىرىڭ ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن سادىق ئوغۇل –
قىزلىرىڭ ئۆز ھاياتىنى بېغىشلايدۇ! مۇدھىش جازا مەيدانلىرى خەلق
ئۈچۈن كۆرەش قىلغان باتۇرلارنىڭ جېنىغا زامىن بولماقتا! زەن-
جىر – كىشەنلەر ئەركىنلىك قاناتلىرىنى بوغماقتا! قاراڭغۇ زۇلمەت
يارامىلىق ئەزىمەتلەرنى يۇتماقتا! ياۋۇزلۇقتىن قولىنى تارتمىغانلار ئا-
خىر ئۆز جازىسىنى تاپىدۇ، ئادەم چىداپ تۇرالمايدىغان قاڭسىق قان
پۇراقلىرىنى قانخورلار ئاخىر ئۆز قېنى بىلەن تازىلايدۇ! كېسىلگەن
باشلار بەدىلىگە ئەركىن – ئازادلىقنىڭ ئالتۇن مۇنارىنى تىكلەيمىز!
ئىسسىق قېنىمىز بىلەن بايرىقىمىزنى بوياپ ئەبەدىلئەبەد لەپىلدىتىمىز!
ئەي، خورلانغان، ئەركسىز خەلقىم، كېلىڭلار، بىرلىكتە ئۈنلۈك
ئوقۇيلى:

ھەرە كېزەر چېچەك ئىمەر،
قۇشلار ئۇچار بىر يەم تاپار.
ئورمان يېشىل رەڭگە كىرەر،
ھەر تەرەپتە چېلىشماق بار.
كەلسە باھار سوغۇق قاچار،

سۇلار ئېقىپ گۈللەر ئاچار.
ھەر كىمسە بىر مەقسەت تاپار،
ھەر تەرەپتە چېلىشماق بار!»

ھېلىقى ئادەم ماقالىنى دولقۇنلۇق، ھاياجانلىق ۋە تەسىرلىك ئاۋازدا ئوقۇپ بەردى، خىيالچان كۆزلىرىنى كىشلەرگە تىكىپ سۈكۈت ئىـ-چىدە بىرھازا تۇردى، كېيىن گېزىتنىڭ ئىككىنچى بېتىدىكى رامكا ئىچىگە ئېلىپ ئالاھىدە زىننەت بىلەن يېزىلغان داموللا ئابدۇقادىر كاشغىرىنىڭ تۆۋەندىكى ھېكمەتلىك سۆزىنى ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىـ-چىدە ئېنىق تەلەپپۇز بىلەن ئوقۇدى:

«سوئال: ئىززەت ـ ئابرۇي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟
جاۋاب: ئىلىم ـ مەرىپەت، ئىتتىپاق بىلەن بولۇر.
سوئال: مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا بائىس نېمىدۇر؟
جاۋاب: ئىككى نەرسىدۇر. بىرى، جاھىل ۋە نادانلىق؛ يەنە بىرى، تەپرىقە ۋە ئىختىلاپتۇر.»

كىشلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، سەرراپ بازىرىدا سودا ـ سېتىق ئاساسەن توختىغانىدى. ھېيتگاھنىڭ چەت ـ چۆرىلىرىدىكى تىجا-رەتچى، ھۈنەرۋەن، بازارچىلارمۇ بۇ تەرەپكە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى، ئەمدى بىر ئادەمنىڭ ئۈنلۈك ئوقۇشى كىشلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرال-مىدى. بەختى سېرىق دەرھال كىشلەر ئارىسىدا شۇڭغۇپ يۈرۈپ قويىندىكى گېزىتنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن تارقىتىۋەتتى. دەل شۇ چاغدا قاسىم كاناي بىلەن ئاۋۇت ئاق تۇمشۇق سەرراپ بازىرىدا پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ قولتۇقىدا گومىنداڭ شەنداڭبۇسىدىكى چىـ-قارغان «خەلق ئىستىكى» ناملىق تەشۋىقات گېزىتىدىن بىر باغلامدىن بار ئىدى. قاسىم كاناي بايىقى «تاڭ نۇرى» گېزىتى چاپلانغان ئۆرە تاختىنىڭ يېنىغا كەلدى. تەۋرەپ تۇرغان كىشلەر توپى ئۇنىڭغا سو-

ئال نەزىرىدە تىكىلدى. قاسىم كاناي ئېگىزرەك بىر يەرگە چىقىپ يۇ-
غان ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:
— خالايىق! قىزىل پاچاقلارنىڭ تەشۋىقاتىغا ئىشەنمەڭلار! ئۇلار
ئىسلام دىنىغا قارشى، ئۇلارنىڭ غەرىزى ئەمەلگە ئاشسا مەسچىتلەرنى
چېقىپ، موللا - ئۆلىمالارنى دارغا ئاسىدۇ! «تاڭ نۇرى» گېزىتى قا-
نۇنسىز، پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە
قىلماقتا! مانا بۇ گېزىت ھەقىقىي ھالدا خەلقنىڭ ئاۋازىنى، خەلقنىڭ
ئىستىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن! ... — ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەن-
دە، ئاۋۇت ئاق تۇمشۇق قولتۇقىدىكى گېزىتتىن بىرنى سۇغۇرۇپ
«تاڭ نۇرى» گېزىتىنىڭ ئۈستىگىلا چاپلىدى، خەلق ئىچىدە غۇ-
دۇراش، نارازىلىق ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى. شۇ ئەسنادا بەختى سېرىق
قەيەردىندۇر سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ قاسىم كانايغا دېۋەيلەپ كەلدى. ئۇ
ئىككىسى ئۆز ۋاقتىدا بىر مەكتەپتە ئىشلەيدىغان كونا تونۇشلاردىن
ئىدى، ئۇلارنىڭ مەكتىپى تارقىتىلغاندىن كېيىن قاسىم كاناي دەسلەپ
يوشۇرۇن، كېيىن ئاشكارا ھالدا ساقچى ئىدارىسىگە باغلىنىپ كەتكە-
نىدى.
— ھەي، قاسىم! «تاڭ نۇرى» گېزىتى سېنىڭ نېمەڭگە پۇتلاش-
تى؟! — دېدى بەختى سېرىق دەرغەزەپ بولۇپ، — ئۇنىڭدا يېزىل-
غانلارنىڭ نېمىسى يامانكەن؟!
قاسىم كانايمۇ ئۇنىڭغا ھۈرپەيدى:
— بەختى، سەن ھوشۇڭنى تېپىپ يۈر، سېنىڭ ھازىر چېلىۋاتقى-
نىڭ قىزىل پاچاقلارنىڭ دۇمبىقى! ...
ئاۋۇت ئاق تۇمشۇقمۇ مەيدىسىنى كەردى:
— سەن پىتنە - پاسات تېرىپ خەلقنى ئازدۇرۇۋاتىسەن! مانا ماۋۇ
پىرقىمىز نامىدىن چىقىۋاتقان گېزىت خەلقنى ھەقىقىي يولغا باشلاي-
دۇ!
— سەنلەرنىڭ خەلق دېگىنىڭ زادى كىم؟! — بەختى سېرىق
تېخىمۇ كۆپۈپ بىر چامدام ئالدىغا كەلدى، - سەنلەرنىڭ كىچە -

كۈندۈز ئويلايدىغىنىڭ خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراش، خەلقنى دەپسەندە قىلىش! يەنە تېخى تارتماي «خەلقنىڭ ئاۋازىيەي»، «خەلقنىڭ ئىستىكىيەي» دېيىشىۋاتىسەن! «تۆھمەتنىڭ كۆزى يوق، مۇتتەھەمنىڭ يۈزى» دېگەندەك، سەنلەردە كۆزمۇ، يۈزمۇ يوق!

قاسىم كاناي چىچاڭشىدى:

— بەختى، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، بولمىسا، ئوتتۇز ئىككى چىشىڭنى ئالقىنىڭدا كۆرىسەن!

ئاۋۇت ئاق تۇمشۇق قولىنى شىلتىدى:

— ھەي سېرىق كۈچۈك، كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىڭنى بىلىۋاتامسەن؟! ...

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ يېرىمى ئاغزىدا قالدى، بەختىنىڭ تۈگۈلۈپ تۇرۇپ ئاتقان ئېپىق شاپىلىقىدەك بىر مۇشتىدىن سەنتۈرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىشىۋەتتى. بەختىنىڭ بويى پاكار، جۇغى كىچىك بولغىنى بىلەن قىزىلمۇچتەك ئاچچىقى بار ئىدى. ئۇ يەنە ئۇرۇشقا تەييارلاندى، ئەتراپتىكى كىشىلەرمۇ يوپۇرۇلۇپ كەلدى، قاسىم كانايىنىڭ چىرايى تاتاردى، يانپىشىدىن دەرھال تاپانچىسىنى سۇغۇردى، ئاۋۇت ئاق تۇمشۇق ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋالدى. ئەگەر شۇ چاغدا يارباغ دەرۋازىسى تەرەپتىن كىرىۋاتقان نامايىشچىلار قوشۇنى يېتىپ كەلمىگەن بولسا، غەزەپلەنگەن كىشىلەر قاسىم كاناي بىلەن ئاۋۇت ئاق تۇمشۇقنى ئۇرۇپ تەڭلىگۈش قىلىۋەتكەن بولاتتى. نامايىشچىلار سەرراپ بازىرىدىكى كىشىلەر توپىنى ئۆزىگە يۈگۈۋالدى، قاسىم كاناي بىلەن ئاۋۇت ئاق تۇمشۇق بۇ كاتتا مالىماندىن پايدىلىنىپ غىپپىدە تىكىۋەتتى. نامايىشچىلارنىڭ ئالدىنقى قاتارى رىزۋاننىڭ زەمبىلگە سېلىنغان جەسىتىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، قۇربان جەسەتنىڭ يېنىدا مەجنۇنلارچە يىغلاپ، ۋارقىراپ، ھۆركىرەپ كېلىۋاتاتتى. خەلق ئۈزۈلمەي شوئار توۋلايتتى، ئۇلارنىڭ «قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز!»، «بىزگە ئەركىنلىك كېرەك!»، «باراۋەرلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!» دېگەن ياڭراق ئاۋازلىرى كوچا، رەستىلەردە

زىلزىلە پەيدا قىلدى ...

نامايىشچىلار ھەربىر قەدەمدە خۇددى قىشتىكى قار دۆۋىسىدەك چوڭىيىپ، كۆپىيىپ باراتتى؛ چىقىش يولى تاپالماي قالغان ناتىۋان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، سەيسە - ھاشار، باج - سېلىق دەردىدە جېنىدىن جاق تويغان جاپاكەش دېھقانلار، نان ئۈچۈن پۇت - قولىغا قاداق چۈشكەن شۇم تەلەي ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ۋە تىرىكچىلىك كويىدا مۈكچىيىپ كەتكەن مىسكىن شەھەر ئاھالىسى بۇ ئۇلۇغ ئېقىمغا ئارقىمۇئارقا قوشۇلۇپ كەتتى ...

«خەلق ‹يۇۋ› دېسە بوران چىقىدۇ» دېگەن گەپ راست ئىكەن. سەپ - سەپ بويىچە تەۋرەپ، دولقۇنلىنىپ كېتىۋاتقان نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ تىنىقى بىلەنلا شەھەر ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانمۇ شەھەر ئاسمىنىدا گويا كۈن نۇرىنى توسۇغۇدەك قېلىن بىر قەۋەت تۇمانغا ئايلاندى ...

نامايىشچىلار ھېيتگاھنى بىر ئايلىنىپ داۋتەي يامۇلغا قاراپ يول ئالغاندا ۋاقىت چۈشتىن ئۆتكەنىدى.

3

شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قاراڭغۇ رەستىدە ئادەملەر شالاڭ ئىدى. دۇكانلارنىڭمۇ، خېرىدارلارنىڭمۇ كۆپ قىسمى نامايىشقا قوشۇلۇپ كەتكەن، پەقەت رەستىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «تاياجى شىركەت» دېگەننىڭ ئازادە دۇكىنىدا سەللىلىك ئىككى ئاخۇنۇم بەھۇزۇر ئولتۇراتتى. ئۇلار گۈللۈك مەرۇزە سېلىنغان پۇكەيدە چازا قۇرۇپ، لاچىندانە بىلەن قەلەمپۇردا دەملەنگەن پۇراقلىق چاينى نىكۇلاينىڭ ئالتۇن ھەللىك پىيالىلىرىگە قۇيۇپ، «خوش - خوش» بىلەن ئىچەتتى. ئۇڭ تەرەپتىكى كىشىنىڭ ئىسمى سەيداجىسىم ئىدى. بېشىغا كىچىككىنە داكا سەللە ئوراپ، ئۇچىسىغا يوللۇق ئاق پاكچۇدىن ئاددىيلا يەكتەك كىيىۋالغان بۇ ئادەم كىچىك ۋاقتىدىلا خانلىق مەدرىسىدە ئو-

قۇپ، ئۇن ئالتە يېشىدا مۇرەتتەپ قارىي بولغان، 1907 ـ يىلى دادىسى ساتتار ھاجىم بىلەن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان ۋە شۇ سەپەردە بۇخارادا قېلىپ، شۇ زاماننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتاقلىق بىلىم يۇرتى كوكولداش مەدرىسىدە ئۈچ يىل ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى. بىرلا قارىغان كىشىگە ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى يېقىمسىز كۆرۈنەتتى، پىستە كۆزلىرىگە سىلىشتۇرما قىلغاندەك يوغان بۇرنى گويا قارامتۇل، سوزۇنچاق، جۇدەڭگۈ يۈزىگە چاپلاپ قويغان بىر كېسىم ھېسپىتەك تۇراتتى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا دىردىيىپ تۇرغان قوناقتەك سۆگەل بۇرنىنى تېخىمۇ كۆپتۈرۈپ كۆرۈمسىز قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ھېيتگاھ جامەدە مۇدەررىسلىك قىلاتتى.

سول تەرەپتە ئولتۇرغىنى دانىش ئىمام ئىدى. ئۇ ياش جەھەتتە سەيداجىم بىلەن تەڭ بولسىمۇ، ھەرىكىتى كالانپاي، گۆشلۈك يۈزى قىزغۇچ سەۋزە رەڭلىك، بېشىغا يوغان مىسقالداكا سەللە ئورىغان، ئۇچىغا چىرمان يوللۇق بەقەسەم تون كىيگەنىدى.

دانىش ئىمام قولىدىكى پىيالىنى پەتنۇسقا قويدى. بېشىنى ئېگىپ كۆزىنى يۇمدى، نىمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ پۇشۇلدىدى. بىرھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى، چۆرىسى پاختىلاشقان خۇنۈك كۆزلىرى لەپپىدە ئېچىلدى.

— ئەلھەزەر، مۇستاپا، — دېدى ئۇ ئېغىز ئېچىپ، — سەيداجىم، ئۆزلىرى قانداق قارايلىكىن، ھازىر كىشىلەر نامازدىن قېچىپ، ئەھكامدىن چەتنەپ بەتخۇيلۇققا بېرىلىپ كەتتى. ئازابقا قاراپ ماڭغانلار كۆپىيىپ، ساۋابقا قاراپ ماڭغانلار ئازىيىۋاتىدۇ. ئەلھەزەر، مۇستاپا، بۇ ئۆزى زامانە ئاخىرىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىڭ بىشارىتى ئەمەسمىكىن! ... مانا قارىسىلا، بۈگۈنكى بۇ مالىمانچىلىق ئاللانىڭ ئىرادىسىگە، تەقدىرىنىڭ ھۆكمىگە قىلىنغان مۇخالىپلىق، بەتخۇيلۇق ئەمەسمۇ؟! ...

سەيداجىم گەپنىڭ نىمە ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ بىرئاز ئويلاندى، كېيىن كۆڭلىدىكىنى يوشۇرمايلا ئوچۇق ئېيتىۋەردى:

— تەقسىر، ئالدىلىرىدا ئۆزرىلىكمەن. مېنىڭچە، بۇگۈنكى ئىش توغرىسىدا ئالدىراپ بىرنەرسە دېيىش تەس! «كېيىمىڭگە ئوت تۇتاشسا ئۆزۈڭنى سۇغا تاشلا» دېگەن گەپ بار. ئوتنى خەق تۇتاشتۇردى، كۆيگۈچىلەر ئۆزىنى سۇغا تاشلىماي قاراپ تۇرامدۇ - دە! قانغا قان، جانغا جان ئېلىشنى ئاللامۇ، روسۇلۇللامۇ راۋا كۆرىدۇ.

— ئەلھەزەر، مۇستاپا، — دانىش ئىمام بىلىكىگە يۆگىۋالغان كەھرىۋا تەسۋىنى قولىغا ئېلىپ تېز - تېز سىيرىدى، — ئادەم دېگەننىڭ بۇ دۇنيادىكى ئۆمرى يازدىكى باراڭ، كۈزدىكى غازاڭدەكلا ئىش! بىز بۇ دۇنياغا مۇساپىر، تەقسىر، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئۇ دۇنيا! ئەلھەزەر مۇستاپا، ھەربىر مۆمىن بەندە ئۆزىنىڭ ئۇ دۇنيالىقىنى ئويلىشى كېرەك - دە!

— شۇنداق، ئىمام ئاخۇنۇم، — دېدى سەيداجىم ئېغىر - بېسىق، ئەمما كىنايە ئارىلاش قىرلىق تەلەپپۇزدا، — بەرھەق شۇنداق. بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ياشاش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ياخشى نام قالدۇرۇش ئۇلۇغ سائادەت. ئادەم تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ سۆزى، ئىشى ئۆلمەيدۇ، ئۆزى ئالەمدىن ئۆتسىمۇ، ئىنساننىڭ نامى مەڭگۈ قالىدۇ! — سەيداجىم پىيالىلارنى دەستىلىدى، چەينەكنى پۇكەي يېنىدىكى تەكچىگە ئالدى، ئاندىن يەكتىز بولۇپ ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن سىلىگە ئېيتسام، تەقسىر، بۇ زاماننىڭ ئىشلىرى غەلىتە بولۇۋاتىدۇ. جانابى نەۋائىينىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» دىۋانىدىكى:

«ئولكى چېكىپ نەغمەئى دىلكەش ھەزار،
كۈل ئىچىدە گۈلخانىيۇ خارۇ زار»

دېگەن نەزمىنى ئۆزلىرىمۇ ئوقۇغان بولغىيتىله. مېنىڭچە، بۇنىڭغا مەنە ئېيتىشقا توغرا كەلسە ناھايىتى ئېنىقكى، ئاللاتائالا دۇنيانى ياراتقاندىن بېرى ئالىملار خار، جاھىللار ئەزىز بولۇپ كەلدى، بۇ جاھان زۇلۇمنى

پسەنت قىلىدۇ، ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن مېۋىلەر تۇپراقـقا چۈشۈپ كېـ.
تىدۇ، مېۋىسىز قۇرۇق پۇتاقلار بولسا باشلىرىنى گىدەيتىــپ يۇقىرىــدا
تۇرىدۇ، رەزىل كىشىلەرگە ھۆرمەت ۋە مەنسەپ بېرىلىدۇ، بىلىم ئـەھـ.
لىلىرى بولسا مۇشەققەت ئىچىدە قىينىلىدۇ. تاشلار تاغنىڭ ئۈستىدە،
قىممەت باھالىق خەزىنىلەر بولسا تۇپراقنىڭ ئاستىدا بولىدۇ ... كىـمـ.
كى لەئەل ـ ياقۇتنەك پاكىز بولسا پالاكەتلەر تېغـىنىڭ ئاسـتىدا جاپـا
تارتـماقتا، كـىمنىـڭ ئەسلىـي زاتى ۋە ئاياغ قـەدەملىرى يـامان بولسـا
شاھلارنىڭ تاجى ۋە تاۋۇشلىرى ياڭلىغ ھۆرمەتلەنمـەكتە. قايـسىبىـر
قۇل توغرا ۋە تازا سۆزلىسە، ئۇنىڭ بوينىغا تۇتىيالارغا ئوخشاش كـىـ.
شەن سېلىنىدۇ... مەخلۇقلارنىڭ كۆكرەك ـ بېغىـرلىرىنـى يارماقنـى
ئۆزىگە ھۈنەر قىلىپ ئالغان يىرتقۇچ قۇشلارنى پادىشاھلار ئەتىۋارلاپ
ئوۋغا ئېلىپ چىقىدۇ، ئەمما دىلكەش كۈيلەرگە سايرايدىغان بۇلبۇللار
بولسا گۈللەر قوينىدا خار ـ زار بولۇپ قالماقتا، ئۆرتەنمەكتە ... مانـا
قارىسىلا، بۇ نېمىدېگەن سارتاپا كىنايىلار ـ ھە! شۇنداق، ئىمام ئاخۇ.
نۇم، مەن سىلىگە ئېيتسام، ھازىـر قېچىـرلار بەيگىـگە چۈشۈپ، تـو.
كۇرلار ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولۇپ قالدى! ـــ سەيداجىم ماش گـۈ.
رۈچ ساقىلىنى بىر ـ ئىككى سىيپاپ، سۆھبەتدىشىنىڭ چىرايىغا كـۆ.
زىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ سۆزدىن توختىدى.
دانىش ئىمامنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، ئۆسكىلەڭ قـاشلىرى لـىكىلـدى.
دى، چىرايىمۇ بىر ئاقىرىپ، بىر تاتاردى، ئۇ بىرنەرسە دېيىش ئۈچۈن
ئاغزىـنى ئـۆمـەلـلـىـدىيۇ، لــېكىـــن يەنە نـېمە ئۈچـۈندۇر «ئەلھـەزەر،
مۇستاپا ... ئەلھەزەر، مۇستاپا!» دېگىنىچە ئاچچىق يـۇتۇپ شۈكلـەپ
قالدى ...
بۈگۈن شەھەرنىڭ كوچا ـ كوچىسى، رەستـە ـ رەستىسـى، دوقـ.
مۇش ـ دوقمۇشى ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇھاكىمە، مۇ.
نازىرە، كۆزقاراش ۋە ئەقىدە ـ ئېتىقادى بىلەن جانـلىنىـپ كەتكەنـىـ.
دى:
ـــ نېمىدېگەن بېشى چوڭلۇق بۇ؟!

— بىشى چوڭلارغا ئاپىرىن!
— دوپپىچىنىڭمۇ ئەندىزى بولىدۇ ...
— ھۆكۈمەتنىڭ سىياستى! ...
— قۇرۇسۇن ئۇنداق سىياسەت!
— ئاستا ...
— ئىش تەۋرەتكەنلەر بىرنەچچە زۇۋانداز ئەپەندىلەر ئىكەن ...
— يىگىتنىڭ خۇۋەيىنسى ئىكەن.
— ئۇلارغا ئەگەشسەك زىيان يوق ...
— ئۇلار بىزنىڭ پەخرىمىز! ...
— تىنچ ! ...

ھەر خىل رەختلەردىن ئۇزۇن - قىسقا، ساڭگىل - سۇڭگۇل كىيىم كىيگەن ئون نەچچە مەھبۇسمۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدى. ئۇلار يار-باغ دەرۋازىسىدىن كىرىپ ھىيتگاھقا كەلگەندە نامايىشچىلار قوشۇنى تەرىپىدىن توسىلىپ، بىر بۇلۇڭغا قاپسىلىپ قالغانىدى. ئۇلارنى ئالتە بۇرجەكلىك تۆرمىنىڭ ياش گۇندىپىيى ۋاڭ دەيدەي سىرتقا ئەمگەك-كە ئېلىپ چىققانىدى. باتۇق يوغان كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ ۋاڭ دەيدەيىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ھازىر بۇ ئىككىسى ئېچىل سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدى. باتۇق بۇرۇنقىدىن سەل جۇدەپ قالغان بولسىمۇ، بېجىرىم كۆرۈنەتتى. ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن بولسا كېرەك، قارىداپ قالغان يۈزىدە چالپاق - چالپاق داغلار پەيدا بولغانىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەكلا يېنىپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرى تۆت ئەتراپىدا پەيدا بولغان بۇ ئاجايىپ مەنزىرىگە قاراپ تېخىمۇ چاقناپ كەتتى. ئۇ كۆز ئالدىدا تەۋرىنىپ، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ھەددى - ھېسابسىز ئادەملەرنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشتىن ھەيران قالدى، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى قەيسەر، سۆزلىرى مەردانە ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ كىيىدەك يۈرگەن ئىشپىيون، پايلاقچىلارغىمۇ پىسەنت قىلمايتتى، بەلكى ئۇلارنى كۆرگەندە ئاۋازلى-رىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جاندىن ئۆتكۈدەك گەپلەر بىلەن

دارىتمىلايتتى. شۇ ئارىلىقتا، باتۇق دوتەي يامۇل تەرەپتىن ئىغىرمۇ ـ ئىغىر يىتىپ كەلگەن مۇنداق بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدى :
ــ ۋەكىل كىرىدىغان بوپتۇ …
ــ هۆكۈمەت بىلەن سۆهبەت ئۆتكۈزىدىكەن …
ــ قۇتلۇق دىگەن ئەپەندى ۋەكىللەرگە باش بولغۇدەك …
ــ ياخشى بوپتۇ!
ــ قانداق نىمە ئۇ ؟
ــ قالتىس يىگىت ـ دە!
ــ بۇگۈنكى ئىشنىڭ بىشى شۇ …
ــ زوۋۋانىڭنى پەس قىل!
ــ ئەتراپىڭغا قارا !
قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باتۇقنىڭ دىلى سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ ھەمىشە قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن پەخىرلىنەتتى، ئۇنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر روهىي مەدەتكارى هىسابلايتتى. ئۇنىڭ ئەقىدىسى، بىلىمى، قەيسەرلىكى، غەيرىتى باتۇق ئۈچۈن مۇقەددەس بىر تۇمار ئىدى. ئۇ مانا شۇ تۇمار بىلەن مەهبۇسلۇق هاياتىدىكى هەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە پىشكەللىكلەرنى مەردانىلىك بىلەن يىڭىپ كىتىۋاتاتتى. باتۇق شۇ تاپتا قۇتلۇق ئەپەندىنى ئىچ ـ ئىچىدىن سىغىنغانلىقىنى تىخىمۇ چوڭقۇر هىس قىلدى. ئۇنى قۇچاقلىغۇسى، سۆيگۈسى كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن ئازادە سىرداشقۇسى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى سورىغۇسى، بىلگۈسى كەلدى. لىكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ مەهبۇسلۇقىنى، تۆت قەدەم يەرگە خالىغانچە ماڭالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرىكى پۇچۇلاندى. ئۇنىڭ كاللىسىغا هەر خىل خىياللار كەلدى، قىچىپ كەتمەكچى بولدى، نامايىشچىلارغا قوشۇلۇپ قۇتلۇق ئەپەندىنى تاپماقچى، ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك هەمراھ بولماقچى بولدى، لىكىن يەنە ئويلاپ قالدى : ئۇ قىچىپ كەتسە ۋاڭ دەيدەي قانداق قىلىدۇ ؟! دادىسى ئۇرۇشتا ئۆلگەن، ئۆزى مەجبۇرىي ساقچىلىقتا تۇتۇلۇپ، قىرى ئانىسى يالغۇز قالغان يۈرىكى زىدە ياش يىگىت بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ هۆددىسىدىن قانداق

چىقىدۇ ؟! ...

باتۇقنىڭ بېشى چىڭقالدى، تومۇرلىرىدىكى قان شۇۋۇلداپ ئاقتى، ئۇ مۇشۇنداق تۇرۇۋەرسە ئۆزىنىڭ ئىش تېرىپ قويىدىغانلىقىنى سېزىپ ۋاڭ دەيدەينى نوقىدى :

ـــ ماڭايلى، بۇ يەردىن تېززەك كېتەيلى ...

ۋاڭ دەيدەي تۆت تەرىپىگە قاراپ مۇرىسىنى قىستى :

ـــ قانداق ماڭىسەن ؟ ئۆتكىلى بولمايدۇ، باتۇق، بۇنداق قىستاڭچىلىقتا بىر ـ ئىككىسى قېچىپ كەتسە قانداق قىلىمەن ؟!

باتۇق ئۈنى تىنچلاندۇردى :

ـــ ئەنسىرىمە، يان كوچىدىكى يوللار ئارقىلىق چىقىپ كېتەيلى، مەن ساڭا ياردەملىشىمەن!

ۋاڭ دەيدەي كۆندى، مەھبۇسلارنى تام يېنىدىكى بوشلۇقلاردىن ئۆتكۈزۈپ، ساق ـ سالامەت يان كوچىغا كىرىپ كەتتى.

4

بايىقى خەۋەر راست بولۇپ چىقتى. نامايىشنىڭ كۆلىمى، ھەيۋىتى ھۆكۈمەت دائىرلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇلار ھەربىي ۋە ساقچى ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇزاق مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن مەسىلىنى سۆھبەت، كېلىشىم ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولۇپ، نامايىشچىلار قوشۇنىدىن بەش نەپەر ۋەكىل كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. نامايىشچىلار بىرمەھەل غۇلغۇلا قىلىشقاندىن كېيىن قۇتلۇق ئەپەندىنى بەش ۋەكىلنىڭ بېشى قىلىپ سايلىدى، قالغان تۆتى تىجارەتچى، كاسىپ، دېھقان ۋە ئارتىسلار ئىچىدىن تاللانغانىدى. ئۇلار نامايىشچىلارنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇسىنى ئېلىپ دوتەي يامۇلىغا كىرىش ئالدىدا قۇتلۇق ئەپەندى چوڭ بىنانىڭ يېنىدىكى پەلەمپەيگە چىقىپ قولىنى كۆتۈردى، يېنىك شاۋقۇن ئىچىدە قىمىشىپ تۇرغان سانسىز خەلق ئاستا ـ ئاستا بېسىقتى، قۇتلۇق ئەپەندى ياڭراق، لېكىن تەمكىن

ئاۋازدا مۇنداق دېدى :

— مۆھتەرەم قېرىنداشلار ۋە مۇندا توپلانغان بارلىق يۇقرالار! بىز مۇسۇلمانلار ھەرقانداق ئىشنى بىسمىللا بىلەن باشلايمىز ھەم پەۋقۇلئاددە چوڭ ئىشلارنى باشلاش ۋاقتىدا تەكبىر ئېيتىمىز. مەنمۇ بۇ زور تەنتەنىنى تەكبىر بىلەن باشلايمەن ۋە ماڭا قوشۇلۇپ تەكبىر ئېيتىشىڭلارنى سورايمەن :

ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر،
لائىلاھە ئىللاللاھۇ ۋاللاھى ئەكبەر،
ئاللاھۇ ئەكبەر ۋەلىللاھى ۋەلەھەم.

نامايىشچىلار قۇتلۇق ئەپەندىگە ئەگەشتى، ئىككى مىڭغا يېقىن ئادەمنىڭ ئاغزىدىن بىر تىنىقتا چىقىۋاتقان ئېتىقادلىق بۇ ئاۋاز ناھايىتى جاراڭلىق ھەم سەلتەنەتلىك ئىدى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا گويا شەھەر ئاسمىنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ھەيۋەتلىك گۈلدۈرمامىدەك تەسىر پەيدا قىلدى. قۇتلۇق ئەپەندى تەكبىر ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى :

— قېرىنداشلار، بىز ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا، ھەتتا تۈرمە - زىندانلاردىمۇ «دۇنيا ھەممىگە تەڭ» دېگەن شوئارلارنى كۆرىمىز. بۇ سۆز يالغۇز خارجى تەرەپكىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى دۆلەت ئىچىگىمۇ قارىتىلغاندۇر. ئەمما ئەمەلدە بۇنداق بولمىدى، بۇ نۆۋەت خەلقىمىز ئېغىر خورلۇققا، زۇلۇمغا چىدىماي، «دۇنيا ھەممىگە تەڭ» دېگەن شوئارنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆتۈرۈلدى ۋە ئۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ! ... قېرىنداشلار، قورقۇنچاق ئادەم ئاللانىڭ ياراملىق بەندىسى ئەمەس! ئاللا بەندىسىنى ئادەم دەپ ياراتقان، قۇل قىلىپ ياراتقان ئەمەس. قانخورلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشنى بىلمىگەن ئادەم ئاللاغىمۇ ياقمايدۇ! ...

قۇتلۇق ئەپەندى پەلەمپەيدىن چۈشتى، ئۇنىڭ ئاددىي، لېكىن مەز-

مۇنلۇق سۆزى نامايىشچىلار ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. ئۇنى
بۇرۇن كۆرمىگەن، بىلمىگەن ئادەملەر يىراق ـ يېقىندىن بويۇنلىرىنى
سوزۇپ، ھېرىسمەنلىك، قايىللىق ۋە زوقلىنىش بىلەن ئۇنىڭغا تىكىل-
دى، ئۇنى تەرىپلىدى، ماختىدى، ئۇنىڭ ھەققىدىكى چۆرىمە ـ چۆ-
چەكلەر نامايىشچىلارنىڭ ئۇزۇن سېپىنى بويلاپ يىراقلارغا
كەتتى ...
بەش ۋەكىل دوتەي يامۇلىنىڭ ئەسكەر ۋە ساقچىلار بىلەن زىچ
مۇھاپىزەت قىلىنغان چوڭ زالىغا كىردى. ئۇدۇل تەرەپتىكى ئاق
داستىخان سېلىنغان ئۇزۇن شىرە ئالدىدا ھۆكۈمەت، ھەربىي ۋە ساق-
چى ئەمەلدارلىرىدىن ئون نەچچە ئادەم ئولتۇراتتى. سول ياندىكى كى-
چىك شىرەنىڭ يېنىدا ئىككى تەرجىمان ئۆرە تۇراتتى. ۋەكىللەر ئوڭ
تەرەپكە راسلانغان ئورۇندۇقلارغا بېرىپ ئولتۇردى. زال بىر دەقىقە
تىمتاس بولۇپ قالدى، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى سىنچى كۆز-
لەر بىلەن ئۈنسىز كۆزىتەتتى. «پالمېر» ماركىلىق تاماكىسىنى ئۈزمەي
چېكىپ گىدىيىپ ئولتۇرغان ھاپىز جۇيجاڭ بىر قولىنى ئالدىغا سوزۇپ
قۇتلۇق ئەپەندىگە جىددىي تىكىلدى. قۇتلۇق ئەپەندىمۇ بېشىنى تىك
كۆتۈرۈپ، قولىنى مەيدىسىدە گىرەلەشتۈرۈپ، كىرپىك قاقماي بې-
گىزدەك قادالدى. زال ئىچىدىكى تىمتاسلىق ھالەتتە بولۇۋاتقان غايىبا-
نە، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىددەتلىك روھىي ئېلىشىش خېلى ۋاقىت
داۋام قىلدى. كېيىن بېشىغا قارا پوسما، ئۇچىسىغا قارا لەمبۇق جاجازا
چاپان، ئايىغىغا قارا مەخمەل خەي كىيگەن زىيابەگ لاۋسى ئىرغاڭلاپ
ئورنىدىن تۇرۇپ قىسقىلا سۆزلىدى :
ــــ سۆھبىتىمىز ھازىر باشلىنىدۇ. نامايىشچىلارنىڭ ۋەكىلى ئۆز
تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، جانابىي رەھبەرلەر ئاڭلاپ باقسا بولى-
دۇ.
بەش ۋەكىل بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالدى، قۇتلۇق ئەپەندى لىككىدە
ئورنىدىن تۇردى.
ــــ خەلقنىڭ تەلىپى ناھايىتى ئاددىي ۋە ھەققانىي! ــــ دېدى ئۇ

ئۆزىنى دانە ـ دانە قىلىپ، ـــ بىرىنچى، 9 ـ بىرىگادىنىڭ باشلىقى
كاڭ زىخىڭ زوراۋانلىق بىلەن ئىككى ياشنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.
ئۇلارنىڭ بىرى ناھەق ئۆلتۈرۈلدى، يەنە بىرى ساراڭ قىلىۋېتىلدى.
بىزنىڭ تەلىپىمىز : قانغا قان، جانغا جان ئېلىش! ئىككىنچى، خەلق
نادانلىق ۋە جاھالەتتىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ھازىر ھۆ-
كۈمەت، ھەربىي دائىرىلەر مەكتەپلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن تاقاپ، ياش
ئەۋلادلىرىمىزنى ئوقۇشسىز، مەرىپەتچى ئوقۇتقۇچىلارنى ئىشسىز قويى-
دى. بىز مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ
قىلىمىز! ئۈچىنچى، يېقىندىن بۇيان، چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئىل-
غار پىكىرلىك كىشىلىرىمىز ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا ئېلىنىپ زىيانكەش-
لىككە ئۇچراۋاتىدۇ. تەلىپىمىز : بۇلارنىڭ ئۈستىدىكى جازانى تېزدىن
مەنئى قىلىپ، تۈرمىلەردىن ئازاد قىلىش. تۆتىنچى، ھازىر دېھقانلارنىڭ
باج ـ سېلىقى كۆپىيىپ يىگىرمە تۆت خىلغا يەتتى. ئەگەر مۇنداق
كېتىۋەرسە دېھقانلار ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ. تەلىپىمىز : دېھ-
قانلارنىڭ ئۈستىدىكى ئاشكارا بۇلۇڭ ـ تالاڭنى توختىتىپ، باج
ـ سېلىقنى ئازايتىش. بەشىنچى، ھازىر شەھەر خەلقىنىڭ ھاياتى كاپا-
لەتكە ئىگە ئەمەس، بىر تۈركۈم ئىشپىيون ـ پايلاقچىلار، سىياسىي
چامباشچىلار كىشىلەرگە خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلماقتا، ھازىر دىيا-
رىمىزنىڭ قەيىرىدىن بىر چىمدىم تۇپراقنى ئېلىپ پۇرىسا، ناھەق ئۆل-
گەن شېھىتلارنىڭ قېنى پۇرايدۇ. تەلىپىمىز : بۇنداق زوراۋانلىقنى،
يوشۇرۇن سۈيىقەستلەرنى تېزدىن توختىتىپ، خەلقنىڭ ئەركىنلىكى-
گە، ئىنسانىي ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش! ...
قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگىمەي سېمىز بىر ئەمەلدار
نارازى قىياپەتتە ئۆكتە قوپتى :
ـــ نېمىدېگەن كۆپ تەلەپ بۇ؟! ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاۋەرگەن
بىلەن بولمايدۇ! ھازىر ياپونلار تەسلىم بولدى، پۇقرالار خاتىرجەم
ياشاشنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. لېكىن، سىلەر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا سۈركى-
لىش پەيدا قىلىپ، پىرقىمىزگە، دۆلەت ئارمىيىمىزگە ھۇجۇم قىلىۋا-

تسلەر! ...

— پۇقرالار قاچانمۇ خاتىرجەم ياشاپ باققان ؟! — قۇتلۇق ئەپەن-دى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بىز سىلەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقىنىمىز يوق، سىلەر بىزنى ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىسلەر!

بىر ھەربىي ئەمەلدار لوقما سالدى:

— سىز بايا «مەكتەپلەر تاقالدى» دېدىڭىز، شۇنداق، بىرمۇنچە مەكتەپلەرنى تاقىدۇق، لېكىن بۇ پۈتۈنلەي ھەربىي تەييارلىقنىڭ، خەلق تىنچلىقىنىڭ ئېھتىياجى!

— بۇنداق چىرايلىق گەپلەرنىڭ ھەممىسى باھانە - سەۋەب! — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى ئورنىدا مىختەك ئولتۇرۇپ، — سىلەرنىڭ ئەسلىي مەقسىتىڭلار خەلقنى، ئەۋلادنى نادانلىقتا قالدۇرۇش! شۇنداق ئەمەسمۇ ؟! تارىختا ئۆتكەن فېئودال - مىلىتارىستلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە نىسبەتەن سىياسىي جەھەتتە «ئۆز يېغى بىلەن ئۆز گۆشىنى قورۇش»؛ مەدەنىيەت جەھەتتە «نادانلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى ئىزچىل قوللىنىپ كەلدى. بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز «ئىستىغپارخانا»* دا ياڭ زېڭشىننىڭ يەۋەن شىكەيگە يازغان «چەن-تۇلارنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپى راۋاجلاندۇرۇلس، ئۇلارنىڭ ھاكىمى-يەت ئىدىيىسى قوزغىلىدۇ، بۇ چوقۇم شىنجاڭنى قالايمىقانچىلىققا ئې-لىپ بېرىدۇ» دېگەن ئاسما خېتىنى كۆرگەن بولسا بىز جاللات شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازا بېشىغا:

«يىراق شەرقتىن كەلدىم بۇ ياققا،
چىڭ ساقلاپ تۇرىمەن غەربنى.
قالدۇرىمەن بىلىمسىز نادانلىقتا،
پادىشاھقا بويسۇندۇرىمەن خەلقنى!»

دېگەن نەزم ئويۇلغان تاختا ئېسىپ قويغانلىقىنى كۆرگەنىدۇق. مانا

* ياڭ زېڭشىننىڭ خاس ھۇجرىسى.

بۇلارنى يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئىزدەنگىنى سىياسىي جەھەتتە چېگرا رايوندىكى خەلقلەرنى قوراللىق باستۇرۇش؛ مەدەنىيەت جەھەتتە نادانلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاڭسىز، ساۋاتسىز قىلىپ قويۇپ، ئەبەدىلئەبەد ئىپتىدائىي تۇرمۇشتا قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمەسمۇ ؟! ھازىر سىلەر يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتنىڭ بۇنىڭدىن نېمە پەرقى بار ؟!

ھاپىز جۇيجاڭ خۇددى ھەرە چاققاندەك ئولتۇرالماي قالدى. چىرايى بىر ئۆڭۈپ، بىر تاتىرىپ ئالا پاساق بولۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتقان قىياپەتتە قۇتلۇق ئەپەندىگە ھەم تەھدىت، ھەم نەسىھەت تەلەپپۇزىدا مۇنداق دېدى:

— ئەپەندىم، ئۆزىڭىزنى سەل بېسىۋېلىڭ، غەزەپ قاباھەت نەرسە، ئۇ بەزىدە ئەقىل چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن!

— شۇنداق، غەزەپ قاباھەت نەرسە! — دېدى قۇتلۇق ئەپەندىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ، — سىز بىزنى بىكاردىن جېدەل تېپىۋاتىدۇ، دەپ خاپا بولۇۋاتامسىز ؟! خاپا بولماڭ، بۇ توغرىدا سۆزلىسەك سەۋەب ناھايىتى ئاددىي: زۇلۇمدىن غەزەپ تۇغۇلدى، خورلۇقتىن قەھرىمانلىق تۇغۇلدى، تەڭسىزلىكتىن قارشىلىق تۇغۇلدى، جېدەلنىڭ مەنبەسى مانا شۇ!

ھاپىز جۇيجاڭنىڭ ئاپئاق يۈزىدىن قانداقتۇر زەئىپ، سوغۇق بىر خىل كۈلكە «غىررىدە» يۈگۈرۈپ ئۆتتى. قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ مەسخىرىلىك جاۋابى ئۇنىڭ يۈرىكىگە خۇددى يۇلغۇن چىۋىقىدەك تاراسلاپ تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆرۈنۈشتە پىسەنت قىلمىغاندەك ئازابلىق بىر ھالەتتە ئولتۇراتتى، تىلى زۇۋانغا كەلمەيتتى، ئۇنىڭ دەردىنى يېنىدىكى بىر ھەربىي ئەمەلدار ئېلىپ بەرمەكچى بولغاندەك، ھە دېگەندىلا گېپىنى تەھدىت بىلەن باشلىدى:

— سىلەرنىڭ تەلەپ ۋە سۆزلىرىڭلاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭدىن مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىش پۇرىقى چىقىپ تۇرىۋاتىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا بىزنىڭ شىنجاڭدىكى 710 مىڭ ئەسكىرى-

مىز بوش كەلمەيدۇ، بۇنى ئاز كۆرسەڭلار ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسىمۇ بار، ئۇ ۋاقىتتا كۈلىڭلار كۆككە سورۇلىدۇ! ...

— شۇنداق! — دېدى كۆزەينەكلىك بىر مەمۇرىي ئەمەلدار دەرھال ئۇنى قۇۋۋەتلەپ، — سىلەر شۇنىڭغا تەن بېرىشىڭلار كېرەككى، بىر نەچچە قىزىل پاچاق ئەپەندىلەر قۇتراتقان بۇ ماجىرانىڭ مۇستەقىللىق غەرىزىدە ئىكەنلىكى ئېنىق! بۇنداق تەتۈر ھەرىكەتكە جەزمەن يول قويۇلمايدۇ!

بۇ سۆزلەر بىلەن ھەر ئىككى تەرەپتە ئۆزگىرىش بولدى. سۈرلۈك قىياپەتتە ئولتۇرغان ئەمەلدارلار باشلىرىنى لىڭشىتىشتى، ھىجايدى، جانلاندى، كېرىلدى. قۇتلۇق ئەپەندىدىن باشقا تۆت ۋەكىل بولسا بىر - بىرىگە قاراشتى، كۆزلىرى خىرەلەشتى، چىرايلىرى پۈرۈشتى. ئەگەر شۇ تاپتا قاتتىق بىر قايتۇرما زەربە بولمىسا ۋەكىللەرنىڭ ئىرادىسىدە بوشىشىش، بۆلۈنۈش پەيدا بولاتتى. قۇتلۇق ئەپەندى دەس ئورنىدىن تۇردى، كاللىسىدا يېڭى پىكىرلەرنىڭ قانداق پەيدا بولۇۋاتقانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى:

— شۇنداق، مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىدىغان، ۋەتەننى پارچىلايدىغان ھەرقانداق تەتۈر ھەرىكەتكە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك! بۇ ھەربىر پۇقرانىڭ ئەقەللىي بۇرچى! لېكىن، ھۆرمەتلىك جانابلار، سىلەرمۇ شۇنى ئېسىڭلاردىن چىقارماسلىقىڭلار كېرەككى، تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار چېگرا رايونىدىكى خەلقلەرگە نىسبەتەن ھەر زامان يۇقىرى بېسىم ۋە ئالداش سىياسەتلىرىنى قوللىنىپ كەلدى، چېگرا رايونىدىكى كۆپ قېتىملىق پاراكەندىچىلىك ۋە مىللەتلەر ئۆچمەنلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تۈپ سەۋەب مانا شۇنىڭدا! چىڭ خانىدانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن گەرچە مىللەتلەر باراۋەرلىكى تەرغىب قىلىنىسمۇ، بىراق شىنجاڭ خەلقىگە ھېچقانداق باراۋەرلىك ياكى بەخت يەتكۈزگىنى يوق! ھۆكۈمران سىنىپنىڭ بۇ يەرلەردە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ يۈرگەن ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى ئوخشاشلا ئۇچىغا چىققان مۇستەبىتچىلىك سىياسەت بولدى. سىلەر بايا ۋەتەنپەر-

ۋەرلىكتىن ئېغىز ئاچتىڭلار، بۇ ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن، كىشىلەرنى ۋەتەنپەرۋەر بول دېيىش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلار ۋەتەننىڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەككۇ ؟! شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى. شۇنداق ئىكەن، شىنجاڭ خەلقىمۇ ھەرقانداق بىر مەنپەئەتتىن ئوخشاش بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئەمەسمۇ! ئەپسۇسكى، «شىنخەي ئىنقىلابى» دىن ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ شىنجاڭ خەلقى ئىستىبداتلىق زەنجىردىن قۇتۇلمىدى، بىرنىڭ ئارقىدىن بىرى قۇللۇقنى داۋام ئەتكۈزدى، جياڭجۈنلەر، ئەزگۈچى قانخورلار ھاكىمۇتلەقلىقنى تاشلىمىدى، خەلق ھامان ئازابتىن قۇتۇلمىدى. خەلقنىڭ ئار - نومۇسى، ئىززەت - غۇرۇرى ئاياغ ئاستى قىلىندى. خەلق ئاخىر چىدىمىدى، سەۋرى - تاقىتى تۈگىدى، نەتىجىدە قولىغا قورال ئېلىپ ئىلىدا قوزغىلاڭ قىلدى. بۇ قوزغىلاڭ قانداقتۇر ئالتە ئوغرىنىڭ ئىشى ئەمەس، ياكى مۇشۇنداقلا كېسىپ ئېلىۋەتسە بولىدىغان «غەربىي شىمالدىكى سوقۇر ئۈچەي» مۇ ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئېزىلىشىگە قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىكنى، باراۋەرلىكنى، ھۆرلۈكنى تەلەپ قىلىدىغان ھەققانىي كۈرىشى! شۇڭا ئۇ ناھايىتى تېزلىكتە ئۈچ ۋىلايەتكە كېڭەيدى، ھازىر پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا لاۋۇلداپ ئۇلغايماقتا! ...

— بەس! ...

شىرە قاتتىق ئۇرۇلدى، پىيالە - ئىستاكانلار جاراڭشىپ كەتتى. ھېلىقى قارا پوسما، لەمبۇق جاجازا كىيگەن ئادەم كۆزلىرىنى چەكچەيتتى، قۇتلۇق ئەپەندىگە ئالايدى، دوق قىلدى، ۋارقىرىدى. قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ سۆزى گويا يېڭىلا غىلىپىدىن چىقىرىلغان قوش بىسلىق خەنجەردەك ئۇلارنىڭ كۆكسىگە سانجىلغان، يېغىرىنى ئاچقان، تىتاڭ تومۇرىغا تەگكەنىدى.

زىيابەگ لاۋسى ئاخىر غەزەپ بىلەن چالۋاقىدى :

— سەن سۆھبەت مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ زەھەر چېچىۋاتىسەن، سۆھبەتىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىسەن! سېنىڭ ۋەكىللىك سالاھى-

يىتىڭنى ئېلىپ تاشلاش كېرەك!
ھاپىز جۇيجاڭمۇ سىپايە، لېكىن زەھەرخەندىلىك بىلەن :
— كونىلاردا : «چۈگۈن قايىنسا ئۆز بويىنغا تاشار» دېگەن ھېكمەتلىك گەپ بار. سىز ساۋاتلىق بولغاچقا بۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشىڭىز كېرەك! ھەر ھالدا ئۆزىڭىز قايناپ، ئۆزىڭىزنى كۆيدۈرۈپ يۈرمەڭ! — دېدى.
قۇتلۇق ئەپەندى پىسەنت قىلمىدى، يەنىلا شۇنداق قەيسەر ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئۆز گېپىنى قىلىۋەردى :
— ھەركىمنىڭ ئۆز ئالدىغا كۆزقارىشى بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە ئارىلاشماسلىق كېرەك! مەن ئۆزۈمنىڭ ھايات ـ ماماتىنى ئاللىقاچان بىر ياققا قايرىپ قويغان. مەن يۈرىكىمنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا قويۇپ شۇنى ئېيتىمەنكى، تەلىپىمىز ھەل بولمىغۇچە ھەرگىز بۇ يەردىن ئايرىلمايمەن، پۈتۈن شەھەردىكى پۇقرالار ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلار بىلەن ھايات ـ ماماتنا بىللە بولىمەن! مېنى نامايىشچى خەلق ۋەكىل قىلىپ سايلىدى، مەندە شۇنداق مەسئۇلىيەت بار. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش يولىدىن ئۆلسەممۇ قايتمايمەن!
— بىز ھەم شۇ! — قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ يېنىدىكى تۆت ۋەكىل بىردەك ئاۋاز قوشتى. ھازىر ئۇلار قۇتلۇق ئەپەندىگە چىن كۆڭلىدىن ئېجىل بولۇپ قالغانىدى، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى سەنئەتچىلەر ۋەكىلى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ قوشۇمچە قىلدى :
— مۇبادا تەلىپىمىز ئىجابەت بولمىسا نامايىشنى توختاتمايمىز!
— بەلكى تېخىمۇ ئۇلغايتىمىز! — يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ۋارقىرىدى.
بەش ۋەكىل ئورۇنلىرىدىن تۇردى، قارشى تەرەپكە سوئال نەزىرىدە تىكىلدى، ئۇلارنىڭ گەۋدىسى تىك، روھى ئۈستۈن ئىدى. زالنى بىرپەس جىمجىتلىق باستى، سىرتتىكى نامايىشچىلارنىڭ ئاندا ـ ساندا تووۋلاپ تۇرغان شوئارلىرى ئەمدى زالدىكىلەرگە تېخىمۇ ئېنىق

ئاڭلاندى. زىيابەگ لاۋسى لام ـ جىم دېمەي، پەقەت «ھە ... ھىم
...» دېگىنىچە پۇشۇلداپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇلار ئۆزئارا پى-
چىرلىشىپ، ياندىكى دەم ئېلىش ئۆيىدە قىسقىغىنە باش قوشۇشنى
قارار قىلدى. چارەك سائەتتىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۆز رېتى بويىچە ئو-
رۇنلىرىغا كەلدى. زىيابەگ لاۋسى قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزگە قاراپ
مۇنۇلارنى جاكارلىدى:

— نامايىشچىلارنىڭ قوزغىلىشى يوللۇق، خەلقنىڭ تەلىپى ھەققا-
نىي. پىرقىمىز، ساقچىمىز خەلقنىڭ تىنچ پاراۋانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ،
نامايىشچىلار ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان بەش تۈرلۈك تەلەپنى تو-
لۇق ئورۇندايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىككىنچى، ئۈچىنچى،
بەشىنچى تەلەپنى ئورۇنداپ، تاقالغان مەكتەپلەرنى بىرمۇبىر ئېچىپ،
ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز؛ قولغا ئېلىنغان زىيالىيلارنىڭ ھەممى-
سىنى قايتا تەكشۈرۈپ ئۈچ كۈن ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىمىز؛ بىر قى-
سىم كۈچ ئاجرىتىپ شەھەر خەلقىنىڭ جىسمانىي ئامانلىقىغا كاپالەتلىك
قىلىمىز! ئەمدى قالغان ئىككى تەلەپ، يەنى بىرىنچى ۋە تۆتىنچى تە-
لەپ چوڭراق ئىشلارغا چېتىلغاچقا دەرھال يۇقىرىغا دوكلات يېزىپ
جاۋاب ئالغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىمىز. بۇنىڭغا ۋەكىللەردىن
ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سورايمىز.

زىيابەگ لاۋسى سۆزىنى تۈگەتتى، قولىدىكى قەغەزنى قاتلىغاچ
ۋەكىللەرگە قارىدى ۋە خۇددى يىلان ۋىشىلدىغاندەك خىرقىراپ
كۈلدى. ۋەكىللەر بىر ـ بىرىگە قاراشتى، قۇتلۇق ئەپەندى بىر دەقىقە
جىددىي ئويلىنىشتىن كېيىن ۋەكىللەرنىڭ بېشىنى بىر يەرگە جەم
قىلدى، ئۇلار پىچىرلاشتى، باش لىڭشىتتى، ئېڭەك قاقتى، ئاخىر تۆت
ۋەكىلنىڭ رازىلىق پىكرىگە قۇتلۇق ئەپەندىمۇ قوشۇلدى. ئۇ ئورنىدىن
تۇرۇپ خەلقنىڭ ۋەكىلىگە خاس مەردانىلىك ۋە كەڭ قورساقلىق بى-
لەن ماقۇللۇق بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ يۇقىرىقى كې-
لىشىمگە تېزلا ئىمزا قويدى، سۆھبەت ئاخىرلاشتى، قۇتلۇق ئەپەندى
زالدىن چىقتى. ئۇ گۈللۈك ھويلىدا كېتىۋاتقاندا ئارقىدىن شىپىرلاپ

كەلگەن ھاپىز جۇيجاڭ تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:
— سىز تاشكەنتتىن قاچان كەلگەن؟
قۇتلۇق ئەپەندى «چىپپىدە» توختىدى، ھاپىز جۇيجاڭغا بىرنەچچە سېكۇنت ھەيرانلىق بىلەن قارىدى، كېيىن ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى سەل - پەل چۈشىنىپ، سوئالىغا سوئال قويدى:
— قايسى تاشكەنتتىن؟! مەن تاشكەنت تۈگۈل تاشمىلىققىمۇ* بېرىپ باقمىغان! سىز خىيالىڭىزدا مېنى تاشكەنتلىك ئۆزبېك دەۋاتامسىز؟!
— شۇنداق، مەن شۇنداق قارايمەن!
— يوقسۇ، مەن ئۇيغۇر. مېنىڭ يەتتىنچى بوۋامغىچە مۇشۇ زېمىندا ياشاپ، مۇشۇ زېمىندا ئىشلەپ كەلگەن ...
— ئەمىسە سىز نەدە ئوقۇغان؟
— دەل مۇشۇ قەشقەرنىڭ ئۆزىدە، كېيىن ئۈرۈمچىدە ...
— ئۈرۈمچىدە؟ ھىم، ھە، قاچان ئوقۇغان؟
— 1938 - ۋە 1939 - يىللىرى ...
— ھە، ئەمدى چۈشەندىم! ...
ئۇلار سوغۇقلا ئايرىلىشتى، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە شۈبھە، يۈرىكىدە چىگىش قالدى.
قۇتلۇق ئەپەندى نامايىشچىلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ ھېلىقى پەلەمپەيگە چىقتى، ئۇلارغا ئىمزا قويۇلغان كېلىشىمنى يەتكۈزدى. نامايىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ بىر كۈنلۈك ئەجرى بەدىلىگە كەلگەن بۇ غەلىبىدىن رازى بولدى، خۇشال - خۇرام قايتىشتى. تېخى بايىلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ھەيۋەتلىك شەھەر بىردەمدىلا بوشاپ قالدى ...

* قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

# بەشىنچى باب

# ئاخىرەتنىڭ سۈرىتى

بوينىغا گۇناھ مىنگەن خۇدانى شېپى كەلتۈرەر.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

## 1

ھەمىشە سەللىنى يوغان ئوراپ، پۇتىغا شالۋۇردىن تىكىلگەن غوت - غوت مەسە كىيىپ يۈرىدىغان دانىش ئىمام ئون نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ مەھەللىدە ئىمامەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالىنى ھېچكىم توغرا ۋە ئېنىق بىلمەيتتى. پەقەت دانىش ئىمام ھەققىدىكى تەزكىرىدىن تۆۋەندىكى رىۋايەتتىسمان بىر نەرسىلەر مەلۇم ئىدى: دانىش ئىمام بىر زاماندا سوپى - ئىشانلىق بىلەن تۇرپانغا بېرىپتۇ، تۇرپان خەلقى ئۇنى ئۆزلىرىگە مەنزۇر تۇتماي مۇنداق دەپتۇ: «بىزنىڭ ئۆزىمىزگە يېتىپ ئاشقۇدەك دۇئاگوي مازىرىمىز بار، بىز سىزگە بەيئەت قىلمايمىز، نەدىن كەلگەن بولسىڭىز شۇ يەرگە كېتىڭ!» دانىش ئىمام دەرغەزەپ بولۇپ: «قېنى شۇ دۇئاگوي مازىرىڭنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي!» دەپ يوغان بىر قەبرىگە تەتۈر مىنگەنىكەن، شۇ ھامان قەبرە يېرىلىپ ئۇنى ئاسمانغا ئېتىپتۇ، ئۇ ھاۋادا ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، تۇرپاندىن ئۇچقانچە «قوشتېمى» دېگەن جايغا قونۇپتۇ، كەينىگە قارىسا، ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئوقنى كۆرۈپتۇ، ئۇ يەنە ئۇچۇپتۇ، شۇ ئۇچقانچە ئاقسۇ كونىشەھەرگە كېلىپ، ئۇ يەردىكى ئۇلۇغ زات يۇنۇس خوجىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋاپ-

تۇ. خوجا ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ دانىش ئىمامنى ئۆلۈمدىن قۇتـۇل-
دۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۆت ياشلىق ئوغلى شەھۋاز ۋەلى خوجىنى
ئىككى قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ «بەدەل!» دەپ ۋارقىراپتۇ، شۇنىڭ بىد-
لەن تۇرپاندىن كېلىۋاتقان سانجاق ـ سانجاق ئـوقلار شەھۋاز ۋەلـى
خوجىغا تېگىپ ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاقسۆڭەك سوپـى ـ ئىشانـلار
ھەيران بولۇپ: «خوجام، بۇ نىمە قىلغانلىرى؟ قاراپ تۇرۇپ شەھۋاز
خوجىنى ئوققا تۇتۇپ بەردىلىغۇ؟!» دېگەندە، يۇنۇس خوجا يېنىدىكى
دانىش ئىمامغا قاراپ مۇنداق نەقلەپ قىپتۇ:

شەھۋاز كەتسە شاھىتى كىلۇر،
ياخشى مۇرىت قايدىن كىلۇر؟

شۇنداق قىلىپ، دانىش ئىمام بىرنەچچە يىل يۇنۇس خـوجىغا مـۇ-
رىت بوپتۇ، «ئۈچتى خەلپەم» دېگەن نـام بىلەن كـاتتا جەھـرىخانىـدا
سوپى ـ ئىشانلىق قىپتۇ. يۇنۇس خوجا يىگىرمە تۆت نەسەپ ئارقىلىق
مۇھەممەد پەيغەمبەرگە يېتىپ بارغان ئىكەن. دانـىش ئىمـامۇ ئەمـدى
ئۇنىڭغا باغلىنىپ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەللىك ئالتىنچى نەۋرىسـى
بوپتۇ ...
دانىش ئىمام بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن قەشقەرگە كەلگەن-
دە، ئەنە شۇ شانۇشەۋكەتلىك نام بىلەن ئۇلۇغ بىر سەيىد پازىل سۇ-
پىتىدە جامائەتكە تونۇلغانىدى. ئەپسۇسكى، بىرنـەچچە يىـل ئۆتمەيـلا
خۇددى «سىپاھ سىرىنى يوشۇرالماپتۇ، پۇچۇق بۇرنىنى» دېگەنـدەك،
ئۇنىڭ ئاچچىق ئۈچىيىدىكى هارام خىياللىرى بىلەن كۆڭلىنىڭ ئالـد-
لىقى ئاشكارا بولۇپ قالدى. ئۇ ئالدى بىلەن خوتۇنبازلىق ھەم نەپسـى
يامانلىقتا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشـتى. كىيىـنچە، مـە-
ھەللىدىكى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭدىن
ھەزەر ئەيلەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ قانداقتۇر ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ياكى
مۆتىۋەرلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ساقچى ئىدارىسىگە باغلىنىـپ،

ياخشى ئادەملەر بىلەن ھەپىلىشىدىغان رەزىللىكىدىن ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ئۇستا ۋەزخان ئىدى، ئىسلام ئەقىدىلىرى توغ-رىسىدا سۆزلىسە نادان ۋە بىچارە خەلق يەنە ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يىغلايتتى، دۇئاغا قول كۆتۈرەتتى، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلەيتتى ...

دانىش ئىمام بۈگۈن نامازدىن كېيىن جامائەتنى يەنە ئولتۇرغۇ-زۇۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە شايى ئەخمەتمۇ بار ئىدى. ئۇ دانىش ئىمام-نىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن ئاتايىن ئالدىغا سۈرۈ-لۈپ، مېھرابنىڭ ئالدىغا مۆكچەيدى.

دانىش ئىمام خۇتبىگاھقا چىقىپ ئەمرىمەرۇپنى باشلىدى:

— ئى مۆمىنلەر، ئاللانى بىلىش ھەربىر بەندىگە پەرزدۇر. ئەل-ھەزەر، مۇستاپا، ئاللا مۆمىن بەندىلەرنىڭ قەلبىدە ھايات بولغان، ھېچ-قانداق ئەيىب ـ قۇسۇرى بولمىغان ئەڭ پاك بىر زاتتۇر. ئاللاتائالا قۇ-رۇق زېمىنغا يامغۇر ياغدۇرۇپ، يازدا تۈرلۈك گىياھلارنى ئۈندۈرۈپ، قىشتا قۇرۇتتى. ئادەم، ھايۋانات، ھەتتا ئۇچار قۇشلارغىچە چىشى ـ ئەركەك ياراتتى. ئاينى كۈن بىلەن، ئاسماننى يەر بىلەن، جەننەتنى دوزاخ بىلەن، دۇنيانى ئاخىرەت بىلەن، قىشنى ياز بىلەن، كېچىنى كۈندۈز بىلەن جۈپ قىلدى. مانا بۇ نەرسىلەرنى ئاپىرىدە قىلغان زاتنىڭ ئۆزى ئەلۋەتتە قۇدرەتلىك، پاك ۋە ئۇلۇغدۇر. ئەلھەزەر، مۇس-تاپا، ئاللاتائالا ئۆزىگە ھالاللىق بىلەن بەندىچىلىك قىلغان مۆمىنلەرگە جەننەتنى بەخشەندە قىلغاندىن سىرت، يەنە نۇرلۇق جامالىم بىلەن مېھمان قىلىمەن دېگەن!

ئۇنىڭ زۇۋانداراز ئاغزى بىردىنلا بېسىلىپ شۈكلەپ قالدى، كەھ-رىۋا تەسۋىنى تىزىغىچە ساڭگىلىتىپ ئاستا سىيرىدى، نېمىگىدۇر كۆڭلى يېرىم بولغاندەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، خورسىندى، كېيىن يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ جامائەتكە ئەلەڭلەپ قارىدى، كىمگىدۇر ئۆ-كۈنگەندەك، ئېچىنغاندەك بىر خىل تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— جامائەت، ۋە لېكىن بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى بەزىبىر ناجىنس، ناشۈكۈر ئادەملەر ئالالانىڭ ئىرادىسىگە، تەقدىرنىڭ ھۆكمىگە بويسۇن-مايۋاتىدۇ. ئۇلار ھۆكۈمەتكە، خان ئارمىيىسىگە قارشى ئىسيان كۆ-تۈرمەكچى، خەلقنى ئازدۇرۇپ، پۇت - قولىنى چۇشەپ پالشىۋىكلار* گە تۇتۇپ بەرمەكچى. ئەلھەزەر، مۇستاپا! پالشىۋىك دېگەننى كىم بىل-مەيدۇ ؟! ئۇلار مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ قۇتلۇق جايى بۇخارا شېرىپنى ۋەيران قىلىپ، مۇقەددەس دىنىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلغان! بىز ئەمدى شۇنداق مۇرتەتلەرنىڭ گېپىگە كىرىمىزمۇ ؟! ئەلھەزەر، مۇستاپا! بۇ يەردىكى قىزىل پاچاقلارنىڭمۇ، ئىلى ئوغرىلىرىنىڭمۇ قىلىۋاتقىنى پال-شىۋىكلار بىلەن ئوخشاش! جامائەت، بىز مۇنداق ئاسىي شەرمەندىلەر-دىن ھوشيار، سەگەك بولۇشىمىز كېرەك! بىز ھەممىمىز خۇدانىڭ بەندىسى، ئۆلۈم قاش - كىرپىكىمىزنىڭ ئارىلىقىدا، ھەر ۋاقىت ئۇ دۇنيانى ئويلىشىمىز لازىم. ئەلھەزەر مۇستاپا، ھەربىر مۇسۇلمان خۇداغا جان تەسلىم قىلغاندىن كېيىن خۇدا ئاخىرەتتە ئۇنىڭ تىلىغا مۆھۈر بېسىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى قولى سۆزلەيدۇ، ئىككى پۇتى گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئەلھەزەر، مۇستاپا! ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام شۇنداق ئۇلۇغكى، بېشى يەتتە قات ئاسماندا، ئايىغى يەتتە قەۋەت يەردە تۇرىدۇ، يەنە ئال-تە يۈزى بار: بىر يۈزى ئوڭ تەرەپتە، بىر يۈزى سول تەرەپتە، بىر يۈزى ئارقىدا، بىر يۈزى ئالدىدا، بىر يۈزى ئۈستىدە، بىر يۈزى ئېگە-كىنىڭ ئاستىدا. ئەلھەزەر، مۇستاپا! ئۇ ئالدىدىكى يۈزى بىلەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرىمىز ئۈممەتلىرىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ئوڭ تەرەپتىكى يۈزى بىلەن مەشرىق تەرەپتىكى خەلقنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، سول تە-رەپتىكى يۈزى بىلەن مەغرىب تەرەپتىكى خەلقنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ئۈستىدىكى يۈزى بىلەن ئاسمان ئەھلىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ئارقىدىكى يۈزى بىلەن دىنسىزلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ئاستىدىكى يۈزى بىلەن يەر ئاستىدىكىلەرنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. ئەلھەزەر، مۇستاپا، ئەزرائىل

---

* بولشېۋىك دېمەكچى

جاننى ئالغان چاغدا، 444 پارچە ئۇستىخان پاچاق ـ پاچاق بولىدۇ، 366 تومۇر تاناپتەك لەرزىگە كېلىپ ئۈزۈلىدۇ، 180 پەي ـ سىڭىر بەنتى ـ بەنتىدىن ئاجراپ جۇدا بولىدۇ. ئەزرائىلنىڭ ئوڭ قانىتىدا ئۇچماغنىڭ*، چەپ قانىتىدا تۇمۇغنىڭ ** سۈرىتى بار. ئەلھەزەر، مۇستاپا، ئەزرائىل جاننى ئېلىشتىن بۇرۇن بىر پەرىشتە كېلىپ: «ئى بەندە، پانىي دۇنيادا قىلغان ھەممە ياخشىلىق، يامانلىقىڭنى پۈت، ئوتتۇرا قولۇڭنى قەلەم، ئاغزىڭنى دۈۋەت، تۈكۈرۈكۈڭنى سىياھ، كېپىنىڭنى قەغەز قىلىپ، بىرمۇبىر پۈتكىن!» دەيدۇ. مانا شۇ چاغدا خۇدانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان، تەقدىرگە تەن بەرمىگەن، دىنغا ئاسىيلىق قىلغانلار دوزىخىي بولۇپ، ئۇ يەردىكى بەش يۈزمىڭ خىل ئازاب بىلەن بۇردا ـ بۇردا بولۇپ كېتىدۇ. ئەلھەزەر، مۇستاپا، پانىي دۇنيادا ئاللانىڭ قۇدرىتىنى، ئۇلۇغلىقىنى تونۇمىغان سۇلتان جەمجەمەدەك شۇنداق كاتتا زاتمۇ باقىي ئالەمگە بارغاندىن كېيىن زار ـ زار قاقشاپ، تۆۋا قىلىپ مۇنداق نەزمە ئوقۇغان:

تەندە جانىم نەچچە كۈن مېھمان ئىكەندۇر بىلمىدىم،
ئۆتتى ئۆمرۈم بارچىسى گۇمران ئىكەندۇر بىلمىدىم،
دۇنيادا قۇرغان ئىمارەت يالغان ئىكەندۇر بىلمىدىم،
ئۇ ئىمارەت بارچىسى ۋەيران ئىكەندۇر بىلمىدىم،
بىللە تۇرغان بەندىلەر سۇلتان ئىكەندۇر بىلمىدىم.

شايى ئەخمەتنىڭ كۆڭلى غەش بولدى، كاللىسىدا بىرمۇنچە چىگىش سوئاللار تۇغۇلدى، ئورنىدىن تۇرۇپ دانىش ئىمامدىن سورىماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ ئۆزىنى باستى. بىرمۇنچە كىشىلەر دانىش ئىمامنىڭ مۇدھىش، سىرلىق، پەلاما سۆزلىرىدىن ئېرىپ، تەسىرلىنىپ مىشىلداۋاتاتتى، يەنە بىرمۇنچىلار ئاخىر

* ئۇچماغ — بەخش، جەننەت.
** تۇمۇغ — دوزاخ، جەھەننەم.

رەتنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن ئېغىرلاشقان باشلىرىنى ئېگىپ، «ئاللا! ... ئاللا ئۆزۈڭ بار ...» دەپ ھەسرەتلىك ندا قىلىشىۋاتاتتى. دانىش ئىمام تېخىمۇ جانلىنىپ، خىرگەي ئاۋازىنى بولۇشىچە كۆتۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئى مۆمىنلەر، ئەلھەزەر، مۇستاپا، خۇدا بەرگەن كۈنىمىزگە شۈكرى قىلىپ، ئاللانى ياد ئېتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر - پەرمانىغا بويسۇنۇپ، ئاخىرەتلىكىمىزنىڭ غەمىنى بولۇشنى ئويلايلى! بۇ دۇنيادا رىيازەت چەككەنلەر ئۇ دۇنيادا راھەت كۆرىدۇ. مۇبادا، بۇ دۇنيانىڭ ئاللا بەرگەن رىيازىتىنى قوبۇل قىلماي، ئۇلۇغلار بىلەن، ھۆكۈمەت بىلەن ئېيتىشقانلار ئۇ دۇنياغا بارغاندا مەھشەر كۈنى سىرات كۆۋرۈ-كىدىن ئۆتەلمەيدۇ! ...

دانىش ئىمام بۈگۈن خۇددى ۋىتۋالاقنىڭ ئۆپكىسىنى يېگەندەك ئاغزى بېسىلماي بىر سائەتچە ۋەز ئېيتتى، ئۆزىمۇ چارچاپ كەتتى، تۈكۈرۈكلىرى جاۋغىيىغا يىغىلىپ، ئېڭەكلىرى خالتىلىشىپ قالدى. جامائەت قايتىشقا باشلىغاندا ئۇ تېخى مېھرابىنىڭ ئالدىدا ئېزىلىپ ئول-تۇراتتى.

شايى ئەخمەت جامائەت قايتىپ بولغاندىن كېيىن دانىش ئىمامنىڭ يېنىغا ئاستا سۈرۈلۈپ كەلدى، دانىش ئىمامنىڭ بېشى ساڭگىلاپ، دۈمبىسى خۇددى ئاقلامچىنىڭ بۇلۇڭ چوتكىسىدەك چوقچىيىپ قالغا-نىدى.

— ئىمام ئاخۇنۇم، — دېدى شايى ئەخمەت دانىش ئىمامنىڭ پې-شىنى ئاستا تارتىپ، - بايا ئۆزلىرى سىرات كۆۋرۈكىنىڭ گېپىنى قىلدىلا، ئۇ دۇنياغا بارغاندا ھەممە ئادەم شۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەم-دۇ؟!

دانىش ئىمامنىڭ ساڭگىلىغان قاپاقلىرى لەپپىدە ئېچىلىپ، كۆزلىرى تەئەججۈپ بىلەن چەكچەيدى:

— نېمە، نېمە دېدىڭ؟! ئەلھەزەر، مۇستاپا، ھەممە ئادەم شۇ كۆۋ-

رۋكتىن ئۆتمەي، نەدىن ئۆتەتتى!؟

— مەن تېخى، تەقسىر ... كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئىشى بار ئادەملەر ئۆتەلمىدىكىن ...

دانىش ئىمامنىڭ كۆزلىرى ۋەھىمىلىك كېڭەيدى، تۈكلۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ قاتتىق كايىدى:

— ئاغزىڭنى يۇم بەتبەخت! كاپىر بولدۇڭ، ئەلھەزەر، مۇستاپا! سەن ئەمدى ئۇدۇل دوزاخقا كىرىسەن! ...

شايى ئەخمەت ئۇنىڭ چىشىغا تېخىمۇ قاتتىق تەگدى:

— شۇنداق، ئىمام ئاخۇنۇم، بىز قول ـ ئىلكىمىزدە يوق ئادەم، قىشتا دوزاخقا، يازدا جەننەتكە كىرىپ جان باقمساق بولامدۇ؟! ...

دانىش ئىمام ھاسىسىنى شىلتىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى:

— سەن! ... سەن ... جوھۇت ... ئەلھەزەر، مۇستاپا! كاپىر ... خەپ توختاپتۇر!

شايى ئەخمەت ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىغا داجىدى، ئۇ يەنە بىر مۇنچە سوئاللارنى قويماقچى ئىدى، مەسىلەن، سۇلتان جەمجىمە ھېلىقى نەزمىنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ دۇنيادا ئوقۇپتۇ، خوش، ئۇ دۇنيادىن تىرىلىپ كەلگەنلەر بولمىسا، دانىش ئىمام ئۇنى قانداق بىلىۋالدى؟! يەنە مەسىلەن، «ئاللاتائالا نەدە دېسە، غېرىبىنىڭ كۆڭلىدە» دېگەن گەپ بار. ئاللا ئىگەم ئۆزىمۇ: «غېرىبىنىڭ كۆڭلى مېنىڭ ئۆيۈم» دېگەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ھۆكۈمەت غېرىبىنىڭ بېشىنى سىلىمىسا، ئەكسىچە، يىلىكىنى شوراپ، قاڭغىر قاقشاتسا، بۇنداق ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر ـ پەرمانىغا بويسۇنۇشنى ئاللا راۋا كۆرەمدۇ؟! ...

لېكىن، دانىش ئىمامنىڭ ئەلپازىغا قاراپ شايى ئەخمەت مەسچىتتىن «غىپپىدە» چىقىپ كەتتى.

## 2

ئەتىسى ناماز بامداتتىن كېيىن دانىش ئىمام شاپاشلاپ ساقچىغا

باردى. بىرەر سائەتتىن كېيىن هاپىز جۇيجاڭ ئۇنى خاس ئىشخانى‑
سىدا قوبۇل قىلدى :
— خوش، تەقسىر، يېڭىلىقلار بارمۇ ؟
دانىش ئىمام ساقىلىنى تىترىتىپ دادلاندى :
— خوجا ... ئەلھەزەر، مۇستاپا! مەھەللىمىزدىن قىزىل پاچاق چىق‑
تى، مەن ئۇنىڭغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرگەنىدىم ... بەتبەخت، ئا‑
خىر ئۆزىنى ئاشكارىلىدى ... ئەلھەزەر، مۇستاپا، ئۇ قىپقىزىل پالشېۋىك
ئىكەن...
شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇ شايى ئەخمەتنىڭ ئالدىنقى كۈنىدىكى
نامايىشقا قاتنىشىپ كىشىلەرنى قوزغاتقانلىقىنى، كەچتە مەھەللىدىكى
ياشلارنى ئۆيىگە يىغىپ ئاللىقانداق گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئوقۇپ
بەرگەنلىكىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە ئالا قويماي سۆزلەپ بولۇپ، ئا‑
خىردا :
— خوجام، بۇ بىرنەچچە زۇۋانزلارغا سەل قارىماسلىق كېرەك،
ئەلھەزەر، مۇستاپا، تىل كىچىك بولسىمۇ، دۇنيانى بۇزۇپ ـ تۇزەلەي‑
دۇ، دېگەن گەپ بار. ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ! — دەپ
گېپىنى تۈگەتتى.
هاپىز خوجا پۇتىنى ئالماپ، «پالمىر» ماركىلىق پاپىروسنى چېكىپ
ئولتۇرۇپ تىڭشىدى، ئۇنىڭ كۆزى، يۈزى غەلىتە ـ غەلىتە ئۆزگىرىپ
تۇردى، دانىش ئىمامنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن
تۇرۇپ، كۆرەك ئاۋازدا مۇنداق دېدى :
— ئۇلار زادى قانچىلىك نېمىلەر ؟! يۈز قارغىغا بىر تاش كۇپايە،
تەقسىر، ئەمدى ئۇلار مېنىڭ قەھرىمنىمۇ كۆرۈپ باقسۇن!
— شۇنداق، خوجام، شۇنداق. ئەلھەزەر، مۇستاپا، «ئەسكى هارۋا
يول بۇزار، يامان ئادەم يۇرت» دېگەنىدەك، بۇنداق ناشۇكۇر ئۆكتەمە‑
لەردىن بىرنەچچىنىڭ ئەدىپىنى بەرمىسە جاهان تىنچىمايدۇ!
هاپىز خوجا قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى،

دانىش ئىمام ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي بويۇنداپ ئولتۇراتتى.

— مېنىڭچە، بۇنداق بولسۇن، تەقسىر، — دېدى ئۇ بىر نەرسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، — ھازىرچە بىز ئارىلىشىپ شايى ئەخمەتنى ئۈركۈتمەيلى. پەقەت قارا ئاۋۇتنىڭ ئادەملىرىگە ئىشارە قىلىپ قويساق، ئۇلار بىرەر باھانە ـ سەۋەب بىلەن ئۇنى ئۆيدىن چىقالماس قىلىۋېتىدۇ. شۇ چاغدا بىز ئۇنىڭ ئالاقىلىشىدىغان ئادەملىرىنىمۇ بىلىۋالىمىز! — ئۇ دانىش ئىمامنىڭ ئالدىغا كەلدى، دانىش ئىمام ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، يەلكىسىدىن ئاستا بېسىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — تەقسىر، ئۆزلىرى پىرقىمىز ئۈچۈن كۆپ ئەجىر قىلىۋاتىلا، گەرچە تاش بىر نەرسىنى كېسەلمىسىمۇ، لېكىن شەمشەرنى ئۆتكۈرلەشتۈرەلەيدۇ، سىلى بىز ئۈچۈن ياخشى بىر بىلەي تاش ...

— شۇنداق، خوجام، شۇنداق ... — دانىش ئىمام قولىنى كۆكسىگە ئالدى، — پېقىر قۇللىرى گۇناھقا بېخىل، ساۋابقا دەلىل خۇدانىڭ پاك بەندىسى، ھۆكۈمەت يولىدا جېنىم تەسەددۇق!

ھاپىز خوجا بىر تال پاپىروس تۇتاشتۇرۇۋېلىپ دانىش ئىمامغا قارىدى:

— ئۆتكەن ھەپتە، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، — نامازدىن كېيىن جامائەتكە دېگەنلىرىدىن خەۋەر تاپتىم. دىنىي ئىسلام توغرىسىدىكى تەشۋىقاتلىرى ناھايىتى كۈچلۈك بوپتۇ. بىز ھەممىمىز ئىسلام مۇخلىسلىرى، بىزنىڭ دىنىمىز شۇنداق پاك ھەم ئاقكى، ئۇنى سۇغا سالسا چۆكمەيدۇ، ئوتقا سالسا كۆيمەيدۇ! خەلقىمىز ئىسلام ئەقىدىسى، دىنىي تەرىقەت بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك قوراللىنىشى، ئۇنىڭ رەقىبلىرى بىلەن جان ئايىماي ئېلىشىدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنداق ئادەملەر ئۇلۇغ پىرقىمىزنىڭمۇ سادىق مۇخلىسى بولىدۇ!

دانىش ئىمامنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى، ئۆمرىدە بىر ۋاخ ناماز ئوقۇپ، بىر كۈن روزا تۇتۇپ باقمىغان ئىمانى سۇس بىر ئادەمنىڭ دىنىي ئىسلام توغرىسىدا ئېيتقان چىرايلىق گەپلىرى ئۇنىڭ جېنىنى

سۆيۈندۈرۈۋەتكەندى. ئۇنىڭ هاپىز خوجىغا بولغان ئىخلاسى، ئەقىدىسى تېخىمۇ كۈچەيدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قىلىپ تەنتەنە بىلەن مۇنداق دېدى :

— ئىسلام دىنى ھەممە دىنلاردىن ئەلا ۋە ئەۋزەلدۇر، ئەلھەزەر، مۇستاپا، ئىسلامنى قوغدىغۇچىلارغا ئاللاتائالا ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن نۇسرەت ئاتا قىلغاي! ...

— دېگەنلىرىدەك بولسۇن، تەقسىر، — دېدى هاپىز خوجا ئۇنى تېخىمۇ قۇشلاپ، — لېكىن بىز تولىمۇ سەگەك بولۇشىمىز كېرەك، «ئىتنىڭ لالما بولسا، تۈلكە تېمىڭغا چىقىدۇ » دېگەن گەپ بار!

— شۇنداق، خوجام، شۇنداق، ئەلھەزەر، مۇستاپا ...

ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سەيداجىمنى چاقتى، لېكىن ئۇنىڭغا كەلگەندە هاپىز خوجا سوغۇققان بولۇۋالدى، پەقەت :

— ئۇ كىشى بۇخارادا ئوقۇغانمۇ، تەقسىر ؟ — دەپ سوراپ قويدى.

— شۇنداق، بۇخارادا ئوقۇغان، — دېدى دانىش ئىمام تېخىمۇ كۆپۈپ، — ئەلھەزەر، مۇستاپا، ئۇ شۇ يەردە پالشىۋىكلەرگە ئارىلاشقان، خوجام ...

— مۇنداق دېسىلە ... — هاپىز خوجا كۆزلىرىنى بىردەم خىيالەن يۇمۇپ، كېيىن لەپپىدە ئاچتى، — بۇ ئىشنى كېيىنرەك بىرنەرسە دېيىشەيلى، تەقسىر، قانداق قىلغان بىلەن سەيداجىم ئۆزىمىزنىڭ قولىدىكى ئادەم، هازىر بىزگە پىرقىمىزنىڭ يوشۇرۇن دۈشمەنلىرىنى ئۇچۇقتۇرۇش مۇھىم! كونىلاردا : «ئىتقا گۆش بەرسەڭ تويىغا مىلەپ يەيدۇ » دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ ؟ سەيداجىمنىڭ قىلىۋاتقىنى شۇنچىلىكلا ئىش!

ئۇلار يەنە بىردەم ئۇياق ـ بۇياقتىن سۆزلەشتى، دانىش ئىمامنىڭ يەنە ئولتۇرغۇسى بار ئىدى، بىراق كاتىپ كىرىپ هاپىز جۇيجاڭنى

9 ـ بىرگادىنىڭ شتاب ئىشخانىسىدىن چاقىرتقانلىقىنى ئېيتتى. هاپىز خوجا كىيىمىنى كىيىپ، قورالىنى ئاستى، ئىشىك ئالدىدا ماشىنا سىگنال بەردى. دانىش ئىمامۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىراش خوشلاشتى.

3

سۇ تامچىلىرى بىلەن كۆپچۈگەن قارا بۇلۇت بىرمەھەل ئاسماندا نىشانسىز كېزىپ يۈردى، كېيىن غەرب شامىلىنىڭ سۈرۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ يامغۇر تامچىلىرىنى قۇيۇۋەتتى. ئىزغىرىن شامال دېرىزىلەرگە چاپقىلايتتى. تۈن قاراڭغۇسى ئاستا ـ ئاستا بېسىپ كەلدى، ئاخىرقى يورۇقلۇقمۇ يامغۇر تۇمانلىرىنىڭ ئارىسىدا غايىب بولدى ...

شايى ئەخمەت خام بازىرىدىكى چايخانىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى، ئىسسىق بەدەنگە تۇيۇقسىز تەگكەن سوغۇق تامچىلار ئۇنى ئەندىكتۈردى، ئۆتكۈنچى يامغۇر تاراسلاپ چۈشۈۋاتاتتى، ئۇ كەمزۇلىنى سېلىپ بېشىغا سايىۋەن قىلدى، كەشىنى قولتۇققا قىستى، شىمىنىڭ پۇچقىنى تۈردى، يوللارغا بىردەمدىلا سۇ يىغىلىپ قالغانىدى. ئۇ تام ياقىلاپ يۈرۈپ ئوردا ئىشىكىگە كەلدى، ئۇ يەردىن ئىلدام مېڭىپ ئۆزىنىڭ چاشقان كامېرىدەك تار ۋە ئۇزۇن كوچىسىغا بۇرۇلدى. ئەتراپ جىمجىت، كىشىلەر ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى دۈملىۋالغان، پەقەت يامغۇر بىلەن شامالنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شايى ئەخمەت پاتقاق كېچىپ، تېيىلىپ مۈدۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كوچىنىڭ ئۈستى يېپىق يېرىگە كەلگەندە بىرئاز دېمىنى ئېلىش ئۈچۈن توختىدى، چاپىنىنى سىلكىپ سۈيىنى سىقتى ... دەل شۇ چاغدا ئوڭ يېنىدىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بىر ئادەم سۇغۇرۇلۇپ چىقتى، شايى ئەخمەتنىڭ تېنى شۈركۈندى.

— كىمسەن؟ — دېدى ئۇ ئارقىغا بىر قەدەم داجىپ.

هېلىقى ئېگىز بوي، گۈرەنلىك ئادەم ئۇنىڭغا دېۋەيلەپ كەلدى:

— كىم بولاتتى، سىنى ساقلاپ تۇرغان ھەمراھ! ...

ئوڭ كۆزى قىسىق، كۆتمەك بۇرۇت، پۇتىغا كافكازچە غاس ـ غاس ئۆتۈك، ئۈچىسىغا قىزىل چەكمەندىن ئالدى ئوچۇق چاپان كىيىپ، شايى بەلبىغىغا كۈمۈش تولتىلىق يوغان پىچاق ئېسىپ يۈرىدىغان بۇ ئادەم ھاپىز جۈيجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى چۈماقچى قارا ئاۋۇت ئىدى. «نوچىنىڭ ھە ـ ھۆچىسى، پوچىنىڭ پۈدەكچىسى» بولغىنىدەك، بۇنىڭمۇ ئارقىدا بىرنەچچە چاپانچىلىرى بار ئىدى.

— گۇناھىڭنى بىلەمسەن؟! — قارا ئاۋۇت بوغۇق ئاۋازدا سورىدى.

— قايسى گۇناھىمنى؟! — شايى ئەخمەتمۇ دادىل جاۋاب بەردى.

— سىنىڭ تېخىچە تۈۋا قىلىش خىيالىڭ يوق ئىكەن ـ دە؟!

شايى ئەخمەتنىڭ كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيغاندەك، سەل ـ پەل سەگەكلەشتى، لېكىن ئۇ كېچىككەنىدى، قارا ئاۋۇتنىڭ يېنىك بىر ئىسقىرتىشى بىلەن قاراڭغۇ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتىن ئۈچ لۈكچەك ئېتىلىپ چىقىپ، شايى ئەخمەتنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى، شايى ئەخمەت ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارغا تەڭ تۇرالمىدى. «بۆرە بار يەردە قان بار» دېگەندەك، بۇ شۇم ئاياغلارنىڭ ئايىغى يەتكەنلا يەردە ھامان قان تۆكۈلەتتى. ئۇلار ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە شايى ئەخمەتنى يەرگە چاپلاپ قويدى، ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى قىڭراق سۆڭەكلىدىن «چورتلا» سۇنغانىدى. شايى ئەخمەت دادلاپ، ئىڭراپ ھوشىدىن كەتتى. بىر ـ ئىككى ئۆيدە چىراغ يېقىلىپ، دېرىزىلەر يورۇدى، ئەشكەلەر غىچىرلاپ ئېچىلدى، لۈكچەكلەر بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى ...

شايى ئەخمەت ھوشىغا كەلگەندە كۈن قىيام بولغانىدى. ئەتراپىدا سەپداشلىرى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تېڭىقتا ئېلىنغان پۇتى كارىۋاتنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئېسىلغان، يۈزى قەغەزدەك ئاقىرىپ، لەۋلىرى كۆكىرگەن، ئىككى قوۋۇزى ئىچكىرى كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ سەپداشلىرى بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملاشقاندىن كېيىن تونۇگۈنكى ئىشلارنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ قىسقىغىنا سەرگۈزەشتىسى دوستلىرىنى ھەم قىزىقتۇردى، ھەم ئۆكۈندۈردى.

— ۋاي، مېنىڭ ئارتىس دوستۇم! — دېدى رىشىت ھەمزى ئاچچىق ئارىلاش كۈيۈنۈش بىلەن، — بۇنداق نازۇك ئىشلار توغرىسىدا مەسچىتتىمۇ مۇنازىرە قىلغان بارمۇ ؟! يەنە كېلىپ يوغان سەللىلىك ئىمام ئاخۇنۇم بىلەن! ھەي! ... سېنىڭ شۇ بالا تەگكەن ئاغزىڭ ...

شايى ئەخمەت زەئىپ ئاۋازدا پىچىرلىدى :

— زادىلا چىدىيالمىدىم ... قاراپ تۇرۇپ يالغان - ياۋىداق گەپلەر بىلەن نامازخانلارنى قورقۇتۇۋاتىدۇ، شۇڭا جىنىدىن ئۆتكۈدەك گەپلەر بىلەن چۆچۈتۈپ قوياي دەپ تۇتۇشۇپ قالدىم! ھەي ... قېرى تۈلكىنىڭ كىشىنىڭ قولى ئارقىلىق يىلان تۇتىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي!

— ياخشى قىپسەن! — دېدى بەختى سېرىق شوخشۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۇنداق شۇم نىيەت بەتبەختلەرنىڭ ئانچە - مۇنچە دەككىسىنى بېرىپ قويمىسىمۇ بولمايدۇ. ئۇلار يوغان سەللە بىلەن ئالىپتە تونلارنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، خەلقنى مەڭگۈ جاھالەتتە، مەھكۇملۇقتا قالدۇرۇشنىڭ پەنتۇاسىنى توقۇپ چىقىرىۋاتىدۇ!

شۇ تاپتا ئۇلارنى ئۆز رايىغا قويۇپ بەرسە، بۇ يەردىمۇ بىر مەيدان مۇنازىرە چىقىدىغاندەك قىلاتتى. قۇتلۇق ئەپەندى ئورنىدىن چىقىپ ئۇلارنى بېسىپ قويدى :

— بولدى، بۇ ھەقتىكى گەپنى قويۇڭلار، بولغۇلۇق بوپتۇ، ئەمدى شايى ئەخمەتنى تېزرەك ئاياغقا تۇرغۇزۇشنىڭ غېمىنى قىلايلى.

ئۇلار ئۆزئارا كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان، دوستانە سۆزلەرنى قىلىشقاندىن كېيىن نۆۋەتتىكى ئىشلار ئۈستىدە توختالدى، تۇردى راجى ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلدى :

— ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بۈگۈن توشتى. ئەمدى ئۇلار ئەتە نېمە دەركىن ؟!

رىشىت ھەمزى ئۇنىڭغا قوشۇلدى :

— توغرا، ئەتىگەنلىككە ئىككى تەرەپ ئىمزا قويغان كېلىشىمنىڭ گۆش ياكى بەزگە ئايرىلىدىغان كۈنى!

— شۇنداق، ئەتە ئەتىگەنلىككە بارماقچىمىز، — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى قاشلىرىنى يىمىرىپ، — قالغان ۋەكىللەر بىلەنمۇ پۈتۈشۈپ

قويدۇم.

تۇدى راجى ئالمان ـ تالمان قوشۇمچە قىلدى:

ــ ئەگەر ئاشۇ ئىككى تەلپىمىز ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل بولمىسا، نامايىشنى ئۆتكەنكىدىنمۇ داغدۇغىلىق ئۇيۇشتۇرۇشىمىز كېرەك!

ــ ئۇلار ئۆزلىرى ئۆتكەندە قوشۇلغان تەلەپنى تېخى ئەمەلدە كۆرسەتمەيۋاتسا، ــ دېدى بەختى سېرىق كىمگىدۇر غۇدۇرىغاندەك، ــ قوشۇلمىغان تەلەپنى ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل قىلىش بەسى مۇشكۇل ئوخشايدۇ!

بىرنەچچەيلەن زەردە قىلدى:

ــ ئەتە كېلىشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىنى ئېچىپ تاشلاش كېرەك!

ــ ئىككى يۈزلىمىلىكىنى كۆزىگە كۆرسىتىش كېرەك!

ــ ئۇنىڭ نېمە پايدىسى؟! «ۋاقتى ئۆتكەندە قىلىچىڭنى پوققا چاپ» دېگەن گەپ بار! ...

ــ مۇنداق قىلايلى ... ــ قۇتلۇق ئەپەندى ھەممەيلەننىڭ بېشىنى جەم قىلدى، ئىككى كۈندىن بېرى ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى. ئۇ ئىشنىڭ ئارقا ـ ئالدىنى، پايدىلىق ۋە پايدىسىز تەرەپلىرىنى، ئوڭۇشلۇق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلىرىنى ئىنچىكە ئويلاپ، بىر يۈرۈش تەدبىر ۋە پىلانلارنى تۈزۈپ قويغانىدى، ھەممەيلەن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

ئۇلار شايى ئەخمەتنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، ئۆز ماكانلىرىغا قاراپ ماڭغاندا دائىش ئىمام مەسچىتكە نامازشام ئوقۇغىلى كىرىپ كېتىۋاتاتتى.



## ئالتىنچى باب

# يۇلتۇزلار ئويغاق

يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماس.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

قۇتلۇق ئەپەندى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسنىدى، تاتلىق ئۇيقۇ ۋۇجۇدىنى قاپساپ كەلگەنىدى.

ئۇ شايى ئەخمەتنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاققىچە كىتاب كۆردى. كېيىن ئەتىكى ئىشلار ئۈستىدە خىيال سۈردى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئەتە يەنە بىر قەپەس ئېلىشىش بولىدىغاندەك تۇراتتى. ھېلىقى قارا پوسمىلىق زىيا بەگ لاۋسىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان غالجىر كۆزلىرى، ھەربىي ئەمەلدارنىڭ كۆرەڭلىكى، ھاپىز خوجىنىڭ مۇغەمبەرلەرچە سىپايىگەرلىكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتتى. ئۇ ئويلاپ ئولتۇرۇپ خاتىرىسىگە ئاللىنېمىلەرنى يازدى ...

قۇتلۇق ئەپەندى ئىشتىن توختىغاندا سائەت بىردىن چارەك ئۆتكەنىدى. ئۇ مەنزەر ئۆينىڭ ئالدىدىكى لەمپىگە چىقتى، كېرىلدى، ئەسنىدى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئۇزاق تۇردى، يېنىك تاغ سەلكىنى ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى سىيپاپ ئۆتتى. شەھەر ئېغىر ئۇيقۇدا ئىدى. كوچا ئايلىنىپ يۈرگەن جېسەكچىلەرنىڭ كالتەكلىرىنى «تاڭ ـ تاڭ» ئۇرۇپ «سەگەك! ...» دەپ ۋارقىرىشى، لالما ئىتلارنىڭ ھاۋششى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىردى، كىيىمنى يەشتى، شامنى ئۆچۈرۈپ كا-رىۋاتقا سوزۇلدى، كونا ياغاچ كارىۋات مۇڭلۇق غىچىرلاپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمدى، خىيالدىن ئاستا - ئاستا ئۆزىنى تارتتى. شىرىن ئۇي-قۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يېيىلىپ ئەمدىلا كۆزى ئىلىشقاندى، تۇيۇقسىز هويلىنىڭ دەرۋازىسى قاتتىق ۋە ئەنسىز ئۇرۇلدى. قۇتلۇق ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، پەستىكى ئۆيدىن ئانىسىنىڭ هودۇققان ئاۋازى چىقتى، ئىشىك يەنە ئۇرۇلدى، كىمنىڭدۇر ۋارقىراپ تىللىغان قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ ئارىدا شەهەرنىڭ ئاللىبىر يېرىدىن ناگان - ناگاندا ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى، قۇت-لۇق ئەپەندىنىڭ كۆڭلى تۇيدى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ماتېرىياللىرد-نى يىغىشتۇرۇۋەتتى، سەرەڭگە يورۇغىدا ئۆيىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقاندىن كېيىن شەپە چىقارماي مەنزەرىنىڭ ئۆگزىسى-گە چىقىۋالدى. ئىشىك بارغانسېرى شىددەتلىك ئۇرۇلدى، قورقۇپ كەتكەن ئايال نېمە قىلىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى، ئىشىكنىڭ بىر قانىتى قاتتىق سوققا بىلەن ئۆلگۈجىكىدىن ئاجراپ چۈشتى. هوي-لىغا قولچىراغلىرىنى ياندۇرۇپ ئالتە ئەسكەر بېسىپ كىردى، ئۇلار مىلتىقلىرىنى شاراقلىتىپ ۋارقىراپ - جارقىرايتتى. قۇتلۇق ئەپەندى-نىڭ ئانىسى هويلىغا هەيدەپ چىقىلدى. ئىش كۆرمىگەن ئايال ئاغزىغا كەلگەن ئايەتنى پىچىرلاپ ئوقۇپ، هۆرۈپ لاغ - لاغ تىترەشكە باش-لىدى. ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەمەلدار سۇپەت بىرى تاپانچىسىنى تەڭلەپ ئايالنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئاقنىياز بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى «ئاق لېيەنجاڭ» دەپ ئاتايتتى.

— قۇتلۇق قېنى؟! — سورىدى ئۇ گۇركىرەپ.

— يوق، خوجام ... — ئايال زەئىپ ئاۋازدا دېدى، — بۈگۈن ئۆيگە كەلمىدى ...

— يالغان سۆزلىمە!

— ئىللاناۋارا، يالغان سۆزلىمىدىم، خوجام، ئەتىگەن چىقىپ كەت-

كەنچە قايتىپ كەلمىدى ...

— ئېرىڭ قېنى؟

— ئۇ ... ئۇ كىشى ... — ئايالنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — ئۆلۈپ كەتكەن ...

ئاق ليەنجاڭ ئەسكەرلىرىگە قاتتىق بۇيرۇق قىلدى:

— ئاختۇرۇڭلار!

بەش ئەسكەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ئايالنىڭ يۈرىكى ئۆيدى، ئۇنىڭ كۆزى مەنزەرگە تىكىلگەنىدى. بىردەملىك تاراق ـ تۇرۇق، گۈلدۈر ـ غالاپتىن كېيىن ئەسكەرلەر بىر ـ بىرلەپ كېلىپ دوكلات قىلدى:

— ئادەم يوق، ليەنجاڭ!

— ھېچنېمە چىقمىدى ...

ئايالنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى. ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا «خۇداغا شۈكرى» دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

— ئاناڭنى! ... — ئاق ليەنجاڭ غەزەپكە كەلدى، — سەن جەددال، قۇتلۇقنى نەگە يوشۇردۇڭ؟! تېپىپ بەرمەيدىكەنسەن، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆزۈڭ تۈرمىدە چىرىيسەن!

ئۇ تاپانچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن ئايالنىڭ گەجگىسىگە بىرنى سالدى، ئايال دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىدىكى كىچىككىنە ئازگالغا يىقىلدى، ئاق ليەنجاڭ ئەمدى ئۇنى تېپىپ دەسسەشكە باشلىدى. ئايال دەسلەپ ۋايىسدى، زارلىدى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. قۇتلۇق ئەپەندى مەنزەرنىڭ ئۆگزىسىدە يېتىپ ھەممىنى كۆردى، ئاڭلىدى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇ ئۆگزىدىن سەكرەپ چۈشمەكچى، قولىدىكى ئىككى بىسلىق خەنجەرنى ئاق ليەنجاڭنىڭ كۆكسىگە ئاتماقچى بولدى، لېكىن سەپداشلىرىنى، بولۇپمۇ رىشىت ھەمزىنىڭ ئۆيىدىكى تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئويلاپ ئۆزىنى باستى. ئۇ ھازىر رىشىت ھەمزىنىڭ ئۆيىگە بېرىشى، ئۇنىڭ قولىدىكى تىزىملىكنى دەرھال بىر يەرگە

يىغىشتۇرۇۋېتىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز پاجىئەلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ لېۋىنى چىشلىدى، ئانىسىنىڭ زارىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن قۇلىقىنى ئەتتى، دۈشمەننىڭ ۋەھشىيلىكىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇۋالدى. لېكىن، ئاق لېيەنجاڭنىڭ ئەسەبىي ۋارقىرىشى ئۇنى سەگەكلەشتۈردى:

— ئۆگزىنى ئاختۇرۇش! بۈگۈن قۇتلۇق دېگەن قىزىل پاچاقنى تاپماي قويمايمەن! قېنى، قانات ياساپ ئاسمانغا چىقىپ كېتەلەمدىكەن، كۆرۈپ باقاي!

ئەسكەرلەر يەنە پاتىپاراق بولدى. كىچىككىنە شوتىنى غىچىرلىتىپ ئۆگزىگە چىقتى. ئاڭغىچە قۇتلۇق ئەپەندى ئاستا ئۆمىلەپ قوشنىلارنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشۈۋالغانىدى. بەزىسى ئادەم بويى سىراج تام بىلەن، بەزىسى بىرنەچچە غېرىچ چىت - چىتەن بىلەن پاسىل قىلىنغان بۇ ئۆگزىلەر بەئەينى ئۇزۇن بىر ئاسما كۆۋرۈكتەك كىشىلەرنى ئۇ باشتىن - بۇ باشقا ئانچە توسالغۇسىزلا ئۆتكۈزۈۋېرەتتى. قۇتلۇق ئەپەندى بەزىدە يامىشىپ، بەزىدە ئاتلاپ مېڭىۋەردى، شۇ ماڭغانچە يىگىرمىدەك ئۆگزىدىن ئۆتۈپ، بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ قالدى. كوچا قاراڭغۇ ھەم جىمجىت ئىدى، ئۇ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئۆگزىگىچە تۇتاشقان بىر غوجا تامنى تاپتى، ئۇنىڭغا يامىشىپ سىيرىلىپ كوچىغا چۈشتى، بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا مېڭىپ باقتى. كېيىن تەرەپنى بايقاپ ئوڭغا بۇرۇلدى، ئىككى يۈز قەدەم ماڭغاندىن كېيىن چوڭ يولغا چىقتى. چوڭ يولمۇ جىمجىت، سۈرلۈك ئىدى، باشقا كۈنلىرى شامچىراغنىڭ يورۇقىدا تۈن نىسپىگىچە خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان ئوقەتچىلەرنىڭ بۈگۈن سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. قۇتلۇق ئەپەندى ئاق ئوردىدىن ئۆتۈپ، رىشىت ھەمزىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ چوڭ يولدىن ئەگىپ بىر كوچىغا ئەمدى بۇرۇلۇشىغا، يان تەرەپتىن چىققان تۇيۇقسىز ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى:

— توختا، نېمە ئادەمسەن؟!

قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئۈچ ئەسكەر ملتىقىنى تەڭلەپ چىقىپ كەل-
دى، قۇتلۇق ئەپەندى دەسلەپ دۇدۇقلىدى، كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ خەنزۇچە سۆزلىدى:
— ئايالىم تۇغۇتلۇق ئىدى، ھازىر ھايات - مامات ئوتتۇرىسىدا قالدى، بۇ يەرگە تونۇش بىر دوختۇرنى ئىزدەپ كېلىشىم ...
ئەسكەرلەر ئارقا - ئارقىدىن سوراقا تارتتى:
— ھازىر ھەربىي ھالەت ۋاقتى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟!
— سەن توردىن قېچىپ يۈرگەن قىزىل پاچاق بولمىغىن يەنە!
— ماڭ، قولغا ئېلىندىڭ!
قۇتلۇق ئەپەندى يەنە چۈشەندۈردى، ئۆزىنى ئاقلىدى، يېلىندى. ئەسكەرلەرنىڭ بىرئاز كۆڭلى يۇمشىدىمۇ قانداق، ئۇنى قوغلىدى:
— دەرھال كۆزدىن يوقال، بولمىسا ئېتىپ تاشلىنىسەن!
قۇتلۇق ئەپەندى قاراڭغۇ كوچىغا ئۆزىنى ئاتتى، كوچىنىڭ يان تەرىپىدىكى بىر خالتا كوچا رىشىت ھەمزىنىڭ ئۆيى ئىدى. ئۇ رىشىت ھەمزىنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا يەنە توختاپ قالدى، ئۇ تەرەپتىن ھەر خىل ئاۋاز ۋە شەپىلەر كېلىۋاتاتتى. قۇتلۇق ئەپەندى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ كۆزەتتى، يىراقتىن بىر يېنىپ - بىر ئۆچۈۋاتقان قولچىرىغىنىڭ يورۇقىدا ھەممە نەرسە مەلۇم بولدى، رىشىت ھەمزىنىڭ ئۆيىمۇ مۇھا-
سىرىگە ئېلىنغانىدى. قۇتلۇق ئەپەندى تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپلا قالدى، شۇ تاپتا ئۇ يۈرىكى سوقۇشتىن، كالىلىسى ھەرىكەتتىن توختىغاندەك جانسىز ھالەتتە ئىدى. شۇ تەرىقىدە خېلى ۋاقىت ئۆتتى، بىر چاغدا يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان ھەر خىل ئاۋازلار ئۇنى يەنە ئېسىگە كەلتۈر-
دى، يىگىرمە قەدەم نېرىدا بەش - ئالتە ساقچى قولچىراغلىرىنى ۋالىلدىتىپ، رىشىت ھەمزىنى ئالدىغا سالغىنىچە تىللاپ كېلىۋاتاتتى. رىشىت ھەمزىنىڭ قولىدا كويزا، ئۈستى كۆڭلەكچان، پۇتى يالاڭ ئا-
ياغ ئىدى ...
قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ يۈرىكى «چىممىدە» قىلىپ قالدى، قانلىرى

يۈزىگە تەپتى. بۇ يەردە تۇرۇۋەرسە ئۇنىمۇ نەس باساتتى. يەنە لېۋىنى چىشلەشكە توغرا كەلدى، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاستىنقى لېۋىدىن قان سىرغىپ ئاقتى. ئۇ تام ياقىلاپ ئارقىغا قايتتى، چوڭ يولغا چىقىش خەتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كەلدى، كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىكى مەسچىت تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مەسچىتنىڭ ئىچىدە كۆن-لۈكسىمان باراقسانلاپ ئۆسكەن بىر تۈپ كارداڭ رېدە بار ئىدى، ئۇ دەسلەپ مەسچىتنىڭ كۆنگۈرىلىك تېمىغا، كېيىن رېدىگە يامىشىپ چىقتى، رېدىنىڭ چاڭگىلىشىپ كەتكەن قېلىن شاخ، يوپۇرماقلىرى ئۇنى پۈتۈنلەي يۇتۇپ كەتتى. ئۇ تاڭ سوزۇلۇپ، قېرى مەزىن پەش-تاققا چىققۇچە ئەنە شۇ رېدە شېخىدا خۇددى قونداقتىكى خورازدەك ئويغاق ئولتۇردى.

2

هاپىز خوجا تاڭ يورۇشىغا ئىدارىگە كەلدى، كېچىچە خىزمەت قىلغان چاپارمەنلەر ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ قولغا ئېلىنغانلارنىڭ تىزىملىكىدىن قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ ئىسمىنى تاپالماي چىچاڭشىپ كەت-تى:

— هەي ... ي .... ي!... هەممىڭدىن بۇرۇن قامايدىغىنى شۇ ئە-مەسمىدى! نەگە قېچىپتۇ؟ قانات ياساپ ئەرشئەلاغا چىقىپ كېتىپتى-مۇ؟! يا بولمىسا، تاش باغلاپ تەھتىسسىراغا چۆكۈپ كېتىپتىمۇ؟! هۇ، نان قېپىلار! تاپالمىدۇق دېگىنىنى! ئوغۇل بالىنىڭ ئىچى قايىنسا يە-مەندىن يەسەرگىچە تاپىدۇ!

قاسىم كانايمۇ بېشىنى ئېگىپ ئەدەپ بىلەن تۇردى. هاپىز خوجا پۈتلىرىنى قاتتىق بېسىپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى، ئارقا - ئارقىدىن تاماكا چەكتى، كېيىن ئاچچىقى سەل يانغاندا:

— تۆت دەرۋازا قامال قىلىنسۇن! — دېدى بۇيرۇق بىلەن، — كىرگەن - چىققانلار، خۇسۇسەن سىرتقا چىققۇچىلار قاتتىق تەكشۈ-

رۇلسۇن، ھەربىر دەرۋازىغا قۇتلۇقنى تونۇيدىغانلار ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن! — ئۇ ئاخىردا زەردە بىلەن قوشۇپ قويدى، — گۇمانلىق ئۆيلەر داۋاملىق ئاختۇرۇلسۇن، بۈگۈن قۇتلۇقنى تۇتماي كۆزۈمگە كۆرۈنۈشمە!

چاپارمەنلەر پالاقلىشىپ چىقىپ كەتتى. ھاپىز جۈيجاڭنىڭ بۇيرۇقى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھەربىر قاتلاملىرىغا ئارقىمۇئارقا يەتكۈزۈلدى. ھەش - پەش دېگۈچە شەھەر دەرۋازىلىرى پېرىم تاقىلىپ، قاتمۇقات ساقچى ۋە ئىشپىيونلار قويۇلدى، شەھەر ئىچىدە يەنە جىددىي ھالەت شەكىللەندى...

«ئىشىك تاقاشقا دەم كېرەك، ئىش قىلىشقا پەم» دېگەندەك، قۇتلۇق ئەپەندى پەم بىلەن يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ تىڭلىدى. پېرىم كۈن ئىچىدە «كۈرەش» تەشكىلاتىنىڭ تېخى سالاھىيىتى ئاشكارىلانمىغان ئەزالىرىنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشمىگەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. ئۇ چۈشتىن كېيىن گىرىملىنىپ، مىسىرھاپىز ئىسىملىك بىر سەپدىشىنىڭ ئۆيىگە باردى، ئۇ يەرگە يەنە ئىككىيلەن كەلدى، ئۇلار خۇددى بۆرىدىن ئۈركۈپ كەتكەن قوي - قوزىلاردەك گاڭگىراپ چۆچۈپ قالغانىدى. قۇتلۇق ئەپەندى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى، روھىنى كۆتۈردى:

— قورقماڭلار، ئۇلار بىزگە ھەيۋە كۆرسىتىۋاتىدۇ! ئەگەر ئۇلارمۇ ئىنقىلابقا قاتناشقان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ قانداق قىممەتكە توختايدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. لېكىن ئۇلاردا مۇنداق ئىقتىدار يوق، مۇنداق ھېس - تۇيغۇمۇ يوق! ئۇلار ئىنقىلابنىڭ كۈرەش ئىكەنلىكىنى، كۈرەشنىڭ ھاياتنى ساقلاش ئاملى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ! ئەگەر بىز ياشايمىز دەيدىكەنمىز، ئىستىقبالىمىزنى ئويلىشىمىز كېرەك! ھايات ئۈچۈن ئىستىقبال بەكمۇ مۇھىم، ئىستىقبالسىز ياشاش يوقىلىش دېمەكتۇر! بىز ھازىر ھايات ۋە ئىستىقبال ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز، بۇ جەرياندا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتۇق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يولۇقىمىز. بۇ قاغدالما بۇزۇقلار، سىياسىي چامباشچىلار تېخى ئۆزىنى

كۆرسىتىدۇ! كۆرسەتسە كۆرسىتىۋەرسۇن، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ يولىدا
مېڭىۋېرىمىز! خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى، ئىستىقبالىنى ئويلىـ
غاندا، بۇنچىلىك ھەيۋىلەر ھېچ گەپ ئەمەس، بىز ئۇنى خۇشاللىق بىـ
لەن قارشى ئالىمىز، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىمىز. قىلىچ ئوينىغۇچىلار
ئاخىر قىلىچ ئاستىدا ئۆلىدۇ!

ئۇلار يەنە نۇرغۇن پاراڭلاشتى، كىملەرنىڭ قولغا ئېلىنىپ، كىمـ
لەرنىڭ سالامەت قالغانلىقى، كىملەرنىڭ نەدە ۋە نېمە ئىش قىلىۋاتقانـ
لىقى، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئۇزاق
سۆزلەشتى. ئاخىردا، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ نۆۋەتتىكى تەقدىرى ئۈسـ
تىدە توختىلىپ مۇنداق دېيىشتى:

— سىز ھازىرچە شەھەردىن چىقىپ كەتمىسىڭىز بولمايدۇ، يەنە
ئۈچ كېچە ئۇدا ھەربىي ھالەت قىلىدىكەن!

— تۆت دەرۋازىنى بىر ھەپتە قامال قىلىدىكەن!

— ئۆيمۇئۆي ئالا قويماي ئاختۇرىدىكەن!

— سىزنى شەھەردىن چىقىرىۋېتەيلى!

— بىر مەزگىل يېزىدا پاناھلىنىپ تۇرۇڭ!

قۇتلۇق ئەپەندى بەخىرامان ئولتۇرۇپ بېشىنى چايقىدى:

— ياق، بۇنداق جىددىي پەيتتە ئۆزۈمنى دالدىغا ئالالمايمەن! ئامان
قالغانلىرىمىز زىچ ئۇيۇشۇپ «تاڭ نۇرى» گېزىتىنى داۋاملىق چىقىـ
رىشىمىز كېرەك. ھازىرقى كۈرەش مۇشۇنىڭغا موھتاج!

— ياق، مۇنداق قىلىش بەكمۇ قاراملىق بولىدۇ، قۇتلۇق ئەپەنـ
دى، — دېدى مىرھاپىز نارازى قىياپەتتە، — بۇ بىر ئۆتكۈنچى شاـ
مال، كىم بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالسا، شامال شۇنى سوقىدۇ. ئەگەر
ئۇ بېشىنى سەل - پەل بولسىمۇ ئېگىۋالسا، شامال باش ئۈستىدىن ئۆـ
تۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ خالىغانچە گېدەيـ
سىمۇ بولۇۋېرىدىغۇ!؟

مىرھاپىزنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئاچچىقراق ئېيتىلدى.

قالغان ئىككى سەپداشمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلدى :

— شۇنداق، ئەگەر سىزمۇ قولىغا ئېلىنىپ كەتسىڭىز، ئۇ چاغدا كۆرىشىمىز باشپاناھسىز قالامدۇ ؟ ...

— دۈشمەنلەر مەقسىتىگە يېتىدۇ — دە! ...

قۇتلۇق ئەپەندى جىددىي ئويلىنىپ قالدى، ئويلىغانسېرى سەپداشلىرىنىڭ پىكرى ھەقلىق تۇيۇلدى، ئۇ ئاخىر كۆندى. شۇنداق قىلىپ، تاڭ بىلەن تەڭ، قۇتلۇق ئەپەندىنى بىر ئامال قىلىپ شەھەردىن چىقىرىۋەتمەكچى بولۇشتى. كەچتە قۇتلۇق ئەپەندى ئۇزۇن بىر پارچە خەت يېزىپ تۇمارچە پۈكلىدى. ياتار ۋاقتىدا مىرھاپىزغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ سورىدى :

— ھەيدەر خوجىنى تونۇمسىز ؟

— دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇتقۇچىسى ھەيدەر ئەپەندىمۇ ؟

— ھە، دەل شۇ.

— تونۇيمەن، ئەمما ئەسرا بولمىغان.

— مەيلى، كېيىنچە ئەسرا بولۇۋالىسىز، ماۋۇ خەتنى ئەتىلا ئۇنىڭ ئۆز قولىغا بېرىپ قويۇڭ.

— بولىدۇ، ئۆز قولىغا تەگكۈزىمەن!

3

قىيا ئېچىلغان قاپقارا تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئوتتۇن — سامان بېسىلغان ھارۋىلار، ئات — ئېشەكلەر، ئەرلەر، ئاياللار، باللار ئارىلىشىپ ئاجايىپ قايناق، غۇژ — غۇژ مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى.

ساقچى كالتەكلىرى ئادەملەرنىڭ، ئۇلاغلارنىڭ بېشىدا رەھىمسىز ئايلىناتتى. ئۇرۇش — تىللاش، قىيا — چىيا ئەۋجىگە چىققانىدى. بۇ مالىمانچىلىق دەرۋازىدىن كىرىپ — چىقىش ئۈچۈن نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەرنىلا ئەمەس، ئۇ يەرنى قاتتىق قامال قىلىۋاتقان ساقچى، ئىشپىيونلارنىمۇ چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. ئۇلار

چۈشكە يېقىن سولىشىپ، خېلىلا بوشاپ قالدى، كىرىپ ـ چىقىۋاتـ
قانلار تېزلەشتى. چىقىش ئۆچىرىتى بارغانسېرى قىسقاردى. ساقچىلار
ھەر خىل كىيىنگەن، ھەر خىل قىياپەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەقى ـ
تۇرقىغا قاراپ، نام ـ ئەھۋالىنى سوراپ، گۇمانلىق بىر نەرسە سېزىلـ
مىسىلا ئۆتكۈزۈۋېرەتتى. سوئال ـ سوراق قىسقا ھەم ئوخشاش
رىتىمدا تەكرارلىناتتى:

— توختا! ئېتىڭ نېمە؟

— روزى قوتاز.

— نەلىك نېمىسەن؟!

— پاينايلىق.

— ماڭ!

— ......

ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى دېھقان ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن
بىر بالا، ئاندىن بىر كىچىك ئەمەلدار ئۆتتى. ئەمدى نۆۋەت بوۋاق
كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايالغا كەلدى، ئايالنىڭ بېشىدا قېلىن چۈمبەللىك
كونا چىكەن لېچەك، پۇتىدا ئارا پاشنىلىق خۇرۇم تۇپلەي بار ئىدى.
سوئال ـ سوراق تەكرارلاندى:

— توختا! ئېتىڭ نېمە؟

— خون زارىخان ...

— نەگە بارىسەن؟

— چاۋاققا ...

— يۈزۈڭنى ئاچ!

ئايال تولغاندى، بىر كىمدىن ھېيىقىقاندەك بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ
پەس ئاۋازدا ئۆتۈندى:

— خوجام، ئاچماي، نامەھرەم بولىدۇ...

ياشراق بىر ساقچى ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىن كەلدى، ئۇستىۋاشلىرىغا،
بەستى ـ بويىغا سىنچىلاپ قارىدى، قارىغانسېرى چىرايىدا بىر خىل
قىزىقىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. ئۇ كۆزلىرىنى ھەييارلارچە ئوينىـ

تىپ، يېنىدىكى قېرى ساقچىغا پىچىرلىدى:

— كاساپەت، چىرايلىق نەرسىدەك قىلىدۇ، قارا ئۇنىڭ مىق-مىقلىقىنى!

— كۆزۈڭ چۈشكەن بولسا، بىر چەتكە تارتمامسەن، — دېدى قېرى ساقچىمۇ ئاستا پىچىرلاپ، — بۈگۈن بىز بۇ يەرنىڭ غوجىسى، خاننىڭ قىزى بولسىمۇ سېنىڭ ئالقىنىڭدىن ئۆتىدۇ...

ياش ساقچى ئايالغا قاراپ سىلجىدى، بىر شۇم خىيال ئۇنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدى بىلەن چىراي كۆرۈش نىيىتىدە ئايالغا يەنە بۇيرۇق قىلدى، لېكىن ئاۋازى سىپايە ئىدى:

— خېنىم، يۈزلىرىنى ئاچسىلا، بۈگۈن شەرىئەتمۇ نامەھرەملىككە يول قويىدۇ، يۈزلىرىنى كۆرمەي تۇرۇپ بۇ يەردىن ئۆتكۈزمەيمەن! ...

شۇ ئەسنادا، بوۋاق خۇددى ھەرە چاققاندەك قىرقىراپ كەتتى. ئايال بەزلىدى، لېكىن بالا بېسىقمىدى، ئەتراپتا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغانلار جىلە بىلەن غۇدۇراشقا باشلىدى، يىراقتىن قاسىم كاناي ۋارقىراپ كەلدى:

— ھەي خوتۇن، ئادەمنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرماي، شۇمتەكنىڭ زۇۋانىنى باس! — ئۇ ئەمدى ساقچىلارغا قاراپ گۆلەيدى، — نېمە گەپ؟! بۇ ئايال يا كىرمەي، يا چىقماي تۇرۇپ قالدىغۇ؟!

ئىككى ساقچى بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويدى، ھېلىقى قېرى خۇشامەتگويلۇق بىلەن شىپقاپ كېلىپ قاسىم كانايىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— بۇ ئۆزى تىرناقتا توختايدىغان جۇۋان ئىكەن ...

— بولدى، بولدى! — دېدى قاسىم كاناي قولىنى شىلتىپ، — ئىشىڭنى قىلىش، بۇ ئايالنى ئۆزۈم تەكشۈرىمەن!

ئۇ، ئايالنى ئارقىغا سېلىپ، دەرۋازىدىن يىگىرمە قەدەم نېرىدىكى ئىشخانا تەرەپكە ماڭدى. كېتىۋېتىپ ئايالدىن سوغۇققىنا سورىدى:

— يۈزۈڭنى نېمىشقا ئاچمايسەن؟!

ئايال ئۈنچىقمىدى، بالىسىنى پەپىلەپ مىڭىشۋەردى.

— كۆز تەگكۈدەك چىرايلىق ئوخشىمامسەن؟! — قاسىم كاناي ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى، — ئېرىڭ كىم، قايسى بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى سەن؟!

ئايال ئۈن قاتمىدى، بىر خىل ئازابلىق تىنىق بىلەن پۇشۇلداپ كەتتى. ئۇنىڭ جىمغۇرلۇقى قاسىم كانايىنى جىلە قىلىپ قويدى. لېكىن بىھۇدە ئاچچىق بىلەن ئايالنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ قويۇشتىن قورقتىمۇ قانداق، چىرايىغا يالغان كۈلكە يۈگۈرتۈپ، كۆڭلىدىكىنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— بولدى، بۇ يەردە يۈزۈڭنى ئاچمىساڭ مەيلى، خالىي يەرگە كىرگەندە ئاچارسەن، كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇغ نېمە، بۈگۈن كۆڭلۈمنى ئالساڭلا، ھېلىغۇ بۇ دەرۋازا ئىكەن، پىلىسىراتىنىڭ كۆۋرۈكىدىنمۇ ئۆزۈم يۆلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىمەن ... قېنى يۈر، ئىشخانىغا كىرەيلى ...

— نەگە، نەگە كىرىمەن؟!

قاسىم كاناي «چىپپىدە» تۇرۇپ قالدى، ئايالنىڭ ئاۋازى زەردىلىك ھەم پۈتۈنلەي ئەركەكچە ئىدى. قاسىم كاناي سەگەكلەشتى، ئالاقزادىلىك ئىچىدە يان قورالىنى سۇغۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— يۈزۈڭنى ئاچ، زادى كىمسەن؟!

ئايال بىر دەقىقە جىم تۇرۇۋالدى، قاسىم كانايىنىڭ بايىقى سۆزلىرى ئۇنىڭ غورۇرىغا قاتتىق تەگكەنىدى. ئۇ چوڭقۇر ھارسىنغان ھالدا كۈتۈلمىگەن يەردىن قاسىم كانايغا دوق قىلدى:

— قاسىم، سەن مېنى نېمە چاغلاۋاتىسەن؟! ئىپلاس! ... خەير، بۇ نۆۋەت سەن ئۇتتۇڭ! ...

قاسىم كاناي تېخىمۇ چۆچۈپ كەتتى. «ئايال» ئەمدى چۈمپەردىسىنى شارتلا ئېلىۋېتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بەلكىم بۈگۈن مېنى تۇتقانلىقىڭ ئۈچۈن خوجايىنىڭدىن جىق ئىنئام ئالارسەن، شان - شۆھرىتىڭ ئۆسۈپ كېتەر! لېكىن قاسىم، شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇن: ئاخىرقى ھېسابتا، تۆردە ئولتۇرغان ھې-

ساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب!

قاسىم كاناي كۆزىنى مىت قىلماي چەكچەيدى، ئۇنىڭ ئالدىدا سا- قال - بۇرۇتى پاكىز قىردۇرۇلغان قۇتلۇق ئەپەندى مىيىقىدا كۈلۈپ تۇراتتى ...

4

كاك لۈيجاڭ قەدىناسلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ ئازادە مېھمانخانىسى پۇراقلىق پاپىروس بىلەن ئامېرىكا ھارىقىنىڭ خۇشبۇي ھىدىغا تولغانىدى. نازۇنېمەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن يوغان يۇملاق شىرەنىڭ يۈزى كۆرۈنمەيتتى. چىرايلىق قىزلار ئاشخانا بىلەن مېھمانخانا ئارىلىقىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى.

ھاپىز خوجا قولىدىكى جانان رومكىنى بىرلا تىنىق بىلەن كۆتۈرۈۋەتتى، قىپقىزىل ۋىنو شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈزىگە تەپتى، ئۇ خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى دەسلەپ ئۇدۇل تامدىكى خۇش خەت بىلەن يېزىلغان: «ئايلىنىپ ئۆتتۈق تەڭرىتاغ چوققىسىدىن» دېگەن لەۋھەگە تىكتى، كېيىن لۈيجاڭغا بۇرۇلۇپ ئىككى كۈنلۈك تۇتقۇن ئەھۋالىدىن قىسقىچە دوكلات قىلدى:

— لۈيجاڭ جانابلىرى، ۋاقىپ بولغايلا، زەھەرلىك يىلاننىڭ بېشىدىن تارتىپ قۇيرۇقىغىچە تولۇق قولغا چۈشتى!

— ياخشى بوپتۇ، ياخشى ئىشلەپسىلەر! — دېدى كاك لۈيجاڭ قاتار رومكىلارغا ھاراق قۇيۇۋېتىپ، — قىزىل پاچاق دېگەنلەر زادىلا تىنچىماس ھەم يالجىماس نېمىلەر! ئۇلار ئەزەلدىن ئون بەش يىلدا بىر كىچىك توپىلاڭ، ئوتتۇز يىلدا بىر چوڭ توپىلاڭ قىلىپ كەلگەن! بۇ قېتىم مەن ئۇلارنى 150 يىلدىمۇ، 300 يىلدىمۇ زادىلا توپىلاڭ چىقىرالمايدىغان قىلىۋېتىمەن! قېنى كۆتۈرەيلى ...

رومكىلار جىرىڭشىدى، ھەممىسى ئاغزىدىن شاللىرىنى ئېقىتىپ

كاڭ لۇيجاڭغا سالامەتلىك تىلىدى، قارا پوسمىلىق زىيابەگ لاۋسىمۇ، ساقچى فورمىسىدا كالچىيىپ ئولتۇرغان ھاپىز خوجىمۇ ۋە يەنە ئىككى ئورۇق ـ سېمىز ھەربىي ئەمەلدارمۇ قولىدىكى رومكىلىرىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشى، تېخىمۇ تاج ـ دۆلەتلىك بولۇشى ئۈچۈن بەس ـ بەس بىلەن ھەمدۇسانا ئېيتىشتى. كاڭ لۇيجاڭ ھېجىيىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ھاراقنى ئىچىۋەتتى، قاندلىرى قىزىدى، تېخىمۇ روھلىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دە ساۋساۋ: «ئالەمدىكى كىشىلەرنى بويسۇندۇرىمەنكى، مەن ئۇلارغا بويسۇنمايمەن!» دەپتىدكەن، بۇ نېمىدېگەن غالىبانە روھ ـ ھە؟! بىزدىمۇ ئاشۇ ساۋساۋدەك جاسارەت ھەم غۇرۇر بولۇشى كېرەك. جاڭ ۋېيىۋەنجاڭمۇ: «مىڭنى خاتا ئۆلتۈرۈۋەتسەم مەيلى، لېكىن بىرنى توردىن قاچۇرمايمەن!» دېگەن. شۇڭا بىز پىرقىمىزگە، دۆلەت ئارمىيىمىزگە قارشى ھەرىكەت قىلغان غەلۋىچىلەرگە نىسبەتەن قەتئىي ۋە كەسكىن بولايلى. ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى يەتمىسە ساقچى بار، ساقچىنىڭ كۈچى يەتمىسە ئارمىيە بار. مەن سىلەرگە قۇدرەتلىك ئارمىيەم بىلەن ھەرقاچان مەدەتكار! مەن بۈگۈن ھەربىرلىرى بىلەن ئەنە شۇ تۈنجى غەلىبىمىزنىڭ خۇشاللىقىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈش نىيىتىدە كىچىككىنە داستىخان تەييارلىدىم، — ئۇ ئىشىك يېنىدا تۇرغان بىر خىزمەتچىگە قولى بىلەن نېمىلەرنىدۇ ئىشارەت قىلدى. خىزمەتچى سىرتقا چىقىپ كېتىپ ھايال بولمايلا ئىككى قىزنى باشلاپ كىردى، قىزلارنىڭ قولىدا قىزىل تاۋارغا ئورالغان بىر بوغچا بار ئىدى، — ئاز بولسىمۇ كۆڭلۈم ئۈچۈن بۇنى قوبۇل قىلىشقايلا! — ئۇ قىزلارغا شەرەت قىلدى، ئىككى قىز قوللىرىدىكى تاۋار بوغچىنى يېشىپ زىيا بەگ لاۋسى بىلەن ھاپىز خوجىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلار ئاچ كۆزلۈك، تەمەگەرلىك بىلەن ئالدىدىكى نەرسىلەرگە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراشتى، قارىغانسېرى ئاغزىلىرى كالچىيىپ، شۆلگەيلىرى ئاقتى. زىيابەگ لاۋسىنىڭ ئالدىدا

ئالا يوللۇق بەقەسەم تون، هاپىز خوجىنىڭ ئالدىدا ئامپىرىكا سارجىـ سىدىن تىكىلگەن كاستۇم ـ بۇرۇلكا تۇراتتى.

ئۇلار هاياجانلاندى، هاياجاندا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كاڭ لۈيـ جاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ لەشكە ئوخشاش يۇمشاق قوللىرىنى خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن سىقتى، سىلىدى، ئۇنىڭ ھىممىتىگە، شاپائىتـ تىگە، ئىشەنچىگە ئاغزى بىسلىماي تەشەككۇر ئېيتتى. كاڭ لۈيجاڭمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنىڭ جاسارىتىگە، تەدبىرىگە، ئۆزىگە بولغان ئېتىقا۔ دىغا ئاپىرىن ئوقۇدى، يەلكىسىگە شاپىلاقلىدى، يىپسىز لەگلەكتەك ئاسمانىنىڭ قەرىگە ئۇچۇردى...

زىياپەت داۋام قىلدى، يەپ ـ ئىچىش ۋايىغا يەتكەندىن كېيىن ئەپيۇنكەشلىك باشلاندى، ھەرقايسىسى بىردىن كۇتكۇچى قىزنى يېـ نىغا چاقىرىپ ئايرىم هۇجرىلاردا ئەپيۇن چولاتتى، قىزلار نازۇك، ئەۋرىشىم بارماقلىرى بىلەن ئەپيۇن چولاپ، سەيخانىلارغا ئوت ياقتى. ئۇلار ئەپيۇننىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، كۆزلىرىنى شەھۋانىي ھەۋەس بىـ لەن ئويناتقان هالدا تاڭ ئاتقانىنىمۇ بىلمەي قېلىشتى ...



## يەتتىنچى باب

# پاجىئەلىك كېچە

يىلاندىن قورققان ئارغامچىدىنمۇ قورقىدۇ.
— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

1

تولۇن ئاي كۆتۈرۈلدى، ئەتراپقا كۈمۈشتەك نۇر يېيىلدى، ئەنجان تام بىلەن قورشالغان تۈرمە ھويلىسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغىچە كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى...

جىمجىتلىققا چۆككەن سۈرلۈك ھويلىنىڭ تۆت تەرىپىدىن تۇيۇقسىز پۇشتەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى، مەھبۇسلار بۇنداق بىمەھەل چېلىنغان پۇشتەكتىن ياخشىلىق كۈتمەيتتى. ئۇلار كامېر پەنجىرىسىدىن سىرتقا قاراپ بويۇنداشتى، ئۆزئارا غودۇڭشىپ قويدى. پۇشتەك توختىغاندىن كېيىن سايىم كېپەكباش بىلەن ۋاڭ دەيدەي ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۇلارنى تۈرمە ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا يىغدى. تۈرمە باشلىقى ليۇ خەندۇڭ ئىشخانىدىن ئىرغاڭلاپ چىقىپ، مەھبۇسلار ئالدىغا كېلىپ گىدەيدى، قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ، كالانپاي بەستىنى زورىقىپ رۇسلىدى.

— يۇقىرىدىن بۇيرۇق كەلدى! — دېدى ئۇ ئەركەك غازنىڭ غاقىلدىغىنىدەك غودۇرۇڭ ئاۋازدا، — قۇلىقىڭلارنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭلار: ئىش چاتاق، كۈن تەس، ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ قالسا ئالدى بىلەن سۈدىن قىسىلىمىز. شۇڭا، تۈرمە ئىشخانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئېتىزغا بۈگۈن كېچىدىن قالدۇرماي كۆل كولاپ

چىقسىلە، كۆل سۇيىدە ئۆزۈڭلارنى تەمىنلەيمىز! بۇ بىر جىددىي سى-
ياسىي ۋەزىپە، تۈرمىمىزدىكى 370 جىنايەتچىنىڭ بىرىمۇ قالماي بۇ
ئىشقا قاتنىشىدۇ! — لىيۇ خەندۇڭ ئەمدى ئىش تەرتىپى، قائىدە - تۈ-
زۈملەر توغرىسىدا سۆزلىدى. مەھبۇسلار يېنىك تەۋرەندى، كۇسۇر -
كۇسۇر كۆپەيدى. ئۇلار «چاتاق» نىڭ تەكتىنى بىلىشكە قىزىقاتتى،
بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، ئۆزلىرىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى. با-
تۇقنىڭ روھىي كەيپىياتى تۇرۇپلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى، ئۇنىڭ چىرا-
يىدىن، كۆزلىرىدىن تەمەننا كۈلكىسى ياغاتتى. ئۇ گويا ھېچكىم بىل-
مەيدىغان مۇھىم بىر سىرنى بىلىدىغاندەك مەيدىسىنى كېرىپ، بېشىنى
گىدەيتىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا پۇشۇلداپ تۇرغان بارات چەكەدى
ئاخىر ئىچى پۇشۇپ سورىدى:

— ساڭا نېمە بولدى؟ باتۇق، بېشىڭنى قوناق يېگەن قېچىردەك قاتايتىۋالدىڭغۇ؟

باتۇق كۆرەڭلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

— كۆڭلۈم خۇشال ... مەن بىلىمەن، قانداق؟

— ئېيتە، نېمىنى بىلىسەن؟ — بارات چەكەدى ئۇنىڭغا يېپىشتى.

— ھازىرچە مەخپىي...

بارات چەكەدى تىت - تىت بولدى:

— ئاپلا... — ئۇ ئۆردەك تۇخۇمى چوڭلۇقتىكى ساپسېرىق ناسۋال قاپىقىدىن ئالىقىنىغا ناس تۆكتى، قولىنىڭ پوكىنى بىلەن ئاستىنقى لېۋىنى قايرىپ تۇرۇپ چىشىنىڭ تۈۋىگە ناس باستى ۋە لېۋىنى كۆپ-تۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — جېنىم ئۇكام، ئىچىمنى سىقمىساڭ-چۇ، زادى نېمىنى بىلىسەن؟! ئېيتقىنا...

باتۇق ئېگىشىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— بايا «ئىش چاتاق» دېگەن گەپنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ھە، ھىم... مانا شۇنى بىلىمەن، گۇندىپاي «چاتاقچىلار بار» دېدى، دېمىسىمۇ قۇتلۇق ئەپەندىلەر چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، ھازىر بۇ نېمىلەرنىڭ پاقالچىقى-غا پىت چۈشتى. ئەمدى بىلدىڭمۇ؟ بىرىگە تىنغۇچى بولما، بولمىسا

ناس باسقان چېشىڭنى سۇغۇرۇۋالىمەن! ...

ئۇلارنىڭ پارىڭىنى سايىم كېپەكباشنىڭ ئالتاغىل ئاۋازى بۆلۈۋەتتى:

— ھازىر ئىشنى باشلايمىز! ھەممىڭ سايمىنىڭلارنى تەخ قىلىپ، مۇشۇ تۈكۈرۈك يەرگە سىڭگۈچە ئارىلىقتا ئېتىزلىققا چىقىپ بولۇش! — دېدى ئۇ پۇتىنىڭ يېنىغا بىرنى تۈكۈرۈپ.

مەھبۇسلار تارقالدى، گۇندىپايلار كامېرغا كىرىپ، قولىغا كويزا، پۇتىغا كۆتەك، ئىشكەل سېلىنغانلارنى بوشاتتى، كەتمەن، گۈرجەك، تاغار، زەمبىللەرنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلەپ قويدى.

ئەمگەك شىددەتلىك بولدى. كىچىككىنە كۆل ئورنىدا قىمىرلىشىپ ئىشلەۋاتقان 370 ئادەم ھەر ھالدا ئەركىن ئىدى، ئۇلارنىڭ مەھبۇسلۇق ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۆزلىرى ئۈچۈن، ئۆزلىرى ئىچىدىغان ھاياتلىق سۈيى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى، ئۇلار ئەمگەك بىلەن بولۇپ كېتىپ تۈرمىدىكى ئۆزگىرىشتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالدى، تۈرمىدە شۇنچە كەچ بولۇشىغا قارىماي غەيرىي - غەيرىي ئادەملەر پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. تۈرمە ئىشخانىسىنىڭ ئۆگزىسى بىلەن كۆزىتىش راۋاقلىرىدىمۇ پىلىموتلارنىڭ سوغۇق تۇمشۇقلىرى پارقىراپ كۆرۈندى...

ئۇلار زادى بۈگۈن نېمە قىلماقچى؟! كۆلگە سۇ باشلاشنى كۆز - كۆز قىلماقچىمۇ؟ ياكى كۆلدە ئىشلەۋاتقانلارنى قوغدىماقچىمۇ؟!...

بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى شۇ تاپتا ھەمىشە ئەركەك غازدەك كاركىراپ يۈرىدىغان ھېلىقى تۈرمە باشلىقى ليۇ خەندۇڭدىن باشقا، دەلتە چىراي سايىم كېپەكباشمۇ، يېڭى گۇندىپاي ۋاڭ دەيدەيمۇ بىلمەيتتى...

## 2

يەنە شۇ ئاق كېچە. تولۇن ئاي ئاسمان گۈمبىزىدە ئۈزۈپ يۈرىدۇ، غۇر - غۇر شامال يېلىنىڭ بەدەنلەرنى شۈركەندۈرىدۇ، سوۋۇغان ھاۋا-

دىن قاڭسىق تەر بىلەن ئاللىقاندىق سىپسىغان نەرسىلەرنىڭ بەتبۇي پۇرىقى كېلىدۇ...

يېرىم كېچىدىن سەل ئاشقاندا كۆل چىپىلىپ بولدى. مەھبۇسلار ئاخىرقى ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. بايا ئون مىنۇتلۇق مەخپىي يىغىندىن چىققان ۋاڭ دەيدەي تولىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، ئەسەبىيلىرى تارتىشىپ بېشى چىڭقالدى، تامىقى قۇرۇپ، دىمىغى ئېچىشتى. گويا بىرى يۈرىكىنى چاڭگاللىۋالغاندەك نەپىسى سىقىلدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قوياتتى، ئۆزى بىلەن ئۆزى ئېلىشاتتى:

«قانداق قىلاي؟ ئۇنىڭغا ئېيتايمۇ؟ قۇتۇلدۇرايمۇ؟! ياق ـ ياق! تۇيۇپ قالسا بېشىم كېتىدۇ، يالغۇز ئانامنى كىم باقىدۇ؟!... لېكىن... ئەمما... ئۇمۇ تېخى ئوخشاشلا ياشقۇ!؟ ئاق كۆڭۈل، غېرىبپەرۋەر... يەنە كېلىپ ئىككىمىز دوست!... دوست ــ دوستىنىڭ قولىدا ئۆلسە مەيلىمۇ؟! ياق ـ ياق! ... ئەستا...»

ۋاڭ دەيدەي تېخىمۇ جىددىيلەشتى، تىت ـ تىت بولۇپ بىر يەردە تۇرالماي قالدى، لېكىن ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى باستى. ئۇ ۋىجدانى بىلەن قايتا ـ قايتا كېڭەشتى، بارا ـ بارا زېھنى ئېچىلدى، پىكرى مەركەزلەشتى، دوستلۇق مۇھەببىتى ئاخىر ھەممىنى يەڭدى، ئۇ ئەمدى بىر قارارغا كەلگەندى. ئۇنىڭ ئالاق ـ جالاق كۆزلىرى مەھبۇسلار ئىچىدىن باتۇقنى ئىزدىدى، باتۇق بىر چەتتە قاشنى دەسسەۋاتاتتى، ئۇ ۋاڭ دەيدەينى كۆرۈپلا ۋارقىرىدى:

ــ دەيدەي، سۇنى قاچان باشلايمىز؟

ــ ھېلى باشلايمىز! ــ دېدى ۋاڭ دەيدەي ۋە تېنى شۈركۈنۈپ، پەس ئاۋازدا چاقىردى، ــ مەيەرگە كېلە.

باتۇق تونۇپتىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنى كۆرۈپلا ھەيران بولدى. ۋاڭ دەيدەينىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى قالمىغاندى.

ــ نېمە بولدۇڭ؟ ــ سورىدى باتۇق ئەجەبلىنىپ، ــ مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟

ۋاڭ دەيدەي ئاستا، لېكىن جىددىي تەلەپپۇزدا ئۇنى ئاگاھلاندۇردى.

— ئەھۋال خەتەرلىك، باتۇق! سەن ھازىر باشقىلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، ئىشخانىنىڭ ئارقىسىدىكى تاشلاندۇق كاتەككە مۆكۈۋېلىۋال، ئۇقتۇڭمۇ؟

باتۇق تەئەججۇپلەندى:

— نېمىشقا، نېمە بولدى؟

— سوئالنى كېيىن سورا، ھازىر مەن دېگەننى قىل!...

ئۇنىڭ سۆزى ليۇ خەندۇڭنىڭ ئاۋازى بىلەن ئۈزۈلدى. ليۇ خەندۇڭ چەتتىكى قاشىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ۋارقىراۋاتاتتى:

— كۆل پۈتتى، ھەممىڭ كامېرغا قايتىپ نۆۋەت كۈتۈش! سۇنى گۇرۇپپىلار نۆۋەت بويىچە تۇتىدۇ، كىم چاقىرىلسا شۇ چىقىدۇ!

مەھبۇسلار كامېرلىرىغا قايتتى، قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىپلا پاخال، بورىلارنىڭ ئۈستىگە سوزۇلدى، بەزىسى يېتىپلا ھارغىنلىق ئۇيقۇسىغا پاتتى، بەزىسى ئۆمۈچۈك تورلىرى ساڭگىلىغان تورۇسقا قاراپ خىيالغا چۆكتى...

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھەربىر كامېرنىڭ ئىشىكىدە ئىككىدىن ئەسكەر پەيدا بولدى، ساقچىلار بىلەن گۇندىپايلار مەھبۇسلارنى بىرىنچى كامېردىن باشلاپ نۆۋەت بىلەن سىرتقا چىقاردى، ئۇلار چىقىشى بىلەن پۈتىغا ئىشكەل، قولىغا كويزا سېلىندى، كۆزى تېڭىلىپ كۆلنىڭ بويىغا ھەيدەپ كېلىندى. كۆل بويىدا ئۈستىگە چىپتا تاغاردىن خالات كىيىۋالغان بىر توپ سۈرلۈك جاللاتلار تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. ئۇلار بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئون نەچچە مەھبۇسنى جادوغا بېسىپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ قانغا مىلىۋەتتى.

ئاي تىكلەشكەندى، ئۇ ھېلىدىن - ھېلىغا بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ، گويا بىر نەرسىنى كۆرۈشكە ئالدىرىغاندەك زېمىنغا تەلپۈنەتتى، يەنە تۇرۇپلا ئەندىككەندەك غىپپىدە ئۆزىنى بۇلۇتنىڭ ئارقىسىغا ئالاتتى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ يوغان ۋە نۇرلۇق يۈزىدىكى داغلار گويا

كۆل بويىدا تۆكۈلۈۋاتقان قانلارنىڭ چاچرانىدىسىدەك تېخىمۇ قارىدىپ، غۇۋالىشىپ كەتكەنىدى.

تاغ سەلكىنى سوقتى، ئەتراپقا ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاينىغۇدەك ئىسسىق قان ھىدى تارقالدى. شامال كۆل بويىدىكى قىيا - چىيالارنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى...

غەلىتە، ئېچىنىشلىق ئاۋازلار باتۇقنى سەگەكلەشتۈردى، ئۇ كاتەكنىڭ ئۇششاق تۆشۈكلىرىدىن خىرە - شىرە ئاڭلىنىپ تۇرغان نالە - پەريادلارغا قۇلاق تۇتتى:

— جاللات، بىزنى قويۇۋەت!

— قويۇۋەت، دەيمەن!

— قايسى گۇناھىمىز ئۈچۈن ئۆلتۈرىسەن!؟

— سەنلەر ئۈچۈن ئادەم قېنى سۇمۇ؟!

— ئادالەت قېنى؟!

— ......

بىرىنىڭ يېقىمسىز ئاۋازى كۆتۈرۈلدى:

— گۇناھىڭ نېمە بولسا بولمامدۇ؟! ئادالەت دېگەن مانا! — ئۇ قولىدىكى قىلىچنى شىلتىدى، بىرى چىرقىراپ كۆلنىڭ ئىچىگە يىقىلدى، لېكىن دەرھال جان ئۈزمىدى، قان ئىچىدىن ئۆمىلەپ تۇرۇپ قىرغا ياماشتى، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىسسىق توپىنى — قان بىلەن نەمدەلگەن ئانا تۇپراقنى مىجىقلايتتى، تىرمىلايتتى، چىشلىرى كىرىشىپ، كۆپۈكلەنگەن ئاغزىدىن ھالسىز، لېكىن ئېچىنىشلىق بىر نىدا كۆتۈرۈلەتتى:

— ھەي... خۇدا!... كۆزۈڭ بولسا كۆرۈپ قوي، مەن جاللات قىلىچى بىلەن ئۆلۈشكە ھەقلىقمۇ؟!... نېمە گۇناھ قىلدىم!؟... ئاھ ... نادامەت! ... خوتۇنۇم تۇل، باللىرىم يېتىم قالدىغۇ! ... ھەي ... ھەي... جاللات... — ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى زەرب بىلەن ئۆرۇلغان قىلىچ ئۈزۈۋەتتى، قىيمىلانغان تېنى قان ئىچىگە چۆكتى...

باتۇق بەئەينى تۆمۈر قەپەستىكى شىردەك تېپىچەكلەپ كەتتى.

قۇلىقى غوڭۇلداپ، كۆزى قاراڭغۇلاشتى، يۈرىكى ئامبۇردا قىسقاندەك ئېچىشتى، سىقىلدى. ئۇ ئەمدى كاتەكنىڭ كۆل تەرەپتىكى تېمىدىن بىر تال كېسەكنى ئېلىۋەتتى. ئۇ يەردىن كۆل بويىدىكى مەخپىي قا-تىللىق تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ پۈتۈن بەدىنىنى كۆز ۋە قۇلاق قىلىپ سىنچىلاپ قارىدى. كېيىنكى كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر-دىن خېلىلا ھالقىپ، ئەقلىدىن ئازدۇرغىلى تاس قالدى. مانا، توققۇ-زىنچى تۈركۈمدىكى مەھبۇسلارمۇ كەلتۈرۈلدى، ئاۋۇ چەتتە تۇرغان بىرىنى باتۇق تونۇدى. ئۇنىڭ ئىسمى سىيىت تورغاي ئىدى، يىگىرمە ياشتىن ئەمدىلا ھالقىغان بۇ يىگىت باتۇق بىلەن بىر كامېردا ياتاتتى. ئۇ تېخى يېقىندىلا ئىت تالاشتۇرۇپ شۇ يەردە بولغان بىر جېدەلگە ئارىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئولاش ـ چولاش قولغا ئېلىنغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كەپسىز، بەڭۋاش بولۇش بىلەن بىللە خۇددى تور-غايدەك خۇش ئاۋاز، خام قايماقتەك يېقىشلىق ئىدى، شۇڭا، مەھ-بۇسلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياخشى كۆرەتتى.

قايسىبىر تاش يۈرەك جاللات ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ قىلىچ ئۇردى، سىيىت تورغاي يەرگە يىقىلدى، بىر ـ ئىككى تولغاندى، يەر ۋە كېيىملىرى قانغا بويالدى، لېكىن ئۇ يەنە قانداقتۇر بىر كۈچ بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ: «ئانا ... جېنىم ئانا ... سۇ ... سۇ» دەپ ۋارقىرىدى. ھېلىقى جاللات قىلىچنى يەنە كۆتۈردى، قانغا بويالغان قىلىچ ئاي نۇرىدا سۇس پارقىراپ كەتتى. ئۇ زەھەرلىك كۈلۈپ قو-يۇپ: «سۇنى ئەمدى باقىي دۇنيادىكى ھەۋزىكەۋسەردىن ئىچ!» دەپلا قىلىچ ئۇردى، يىگىتنىڭ كاللىسى ئۈزۈلدى، يەرگە چۈشۈپ دىڭ ـ دىڭ سەكرىدى. ھېلىقى جاللات خۇددى داڭگالنى تەپكەندەك بىرنى تەپتى، قان جىرغاپ تۇرغان كاللا دومىلاپ بېرىپ كۆلگە چۈشۈپ كەتتى...

باتۇق كۆزىنى يۇمۇۋالدى، لېكىن سىيىت تورغاينىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە سۈرەتتەك قېتىپ قالغانىدى. ھېلىقى قانلىق قىلىچ ئۇنىڭ مېڭىسىنى، يۈرىكىنى قوچۇۋاتقاندەك پۈتۈن ۋۇ-

جۇدى ئازابلاندى. ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشتى، مۇشتۇمى تۈگۈلدى، ئىچىدە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك بەدىنى لاۋۇلداپ ياندى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بىلەكلىرىنى پۈكۈپ، قولىنى شىلتىۋىدى، بازغان ۋەزنىدە تەگكەن مۇشت كاتەكنىڭ ئالدى تېمىنى بۆسۈپ، يوغان تۆشۈك ئېچىپ قويدى. ئۇ ئەسەبىيلىشىپ ئىككى تەرەپكە تاشلاندى، شۇ تاپتا، بىرلا يۇلقۇنسا پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلغان كاتەك كۇمپەيكۇم بولۇپ كېتىدىغاندەك ئىدى، ئۇ ئېتىلىپ چىقماقچى بولدى، ئەلپازىدىن ئۇدۇل كەلگەن بىرەر جاللاتنىڭ كېكىردىكىنى بوغمىسا، ياكى ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچنى تارتىۋېلىپ كاللىسىنى ئالمىسا پۇخادىن چىقمايدىغاندەك قىلاتتى، لېكىن...

لېكىن، ئۇ تەستە ئۆزىنى باستى، ۋاڭ دەيدەيىنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى، ئىخلاسىنى يەردە قويغۇسى كەلمىدى. شۇ تاپتا كاتەكتىن چىقسىلا ئەتراپتا تىمىسقىلاپ يۈرگەن خۇنخورلارنىڭ قولىغا چۈشەتتى، ئۆزىمۇ تۈگەيتتى. لېكىن ئۇ ھازىر ئۆلۈشنى خالىمايتتى، كۆڭلىدە تېخى نى ـ نى ئارمانلار بار ئىدى. ئۇ تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ ئاققىزنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش كېرەك، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئاققىزنىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ؟! ئۇنىڭدىن كېيىن، قۇتلۇق ئەپەندىنى ئىزدەپ تاپمىسا بولمايدۇ، قۇتلۇق ئەپەندى يېنىدا بولسا ئۇ ئۆزىنى ئەقىللىق، بىلىملىك، جاسارەتلىك سېزىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، جاھانسازلىق قىلىشى كېرەك!...

باتۇق ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ قالدى. لېكىن زەخمە يېگەن يۈرىكى ئۈنسىز يىغلايتتى، قايتىپ كەلگەن ھەسرەتلىك بىر نىدا سىرتقا تېپەتتى:

«ئادەملەر، ھەي ئادەملەر! سىلەر شۇنداق ۋەھشىي مەخلۇقمۇ؟! يىرتقۇچ ھايۋانلار — چىلبۆرە، يىلپىز، قاپلانلار چېغىدا ئۆز نەسلىنى، ئۆز ئەۋلادىنى مۇنداق ۋەھشىيانە قىرمايدىغۇ؟! سىلەردىكى يۈرەك، سىلەردىكى ئىنسانىي ئەقىل ـ پاراسەت مۇشۇنداق ياۋۇزلۇق، رەزىللىك، ۋەھشىيلىك ئۈچۈن يارىتىلغانمۇ؟!

دۇنيا، ھەي دۇنيا! سىنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭ قېنى؟! سەن خۇددى غاز، ئۆردەك ۋە توخۇ گەندىسىدەك سېسىق نەرسە ئىكەنسەن! سېنىڭدە تۆرەلگەن ئادەملەر سېنى ئەنە شۇنداق سېسىقچىلىقتا، ۋەھشىيلىكتە بۇلغاۋېتىپتۇ!...»

قان يەنە ئاقتى، تاڭ ئاتقۇچە ئۈزۈلمەي ئاقتى، شۇ كېچە مەھبۇسلار ئۆزى كولىغان كۆلنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى، شېرىن جىسمى بىلەن توشقازدى!...

3

ئىككى دوست ئەتىسى چۈشتىن كېيىن بىر خىلۋەت جايدا كۆرۈشۈپلا قۇچاقلاشتى. ۋاڭ دەيدەينىڭ ئۇستىخانلىرى كىچىك، جۈدەڭگۈ بولسىمۇ، بېجىرىم ئىدى، باتۇقنىڭ كەڭ غۇلىچى ئۇنى ئارغامچىدەك يۆگىۋالدى. باتۇق دەماللىققا گەپ قىلالمىدى، ئاۋازىنى چىقارماي يۇم - يۇم يىغلايتتى.

— دەيدەي... يۈرىكىم چىدىمىدى، كۆرمىسەم بوپتىكەن...

ۋاڭ دەيدەي ئۇنىڭ يەلكىسىگە يېنىك شاپىلاقلىدى:

— ئۆزۈڭنى تۇت، باتۇق، ھازىر كۆز يېشى قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس!

— ئۇلار زادى نېمە قىلماقچى؟! — باتۇق ۋاڭ دەيدەينىڭ ئىككى بىلىكىدىن قاماللاپ تۇرۇپ سورىدى، — بىز ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغۇدەك نېمە قىپتۇق؟!

ۋاڭ دەيدەي خورسىندى، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، بىرھازادىن كېيىن:

— ھەممىنى ئۇجۇقتۇرماقچى! — دېدى مىسكىن ئاۋازدا، — ئاخشام بىر يۈز سەكسەن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرگىچە تاڭ ئېتىپ قالدى، بولمىسا ھەممەيلەننىڭ ئۆلۈم خېتى كېسىلگەنىدى.

باتۇق ئالدىراپ سورىدى:

— دەيدەي، ئېيتقىنا، بىز زادى نېمە قىپتۇق؟! ئىت تالاشتۇرغان،

توخۇ سوقۇشتۇرغانلارمۇ ئاشۇنداق ئۆلۈشكە تېگىشلىكمۇ ؟! ئېيتقىنا...

— مەنمۇ تېخى ئازراقلا ئاڭلىدىم... — ۋاڭ دەيدەي ئەتراپىغا سىرلىق قاراپ قويۇپ ئاستا پىچىرلىدى، — جاھان ئۆزگىرىۋې-تىپتۇ...

باتۇۋق قىزىقىپ سورىدى :

— قانداق ئۆزگىرىش ؟

ۋاڭ دەيدەي ئاخشامدىن بېرى تۈرمە باشلىقى قاتارلىقلاردىن ئاڭ-لىغانلىرىنى ئاستا، لېكىن ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيـ-تىشىچە، تاشقورغان تاغلىرىدا پەيدا بولغان ئىنقىلابچىلار بىر سەھەر-دىلا ھۇجۇم قىلىپ تاشقورغاننى ئازاد قىپتۇ... ئويتاغدىمۇ قوراللىق قوشۇن پەيدا بوپتۇ، ئۇلار تاشمىلىقتىكى 18 - پولكنى خېلى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىپتۇ، بۇلۇڭكۆل ساقچى ئىدارىسى ھۇجۇمغا ئۇچراپ، يەتتە ساقچى ئۆلۈپتۇ، ئەللىك يەتتە مەھبۇس ئازاد قىلىنىپ قورالغا ئىگە بوپتۇ...

— ھازىر بۇلار جىددىي ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ! — دېدى ۋاڭ دەيدەي سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — شەھەر ئىچىدىكى دەل - دەرەخ-لەرنى كېسىپ، پوتەي سېلىپ، ئاكوپ كولاۋاتىدۇ. تۈرمىدىكىلەرنى مەخپىي ئۆلتۈرۈشمۇ شۇ سەۋەبتىن بولۇۋاتقان ئىش!

— بۈگۈنمۇ ئۆلتۈرمەكچىمۇ ؟! — باتۇۋقنىڭ قارامتۇل يۈزى دەس-لەپ تاتىرىپ، كېيىن چويۇندەك كۆكىرىپ كەتتى. ۋاڭ دەيدەي راستىنى ئېيتتى :

— پىلان شۇنداق. بۈگۈن كېچە يەنە قول سېلىشى مۇمكىن. ئەمـ-ما بىر سائەت بۇرۇن كەلگەن خەۋەردىن قارىغاندا، مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ...

— ئەمدى قانداق قىلىدۇ ؟

— بىلمىدىم....

— باشقا تۈرمىلەرچۇ ؟

— ئۇلار تېخى تىنچ، — دېدى ۋاڭ دەيدەي بىلىدىغانلىرىنىڭ

ھەمسىنى يوشۇرماي، — ئىشنى ئاۋۋال بىزنىڭ تۇرمىدىن باشلىغان، بۇ يەردە شەپە چىقارماي ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن باشقا تۇرمىلەرگە قول سالماقچى ئىدى.

باتۇق ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلدى، ھۆكۈمەتنىڭ نىيىتى يامان، غەرىزى شۇم ئىدى. ئەگەر جاننى قوغداشنىڭ كويىدا بولماي، مۇشۇ پېتى تۇرۇۋەرسە ئاخشامقىدەك بىر قىلىچ ياكى جادۇ بىلەن بۇ دۇنيادىن نام ـ نىشانسىز، جىمىدە كېتەتتى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، دەيدەي؟ — باتۇق ئۇمىدىنى يەنە ۋاڭ دەيدەيگە باغلىدى، — ئاخشامغۇ ئەسكى كاتەككە سولاپ قويۇپ، قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، بۈگۈن ئاخشامچۇ؟

— ئۇنىمۇ ئويلاپ قويدۇم، — ۋاڭ دەيدەينىڭ يوغان قارىچۇقلۇق كۆزلىرىدىن كۈچلۈك بىر نۇر «يالت» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى، — سېنى تۇرمە ھويلىسىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن قاچۇرۇۋېتىمەن، مەن بۈگۈن كەچ ئارقا ھويلىدا نۆۋەتچى.

باتۇق دەسلەپ خۇشال بولۇپ كەتتى، كېيىن ۋاڭ دەيدەينىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە، مېھرى ئىسسىق يۈزىگە قاراپ ئويلىنىپ قالدى:

— بىلىپ قالسا قانداق قىلىسەن؟!

— ئۇنىمۇ ئويلاپ قويدۇم! — دېدى ۋاڭ دەيدەي خاتىرجەم ھالدا، — ئۇ چاغدا مەنمۇ قاچىمەن! ئاسماننىڭ ئاستى كەڭغۇ؟ لېكىن ئىشنى پەم بىلەن قىلساق تۈيۈق چۈشمەيدۇ، — ئۇ ئاغزىنى باتۇقنىڭ قۇلىقىغا يېقىن تۇتۇپ بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. باتۇق خىيال بىلەن كۆزلىرىنى مىت قىلماي تۇرۇپلا قالدى.

— مەندىن ئەنسىرىمە! — دېدى ۋاڭ دەيدەي ئۇنى تېخىمۇ تىنچلاندۇرۇپ، — جىنايەتچىلەرنىڭ تۇرمىدىن قېچىپ كېتىدىغان ئىشلىرى دائىم بولۇپ تۇرىدىغۇ!؟

— ئەمسە بۇنداق بولسۇن، — باتۇق بىر قارارغا كەلدى، — مەن يالغۇز قاچسام چوقۇم سەندىن گۇمانلىنىدۇ، ئاخشام ئۆلۈم نۆۋىتى كەلمىگەنلەردىن ئىككى ـ ئۈچى بىلەن بىللە قاچاي، بىرنى قۇتۇل-

دۇردۇك نېمە، ئونىى قۇتۇلدۇردۇك نىېمە، ماڭـغان پۇتقـا هامان توپـا يۇقىدۇ.

ۋاك دەيدەي «جىمىدە» تۇرۇپ قالدى، باتۇق «سۇكۇت ئالامىتى رىزا» دەپ چۈشىنىپ، گەپنى تۇگەتتى:

ــــ ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق، كەچتە ئارقا هويلىدا ئۇچرىشايلى.


كەچ كىردى، تۇرمە هويلىسى سۇرلۇك هەم تىمتاسلىقتا چۆمدى. لىۇ خەندۇك چۈشتىن كېيىن ساقچى ئىدارىسگە كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. گۇندىپايلار پانار يورۇتۇلغان ئۆيلەردە ماجاك ۋە دۇ- دۇيزە ئويناشقا تۇتۇندى. ئۇلار گاھ جىمىپ قالاتتى، گاھ قىيا ـ چى- يا سالاتتى. ئارقا هويلىدا شەرتلىك شەپە ئاڭلاندى، ۋاك دەيدەي يۆ- تەل بىلەن بەلگە بەردى، بەش گەۋدە تام دالدىسى بىلەن چۆنەكلىك- تىن «لوڭگىدە» كۆتۇرۇلدى. ئالدىن كېلىشۋالغان هەرىكەتلەر تېز هەم چەبدەسلىك بىلەن ئىشلەندى: ۋاك دەيدەينىك پۇت ـ قولى چەمبەرچاس باغلىنىپ كۆزى تېڭىلدى، ئاغزىغا لۆڭگە تىقىلدى، كونا ئىنگلىز مىلتىقى باتۇقنىڭ تۆگە تاپىنىدەك يوغان هەم كۇچلۇك پۇت- لىرى بىلەن دەسسىلىپ ئىككى پارچە قىلىندى...

ــــ خەيرخوش، دەيدەي... ــــ دېدى باتۇق ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ــــ سالامەت بول، مەڭگۇ ئېسىمىزدە قالدىڭ!...

ۋاك دەيدەي بېشىنى لىڭشىتتى، مەيدىسى بىلەن ئىتتىرىپ تېزرەك چىقىپ كېتىشنى ئىشارە قىلدى، باتۇق ئۇنىڭدىن تەستە ئاجرىدى، كۆزىدىن «لۆممىدە» ئىككى تامچە ياش چىقىپ، يۇمران بۇرۇتلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى.

ئەركىنلىككە چىققان بەش مەھبۇس يېرىم كېچە بىلەن شەھەردىن يىراقلاپ جىمجىت يېزا قوينىغا كىردى، يېزا قاراڭغۇ هەم خامۇش ئىدى. ئۇلار ساپ هەم نەم هاۋادىن تويۇپ نەپەس ئالدى، هەر خىل ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆزگىچە پۇرىقىنى ئۇزاققىچە هىدلىدى، ئۆستەڭ بويىدىكى چىرىمدانلىق قاش ئۇستىدە ئولتۇرۇپ، تاغ سۇيىنى دۇم يېتىپ ئىچتى، يۇز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇشۇپ سەگىدىدى. باتۇق تۇنجى قېتىم ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىدى، ئۇنىڭ هۇزۇر ـ هالاۋىتىگە

هېچ نەرسىنىڭ تەڭ كەلمەيدىغانلىقىنى چىن كۆڭلىدىن ھېس قىلـ
دى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى ھەم خۇشاللىقتىن تىپىرلايتتى، ھەم
ئازابتىن پۇچىلىناتتى. ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى، نۇرغۇن
ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ تېخى ئاخشاملا ـــ ئاشۇ سىـ
ستق ئۆيدە تۇرغان چېغىدا ھاياتنى، ئادەملەرنى چۈشەنگەندەك بولغاـ
نىدى. كىچىككىنە ۋاقىت ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك مۇھەببەت بىـ
لەن نەپرەتنى ئاتا قىلدى، ئۇنىڭ يۇمران يۈرىكى قاتتى، پۈتۈن ھۈـ
جەيرىلىرى قىساس تۇيغۇسى بىلەن تولۇپ تاشتى...
ـــ ئەمدى نەگە بېرىپ، نېمە ئىش قىلىمىز؟
رېھىم قەندەلىنىڭ سوئالى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ ئوتـ
تۇرا ياشلاردىكى كەم سۆز، ئويچان ئادەم ئىدى، باتۇق ئۇنىڭ شۇ تەـ
رىپىنى ياقتۇرۇپ يېقىن ئۆتەتتى.
ـــ مېنىڭچە، جاڭگالغا بارايلى، ـــ دېدى بارات چەكەدى ئاغزىدىـ
كى ناسنى ئۆستەڭگە شالاققىدە تۈكۈرۈۋېتىپ، ـــ ئۇ يەر ئادەم تۈـ
گۈل ئۇچار قۇشمۇ ئېزىپ قالىدىغان كەڭرى قومۇشلۇق.
باشقىلار باتۇققا قارىدى، باتۇق بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ مۇنداق
دېدى:
ـــ مەيلى، ھازىرچە شۇ يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرايلى، بۈـ
گۈندىن باشلاپ بەشىمىزنىڭ جېنى بىر. بىز ئەمدى ئادەم كۆپەيتىپ
قورال تېپىپ، ئۆلۈم ئالدىدا قالغان قېرىنداشلىرىمىزنى قۇتقۇزىمىز!
ئۇلار ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشتى، باتۇققا ئەگىشىپ ئۆستەڭ ياـ
قىلاپ يۈرۈپ كەتتى.



## سەككىزىنچى باب

# ئۈنى دەريا قۇتۇلدۇردى

ئەل ئۈمىدىنى ئەل ئاقلار،
ئەر داڭقىنى ئەل ساقلار.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

تۈن كېچە.
ھەربىي ئات قوشۇلغان ئۈچ ھارۋا قىزىل دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى ئۈستىگە كېلىپ توختىدى. ئەتراپ قاراڭغۇ ھەم جىمجىت ئىدى، پەقەت قىزىل دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك شاۋقۇنى يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھارۋىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر كۆۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىغا قاراپ قالايمىقان ۋارقىراشقا باشلىدى:
— ئاناڭنى! ... نېمىشقا ماڭمايدۇ؟
— يولنى بوشات!... بولمىسا ئاتىدۇ؟
ئۇ تەرەپتىن جاۋاب كەلدى، ھەربىي تەمىنات باسقان ھارۋا يولنى توسۇۋالغاچقا، يولۇچىلارنىڭ ئات - ئېشەك، ھارۋا، ئۇلاغلىرى ئۆتەلمەي توسۇلۇپ قالغانىكەن. بىرىنچى ھارۋىنى ھەيدىگەن ئەسكەر يېنىدىكى ئاتلىققا بۇيرۇدى:
— سەن بېرىپ باققىنا، نېمە بوپتۇ؟
ئاتلىق كەتتى، ھايال بولماي قايتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى.

— سىلىڭىبۇنىڭ ھارۋىسى ئىكەن، ئىچ ئاتنىڭ پۇتى كۆۋرۈكنىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ كېتىپتۇ، يۈكنى چۈشۈرمىسە بولمايدىكەن، بىزنى ياردەم قىلىڭلار دەۋاتىدۇ.

ئەسكەرلەر غۇدۇراشقا باشلىدى:

— ئاناڭنى!... كۆۋرۈكنى ياسىماي...

— نان قېپىلار! بىزنى ئاۋارە قىلىپ...

— بۇلارغا كىم قارايدۇ؟!

— قېچىپ كەتسە...

— بېشىڭنى يەيدۇ!...

ئارىدىن بىرى بۇيرۇق تەرىقىسىدە ئورۇنلاشتۇردى:

— بىردىن ئۈچ ئادەم ھارۋىلارغا قارىسۇن، قالغان ئالتەيلەن ئۇ-نىڭغا ياردەملىشىپ تېزدىن يولنى ئېچىڭلار، بولمىسا بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ قالىمىز!

ئالتە ئەسكەر قولچىراغلىرىنى ۋال - ۋۇل قىلىشىپ كۆۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىغا كەتتى، ئۈچ ئەسكەر ھارۋا ساقلاپ قالدى، ھەربىر ھارۋىدا تۆتتىن مەھبۇس بار ئىدى. ئۇلارنىڭ پۇتىدا ئىشكەل، قوللىرى بىر - بىرىگە چېتىپ باغلانغانىدى.

— نەگە كەلدۇق؟ — بىرىنچى ھارۋىدىكى مەھبۇس يېنىدىكى ھەمراھىدىن ئاستا سورىدى.

— قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىگە كەلگەن ئوخشايمىز.

— ھە... بىزنى يېڭىشەھەرگە ئېلىپ مېڭىپتۇ - دە! — ئۇ ئېغىر ۋە مۇڭلۇق ئۇھسىنىپ قويدى.

ساقىلى ئاقارغان، ئىككى يىللىق تۈرمە ھاياتىدا جۇدەپ ئاجىزلىشىپ كەتكەن يەنە بىر مەھبۇس يېنىدىكى يىگىتكە ئېڭىشىپ ئاستا پىچىرلىدى:

— قۇتلۇق، قېچىپ كەت، ئىنىم، سەن تېخى ياش، نۇرغۇن ئىش قىلىشىڭ كېرەك. بۇلار بىزنى يېڭىشەھەرگە بىكار يۆتكىمىدى...

— قانداق قاچىمەن؟ — قۇتلۇق ئەپەندى ئەتراپىغا سىرلىق قاراپ قويدى.

— سېنى دەريا قۇتقۇزىدۇ... ئېپىنى قىلىپ قويدۇم، قولۇڭنى مەن بوشىتىۋېتىمەن، ئۆزۈڭنى سۇغا ئاتىسەن!

ئۇلار جىددىي ھەرىكەتكە كىرىشتى، قوللىرى چېتىلغان تانىنى ھارۋىنىڭ لاڭگازىسىدىكى تۆمۈرنىڭ قىرىغا پەم بىلەن سۈركىدى، چىمچىلاق قولدەك تومۇلۇقتىكى تانا تېزلا قىرچىلىپ بوشاپ كەتتى...

قۇتلۇق ئەپەندى روھلاندى، جانلاندى، قاراڭغۇغا ئۆگەنگەن كۆزلىرى بىلەن دەرياغا قارىدى، سۇ ھەيۋەت بىلەن ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتاتتى، ئۇ گۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقان يۈرىكىنى سەل توختىتىپ ئورنىدىن قىمىرلىدى، ھارۋىنىڭ ئوڭ يېنىدىكى ئەسكەر ھارۋىنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. قۇتلۇق ئەپەندى ئورنىدىن تۇردى، پۇتىدىكى ئىشكەل شاراقلىشىپ كەتتى، تاماكا تۇتاشتۇرۇۋاتقان ئەسكەر ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى، لېكىن ئۇنىڭ سەرەڭگە يورۇقىدا كۆزى بىر نەرسىلەرنى ئىلغا قىلغۇچە قۇتلۇق ئەپەندى ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى. ئەسكەر ھودۇقۇپ ۋارقىرىدى، مىلتىقنى شاراقلاتتى، باشقىلارمۇ گۈپۈرلەپ كەلدى، ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈلدى، دەرياغا بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىلدى. لېكىن، قۇتلۇق ئەپەندى ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمىدى، ئۇلۇغ سۇنىڭ شىددەتلىك ئېقىنى ئۇنى سوغۇق باغرىغا يوشۇرۇپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە خېلى يىراقلارغا ئېلىپ كەتكەنىدى.

قۇتلۇق ئەپەندىنى دەريا قۇتقۇزدى. ئۇ ئاستا - ئاستا ئۈزۈپ كەڭرى بىر لايلاتمىدىن قىرغاققا چىققاندا، پۇتلىن بەدىنى مۇزلاپ، پۇت - قولىنىڭ مادارى كەتكەنىدى. ئۇ غۇلچىنى كېرىپ، ئىككى دەرەخنى كەگەنلەپ بىرھازا تۇرۇپ قالدى، كېيىن دەلدەڭلىشىپ يۈرۈپ، دەريا بويىدىن بارا - بارا يىراقلاشتى. ئەمدى ئۇنىڭغا مېڭىش قىيىن ئىدى، پۇتىدىكى ئىشكەل بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، قىيناپ كې-

تىۋاتاتتى. ئۇ تىمىسقىلاپ، سىيپاپ يۈرۈپ تاش ئىزلىدى، تەسلىكتە ئىككى تاش تاپتى، كۈچىنى يىغىپ ئىشكەلگە ئۇردى، پۇت ـ قولى زىيدە بولدى، قانىدى، ئىشكەل ئاخىر قانغا بويىلىپ ئۈزۈلدى. ئۇ چارچىدى، بەدىنىدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلدى، شۇ تاپتا ئۇدۇل كەلگەن يەرگە سوزۇلۇپ يېتىشىنى، ئۇخلاشنى، كىچىككىنە بولسىمۇ ئارام ئې-لىشنى خالايتتى. لېكىن، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن پاناھلىنىدىغان جايغا يېتىۋېلىش كېرەك ئىدى. ئۇ غەيرەتلەندى، ئېغىرلاشقان بېشىنى سىل-كىپ ئورنىدىن تۇردى، ئاغرىۋاتقان پۇتىنى چىداپ تۇرۇپ يۆتكىدى. ئۇنىڭ پاتقاق بىلەن توشۇپ كەتكەن كونا ئايىغى خولۇپ ـ شولۇپ ئاۋاز چىقىراتتى، ئۇ بىر قەدەم ـ بىر قەدەم توختىماي ماڭدى، تاپىنى قاپىرىپ كەتتى، شىمىنىڭ پۇچقىقىنى كۆتىچەكلەر، جىغانلار يىرتىپ ساڭگىل ـ سۇڭگۇل قىلىۋەتتى...

ئۇ تاڭغا يېقىن تونۇش يېزا مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىچكۆيەر تاغىسى بىلەن قېرى يەڭگىسى ياشايتتى. قۇتلۇق ئە-پەندىنىڭ بالىلىق ھەم ياشلىق دەۋرلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مانا شۇ بۇك ـ باراقسان خىلۋەت يېزا قوينىدا ئۆتكەنىدى...

ئۇ ھالسىز قوللىرى بىلەن ئىشىكنى قاقتى، تاغىسى تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ھويلىغا چىققانىدى، قۇتلۇق ئەپەندىنى كۆرۈپ ھەم خۇشال بولدى، ھەم ھەيران قالدى. يەڭگىسى ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئۇزاققىچە ئېزىلىپ يىغلىدى. يول ئازابىدىن ئۇنىڭ قاپاقلىرى خۇددى پىلتە بەرگەندەك ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى تاشلىدى، شۇ ياتقىنىچە ئۈچ كۈن تونۇردەك قىزىپ ياتتى. ئۇ، جۆيلۈيتتى، كىمنىدۇر تىللايتتى، «رىشىت» دېگەن ئىسىم پات ـ پات تىلغا ئېلىناتتى. دەرۋەقە، ئۇ رىشىت ھەمزىنى چۈشىدىمۇ ئۇنتۇيالمىغانىدى. دۈشمەنلەر تەشكىلاتىنىڭ تىزىملىكىنى قولغا چۈ-شۈرۈش ئۈچۈن رىشىت ھەمزىگە قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى : بۇرنىغا لازا قۇيدى، پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ ئاستى، قولىنىڭ بېغىشى-

دىن ئۈستەلگە مىخلىدى. ئاخىرىدا، سازايى قىلىش ئۈچۈن پۇت ـ قولىنى چىڭ باغلاپ ھارۋىغا ياتقۇزدى، بېشىنى ھارۋىنىڭ لەڭگىرىگە ئارتىپ، يۈزىنى ھارۋىنىڭ چاقىغا يېقىن قىلىپ قويدى. چاق ھەربىر ئايلانغاندا ئۇنىڭ ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى سۈرۈپ زېدە قىلىۋەتتى، ئۇ يەردىن ئاققان قان باشقا نەرسىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، يەنە ئۇ-نىڭ يۈز ـ كۆزىگە سۇۋىلىپ ئادەم تونۇمىغۇدەك دەرىجىگە كېلىپ قالدى...

ئۇ ۋەھشىيلەرنىڭ ئەنە شۇ ئەزرائىل ھارۋىسىدا ئۇزاق ئۆتمەي جان ئۈزدى...

قۇتلۇق ئەپەندى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالغانىدى. ئاشۇ پاجىئەلىك كۆرۈنۈشلەر بۈگۈن ئۇنىڭ چۈشىدە قاي-تا ئايان بولۇۋاتاتتى...

## 2

ئۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن سەللىمازا بولۇپ كەتتى. ئىشتىھاسى ئې-چىلىپ، ئىككى مەڭزى قىزاردى، جاراھەتلىرى ساقىيىپ تېرە تاشلى-دى. ئەمدى ئۇ ئېتىزلىقتا، كۈزلۈك خامانلارغا چىقىپ دېھقانلار بىلەن مۇڭداشتى، سىرداشتى، تەڭتۇشلىرى بىلەن باغلاردا سەيلە قىلىپ، ئېرىق بويىدىكى قومۇلۇقلاردا ئۈلپەتلەشتى. بەزى كۈنلىرى تاغىسى بى-لەن قوناق سوقتى، كېۋەز يىغدى، خۇشال، كۆڭۈللۈك دەقىقىلەر تېز ئۆتۈپ كەتتى، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى ھەپتە بولۇپ قالدى. نېمە ئۈچۈندۇر كېيىنكى كۈنلەردە قۇتلۇق ئەپەندى خاتىرجەم بولال-مىدى، چۈشى بۇزۇلۇپ، قاپىقى تارتىۋەردى، قوشنىسى قادىر يۈزبې-شىمۇ ھە دېسە ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، پەللىمە گەپلەر بىلەن گۇمان تۇغ-دۇرۇپ قويدى. قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ تۇيغۇن يۈرىكى گەرچە ئېنىق كۆرمىسىمۇ، لېكىن ئۆزى ئۈستىدە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تارقاتقان بىرەر مەخپىي بۇيرۇقنىڭ بارلىقىنى سېزىۋالدى. شۇڭا ئۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆينىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتتى. تاغىسىنىڭ چەكمەن توقۇيدىغان كىچىككىنە دۇكىنىغا كىردى، ئۆي خىرە ـ شىرە ئىدى، ماز قەغەز يېپىشتۇرۇلغان تۈڭلۈكتىن غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى.

بىر تەرەپتە ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان ئەنئەنىۋى دەستىگاھ قۇرۇقلۇق ئىدى. قۇتلۇق ئەپەندى دۇكاننىڭ ئوڭ بۇلۇڭىدا يەنە بىر پاكار ئىشىكنىڭ بارلىقىنى كۆردى، ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئىچكىرى كىردى، بۇرنىغا گۈپپىدە چىلە پۇرىقى ئۇرۇلدى، بۇ كونا ئېغىل ئىدى. ئېغىلنىڭ ئۇدۇل تېمىدىن قىغ چىقىرىش ئۈچۈن باغ تەرەپكە تۆشۈك ئېچىپ قويۇلغانىدى. قۇتلۇق ئەپەندى تۆشۈكتىن دەسلەپ بېشىنى، كېيىن گەۋدىسىنى چىقىرىپ باقتى، ھەممە يېرى بەخۆدەك پاتتى. باغ ھەر خىل ئەتىۋار مېۋىلەردىن ئەۋرىشكە قويۇلغان كىچىككىنە مېۋىزارلىق ئىدى. قۇتلۇق ئەپەندى بىرنەچچە تال ئەش شاپتۇل بىلەن ئىككى شىڭگىل ئۈزۈم يەپ قايتىپ چىقتى...

كەچقۇرۇن يەڭگىسى ئوچاقتا قىزىل بۇغداي سامسىسى يېپىپ بەردى. ئۇ تېۋى قاچمىغان مەززىلىك سامسىنى يەپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى. يەڭگىسى ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا ئېغىز ئاچتى:

— بېشىڭنى قاچان ئوڭلايسەن، بالام، ئاناڭ ھايات ۋاقتىدا سايەڭنى ئىككى قىلىۋالساڭ بولاتتى...

ئۇ يەڭگىسى بىلەن قەستەن چېقىشتى:

— بېشىم ساق، خان ئاچا، شۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ بىر سايىسى ئارتۇقلۇق قىلىۋاتسا، ئىككى سايىنى نېمە قىلاي!؟...

يەڭگىسى يېزا ئاياللىرىغا خاس ساددا ۋە مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ قويدى. قۇتلۇق ئەپەندى بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن ئۆيلەنگەن، تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئىدى. لېكىن ئايالى ئۈچىنچى يىلى ھامىلدار

بولۇپ، تۇنجى تۇغۇتنا قازا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆيلىنىش خىيالىدا بولمىدى، ھازىرمۇ بۇنداق خىياللار كۆڭلىگە كىرىپ چىقـ- مايتتى. ئۇ يەڭگىسىگە ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئوي ـ خىياللىرى، ئەقىدە ـ ئېتىقادلىرى توغرىسىدا ئارتۇقچە چۈشەندۈرۈپمۇ ئولتۇرمىدى، يەڭگىـ- سىمۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدىكى گەپلەرنى قايتا ئېغىزغا ئالمىدى.

ئەتىسى كەچتە قۇتلۇق ئەپەندى پەرەز قىلغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى: ئەل ئۇيقۇغا كېتىپ، پۈتۈن يېزا جىممىغان چاغدا يات شەپە ئاڭلاندى، بىرى تامدىن سەكرىگەندەك قىلدى، ئارقىدىنلا ھويلا ئىـ- شىكى غىچىرلاپ ئېچىلدى. قۇتلۇق ئەپەندى بىرنەچچە كۈندىن بېرى كىيىمى بىلەن سەگەك يېتىۋاتاتتى، ھويلىدىكىلەرنىڭ پەس ئاۋازدا سۆزلەشكەن گەپلىرى ئېنىق ئاڭلاندى، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، دەھلىزنىڭ ئىشىكىگە قۇلاق ياقتى:

— قۇتلۇق مۇشۇ ئۆيدە ئىكەن، تۇيدۇرماي قولغا چۈشۈرەيلى!

— قېچىپ كەتكەن بولسىچۇ؟...

— قادىر يۈزبېشى يالغان ئېيتمايدۇ...

— يالغان ئېيتقان بولسا، ئون سەر تەڭگىنى ئاغزىدىن بۇلاق قىلىپ ئالىمىز!

— تىنچ...

— ئاستىراق ...

قۇتلۇق ئەپەندى شەپە چىقارماي دۇكانغا كىردى، ئۇ يەردىن ئېـ- غىلغا ئۆتتى، ئېغىلدىن باغقا چىقتى، ھېلىقى تۆشۈكنى كېسەك بىلەن بىلىندۈرمەي ئېتىۋەتتى. ئۇ باغدىن ئارتىلىپ سىرتقا چۈشتى، ئايلىنىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى، ھويلىنىڭ تېمىغا يانداپ ئۆسكەن قارىياغاچقا ياماشتى. رايوندىن كەلگەن ئۈچ ساقچى قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ تاغىسىنى ھويلىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ سوراق قىلىۋاتاتتى:

— قۇتلۇق قېنى؟!

— قۇتلۇق دېگەن قىزىل پاچاق قېنى دەيمەن؟!

— ئاخشام شەھەرگە بارىمەن دەپ كەتكەن...
— يالغان سۆزلىمە!
— مانا ئەمىسە...
بوۋاينىڭ ئاغزىغا بىرنەچچە مۇشت تەگدى، قۇتلۇق ئەپەندى تولغىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ تاغىسى بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتمەيدىغان، ئەتىدىن - كەچكىچە ئىبىز - ئىبرىق ئىشلىرى بىلەن، ئۇنىڭدىن ئاشسا باپكارچىلىق بىلەن ھەپىلىشىدىغان ياۋاش، جىمغۇر ئادەم ئىدى.
— ھەي قىرى ئۆلۈمتۈك، قۇتلۇقنى نەگە يوشۇردۇڭ؟!
— يوق! — دىدى بوۋاي كىسىپلا، — بولسا ئۆيدىن چىقمامتى؟!
ساقچىلار تۇشمۇتۇشتىن دىۋەيلەپ ۋارقىراشتى:
— ھىلى بىكار تىلىڭنى سۇغۇرۇۋالىمەن!
— گەپ قىل، نەگە يوشۇردۇڭ؟!
بوۋاي زۇۋان سۈرمىدى، پۇشۇلداپ تۇرىۋەردى، مۇشت، تاياق يەنە تەگدى. قۇتلۇق ئەپەندى ئۆزىنى ھويلىغا ئاتماقچى بولدىيۇ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆزىنى بەزلەيدىغان خىياللار ئۆتتى: «مەنمۇ تۈرمىلەردە يېتىپ نى - نى كۈنلەرنى كۆردۈم! تاغاممۇ بىرەر قېتىملىق قىيناشقا چىدىشى مۇمكىن. ئەگەر مەن بۇلار بىلەن ئېلىشسام، ھايات قالمايمەن، كېيىن ئۇلار پۈتۈن ئائىلىدىن ئۆچ ئالىدۇ! خەير خوش، تاغا، رازى بول!...»
ئۇ كۆز چانقىغا توشقان ئاچچىق ياشنى زورىغا بېسىپ، دەرەختىن چۈشتى. ئىبتىزلىقلارنى، بونجالىقلارنى ئارىلاپ مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى خامانلىققا باردى. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر سىرداش دېھقىنى بار ئىدى، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردى، ئاخىردا ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆز يېشى ئىچىدە خوشلاشتى:
— خەير، تاغا، مەن كەتتىم...
— نەگە بارىسەن؟ — دېھقان ئەنسىرەپ سورىدى.
— ئۆز يېرىمدە سەرسانمەن، تاغا، — دىدى قۇتلۇق ئەپەندى ئە-

لەم بىلەن، — لېكىن بۇنداق سەرسانلىق كۈنلەر ئۇزاققا بارمايدۇ. ئېشەك جېنىدا: «بېشىم ئامان بولسا دېڭىزدىن سۇ ئىچىمەن» دەيدىكەن، خوش ئەمىسە، ئامان بولساق كۆرۈشىمىز. ئەتە تاغام بىلەن يەڭگەمگە مېنىڭ ساق - سالامەت كەتكەنلىكىمنى ئېيتىپ قويۇڭ!

قۇتلۇق ئەپەندى ماڭدى، لېكىن دېھقان توختىۋالدى:

— ئوغلۇم، ماۋۇلارنى ئېلىۋال، — دېدى ئۇ كونا ئۆتۈكى بىلەن ئۇزۇن پاختىلىق چاپىنىنى ۋە بىر ياغلىققا چېگىلگەن ئۈچ - تۆت ناننى ئۇزىتىپ، — ئاز بولسىمۇ ساڭا يوللۇقۇم بولسۇن!

قۇتلۇق ئەپەندى ناننى ئالدى، ئۆتۈك بىلەن چاپانغا رەھمەت ئېيتتى.

— قولۇمنى ياندۇرما، — دېدى دېھقان خاپا بولغاندەك قىلىپ، — كەچ كۈز كىرىۋاتىدۇ، توڭۇپ قالىسەن، كىيسەڭ كىيىم، ياپساڭ يېپىنچا!

قۇتلۇق ئەپەندى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن دېھقاننىڭ يوللۇقىنى ئالدى. ئۇنىڭ قولىدىكى ئۆتۈك بىلەن چاپان گەرچە بەش پۇلغا يارىمىسىمۇ، لېكىن شۇ تاپتا قۇتلۇق ئەپەندى ئۈچۈن باھاسىغا يېتىشكىلى بولمايدىغان گۆھەردىنمۇ ئەتىۋار ھەم قىممەتلىك بىلىندى. چۈنكى، بۇ بەدىنىدىن ئاچچىق تەر يۇراپ تۇرىدىغان، پۇت - قوللىرى قاداق، كاج تەلەي دېھقاننىڭ قۇتلۇق ئەپەندىگە ۋە ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىغا ھەدىيە قىلغان قىپقىزىل يۈرىكى ئىدى.

قۇتلۇق ئەپەندى دېھقان بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

3

ئاسماننى ئاق، كۈل رەڭ، قارا بۇلۇتلار قاپلىدى. يىراق ئۇپۇقتا ئاخىرقى شەپەق نۇرلىرى قىزىل ۋە ئاچ قىزىل رەڭدە ئاسمان جىيەكىنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. قاراڭغۇلۇق ناھايىتى تېزلا پۈتۈن

قومۇشلۇققا يېيىلدى، قومۇشلۇق گويا قاراڭغۇلۇقتىن پۈتكەن بەھەيۋەت تامدەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

پاقىلارنىڭ كۇركىراشلىرى ئەۋجىگە چىقتى، ياۋا ئۆردەك، قاشقالداق ۋە ئاق چاپاقلار تۇرۇپ ـ تۇرۇپ غاقىلداپ قويياتتى، چۇغۇندەك بىلەن چۈمگەكلەرنىڭ سۇنى شالاپشىتقان ئاۋازىمۇ يىراق ـ يېقىندىن ئاڭلىنىپ قالاتتى...

قومۇشلۇق ئارىسىدىكى چىغىر يولدا ئۈچ ئادەم كېلىۋاتاتتى. بىرىنىڭ قولىدا قارا مىلتىق، يەنە بىرىنىڭ قولىدا قىلىچ، يەنە بىرەيلەننىڭ كۆزى تېڭىلغان، قولى قىل ئارغامچىدا باغلىنىپ، ئاغزىغا ماتا تىقىلغانىدى. ئۇ پاتقاقلىرى ئەمدى قېتىشقا باشلىغان ئېگىز ـ پەس يولدا ئاران ـ ئاران ماڭاتتى، بەزىدە مۈدۈرۈپ، بەزىدە يىقىلىپ چۈشەتتى. بۇنداق چاغلاردا ھېلىقى قوراللىقلار ئۇنى تىللايتتى، دۈشكەلەيتتى...

ئۇلار ئالاھازەل بىرەر سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن قومۇشلۇقنىڭ قۇرغاق يېرىگە كولانغان يوغان بىر گەمە ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ئەخمەت سەردار! — ۋارقىرىدى مىلتىق تۇتقان كىشى گەمىنىڭ ئىچىگە قاراپ، — بىر پايلاقچىنى تۇتۇۋالدۇق، قانداق قىلىمىز، ئېتىپ تاشلايمىزما؟!

گەمە ئىچىدىن بېشىغا سالۋار تۇماق، پۇتىغا غاس ـ غاس ئۆتۈك كىيىۋالغان شاپ بۇرۇتلۇق بىر ئادەم چىقتى. ئۇ پاكارراق، دوغىلاق، بولۇپ، پۇت ـ قوللىرى غەپسى يوغان ئىدى، بىرلا قارىغان كىشىگە ئۇنىڭ قولى ئېيىق شاپىلىقىدەك، پۇتى تۆگە تاپىنىدەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. ئۇ سىنچى كۆزلىرى بىلەن تۇتقۇننىڭ باش ـ ئايىغىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن كۆزەتچىلەردىن سورىدى:

— قانداق تۇتتۇڭلار؟

— قومۇشلۇقنىڭ ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپتىكەن!

— قورالى بارمۇ؟

— يوق...

— گۇمانلىق نېمىسى بار؟
— تازا بىر قەلەندەر پايلاقچى ئوخشايدۇ، ھېچ نەرسىسى يوقكەن.
ئەخمەت سەردار بۇرۇتىنى تىلغاپ تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى.
— ھازىرچە مۇشۇ يەردە قويۇپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ ئاخىر كۆڭلىنى توختىتىپ، — تاڭ ئاتقاندا سۆزلىشىپ باقايلى، ھازىر سىدىلىڭمۇ يوق.
تۇتقۇننىڭ پۇت ـ قولى چىڭ باغلاندى، كۆزى تېخىمۇ چىڭىتىلدى، پەقەت ئاغزىلا بوشىتىلىپ، گەمىنىڭ يېنىدىكى كونا قومۇش دۆۋىسىنىڭ ئۇستىگە تاشلاندى.
— مۇشۇ يەردە قىمىرلىماي يات! — دېدى قىلىچ ئاسقان كۆزەتچى، — بولمىسا چانىۋېتىمەن!
تۇتقۇن بىرەر سائەتچە جىم ياتتى، قومۇشلۇق سىرلىق ھەم شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك ئىدى. تۇيۇقسىزلا ئاتلارنىڭ دۇكۇرلىشى ئاڭلاندى، گەمىدىن بىرنەچچەيلەن يۈگۈرۈپ چىقتى. ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئارىلىشىپ كەتتى:
— كەلدى...
— ئەزىمەتلەر كەلدى!
— قوي تۇگۈل كالىمۇ ھەيدەپ كەپتۇ!
— يارايدۇ!
— بۈگۈن قايسى باينى قاقشاتقاندۇ؟!...
ئاتلارنىڭ دۇكۇرلىشى ئاستا ـ ئاستا بېسىقتى، كالىلار بىر ياققا ھەيدەلدى، تۇتقۇننىڭ بېشىدا قويلارنىڭ پۇشۇلدىشى بىلەن يېنىك مەرىشى ئاڭلاندى. بىرئازدىن كېيىن ئەخمەت سەردارنىڭ تۇتقۇنغا تونۇش ئاۋازى ياڭرىدى:
— گۈلخان يېقىڭلار، كاۋاپ قىلىمىز!
تۇتقۇنغا يىراق بولمىغان يەردە گۈلخان يېقىلدى، قۇرۇق ئوتۇن پاراسلاپ، لاۋۇلداپ كۆيدى. ھەممەيلەن گۈلخان ئەتراپىغا ئولاشتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە كاۋاپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى تارىدى، ئۇلار گۆش چاينىغاچ پاراڭغا چۈشتى. تۇتقۇن ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتـ لىرىدىن بۇ يەردە يىگىرمىدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ يوشۇرۇنۇپ يۇرۇۋاتـ قانلىقىنى، بەزىلىرىدە قورال، بەزىلىرىدە كالتەك ـ چوماق بارلىقىنى، ئۇلار كېچىلەردە يىراق ـ يېقىندىكى بايلارنىڭ ئۆيىگە تېگىپ، جاـ ھاندارچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدى...

ــ سىلىنىڭ قېنى، ئۇ نەدە قالدى؟

ئەخمەت سەردارنىڭ سوئالىغا بايا ئاتلىق كەلگەن بىرى جاۋاب بەردى:

ــ يېڭىشەھەرگە كەتتى، بىرى بىلەن قورال سودىسى قىلماقچى ئىكەن...

ــ يېڭىشەھەرگە؟! ــ دېدى ئەخمەت سەردار ئەنسىزلىك بىلەن، ــ قارامىلىق قىلىپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ يۈرمىگىيدى؟

ــ ئۇنچە ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ، ئەخمەتكا، ــ دېدى بىر يىگىت خاتىرجەملىك بىلەن، ــ سىلىنىڭ ئۇ يەردە پاناھلىنىدىغان بىر ئۆي، قوغدايدىغان بىر ئانا تېپىۋالدى.

ئەخمەت سەردار قىزىقىپ سورىدى:

ــ كىم ئىكەن ئۇ؟

ــ بىر گۇندىپاي ئاغىنىسىنىڭ ئانىسى ئىكەن، ــ دېدى ھېلىقى يىگىت.

ئەخمەت سەردارنىڭ كۆڭلى سەل ـ پەل ئەمىن تاپقاندەك بولدى.

ــ سىلىڭنىڭ پەيلى يامانراق تۇرىدۇ، ــ دېدى گۈلخاننىڭ ئۇ چېتىدە ئولتۇرغان بىرى ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلىپ، ــ ناۋادا بۇ قېتىم يېڭىشەھەردىن ئاز ـ تولا قورال ـ ياراغ تاپالىسا، چوڭ بىر ئىش قىلـ ماقچى!...

كاۋاپ چايناۋاتقان بىرى ناخۇش ئاھاڭدا قوشۇمچە قىلدى:

ــ شۇنداق قىلماي، مەستۇرە چوكاندەك قومۇشلۇقتا يېتىۋېرەمـ

دۇق ئەمسە...

پاراڭ خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى، بىردەم تاغدىن - باغدىن سۆزلىشىپ، ئاخىر ئەخمەت سەردارغا مەركەزلەشتى، بىرنەچچەيلەن ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەخمەت سەردار بىردىنلا جىمىپ، گۈلخاندىكى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تىكىلدى، ئۇنىڭ سەل - پەل نەملەشكەن كۆزلىرىدە ئوتنىڭ ئويناق شولىسى جىلۋىلەندى. ئۇ چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، سەرگۈزەشتلىرىنى ھېكايە قىلىشقا باشلىدى. تۇتقۇن ھەممە گەپلەرنى ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە ئاڭلاپ ياتتى، ئەخمەت سەردارنىڭ ھېكايىسىدىن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئەخمەت سەردار شېڭ شىسەي ۋاقتىدا ئۈرۈمچىدىكى بىر مۇستەقىل پولكنىڭ باتالىيون دەرىجىلىك ئوفىتسېرى ئىدى. 1940 - يىلى شېڭ شىسەي مەزكۇر پولكنى تارقىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ھەممە ئوفىتسېرلىرىنى بىر كېچىدىلا تۇتقۇن قىلدى. ئەخمەت سەردارمۇ پولك كوماندىرلىرى قاتارىدا قولغا ئېلىنغانىدى. ئۇ تۈرمىدە شېڭ شىسەينىڭ ئاجايىپ ھىيلە - نەيرەڭ ۋە قىيىن - قىستاقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، بىرنەچچە يىللىق تۈرمە ھاياتىدا ئۇ مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدى. پەقەت 1944 - يىلى جاللات شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنلا تۈرمىدىن بوشاپ ئۆز يۇرتىغا قايتتى. كېيىن باتۇقلارنىڭ قوشۇن تەشكىللىگەنلىكىنى ئاڭلاپ قومۇشلۇققا كەلدى ۋە بۇ يەردىكى ھاياتلىق ئۈچۈن كۆرەشكە ئاتلانغان يىگىرمە نەچچە ئادەمنىڭ ھەربىي ئۇستازى بولغان ئىدى.

تۇتقۇن گۈلخان ئەتراپىدىكى قىزىق پاراڭلارنى ئاڭلاپ يېتىپ، ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ تازا چارچىغانىدى، شۇڭا ياتقانچە مىدىر - سىدىر قىلماي، يۇمشاق قومۇش ئىچىگە ئويۇپلا كەتتى...

ئۇ ئەتىسى سەھەردە قاتتىق تېپىكتىن چۆچۈپ ئويغاندى. پۇت - قوللىرى مۇزلاپ، ئۇيۇشۇپ كەتكەنىدى. كۆزەتچى ئۇنىڭ پۇتىنى يېشىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، گەمىدىن ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى.

— بىز تۇتۇۋالغان پايلاقچى مۇشۇ، سىلىك! — دېدى كۆزەتچى
تىك تۇرۇپ.
«سىلىك» دەپ ئاتالغان كىشى كۆزەتچىنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ
تۇرۇپ دېدى:
— ياخشى، سەگەك تۇرۇپسىلەر. «قاشا مۇستەھكەم بولمىسا، لالما
ئىتلار كىرىۋېرىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئەگەر سىلەر ھوشيار بولمى-
ساڭلار مانا مۇشۇنداق يۇندىخور لالملار ئارىمىزغا كىرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ
كۆزىنى يەشكىنە، قانداقراق نېمىكىن!؟
تۇتقۇن — «سىلىك» نىڭ ئاۋازىنى تونۇغاندەك قىلدى، ئۇنىڭ
چىرايىنى كۆرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاللىبىر يېرىنى باغرى تونۇغان-
دەك قىلاتتى. كۆزەتچى تۇتقۇننىڭ كۆزىنى يەشتى، ئۇ بىر ھازاغىچە
ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى، كۆزىنى ئۇۋۇلىدى، چىمىلداتتى. شۇ ئار-
لىقتا ھېلىقى تونۇش ئاۋاز گويا گۈلدۈرمامىدەك تۇيۇقسىز ياڭرىدى:
— قۇتلۇق ئەپەندى! ... قۇتلۇق ئاكا!...
تۇتقۇن ئۆزىگە قۇچاق ئېچىپ تەلپۈنۈپ تۇرغان ئادەمنى ئاخىر
كۆردى، تونۇدى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ھاياجان، سەلتەنەت بىلەن كەڭ
قومۇشلۇققا يېيىلدى:
— باتۇق! ... باتۇق ئىنىم! ...
ئۇلار چىڭ ۋە ئۇزاققىچە قۇچاقلاشتى.



# توققۇزىنچى باب

## راۋاقتىكى «رازۋېدكا»

ئۇياتسىز مۈشۈككە قازناقنىڭ ئىشىكى ئوچۇق.
— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

1

كىشىلەر ھاپىز خوجىنى ئالدىدا «جۇيجاڭ»، كەينىدە «سېرىق جوھۇت» دەيتتى. يۈزى ئاق، چېچى قوڭۇر، ساقال - بۇرۇتى سارغۇچ بۇ ئادەم ئۆزىدىن يۇقىرىلارغا بەكمۇ ھۆسلە - سۇلكەتلىك، ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە خويمۇ ھاكاۋۇر، باغرى قاتتىق ئىدى. ئىش بېجىرىشتە بولسا، ئۇنىڭ ھېيلىسى شەيتاننىڭ نوختىسىدىنمۇ كۆپ ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە «پۇررىدە» كۆتۈرۈلۈپ رايوندىن ناھىيىگە، ناھىيىدىن ۋىلايەتكە ئۆسۈپ كەتتى. ئۇ قىرىق بەش ياشقا كىرگۈچە بەش قېتىم ئۆيلەندى، بەشىنچى خوتۇنىدىن بولغان تۇنجى بالا مانا بۇ يىل يەتتە ياشقا كىردى. ئۇ ھازىرمۇ خوتۇنباز ئىدى. پۇرسەت تاپسىلا كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەت بىلەن ياشايتتى.

ئۇ ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ھاۋا سەگىگەندە تۆت پاقالچىكى ئاق ئارغىماقنى مىنىپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدىن شەھەرنى ئايلىناتتى. بۇ ئۇنىڭ دائىملىق شەخسىي رازۋېدكىسى ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن

سېپىلغا يېقىن ئۆگزىلەردىكى چىرايلىق، مەستۇرە ئاياللارنى مارايتتى، يىراق يەردىكىلەرنى بولسا دۇربۇن بىلەن كۆزىتەتتى. ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرى كۆڭلىگە ياراپ قالغىدەك بولسا دەرھال دەللاللىرىنى ئىشقا سېلىپ، ھەر باب بىلەن چاڭگىلىغا چۈشۈرەتتى...

ئۇ بۈگۈنمۇ قۇلا ئارغىماقنى مىنىپ سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقتى. قۇياش پېتىشقا ئاز قالغانىدى، ئۇنىڭ شەپەق نۇرلىرى پارچە - پارچە بۇلۇتلار ئۈستىدە سۇس يالتىرايتتى. ھاۋا سالقىن ئىدى، تۈمەن دەرياسى تەرەپتىن كېلىۋاتقان نەم ۋە سوغۇق شامال ئادەمنىڭ يەلكىسىنى قورۇپ، يۈزلىرىنى يىرىك سىيپاپ ئۆتەتتى. قۇلا ئارغىماق مەشكە دەسسىگەندەك رىتىم بىلەن ئالدىرىماي ماڭدى، ئۇنىڭ ئېگىز ۋە چىرايلىق بويى سېپىلنىڭ نوختىسىدىن ئىككى غېرىچتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، ھاپىز خوجا قامچىسىنى ئېگەرگە دېيەپ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا كۆز تىكتى. ئۇنىڭ چاناقلىرى چوڭقۇر، قارىچۇقى يوغان ھەرىكەتچان كۆزلىرىگە يىراق - يېقىندىكى ئۆگزىلەردىن ھەر خىل ئادەملەر كۆرۈندى. ئۇ يەرلەردە ھاۋالىنىپ ئولتۇرغان بوۋاي، مومايلارمۇ، كەپتەر ئۇچۇرۇۋاتقان يىگىتلەرمۇ، باش تاراۋاتقان قىزلارمۇ، كىر يۇيۇۋاتقان چوكانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھاپىز خوجىنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك بىرەر ئايال يولۇقمىدى. ئۇ سېپىل ئۈستىدىكى ئاددىيغىنا كۆزىتىش راۋىقىنىڭ يېنىغا كەلگەندە توختىدى. ئاتتىن چۈشۈپ راۋاققا چىقتى، كارتون قاپلىق «كازبىك» تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى، قامچىسىنى ئامبىركانچە خۇرۇم ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ يىراقلارغا كۆز يۈگۈرتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى، لەۋلىرىنى يىمىرىپ تاڭلىيىنى چەكتى، كۆز يېتىم يەردىكى ئۆگزىدە زىلۋا بويلۇق، چىرايلىق بىر چوكان پاتلانغان چاچلىرىنى تاراۋاتاتتى. يېنىك شامال ئۇنىڭ چاچلىرىنى كۆپتۈرۈپ، دولقۇنلىتىپ ئۇچۇراتتى. ھاپىز خوجا كۆزىگە دۇربۇن قويدى، چوكان ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغىلا كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ساھىبجامال، گۈزەللىكى بىلەن تولۇق نامايان بولدى. ھاپىز خوجىنىڭ ئىچىگە ئوت چۈشتى،

ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەن ھارارەت دەرھال يۈزىگە تەپتى، ئىككى مەڭزى جىلمىيىپ، كۆزى خۇمارلاشتى. ئۇ مەستانىلاشقان كۆزلىرى بىلەن چوكان تۇرغان يەرنى ئېنىق مۆلچەرلىدى، ئاندىن راۋاقتىن چۈشۈپ ئېتىغا مىندى، ئۇدۇل ئىشخانىسىغا كەلدى، بىر چاپارمەننى «خەيرىنىسا دوقى» دەپ ئاتىلىدىغان سازەندە دەللالنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، ئۇ خۇددى قۇلىقى كېسىلگەن ئىتتەك ھەممە يەردە سوكۇلداپ يۈرىدىغان نوقانچى ئايال ئىدى.

خەيرىنىسا دوقى تېزلا يېتىپ كەلدى. «سەت كۆرۈنگەن سارايغا تۈۋرۈك بوپتۇ» دېگەندەك، يېشى قىرىقتىن ئاشقان بۇ شەللەڭزە داقى خوتۇن ھاپىز جۇيجاڭنىڭ ئەتىۋارلىق كۆزمونچىقى ئىدى.

— خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، خوجام، — دېدى ئۇ ئىشخانىغا كىرىپلا ئەركىلەپ، — ھىڭگان ئىگىرىسا، بوتا بوزلايدۇ، بۈگۈن قايسى تەلەيلىك نەزەرلىرىگە چۈشتى؟

— بۈگۈن نەزىرىمگە چۈشكىنى ئايالالا ئەمەس، بىر پەرىزات! — دېدى ھاپىز خوجا ئاغزىنى تامشىپ، — ئۇنى باغرىمغا بىر بېسىۋالمىسام دۇنيا ماڭا ھارام بولىدۇ، خەيرىنىسا، كارامىتىڭنى بىر كۆرسەت، جېنىم!...

— بېشىم بىلەن، خوجام، — خەيرىنىسا دوقى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلدى، — ئۆيى قايسى تەرەپتە ئىكەن؟

— پەم قىلىشىمچە، ئەنجان كوچىسىنىڭ ئىچكىرىدىكى بىر ئۆي، ھويلىسىدا تال بېدىشى باردەك قىلىدۇ...

خەيرىنىسا دوقى ئورنىدىن تۇردى:

— تۆت دەرۋازىنىڭ ئىچىدىلا بولسا تاپىمەن، خوجام، خاتىرجەم بولسىلا، شەيتاننىڭ نەسلى بولسىمۇ ئىندەككە كەلتۈرىمەن. «قاسساپنىڭ ئۇستىسى توخۇنىڭ ئۆپكىسىنى ئالار» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بولغىيتىلە!

ھاپىز خوجا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئىسسىق قولى بىلەن ئۇنىڭ ئۇچلۇق ئېڭىكىنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئازگىنى يەپ يۈرۈيمىز ـ دە، خەيرىنىسا!
ئىككىسى خوشلاشتى.

2

ئۈچىنچى كۈنى خەيرىنىسا دوقى خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى.
— تاپتىم، خوجام، تاپتىم! — دېدى ئۇ ئاغزىنى كالىچايتىپ، — بۈركۈتنەك كۆزلىرى بار ئىكەن...
هاپىز خوجا خۇشاللىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:
— سۆزلەشتىڭمۇ، ئىسمى نېمە ئىكەن؟
— ئىسمىمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا گۈزەل، — خەيرىنىسا دوقى ھەۋەس بىلەن دېدى، — نازاكەت خانىم!
هاپىز خوجىنىڭ كۆزلىرى ئويناپ، چىرايى پارقىراپ كەتتى:
— ئاھ!... نازاكەت خېنىم...
خەيرىنىسا دوقى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ پىچىرلىدى:
— ئۇنىڭ نوختىسى ئۆزلىرىنىڭ قولىدا ئىكەن، خوجام.
— قانداق، مېنى تونۇمدىكەن؟
— يوقسۇ، سىلىنى تونۇمايدىكەن...
هاپىز خوجا تەقەززا بولۇپ كەتتى:
— ئەمىسە قانداق؟
خەيرىنىسا دوقى ئەزمىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:
— ئۇنىڭ ئېرى ھاجى ئورۇس سىلىنىڭ قوللىرىدا ئىكەن، خوجام، ئالتە بۇرجەكلىك تۈرمىدە يېتىۋېتىپتۇ. ئەتە كەچقۇرۇن ئىككىلىرى بىزنىڭ ئۆيدە ئۇچراشماقچى، مەن ئۇنىڭغا: «جۇيجاڭ خوجام ئېرىڭ توغرىسىدا يېڭى خەۋەر يەتكۈزىدۇ، ئۆزۈڭمۇ ئەھۋالىڭنى ئېيتىپ ئىلتىپات تەلەپ قىل» دېدىم.
— ياخشى، ناھايىتى ياخشى... — هاپىز خوجا ھاياجانلاندى، بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ خەيرىنىسا دوقىنىڭ ئەتراپىدا ئايلاندى.

— ئوبدان تەييارلىق قىلغىن، مانا پۇل، ھېلىقى تېۋىپتىن مەجۇن ئال، مېنى ئەۋەتتى دېسەڭ پۇكەينىڭ ئاستىدىكىدىن بېرىدۇ، نازاكەت خېنىمنى راسا بىر مېھمان قىلايلى.

— ئوبدان، خوجام، — دېدى خەيرىنىسا دوقى ۋە ھاپىز خوجىنىڭ قولىدىكى بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ غىلجىڭلىدى، — ئايال خەق دېگەن ئۆچكە يېغىغا ئوخشايدۇ، خوجام، ئىسسىق گەپتە ئېرىپ، سوغۇق گەپتە توڭلايدۇ. ھەر ھالدا ئاغزىلىرىنىڭ يېلىنى ئاياپ توڭلىتىپ قويمىغايلا...

— خاتىرجەم بول! — دېدى ھاپىز خوجا كۆرەڭ ئاۋازدا، — توڭلىتىپ قويۇش دېگەن نېمە ئۇ؟! نازاكەت خېنىم ئۇچۇن سوقۇۋاتقان يۈرەككە ساماۋار قويساڭ قايناپدۇ!...

خەيرىنىسا دوقى تولغىنىپ قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلۈپ كەتتى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن ئۇ نازاكەت خېنىمنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى، خەيرىنىسا دوقى ئۇنى خۇددى سەبدەر گۈلدەك چىرايلىق ياسىۋەتكەنىدى. ئۇ بېشىغا ئالتۇن قاداقلىق كۈچار دوپپىسى، ئەگىنىگە بۆرەك ياقىلىق نىمچا بىلەن يېشىل تاۋار كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، ساغرىسىغىچە چۇشۇپ تۇرغان قاپقارا چېچى گىجەك ھەم بولۇق ئىدى، خېنە ياققان بارماقلىرىغا ياقۇت كۆزلۈك، زۇمرەت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكلەرنى پارلاشتۇرۇپ سېلىۋالغانىدى...

نازاكەت خېنىم ھاجى ئورۇسنىڭ كىچىك خوتۇنى بولۇپ، ئەمدى يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەنىدى. ئۇنىڭ تۇنجى بالىسى بەش ئايلىق بولغاندا چاچراپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن قورساق كۆتۈرمىدى. ئۇ راسا پاقلان چوكان بولغاندا ئەردىن ئايرىلىپ قالدى.

ئاياللار ھەمىشە ئەركەكلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، ئەركەكلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئىش. گۈزەللىك ئۇلارغا شۇنىڭ ئۈچۈن بېرىلگەن! ئۇلارغا زوقلىنىپ قارايدىغان ئەركەكلەر كۆپەيگەنسېرى ئۇلار شۇنچە ھوزۇرلىنىدۇ، ئۆزىنى ئۈستۈن ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەركەكلەرنى

جەلپ قىلىپ ئۆزىنى چىرايلىق كۆرسىتىشتىكى بىر ۋاستىسى پەرداز. لېكىن نازاكەت خېنىم ئەزەلدىن ئۆزىنى پەرداز قىلىشنى بىلمەيتتى، پەردازسىزمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى سۈرمە تارتقاندەك قاپقارا، لەۋلىرى گىلاس سۈيىدەك رەڭدار، يۈزى ئۇپا سۈرتكەندەك ئاق ۋە سۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭدىكى تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن ئوماقلىق ھەرقانداق كىشىنى بىرلا قاراشتا ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالاتتى. ۋەھالەنكى، تەبىئەت ئۇنىڭغا بۇنداق سېخىيلىق قىلغان بىلەن بەزى ئادەملەر ئۇنداق كەڭ قورساق بولالمىدى. بولۇپمۇ مەھەللىسىدىكى بىر قىسىم تېجىمەل ئاياللار ئۇنىڭدىن قىزغاندى، كۆرەلمىدى، ئۇ بەزىدە غىجىم رومالنى يۈزىدىن قايرىۋېتىپ، زىناخلىرىدىن كۈلكە، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ كوچىدىن ئۆتكەندە، ئۆزىنى مەستۇرە ئاتىۋالغان ئاشۇ خېنىملار ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن، سىراج تامنىڭ شورىسىدىن ماراپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئادايتتى، كېيىن ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە دوقۇرۇشۇپ: «قارىسىلا، بۇ سالما باش، يۇندا چىراي سەتىنىڭ يۈزىنى داپنەك ئېچىپ مېڭىشىنى!»، «كۆزىنى ئوغرى مۈشۈكتەك پارقىرىتىپ ئەر ئىزدەيدۇ دېسىلە بۇ داپشاق!» دەپ غۇدۇرىشاتتى. نازاكەت خېنىم بولسا ئۇنداقلاردىن پەرۋايى پەلەك يۈرۈۋېرەتتى، ھەتتا ئۇلارنى كۆرگەندە تېخىمۇ چىشىغا تېگىپ يۈزىنى يوغان ئاچاتتى، قاش، كۆزلىرىنى ناز بىلەن ئوينىتاتتى. ئاياغلىرىدىن قاس چىقىرىپ مەردانە ماڭاتتى. قىزغانچۇق كۆرەلمەسلەر ئاخىر ئۇنىڭ ئۈستىدىن: «زەم ـ زەم سۈيى بىلەن يۇيسىمۇ ئېرىمەيدىغان ناپاك!» دېگەن گەپلەرنى تارقىتىپ پۇخادىن چىقماقچى بولدى، لېكىن ئۇلار مەقسەتلىرىگە يېتەلمىدى. نازاكەت خېنىم يەنە شۇنداق پېتىدىن چۈشمەي، «ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ» يۈرۈۋەردى. ئاجايىپ كېلىشكەن بايۋەچچىلەر، يىلىكى توشقان قىران يىگىتلەر ئۇنى ئىزدەيتتى، ئۇنىڭ ئوتىدا پەرۋانە ئىدى...

نازاكەت خېنىم شۇ چاغقىچە ئۆزى ماڭغان يولدىن نەپرەتلەنمىدى، بەلكى ئۇنى كۆڭلىنىڭ نازۇك تۇيغۇلىرى بىلەن باغلاپ، تۇرمۇشنىڭ

ھەقىقىي لەززىتى، ھاياتلىقنىڭ مۇقەررەر خاھىشى، دەپ قاراپ كەلـ
دى. دېمىسىمۇ، بۇ يولدا ئۇ ۋىجدانىنى ساتمىدى، ئەقىدىسىنى ئاياغ ـ
ئاستى قىلمىدى، بەلكى يۈرىكى تارتىپ، قەلبىگە سىغقانىنى ئۆزىگە
جور قىلدى، ئۇلاردىن بىردەملىك بولسىمۇ قىزغىن مۇھەببەت بىلەن
كىرسىز كۆڭۈلنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى كۆكتىكى
قۇشلاردەك ئەركىن ـ ئازادە تۇتاتتى، ھېچكىمنىڭ باشقۇرۇش ۋە
ئىلتىپاتىغا موھتاج ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە پاك ئىدى، ئۇ ھەـ
مىشە «كۆڭۈل تارتقان ئاش ھالالغۇ!» دەپ ئويلايتتى. شۇنداق ئەـ
مەسمۇ؟ خەق نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ! ئۇنىڭ ئارقىسىدىن غوتۇلداپ،
كۆندە بىر خىل چۆرىمە چۆچەكلەرنى توقۇپ يۈرگەن ئاشۇ ئايالـلار
شۇنچىلىك پاكمىدۇ ؟! خۇدا ئۇلارغا ئىنساپ بەرسۇن! ئۇلار بىلەن بۇـ
نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىككى : بىرى ئاشكارا، بىرى مەخپىي؛ بىـ
رى كۆڭۈل، بىرى پۇل!... ئۇلار تاپىنىغىچە سۆرىۋالغان ئاشۇ قېلىن
رومال بىلەن چۈمبەل ئىچىدە يۈرۈپ نېمە ئىشلارنى قىلمايدۇ دەيـ
سىز ؟! پۈتۈن دۇنيانىڭ سودىسى شۇنىڭ ئىچىدە پۈتىدۇ! ئۇلار ئىنسان
ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك بولغان كۆڭۈل تۇيغۇلىرىنى پۇلغا ساتىدۇ،
ئۇلاردا ۋىجدان، ئەقىدە دېگەن نەرسە يوق! ئۇلار ئۇنى يەتتە قات
ئاسمانىنىڭ قەرىگە چۆرۈۋەتكەن! شۇڭا، ئۇلار نازاكەت خېنىمنىڭ
كۆڭلىنى چۈشەنمەيدۇ، چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس...

— جۈيجاڭ خوجام قاچان كېلىدۇ؟ — نازاكەت خېنىم چاي ئىـ
چىپ ئولتۇرۇپ سورىدى.

— ھېلى كېلىدۇ، خېنىم، باشلىق دېگەننىڭ ئىشى كۆپ بولىدىـ
كەن، — دېدى خەيرىنىسا دوقى داستىخانغا ھەر خىل مۇراببا ۋە پىسـ
تە ـ بادامىلارنى تىزىۋېتىپ، — ئىچىلىرى پۇشقان بولسا، مەن سىلىـ
گە بىردەم دۇتار چېلىپ بېرەي، خېنىم.

ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ دۇتارنى ئەكەلدى، قۇلىقىنى دەستىسىگە يېقىن
تۇتۇپ سازلىدى، ئاندىن يېنىك، شوخ پەدىلەرگە چېلىپ ناخشىنى
جور قىلدى :

غېجىكىمنىڭ دەستىسى،
ئۆردەك بېشى، كەكلىك قېشى.
يېڭى يار تۇتقان كىشى،
كۆز ئاشىقى كۆكۈل خۇشى.

ئاققىنا كۆڭلەك كىيىپسەن،
كۆككىنە جىيەك تۇتۇپ.
ئادىشىڭ يوقمۇ خېنىم،
ئولتۇرسەن ئېڭەك تۇتۇپ.
..........................

نازاكەت خېنىم تەبەسسۇم بىلەن كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇ خەيرىنىسا دوقىنىڭ چىشلىرى سارغۇچ، كالپۇكى قېلىن، ھەمىشە تاماكا پۇراپ تۇرىدىغان بەتبۇي ئاغزىدىن بۇنداق چىرايلىق ھەم لېۋەن ناخشىلارنىڭ چىقىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئىشق ـ مۇھەببەت ناخشىلىرى ياش چوكاننىڭ كۆڭلىنى تويدۇرماي ئۇتۇۋالدى، سىرلىق خىياللار ئۇنى باشقىچە لەززەتلىك، پىنھان ھەم بىسلاغۇسىز تەسىراتلار ئالەمگە ئېلىپ كەتتى...

شۇ چاغ ئىشىك يېنىك چېكىلدى، خەيرىنىسا دوقى ئالدىراپ ئاچتى، چاچ ـ ساقاللىرىنى پاكىز ياسىتىپ، چىرايلىق كىيىنگەن ھاپىز خوجا ئۆيگە كۈلۈپ كىردى، سىلىق ۋە يۇمشاقلىق بىلەن تىنچلىق سوراشتى، تونۇشتى. ئۇنىڭ كۆزى نازاكەت خېنىمغا ھېيىقىدەك قادالغانىدى، نازاكەت خېنىم «ھۆپپىدە» قىزىرىپ كەتتى، بېشىنى چەتكە بۇراپ يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك ھەرىكەتلىرىگىچە كۆزىتىپ تۇرغان خەيرىنىسا دوقى داستىخاندىكى «ئالاھىدە خۇرۇچ» بىلەن تەييارلانغان پەرمۇدىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى:

— خېنىم، تېۋى قېچىپ قالمىسۇن، ئۆزلىرىگە ئاتاپ پىشۇرغان، ئاغزىلىرىغا سالسىلىرى غۇژژىدە ئېرىيدۇ...

نازاكەت خېنىم ساھىبخانىنىڭ قولىنى قايتۇرمىدى، پەرمۇدە ھەقىـ

قەتەنمۇ ئوخشىغانىدى، ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككىنى يەۋەتتى، خەيرىـ نىسا دوقى دەرھال چايغا زورلىدى، پىلپىل بىلەن قەلەمپۇر سېلىنغان ئىسسىق چاي گۈپۈلدەپ پۇراق چاچاتتى. نازاكەت خېنىم ئىككىنچى پىيالە چاينى ئىچىپ بولۇپ ئۆزىچە كۈلۈشكە باشلىدى، بەدەنلىرى بوشىشىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشتى، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتـ قان بىر خىل ھارارەتتىن ئۇنىڭ مەڭزىلىرى قىزىرىپ، تېخىمۇ گۈزەلـ لىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ قايقارا چاچلىرى، چاقماق كىرپىكلىرى، ئوينىاق كۆزلىرى، يېلىنجاپ تۇرغان يۈزى ئۇدۇلدىكى پانار يورۇقىدا پارـ لىلدايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى سۆيۈشنى خالايتتى، ئالدىغا كەلـ گەنلا ئەركەكنى — مەيلى ئۇ قېرى بولسۇن، ياش بولسۇن، دوستى بولسۇن، دۈشمەن بولسۇن، ھەممىنى، ھەممىنى سۆيگۈسى كېلەتتى، ئۇنىڭ قەلبى جۇشقۇنلاپ، شەھۋانىي ھەۋىسى قوزغالغانىدى...

خەيرىنىسا دوقى ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ھاپىز خوجا ئاستا ـ ئاستا سۈرۈلۈپ، نازاكەت خېنىمنىڭ يېنىغا كەلدى. دەسلەپ ئاپئاق قولنى، يۇمشاق كۆكسىنى تۇتتى، سىلىدى، كېيىن كىمدىنـ دۇر ئۆگىنىۋالغان ئاجايىپ نەقىللەر بىلەن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ماختىدى:

— خېنىم، ئۆزلىرىگە مەن خۇددى جۇۋازچى گۇندىغا، باپكار سۇمبىغا، توقۇمچى كىگىزگە، موزدۇز بىگىزگە خۇشتار بولغاندەك خۇشتار...

نازاكەت خېنىم ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدى، ئۇ پەقەت كۈلەتتى، دىلـ كەشلىك، مەستانىلىك بىلەن تېلىقىپ كۈلەتتى. ھاپىز خوجىنىڭ قېـ لىن، تۈزلۈق لەۋلىرى ئەمدى ئۇنىڭ داغسىز، ئېۋەنسىز لەۋلىرى بىلەن ئىسسىق يۈزىنى سوغۇق شۆلگەيلەر بىلەن نەملەشكە باشلىدى، پەنـ جىسى يوغان يىرىك قوللىرى بولسا ئۇنىڭ ئاللىبىر يېرىدە ھەرىكەتـ لەندى، نازاكەت خېنىمنىڭمۇ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ بوشاشقان بەدىنى كۆڭۈل ئىلكىدىن چىقىپ كەتتى...

## 3

كېيىنكى كۈنلەردە ھاپىز خوجا نازاكەت خېنىمنىڭ ئەنجان كو-
چىسىدىكى ئۆيىگىمۇ تارتىنماي كىرىپ ـ چىقىدىغان بولدى. ئۇ نازا-
كەت خېنىمغا خۇشتار بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دەسلەپتە نازاكەت خې-
نىمغا «ھاجى ئورۇسنى تۈرمىدىن چىقىرىپ بېرىمەن» دەپ يېقىنلاش-
قان بولسا، ئەمدىلىكتە ھاجى ئورۇسنى قانداق ئۇجۇقتۇرۇپ نازاكەت
خېنىمنى مەڭگۈ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش نىيىتىدە يۈرەتتى.

ئۇ بۈگۈن خىزمەت تەكشۈرمەكچى بولۇپ ئالتە بۇرجەكلىك تۈر-
مىگە چىقتى. لىۋ خەندۇڭ بىلەن سايىم كېپەكباش ئەتراپىدا پايپېتەك
بولدى. ئۇ مەھبۇسلارنىڭ تىزىمىنى كۆرۈۋېتىپ، «ھاجى ئورۇس»
دېگەن ئىسىمغا كۆزى چۈشۈش بىلەن يۈرىكى «چىممىدە» قىلىپ
قالدى.

— بۇ قانداق جىنايەتچى؟ — سورىدى ئۇ لىۋ خەندۇڭدىن.

— شېڭ دۇبەن ۋاقتىدا قولغا ئېلىنىپتىكەن، ھازىرغىچە جاھىل...

ھاپىز خوجا ئاچچىق بىلەن چالۋاقىدى:

— بۇنداق جاھىل ئۇنسۇرنى نېمىشقا ئۆتكەندە مەخپىي ئۆلتۈرۈش-
تە ئۇجۇقتۇرۇۋەتمىدىڭلار؟!

لىۋ خەندۇڭنىڭ ئورنىغا سايىم كېپەكباش جاۋاب بەردى:

— بۇ قېرى تەلەيلىككەن، جۈيجاڭ، نۆۋەت تەگمەي قالدى...

لىۋ خەندۇڭ قوشۇمچە قىلدى:

— شۇنداق، جۈيجاڭ، ئەتىسى ئۇ ئىشنى يۇقىرىنىڭ يوليۇرۇقى بى-
لەن توختىتىپ قويدۇق، قالغانلارنىڭ جېنى ھايانغا قالدى ـ دە!

ھاپىز خوجا بىردەم سۈكۈتتە تۇردى، كېيىن بىر تال پاپىروس
تۇتاشتۇرىۋېلىپ، سايىم كېپەكباشقا بۇيرۇدى:

— ئۇ قېرىنى ئاچىق، ئۆزۈم سوتلايمەن!

ئون مىنۇتتىن كېيىن ئىشخانىغا ھاجى ئورۇس ئېلىپ كېلىندى.
ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ دەرۋىشتەك بولۇپ كەتكەن، پۇتى-

دىكى ئىشكەلمۇ داتلىشىپ سارغىيىپ قالغانىدى. ھاپىز خوجا ئۇنىڭ كۆرۈمسىز چىرايىغا، قورايدەك ئاجىز بەدىنىگە قاراپ ھەسەت بىلەن ئويلىدى : «شۇنداق ياش، گۈزەل، نازۇك بەدەن بىر پەرىزات نەچچە يىل مۇشۇنداق قىرى، سەت ئەبلەخنىڭ قوينىدا ياتتىما ؟! ئىست ... ئىست! ... » بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچلۈك رەشك ئوتى تۇتاشتى، ئالدىدا تۇرغان شور پېشانە بۇ ئادەم تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالدى.

ھاپىز خوجا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ھەيۋە بىلەن سورىدى :

— گۇناھكار ھاجى ئورۇس، ئالدىڭدا ئىككى يول تۇرۇپتۇ : بىرى، ھاياتلىق يولى؛ يەنە بىرى، ئۆلۈم يولى. بىز ئەلۋەتتە سىنىڭ كېيىنكى يولدا مېڭىشىڭنى ئۈمىد قىلمايمىز! ھاياتلىق يولىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە سەن بىر نەرسە يېزىپ، تەشكىلاتىڭنى پاش قىلساڭلا ھۆكۈمەت سېنى ئازاد قىلىپ مۇۋاپىق خىزمەت بېرىدۇ، قانداق؟

ھاجى ئورۇس بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، ئالدىدا تۇرغان جۇيجاڭنىڭ كىمگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي ئىككى تەرەپكە قارىدى، كېيىن سەل ـ پەل ئۆزىگە كېلىپ، زەئىپ، لېكىن ۋەزمىنلىك ئاۋازدا مۇنداق دېدى :

— مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار ؟! مەن ئەزەلدىن ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلاشمىدىم، تەشكىلات ـ پەشكىلات دېگەننى تېخىمۇ بىلمەيمەن!

— خۇپسەنلىك قىلما! — ھاپىز خوجا گۈركىرىدى، — ئوچۇقنى ئېيتىپ قوياي، سەن ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ ئادىمى! بۇنى شېرىكلىرىڭ ئاللىقاچان ئىقرار قىلغان، ئەمدى سەن باشلىقىڭ كىم، سېنى كىم تارتقان، بىزگە شۇنى ئېيتىپ بەرسەڭلا بولىدۇ!

ھاجى ئورۇسنىڭ چىرايى غەلىتە ئۆزگەردى، كۆزى بىردەم قىسىلىپ، بىردەم چەكچەيدى، كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۇنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى :

— توغرا، توغرا! مېنى ۋاڭ خوجام تارتقان!

سايىم كېپەكباش خۇشال بولۇپ كەتتى :

— ھەببەللى، مانا ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، ئۇ زادى قايسى ۋاڭ خوجام؟

ھاپىز خوجا قوشۇمچە قىلدى:

— ئالتايدىكى ئەلەن ۋاڭمۇ ياكى كۇچاردىكى داۋۇت ۋاڭمۇ؟!

ھاجى ئورۇس پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى:

— ھېچقايسىسى ئەمەس...

ھاپىز خوجا يەنە گۇركىرىدى:

—ئەمىسە قايسى ۋاڭ، زادى قايسى ۋاڭ خوجام؟!

— مېنى ئاپاق خوجام تارتقان! — دېدى ھاجى ئورۇس بىر خىل مەسخىرە تەلەپپۇزى بىلەن تورۇسقا قاراپ تۇرۇپ. ھاپىز خوجا چىچاڭشىپ كەتتى:

— نېمە دەۋاتىسەن، نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟! ئاپاق خوجام دې-گەن ئۆلگىلى نەچچە يۈز يىل بولغان تۇرسا، قانداق قىلىپ سېنى ئۆ-زىگە تارتالايدۇ؟!

— ئاپاق خوجام چۈشۈمدە مەن بىلەن كۆرۈشكەن! — دېدى ھاجى ئورۇس يەنە شۇنداق خاتىرجەملىك بىلەن.

ھاپىز خوجا تېخىمۇ چىچاڭشىپ كەتتى.

— سەن قېرى ئىت، نېمىلەرنى ھاۋشىۋاتىسەن؟!

ھاجى ئورۇس سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى:

— شۇنداق، قانجۇق سەكرىسە، كۈچۈك قاۋايدۇ! سەكرەپ قويسا، قاۋاپ قويىدۇ!

ھاپىز خوجا ئۈستەلنى قاتتىق مۇشتلىدى:

— يوقال، كۆزۈمدىن يوقال!

ئۇ ئەلەمدىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى.

شۇ كۈنى ھاجى ئورۇسنىڭ تەقدىرى بەلگىلەندى، ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن جىمجىت كېتىۋاتاتتى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن ھاپىز خوجا نازاكەت خېنىمنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى، ھال - ئەھۋالنى سورىدى، يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتتى،

ئارقىدىن ھاجى ئۇرۇس توغرىسىدا مۇنداق خەۋەرنى يەتكۈزدى :

— تىلىم كۆيسىمۇ ئېيتىشقا مەجبۇرمەن، خېنىم. ھاجى ئۇرۇس يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى ئىكەن، تۈنۈگۈن كەچتە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزۈم چىقىپ تەكشۈردۈم، ئەھۋال شۇنداق بولۇپ چىقتى. ۋاقتىدا داۋالاتمىغانلىقى ئۈچۈن تۈرمە باشلىقىنى جازالىدىم. ئەسلىدە ئۇ كىشىنى ئازاد قىلىش توغرىسىدا ئۆز قولۇم بىلەن دوكلات يېزىپ يۇقىرىغا يوللىغانىدىم، ئەپسۇسكى، نىيىتىم ئىشقا ئاشقۇچە مەرھۇم ئۈلگۈرەلمەي قالدى. ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا خىجىلمەن!...

نازاكەت خېنىم ئۆكسۈدى، يىغلىدى، ئۇنىڭ چۈچىلىق يىپەك ياغلىقى چۆپ ـ چۆپ بولۇپ كەتتى. كۆزى قىزىرىپ، نازۇك بەدىنى يەڭگىل تەۋرىنەتتى.

— سەۋر قىلسىلا، — دېدى ھاپىز خوجا ئۇنىڭ ئىككى يەلكىسىدىن بوش تۇتۇپ، — «ئىشىكتىن مۇردا چىقسا، تۈگۈلۈكتىن سەۋر كىرىدۇ» دېگەن گەپ بار. رەھمەتلىكنىڭ ئۆمرى قىسقا ئىكەن، بۇمۇ ئاللانىڭ ھۆكۈمى. سىلە تېخى ياش، كېيىنكى تۇرمۇشلىرى جەزمەن كۆڭۈللۈك، بەختلىك بولىدۇ!...

نازاكەت خېنىم ئاخىر تەقدىرگە تەن بەردى، باشقىلارغا ئەگىشىپ «ئەلھۆكمىلىللا» دەپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، ئايال بولسىمۇ، ئۆز لايىقىدا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ مەرھۇم ئۈچۈن دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇتتى. بەشىنچى كۈنى ھاپىز خوجا يەنە ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى، دەسلەپ تۇرمۇش ۋە كېلەچەك توغرىسىدا تەسەللىك، يالقۇنلۇق سۆزلەر بىلەن ياش چوكاننىڭ كۆڭلىنى ياسىدى، كېيىن مۇددىئاسىنى ئوچۇق بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى :

— ئەگەر ئۆزلىرى ئىلتىپاتقا مۇشەررەپ بولۇپ، بىزنىڭ پىرقىمىزغا قاتناشسىلىرى بۇ دۇنيالىق ھەم ئۇ دۇنيالىقلىرى ئۈچۈن شاپائەتكە ئېرىشكەن بولىلا. «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. بۈگۈندىن باشلاپ مەن سىلىنى ئۆز يېنىمغا رەسمىي تارتتىم، — ئۇ ئىككى قېتىم يەڭگىل چاۋاك ئۇردى،

ياندىكى ئۆيدىن بىر ئادەم چىقىپ سالام بەردى، ھاپىز خوجا ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن نازاكەت خېنىمغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ سىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مەخپىي ئىسمىلىرى تورغاي. مۇناسىۋەتلىشىدىغان ئادەملىرى مانا مۇشۇ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقلىرىنى كېيىن ئۇ سىلىگە ئېيتىدۇ...

ــ شۇنداق، خېنىم، بۇنىڭدىن كېيىن بىز بىللە ئىشلەيمىز، ــ دېدى ھېلىقى ئادەم سىلىق سۆزلەپ، ــ ئىسمىم ئەييۇفۇ، مەن دائىم ئەنجان رەستىدىكى مەدىمىنجاننىڭ لەپكىسىدە* بولىمەن...

نازاكەت خېنىم بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن دېلىغۇللۇق، ئارىسالدىلىق بىلەن :

ــ مەن ئويلىشىپ باقاي، ــ دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن ھاپىز خوجا شىركەيىپ ھالدا ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى، ئۇ يەردە مۇھەببىتى، ئەقىدىسى، ئىخلاسى توغرىسىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆزلىدى، كېيىن ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈ بىللە بولۇشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن «تورغاي» ئىسمى بىلەن ئەييۇفۇغا باغلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپ ئىچۈردى. نازاكەت خېنىم بۇ قېتىممۇ يەنە شۇ ئېغىر ـ بېسىقلىقى بىلەن :

ــ ئويلىشىپ باقاي! ــ دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىدى.



* لەپكە ــ دۇكان.

## ئونىنچى باب

# بۇرۇتقا خاپا بولسا، ساقال چىقتى

قارا توخۇمۇ ئاق تۇخۇم تۇغار.
— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

1

كەڭ، خىلۋەت قومۇشلۇق كۆندىن ـ كۆنگە جانلىنىپ كەتتى. ئەخمەت سەردار قاتتىق تەلەپ بىلەن ھەر كۈنى مەشىق قىلدۇراتتى. پۇت ـ قوللىرى قاداق يىللىقچىلار، باشپاناھسىز سەرگەردانلاردىن ئاجايىپ ئۇستا مەرگەنلەر، چەۋەندازلار، قىلىچۋازلار يېتىشىپ چىقتى. قۇتلۇق ئەپەندى ئۇلارنىڭ ساۋاتىنى چىقاردى، ئىقىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە ھەق ـ ناھەقنى تونۇتتى، ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى توغرىسىدا ئاددىي، لېكىن چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە قىلدى.

باتۇق ئۇلارنىڭ سىلىڭى ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم راستتىنلا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق سىلىڭ بولۇشقا نىيەت قىلدى. يىقىندىن بېرى، يىراق ـ يېقىندىكى چوڭ ـ چوڭ بايلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئۇ-نىڭ ھېسابىغا گومىنداڭنىڭ ئۇرۇشتىن يالتايغان قاچاق ئەسكەرلىرى ۋە ئاچ كۆز ئەمەلدارلار بىلەن يەڭ سودىسى قىلىپ قورال ـ ياراغ سېتىۋالدى. ھازىر قومۇشلۇقتىكى يىگىرمە نەچچە ئادەمنىڭ يېتەرلىك

قورالى ۋە ئوق ـ دورىسى بار ئىدى. باتۇق ئۆزى تالىلۇۋالغان يېڭى ۋە چاققان بىر تاپانچىنى بىر تىزىق ئوق بىلەن قۇتلۇق ئەپەندىگە سوۋغا قىلدى، ئۇمۇ ئەخمەت سەردارنىڭ مەشىقىدە ئۇستا مەرگەن بولۇپ يېتىشكەندى.

بۇگۈن قۇتلۇق ئەپەندى قومۇشلۇقتىكىلەر بىلەن نۆۋەتتىكى ئىشلار توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتى، ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن باتۇق شەھەرگە كىرىپ، «كۆرەش» تەشكىلاتىنىڭ يوشۇرۇن ئەزالىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان بولدى. قۇتلۇق ئەپەندى ئۇنىڭغا خالىي جايدا ئۇچرىشىدىغان ئادىمى بىلەن پارولنى ئېيتىپ بەردى. كەچقۇرۇن باتۇق يولغا چىقىش ۋاقتىدا ئۇ يەنە خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ بېرىپ ئالاھىدە تاپىلىدى:

— باتۇق، ئۆزۈڭگە پەخەس بول، ئىنىم، «شەھەردە كۆز كېرەك، جاڭگالدا قۇلاق» دېگەن گەپ بار. خەيرخوش. سەپىرىڭگە ئاقيول تىلەيمەن!

ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

باتۇق كېچىچە مېڭىپ كۈن چىققاندا شەھەرگە كىردى. شەھەر بۇرۇنقىدىن كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ تەبىئىي ھۆسنىنى بۇزەپ، سالقىنلىتىپ تۇرىدىغان كۆركەم دەل ـ دەرەخلىرى كېسىپ تاشلانغاچقا، كوچا ۋە يوللار قاغجىراپ تۇراتتى. چوڭراق ئىمارەتلەرنىڭ ئۇستىگە خۇددى يۇمشاق يەردىن ئۆسۈپ چىققان يەر مەرىزدەك، زومچەك ـ زومچەك پوتەيلەر سېلىنغان، سېپىل بويلاپ چوڭقۇر ئاكوپلار قېزىلغانىدى. باتۇق كۆپ يەرگە بارمىدى، قۇتلۇق ئەپەندى ئېيتىپ بەرگەن ئادرېس بويىچە ئۇدۇل تاش بازىرىغا كەلدى. ئۇ يەردە بىر ئەر ـ خوتۇن ئاچقان كىچىككىنە قاۋاقخانا بار ئىدى. باتۇق ئۇنى ئاسانلا تاپتى، ياشانغان ئەر خوجايىن دۇكاننى ئەمدى ئېچىپ پۇكەي سۈرتۈۋاتاتتى. باتۇق ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام بەردى، ئۇ ئاتمىشتىن سەل ھالقىغان، ساقاللىق، قارا چوقۇر ئادەم ئىدى. ئىسمى ۋاڭ دالى بولۇپ، خەنزۇلار «ۋاڭ مازا»، ئۇيغۇرلار گا-

ھىدا «ۋاھاپ چوقۇر »، گاھىدا «ۋاھاپ جاڭگۇيدى » دەپ ئاتايتتى.
ئۇچىسىغا كۆك لەمبۇق جاجازا چاپان، پۇتىغا شالۋۇردىن تىكىلگەن
قەشقەرچە شىپەك كەش كىيىۋالغان بۇ ئادەم ئۆز ۋاقتىدا ئەلەمدىمۇ،
قەلەمدىمۇ خېلى دەۋر سۈرگەن مۆتىۋەرلەردىن ئىدى. ئۇ يۈنەنلىك
بولۇپ، ياڭ زىڭشىڭ دەۋرىدە شىنجاڭغا كەلگەن. 1928 ـ يىلى ياڭ
زىڭشىڭ ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇ يىغىدىن قۇرۇلغان ئوفىتسېرلار مەكتىپى-
نىڭ مەسئۇلى ئىدى. جىڭ شۇرېن تەختكە چىقىدىغان چاغدا، ئۇ
ئاشۇ سالاھىيتى بىلەن ئۇنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشىغا ئاكتىپ
ھەمكارلاشتى. 1933 ـ يىلدىن كېيىن ئۇ شېڭ شىسەينى ھىمايە قى-
لىپ ئۇزاق ئۆتمەي دۇبەن مەھكىمە خارجى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىق-
لىقىغا تەيىنلەندى. 1937 ـ يىلى، ئۇ «شېڭ شىسەي ۋە شىنجاڭ »
ناملىق ئۇزۇن بىر پارچە ماقالە يېزىپ، شېڭ شىسەينى كۆككە كۆ-
تۈردى، ھەتتا شېڭ شىسەي قولغا ئېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن شىنجاڭ
دارىلفۇنۇن ئوقۇغۇچىلىرىغا شېڭ شىسەينى «مېھماندوست، پەزىلەت-
لىك، بەلكىم جۇڭگونىڭ داھىيسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن » دەپ،
ئۆزىنى ئالىي مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈۋالغانلىقىنى، «ئالتە بۈيۈك سىيا-
سەت » دەرسلىكىنى تۈزۈشكە تەكلىپ قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ماختان-
غانىدى. ۋەھالەنكى، بۇ سۆزنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا، 1940 ـ يىلى
ئۇ ئاتالمىش ئىككىنچى قېتىملىق سۇيىقەست دېلوسىدىكى ئاساسلىق
ئادەم ھېسابلىنىپ قولغا ئېلىندى. ئائىلىسى قەشقەرگە سۈرگۈن قى-
لىندى. لېكىن ئۇ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئۆلۈمدىن ساق قالدى.
ساقچى باشقارمىسىغا يىغىدىن ئۆستۈرۈلگەن بىر ئوقۇغۇچىسى
ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنى تۈرمىدىن بوشىتىپ قەشقەرگە يولغا
سېلىۋەتتى...

ئۇ ئۇزاق يىللىق ئەگرى ـ توقاي يولدىن مانا شۇ چاغدىلا توغرا
بىر يەكۈن چىقىرالىدى. ئۇنىڭ يەكۈنى : ئۆزى قاتناشقان بارلىق ھا-
كىمىيەت يالغان، ساختا، چىرىك، ۋەھشىي! شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇ
كېيىنكى چاغلاردا يەنئەنگە تەلپۈنۈپ قالدى، لېكىن ئۇ ئەمدى كۈچ

ـ ماداردىن، ئەقىل ـ پاراسەتتىن قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھازىر ياخشى يولدىكى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئۇچۇن قولىدىن كېلىدىغان ھەر-قانداق خىزمەتنى قىلىشنى خالايتتى...

باتۇق ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى سەمىمىيلىك بىلەن مۇلايىملىقنى كۆ-رۈپ، ئىككىلەنمەيلا مەخپىي بەلگىنى ئېيتتى:

— بۇغداي ھارىقى بارمۇ؟

— يوق، قوناق ھارىقى بار.

— ماڭا بۇغداي ھارىقى كېرەك ئىدى.

— قانداق بۇغداينىڭ؟

— قارا بۇغداينىڭ...

— ئىچكىرى كىرىڭ...

باتۇق دۇكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى پاكىز، چاققانىغىنا ياتاق ئۆيگە كىردى. ئۇ يەردە خوجايىننىڭ ئايالى — ئەللىك نەچچە ياشلىق سې-مىز، دوغىلاق ئايال قاچا ـ قومۇچلارنى يۇيۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىسمى «گۇ تەتەي» بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار «گۇل تەتەي» دەپ تەلەپ-پۇز قىلاتتى. خوجايىن ئايالىغا ئىشارەت قىلدى، گۇ تەتەي ئىشىكنى ھىم يېپىپ دۇكانغا چىقىپ كەتتى. خوجايىن دېرىزە پەردىسىنى چۈ-شۈردى، باتۇقنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ ئاستا سورىدى:

— نەدىن كەلدىڭىز؟

— قومۇشلۇقتىن.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— باتۇق...

— ھە ـ ھە... ئاڭلىغان، — دېدى خوجايىن ئورنىدىن قوزغى-لىپ، — قۇتلۇق ئەپەندى سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلاتتى... راست، ئۇ كىشىدىن خەۋەر بارمۇ؟

— بار، ئۇ ھازىر بىز بىلەن بىللە...

شۇ گەپ بىلەن خوجايىننىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى، ھاياجانلاندى، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، شالاڭ ساقىلى يەڭگىل

تىترىدى.

— ھايات دەك...— دېدى ئۇ تېخىچە ئىشەنمەيۋاتقاندەك ئارسالدى بولغان تەلەپپۇزدا، — ئۆتكەندە ئۇن نەچچە مەھبۇسنى يېڭىشەھەرگە يۆتكەپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ قىزىل دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. قالغانلىرىنى شۇ كېچىسى يېڭىشەھەردە تىرىك كۆمۈۋېتىپتۇ...

— قۇتلۇق ئەپەندى شۇ قاچقانچە سالامەت يۈرۈۋاتىدۇ، بۇ يەرگىمۇ مېنى شۇ كىشى كىرگۈزدى، — دېدى باتۇق تېخىمۇ ئىچكىردلەپ، — مەن بۇگۈن پوچتىكەش بىلەن كۆرۈشمەكچى.

خوجايىن ئورنىدىن تۇردى:

— بولىدۇ، مەن سىزنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتۇراي، كەچتە مۇشۇ يەرگە كېلىڭ.

باتۇق قاۋاقخانىدىن چىقتى، تاش بازىرىدىكى بىر چايخانىغا كىرىپ ئىككى نان بىلەن قايماقلىق چاي ئىچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆمەن بويىغا بېرىپ، كەچ كۈزنىڭ ئاپتىپى چۈشكەن بىر قۇملۇقتا يېتىپ ئۇخلىدى. ئۇ ئويغانغاندا كۈن قايرىلغانىدى، ئوبدانىراق غىزالىنىش ئۈچۈن شەھەرگە ماڭدى، چوڭ رەستىدە كېتىۋېتىپ كۈتۈلمىگەن بىر ئىشقا يولۇقتى. ئاتقا مىنىۋالغان يوغان سەللىلىك موللا بولسا غىدجىم رومالىق ياش ئايالنى ئالدىغا سېلىپ، سۆر - توقاي قىلىپ ئۇرۇۋاتاتتى. ئايال قاچاتتى، يىغلايتتى، ۋارقىرايتتى، ئۇزۇن ۋە قېلىن دەررە «ۋاق - ۋاق» تەگكەندە تولغىناتتى. يولۇچىلار، دۇكاندارلار، خېرىدارلار خۇددى تاماشا بولۇۋاتقاندەك پەرۋاسىز تۇرۇشاتتى. ئاتلىق موللا باتۇقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئېتىنى چاپچىتىپ دەررىنى يەنە شۇنداق بىر شىلتىۋىدى، ئايال چاققانلىق بىلەن باتۇقنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى، دەررە باتۇقنىڭ يەلكىسىگە تەگدى، موللا ئۇنىڭغا «نېرى تۇر!» دەپ ئالىيىپ يەنە ئۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، باتۇق ئۇنىڭ بىلدكىگە كاپلا ئېسىلدى.

— موللام، نېمانچە كۆچلۈك غەزەپ بۇ؟! — دېدى ئۇ موللىنىڭ

بىغشىنى چىلىڭ سىقىپ، — بولدى قىلسىلا ئەمدى، مەزلۇم كىشى ئا-
جىز ئەمەسمۇ ؟!

موللا باتۇققا گۆركىرىدى :

— سەن نېمە ئادەم ؟! ئۇ چوڭ رەستىدە يۈزىنى ئېچىپ نامەھرەم-
لىك قىلدى، شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە تېخى يەنە ئون دەررە يەي-
دۇ، نېرى تۇر!

— ئاچچىقلىرىغا ھاي بېرىپ، بولدى قىلسىلا دەيمەن، موللام! —
باتۇق ئۇنىڭ بىغىشىنى تېخىمۇ چىڭ سىقتى، موللىنىڭ دەررە تۇتقان
قولى بوشاشتى، ئۇششاق سۆڭەكلىرى غىرسىلاپ، پەي - سىڭىرلىرى
تارتىشتى، ئاغرىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، چىرايى پۈرۈشۈپ
كەتتى. ئاڭغىچە ئەتراپقا بىرنەچچە بىكار تەلەپلەر ئولاشتى. بەزىسى
باتۇققا، بەزىسى موللىغا بولۇشۇپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلدى، كىشىلەر
تېخىمۇ كۆپەيدى، جېدەلنى باشقىلار ئاللىقاچان سېتىۋالغانىدى. باتۇق
مالمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ھېلىقى ئايالنى يېتىلىگىنىچە «غىپپىدە»
تىكىۋەتتى. ئۇلار رەستىدىن قايرىلىپ، ئۇزۇن، تار كوچىغا كىرگەن-
دە باتۇق توختاپ خوشلاشماقچى بولدى :

— خېنىم، ئەمدى مەن كېتەي، سىلىمۇ ئارقا يول بىلەن ئۆيلىرىگە
كەتسىلە...

— سىلىگە كۆپ رەھمەت! — دېدى ئايال ھاياجانلىق تىنىپ، —
مېنى دەپ ئازار يېدىلە...

— ھېچقىسى يوق! — دېدى باتۇق يىگىتلەرچە غۇرۇر بىلەن، —
موللا دېگەن بىكار تەلەپ، نان قېپىلار قىلغىلى ئىش تاپالماي بوزەكنى
ئانىي قىلىدۇ! ... ئانچە - مۇنچە تېتىتىپ قويغانمۇ ياخشى...

— سىلىگە رەھمەت، ئاجىزلارغا قىلغان ھىممەتلىرى ئۈچۈن بىز-
دىن يانمىسا، خۇدادىن يانار... — ئايال كەتمەكچى بولۇپ قايرىل-
دىيۇ، لېكىن بىر نەرسىگە قىيمىغاندەك توختاپ قالدى، — ئى-
سىم - شەرىپلىرىنى بىلىشكە بولارمىكىن... «بىر كۆرگەن تونۇش،
ئىككى كۆرگەن تۇغقان»، دەيدىغان گەپ بار.

— بولمامدىغان، خېنىم، — دېدى باتۇق تىز كۆڭۈللۈك بىلەن، — ئىسمىم باتۇق، مەن بىر سەھرالىق...
ئايال «ۋىلىققىدە» بىرنى كۈلۈپ، قائىدە بويىچە ئەمدى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى:
— مېنىڭ ئىسمىم نازاكەت خېنىم...
— نازاكەت خېنىم؟ ... — تەكرارلىدى باتۇق ۋە بىرنەرسىنى ئەسلىگەندەك تۇرۇپ قالدى. كېيىن بىردىنلا چىراي ئېچىپ سۆزلەپ كەتتى، — سىلى ھاجى ئورۇسنىڭ ئايالى نازاكەت خېنىم بولاملا؟...
ئايال ھەم ھەيرانلىق، ھەم خۇشاللىقتا ھودۇقۇپ قالدى:
— شۇنداق، ئۇ كىشىنى سىلى قانداق تونۇيلا؟
— تونۇيمەن، ئوبدان تونۇيمەن! — دېدى باتۇق ۋە بىر خىل ئىچكى ئازاب بىلەن داۋام قىلدى، — مەن ئۇ كىشى بىلەن تۈرمىدە بىللە ياتقان، شۇ چاغدا سىلىنىڭ ئىسمىلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان...
شۇ چاغ باتۇقنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى پاجىئەلىك كېچىدىكى مەخپىي ئۆلتۈرۈش كارتىنىسى قايتا نامايان بولدى، يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ قېنى قاينىدى، پۇت - قولى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كەتتى. ئۇ ھاجى ئورۇسنىڭ شۇ كۈنكى پاجىئەدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ياكى ھايات قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، نازاكەت خېنىمدىن ئاستا ۋە مىسكىن ئاۋازدا سورىدى:
— ئۇ كىشى ھاياتمۇ؟
— ياق... — نازاكەت خېنىمنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ھەر ئىككىلىسى بىر دەقىقە ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى، كېيىن نازاكەت خېنىم غىجىم رومىلىنى «لەپپىدە» كۆتۈرۈپ يۈزىنى ئاچتى...
— تونۇشۇپ قويايلى!...
باتۇق كۆزىنى مىت قىلماي چەكچىيىپ قالدى، نازاكەت خېنىمنىڭ گۈزەللىكى، ئاقىلىقى، سۈزۈكلۈكى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ شۇ يېشىغىچە ئايال زاتى ئىچىدە بۇنداق لەۋەن، ساھىبجامال چوكاننى كۆرمىگەنىدى. بايىقى مۇدھىش خىياللار بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىدىن،

قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاجايىپ شېرىن ۋە سىرلىق تۇيغۇلار ئىگىلەپ ئالدى. نازاكەت خېنىم باتۇقنىڭ ھېرىسمەن كۆزلىرىگە قاراپ كۈلدى، كۈلگەندىمۇ، دىلكەشلىك بىلەن ناھايىتى تاتلىق كۈلدى. شۇ تاپتا، باتۇقنىڭ ئېگىز ۋە سۇرلۇك تۇرمە تاملىرى ئىچىدىكى مەنىسىز ھەم سوغۇق تۇرمۇشتىن ئۆزگەدەپ قالغان قەلبى بىردىنلا لەرزىگە كەلدى.

— ئۆيۈم ئەنجان كوچىسىدا، — دېدى نازاكەت خېنىم ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى تېز - تېز قېقىپ، — شەھەرگە كىرگەندە يوقلاپ تۇرسىلا...

نازاكەت خېنىم يۈزىنى ياپتى، بېشىنى چىرايلىق ئېگىپ خوشلاشتى، كەكلىكنىڭ يورغىسىدەك تېز، ئەمما ئۇششاق قەدەملەر بىلەن ئۇزاپ كەتتى. باتۇق نازاكەت خېنىمنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ قالدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ھەربىر ھۇجەيرىلىرىگىچە لەززەتلىك بىر سېزىمنىڭ تەسىرى بىلەن مەست بولغانىدى.

ئۇ بۈگۈنكى سەپىرىدىن رازى بولدى، نازاكەت خېنىم بىلەن بولغان تاسادىپىي ئۇچرىشىش ئۇنى باشقىچە، يېپيېڭى بىر دۇنياغا باشلاپ كىرگەندى. ئۇ ھاياجان ئىلكىدە ئاستا شىۋىرلىدى: «مانا، باغقا كىرگەن ئالما كۆرەر، چۆلدە قالغان سالما، دېگەندەك شەھەرگە كىرىپلا جانانىنى كۆردۈم...»

## 2

باتۇق كەچقۇرۇن تاش بازىرىغا كەلدى. ۋاڭ دالىنىڭ قاۋاقخانىسىغا ھەر خىل ئادەملەر كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. خوجايىن ئۇنى ئىچكەركى ئۆيگە شەرەتلىدى، باتۇق ئۆيگە كىرىپلا ئۆزى دېمەتلىك ئاق سېرىق بىر يىگىت بىلەن ئۇچراشتى. يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ باتۇققا قول ئۇزاتتى.

— تونۇشۇپ قويايلى، پوچىتكەش بولىمەن، سەپداشلارنىڭ

ئەھۋالى قانداقراق ؟
باتۇقمۇ قىزغىن كۆرۈشتى :
— ياخشى، ھەممىسى ياخشى. ئىسمىم باتۇق، قۇتلۇق ئەپەندى سىز بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتكەن.
يىگىت خۇشاللاندى :
— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، سىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا تەشنا ئىدۇق. بۈگۈن ئاخىر ئۇچراشتۇق، ئىسمىم ھەيدەر خوجا...
— ھەيدەر خوجا ؟! — باتۇقنىڭ خۇشخۇي چىرايى تۇيۇقسىز ئۆزگەردى. يىگىت يەنە شۇنداق تەبىئىي ئاۋازدا تەكرارلىدى :
— شۇنداق، ھەيدەر خوجا.
— كىمنىڭ بالىسى سىز ؟ — باتۇقنىڭ ئاۋازى قوپاللىراق چىقىپ كەتتى.
— «شورباغ» دىكى ھەمدەم بەگنىڭ كىچىك ئوغلىمەن!...
باتۇقنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتۇپ سەنلەپ كەتتى :
— ساقچى باشلىقى ھاپىز خوجىنىڭ ئىنىسى سەن، شۇنداقمۇ ؟!
— شۇنداق...
شۇ گەپ بىلەن باتۇق ئورنىدىن دەس تۇردى، بەدىنى تىكەنلەشتى، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.
— سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن ؟! — دېدى ئۇ رەسمىي سوراقلاپ. لېكىن ھەيدەر خوجا پىتنى بۇزمىدى :
— ئىنقىلابىي خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن كەلدىم...
— سەنما ؟! سەن ئىنقىلابچىما ؟! — باتۇق دىمىغىنى قاقتى، — سەن ئىنقىلابچى بولساڭ، سەن ماڭغان يولدا مەن يوق!
باتۇق ئىشىكنى «تاراققىدە» يېپىپ ئۆيدىن چىقتى. پۈكەي يېنىدىكى خوجايىنغىمۇ، مېھمان كۈتۈۋاتقان گۈل تەتەيگىمۇ گەپ - سۆز قىلمىدى، قاپىقىنى تۈرۈپ، كىمگىدۇر قېيىدىغاندەك گۈس - گۈس دەسسەپ ئۇزاپ كەتتى...
كۈندۈزدىكى ئۇچرىشىش باتۇقنىڭ كۆڭلىنى قاناتلاندۇرغان

بولسا، كەچتىكى ئۈچرىشىش ئۇنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرۇۋەتتى، ئۇ غەزەپتىن «ۋاژژىدە» يىرىلىپ كەتكۈدەك ھالغا يەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىچە ئاچچىقلىناتتى، قىيىدايتتى، خۇددى كىچىك بالىدەك گۇڭگىراپ نىمىلەرنىدۇ دەيتتى. ئۇ تۈرۈپلا ھەيدەر خوجىنى ئاشۇ ئۆيگە قامىۋىلىپ راسا دۇمباللىمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى، ۋاڭ دالىدىنمۇ گۇمانلاندى. ئۇ غەزەپ، پۇشايمان، ئەلەم ۋە گۇمانسىراشلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن چاچقۇن ۋە خامۇش كەيپىيات ئىچىدە شەھەر ئايلىنىپ يۈرگەندە بىرەيلەننىڭ قاتتىق، قوپال ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى:

— ھەي سەھرالىق ھاڭۋاقتى، پاڭمۇسەن؟! نېرى تۇر! — ئارقىدىنلا قارسىلدىغان قامچا ئاۋازى ئاڭلاندى. باتۇق «غۇژژىدە» كەلگەن ئاچچىقى بىلەن يانغا بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، قارا ئارغىماق قوشۇلغان ئازادە بىر پوچتىنى كۆردى، ئۇدۇلدىن تىك چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرى پوچتىدا ئولتۇرغان ھاپىز خوجىنى ئوچۇق يورۇتۇپ تۇراتتى. باتۇق ئۇنى كۆرۈپلا تونۇدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى «لاپپىدە» ئوت ئالدى، كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى، ئاڭغىچە ئارغىماق تىزگىن سىيرىدى، پوچتا قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭشىتىپ ئۆتۈپ كەتتى، باتۇق پوچتىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى، ئەمدى ئۇنىڭ غەزەپ - نەپرىتى ھاپىز خوجىغا مەركەزلەشكەنىدى. ئۇ چىشىنى غۇچۇرلاتتى، مۇشتىنى قاتتىق تۈگدى، ئالقانلىرى سىرقىراپ كەتتى...

پوچتا رەستىدىن ئۆتۈپ بىر كوچىغا بۇرۇلدى، كوچا ئادەمسىز، تىمتاس ئىدى. باتۇق ئاستا كېلىپ پوچتىنىڭ ئارقىسىدىكى توغرا تۆمۈرگە «لىككىدە» چىقىۋالدى. پوچتىنىڭ سىلكىشى بىلەن چۆچۈپ كۆزىنى ئاچقان ھاپىز خوجا ئارقىغا شۇنداق قارىۋىدى، باتۇقنىڭ يوغان ۋە كۈچلۈك قوللىرى يۇمشاق بويىنىنى ئامبۇردەك قىستى. شۇئان ئۇنىڭ كۆزى پۇلتايدى، ئاغزى كۆپۈكلەندى، پۈتى جان ئاچچىقىدا تېپىرلاشقا باشلىدى. پوچتىكەش ھېچ نەرسىنى سەزمەيتتى، ئۇنىڭ كۆزى يولدا بولسا، قۇلىقى قارا ئارغىماقنىڭ باش - كۆزىگە ئېسىلغان جەز كولدۇرمىلارنىڭ بىر خىل رىتىمدىكى مۇزىكىلىق ئاۋازىدا ئىدى،

كېيىن تۇيۇقسىز گۇمشىغان ئوق ئاۋازىدىن تىك موللاق چۈشكىلى تاس قالدى، ئۇ قاتتىق چۆچۈشتىن ئۆزىنى يىغىپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا يۆگەپ كۈچ بىلەن تارتتى، لېكىن ئۈركۈگەن قارا ئارغىماق ھەدەپ تىزگىن سىيرىپ، تار كوچىدا گۈلدۈرلەپ كېتىۋەردى. بايىقى ئوقنى جان ھەلقۇمىغا كەلگەن ھاپىز خوجا تاپانچىدىن بەلگە ئۈچۈن ئاتقانىدى، باتۇق شۇ چاغدىلا قولىنى بوشىتىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، پوچتا نەگە بېرىپ نەدە توختىدى، ئاقىۋىتى نېمە بولدى، بۇلارنى باتۇق بىلەلمىدى. ئۇ ھاپىز خوجىنىڭ تۇيۇقسىز ئامەتكە يولۇققان يېرىم جېنىنى ھازىرچە ئامانەتكە قويۇپ ئارقىغا ياندى، كەچكى بازاردىن ئىككى نان ئېلىپ بەلبېغىغا تۈگدى ـ دە، شەھەردىن تېزلا چىقىپ كەتتى.

3

ئۇ قومۇشلۇققا كېلىپلا باتىنىۋالدى. قۇتلۇق ئەپەندى سۆزلەشتى، چۈشەندۈردى، كار قىلمىدى، ئۇنىڭ كاللىسى بىرلا خىيال بىلەن قېتىۋالغانىدى.

— بىزنىڭ مۇشۇنداق ئادەمزاتسىز قومۇشلۇقتا مەيدىمىزنى داق يەرگە يېقىپ، جېنىمىزنى تىكىپ يۈرۈشىمىز ئاشۇنداق سېرىق جوھۇتلار ئۈچۈنمىدى؟! — دەيتتى ئۇ بوزىرىپ، تاتىرىپ، — مەن ھەرگىز ئىتنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ دەرياغا كىرمەيمەن!...

قۇتلۇق ئەپەندى بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن يەنە سۆزلەشتى، ئۆزى ئوقۇغان كىتابلاردىن، تارىختىن نەقىل كۆرسەتتى، ئاخىرىدا كۆيۈنگەن، ئېچىنغان ھەم يېلىنغان تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

— باتۇق ئىنىم، كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، يۈرىكىڭدىكى ئىنتىقام ئوتى سېنى شۇ كويغا سېلىۋاتىدۇ. لېكىن، پىچاق ھەرقانچە ئىتتىك بولسىمۇ ئۆز سېپىنى كەسمەيدۇ. ھەيدەر خوجا ئۆز ئادىمىمىز. ئۇ گەرچە ھەمدەم بەگنىڭ ئوغلى، ھاپىز خوجىنىڭ ئىنىسى بولسىمۇ،

ئۇلارغا قىلچە ئوخشىمايدۇ...
— نېمىشقا ئوخشىمايدىكەن؟! ئالا قۇيرۇقنىڭ بالىسى هامان چالا قۇيرۇق! — باتۇق يەنە بويىنىنى تولغىدى.
قۇتلۇق ئەپەندى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى:
— «بىر پىيالەكتە مىڭ خەمەك» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ هەيدەر خوجا ئۆزىنىڭ كىشىلىك قارىشىنى خېلى بۇرۇن بەلگىلەپ بولغان مۇستەقىل ئادەم. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا تاغىسىغا ئەگىشىپ سودىگەرچىلىككە چىقىپ، چەت ئەلدە بىرنەچچە يىل ئوقۇغان، ئىلغار تەربىيە كۆرگەن، ئۇ مەرىپەتپەرۋەر، غەيرىيپەرۋەر ئادەم. دۇنيادىكى كاتتا، ئۇلۇغ ئىنقىلابچىلار ئىچىدىمۇ يۇقىرى تەبىقىدىن، ئەزگۈچى سىنىپتىن چىققانلار كۆپقۇ؟ مەسىلەن...
باتۇق ئۇنىڭ سۆزىنى جاھىللىق بىلەن قېقىۋەتتى:
— مەن ئۇلارنى بىلمەيمەن، چاتىقىممۇ يوق! مېنىڭ بىلىدىغىنىم: هەمدەم بەگ، هاپىز خوجىغا ئوخشاش ئادەم قىياپىتىدىكى چىلبۆرىلەر. ئۇلارنى هەرقانداق قىلىپمۇ قويغا ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ!...
باتۇق ئورنىدىن «لوڭگىدە» تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئەدەپسىز، جاھىللىقى قۇتلۇق ئەپەندىگە هار كەلدى، ئۇ ئەلىمىنى ئىچىگە سىڭدىرىپ يۇتۇپ، ئاخىر باتۇقنى ۋاقتىنچە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش قارارىغا كەلدى. باتۇق كەچقۇرۇن ئەخمەت سەردارغا «بىرئاز ئايلىنىپ كېلەي» دەپ قويۇپ قومۇشلۇقتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، قومۇشلۇقتىن ئون چاقىرىم يىراقلىقتىكى خىلۋەت بىر يېزىغا كەلدى. ئاي نۇرى هارغىنلىققا چۆككەن جىمجىت، كۆجۈم يېزىنى سوغۇق يورۇتۇپ تۇراتتى. باتۇق كۆملاچ تاملىق قىڭغىر - قىيسىق ئۆيلەرنىڭ، ئېرىق بويىدىكى دوڭغاق سۆگەتلەرنىڭ دالدىسى بىلەن مېڭىپ، چەتتىكى بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى، هويلىغا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ تال چالما ئاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى، بوسۇغىدا بىر گەۋدە پەيدا بولدى، ئۇ ئىككى تەرىپىگە قاراپ قويۇپ ئاستا مىدىرلىدى، ئىككى گەۋدە بارا - بارا يې-

قىنلاشتى، قولىرىنى تۇتىشىپ كۇسۇرلاشتى:

— كەپقاپىلىغۇ، خوجام؟... — ئۆيدىن چىققان ياش جۇۋان ئەركىلىدى، سۇر كەلدى.

— سىنى سېغىنىپ كەلدىم... — باتۇق ئۇنىڭ يۈزىنى يېنىككىنە سىلاپ قويدى.

ئىككىيلەن تېخى يېقىندا تونۇشۇپ قالغان ئامراق ئاشىنىلاردىن ئىدى. ئايالنىڭ قاش - كۆزى ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، يېتىشكەن كۆكسى بىلەن ساغرىسى كۆزنىڭ يېغىنى يەتتى، ئۇنىڭ ئېرى يېرىم ئاي ئىلگىرى ھۆكۈمەت سەيىسسىگە تۇتۇلۇپ كەتكەن، قاچان كېلىشىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. چوكان قۇلىقى ئېغىر قېيىنانىسى ۋە ئۈچ ياشلىق قىزى بىلەن مۇشۇ ئۆيدە تۇراتتى.

— قېينانام تېخى ئۇخلىمىدى، — دېدى ئايال ئەتراپقا سىرلىق قاراپ، — كېيىنرەك كەلسىلە، بۈگۈن ئۆگزىگە جاي راسلاي، ئۆينىڭ ئارقىدىن ئارغامچا ساڭگىلىتىپ قويىمەن، شۇ يەردىن چىقسىلا...

ئايال شۇ گەپنى قىلىپلا ئارقىغا ياندى، ئىشىك غىچىرلاپ يېپىلدى، تاراقشىپ دەم سېلىندى. باتۇق باغجانلىغان جىگدە بونجالىقىغا كىردى، ئەشمە قۇمغا مەيدىسىنى يېقىپ ياتتى، ئەمما زادىلا تىنچلانمىدى، يۈرىكى سوقۇپ، نەپسى تاقىلداپ كەتتى، ۋاقىت ئۇنىڭغا تولىمۇ ئاستا ئۆتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ مىڭ تەسلىكتە بىر سائەتنى ئۆتكۈزۈپ، ھېلىقى ئۆينىڭ ئارقىغا كەلدى. دېگەندەك، ئۆگزىدىن بىر ئارغامچا ساڭگىلاپ تۇراتتى، باتۇق ئۇنىڭغا ئېسىلىپ، پۇلاڭشىتىپ باقتى، ئارغامچا ئۆگزىدىكى مورىغا باغلانغانىدى. ئۆگزىدىن يالغان يۆتەلگەن بەلگە ئاۋازى ئاڭلاندى. باتۇق ئارغامچىغا ئېسىلدى، پۇتىنى تامغا دەسسەپ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئارغامچا بارغانسېرى چىڭ تارتىشتى، باتۇقنىڭ ئېغىر گەۋدىسى تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە كۈتۈلمىگەن پېشكەللىك يۈز بەردى: مورا گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلدى، ئارغامچا بوشاپ كەتتى، باتۇق ئاختارما قىلىنغان يۇمشاق يەرگە ئوڭدىسىغا يىقىلدى، قورساق،

مەيدىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن چۇشۇۋاتقان كېسەكلەر بىلەن تۇنجۇقۇپ قالدى، ئاغزى ـ بۇرنىغا ئاچچىق توپا ـ توزان تىقىلدى...

ئۆگزىدىكى ئايال قورقۇپ كەتتى، ئۆيدىن قېيىنانىسىنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى، ئايال ئۆگزىنىڭ لېۋىگە كېلىپ، ئاستا، لېكىن ھو-دۇقۇپ يېلىندى :

— خۇدا ھەققى تېز كەتسىلە!... ئەمدى خەقلەر تۇيۇپ قالىدۇ!...

باتۇق ئورنىدىن تەستە قوپتى، قورسىقى، مەيدىسى سىرقىراپ ئاغ-رىۋاتاتتى. ئۇ بېشىغا كەلگەن بۇ نەسچىلىكنى تىللاپ ـ قارغاپ ئۆي-دىن يىراقلاشتى، شۇ ئاچچىقىدا ھېچ يەردە توختىماي، شەھەرگە قاراپ جېدەللەپ يۇرۇپ كەتتى...



## ئون بىرىنچى باب

# قان بىلەن يۇيۇلغان داغ

كۆكۈلدىن كۆكۈلگە يول بار.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

باتۇق ئىككى كۈندىن بېرى ھاپىز خوجىنى پايلاپ يۈردى. ئۆتكەن كېچىدىكى تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبىدە شىددەتلىك بوران كۆتۈرۈلگەنىدى، بوران ئۇنى تەلۋىلەشتۈردى، تىنچ تۇرغۇزمىدى، قاراملىق بىلەن خالىغان يېرىگە بېشىنى تىققۇزدى؛ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا باردى، دالدىلارغا يوشۇرۇنۇپ ھاپىز خوجىنىڭ نەگە بېرىپ، نەدىن كېلىشىنى كۆزەتتى، ئۇنىڭ ماشىنىسىغا ئەگىشىپ، بەزىدە دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدىغا، بەزىدە 9 ـ بىرىگادىنىڭ شتابى تۇرۇشلۇق يەرگە بېرىپ پۇرسەت كۈتتى، ئۇنىڭ پوچتىسىغا ئەگىشىپ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگىچىمۇ باردى. لېكىن، ھاپىز خوجا شۇ كۈنلەردە خۇددى «سۈتتىن ئاغزى كۆيگەن قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچىدۇ» دېگەندەك ناھايىتى سەگەك ۋە تۇيغۇن بولۇپ قالغانىدى. ھېلىقى كۈنى كەچتە بولغان پوچتا ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇ ئىككى كۈنگىچە ئۆيىدىن بېشىنى چىقارمىدى، چىقسىمۇ يالغۇز چىقمايتتى، ماشىنىدىمۇ، پوچتىدىمۇ بىر مۇھاپىزەتچى بىللە ئىدى...

باتۇق كۈتۈۋېرىپ جىلە بولدى، ئاخىر بۈگۈن بىر ئىشقا بەل باغلاپ، باشقا كەلگەننى كۆرمەكچى بولدى. چۈشتە ئۇنىڭ پوچتىسى-

غا ئەگەشتى، ھاپىز خوجا چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن ئۆيگە قايتقانىدى. پوچتا ئۇنى قەدىمىي كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئىشىك ئالدىغىچە ئاپاردى، ھاپىز خوجا پوچتىدىن چۈشۈۋېتىپ مۇھاپىزەتچىسىگە بىرنېمىلەرنى دېدى، مۇھاپىزەتچى پوچتا بىلەن قايتتى، ھاپىز خوجا ئۆزى يالغۇز ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا ئىشىك ئالدىدا باتۇق پەيدا بولدى، زەنجىرنى يەڭگىل قاقتى، ھايالشمايلا ئوتتۇرا ياشلىق ئايال خىزمەتچى ئىشىكنى ئاچتى.

— ھاپىز جۈيجاڭنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم، — دېدى باتۇق مۆمىن قىياپەتتە سىلىق سۆزلەپ، — مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى...

— ئۇ كىشى ئەمدى تاماققا ئولتۇردى، بۇنداق چاغدا خەق بىلەن كۆرۈشمەيدۇ، — دېدى ئايال ئىشىكنى يېپىشقا تەمشىلىپ، — كېيىن ئىدارىسىگە بېرىڭ!

باتۇق بىر قولى بىلەن ئىشىكنى ئىچىگە ئىتتىرىپ تۇرۇپ يېلىندى.

— خېنىم، سىلىدىن خۇش بولاي، كىرىپ ئېيتىپ باقسىلا، ئىسمىم سۇلايمان، كەسپىم زەرگەر، جۈيجاڭنىڭ رەپىقىسى ئوبدان تونۇيدۇ، ئۆزى ئۆيگە كېلىشىمنى ئېيتقان.

ئايال ئاۋازىنى پەسەيتىپ خورسىنغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— خېنىم ئۆيدە يوق، يېقىندا ھەيدىۋەتتى، خوجام باشقىدىن ئۆيلىنىدىغاندەك قىلىدۇ... — ئايال سەل تۇرۇۋۇالغاندىن كېيىن «لىككىدە» بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى، — ئۆزلىرىنى زەرگەر دېدىلىما؟

— شۇنداق، خېنىم، سەپسىن ئېرىغ مال بىلەن ھەپىلىشمەن، ئۆزلىرىگىمۇ لازىم بولسا مەن تەييار، سىلىگە ئوچۇقنى ئېيتاي، جۈيجاڭغا ئازراق ئالتۇن ئىشى بىلەن كېلىۋىدىم...

— ئەمسە توختاپ تۇرسىلا، مەن كىرىپ دەپ باقاي، — ئايال ئارقىغا بۇرۇلدى، باتۇقمۇ شەپە چىقارماي ئۇنىڭ ئارقىدىن تاپان باستى قىلدى. ئايال قاراڭغۇ دالاندىن ئۆتۈپ، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى، باتۇق چاققانلىق بىلەن مېھمانخانىنىڭ دەھلىزىگە كىرىۋالدى. ئىچكىرىدىن ھاپىز خوجىنىڭ قوپال ئاۋازى

ئاڭلاندى :

— قوغلۇۋەت! ئۇنداق زەرگەرنى تونۇمايمەن!...

ئايال بوسۇغىدىن پۇتىنى ئالغۇچە باتۇق ئۆزىنى «لىككىدە » ئىچ-كىرىگە ئاتتى.

— سەن تونۇمىساڭ، مەن تونۇيمەن! — دېدى ئۇ بورانىدەك گۈركىرەپ، قولىدا كۆمۈش تولتىلىق ئۇزۇن خەنجەر پارقىراپ تۇرات-تى، — سۇلايمان زەرگەرنى تونۇمىساڭ، باتۇقنىمۇ تونۇيدىغانسەن!؟

ئاستىغا گىلەم، تام چۆرىدەپ كۆرپە سېلىنغان مېھمانخانىدا بەھۇ-زۇر ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان ھاپىز خوجا دەسلەپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن سەل - پەل ھوشىنى يىغىپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمە-شىلىۋىدى، باتۇق ئىككى قەدەم ئالدىغا سىلجىپ ۋارقىرىدى :

— قىمىرلىما! بولمىسا بوغۇزلىۋېتىمەن!

ھاپىز خوجا گۈلىيىپ، چىشىنى غۇچۇرلاتقان پېتى ئولتۇرۇپ قال-دى. باتۇق نېمە قىلىشنى بىلمەي بىر چەتتە لاغىلداپ تۇرغان ئايال خىزمەتچىگە ئېيتتى :

— خېنىم، ماۋۇ تانا بىلەن بۇ سېرىق جوھۇتنىڭ قولىنى باغلى-سىلا، — ئۇ يانچۇقىدىن ئىككى غۇلاچتەك قىل تانىنى چىقاردى، — بولمىسا، سىلىگىمۇ ياخشى كۈن يوق!

ئايال تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋالدىن مەڭدەپ قالغانىدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن تانىنى ئالدى، ھاپىز خو-جىغا قاراپ ئالاقزادىلىك بىلەن بىر - ئىككى قەدەم سىلجىدى، لې-كىن، ھاپىز خوجا بىرلا ھومىيىۋىدى، ئايال «چىپ-پىدە » تۇرۇپ قالدى.

— ھاپىز، بۈگۈنمۇ ئۆتكەن كەچتىكىدەك قۇتۇلۇپ قالارمەن دەپ خام خىيال قىلما! — دېدى باتۇق ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، — بىر خەنجەر بىلەن ھازىرلا تۈگەيسەن، لېكىن مەن ساڭا ئۇنداق ئاسان ئۆلۈمنى بەرمەيمەن!

ھاپىز خوجا ئۆي كىيىمى بىلەن بولغاچقا يېنىدا قورال يوق ئىدى.

ئۇ بىر كۈچ بىلەن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىدىكى تەخسىنى باتۇققا ئاتتى. باتۇق ئۆزىنى چەتكە ئالدى، تەخسە دېرىزىگە تېگىپ چېقىلدى. ھاپىز خوجا ئەمدى ئاستىدىكى ئورۇندۇقنى ئېلىشقا تەمشىلىۋېدى، باتۇق ئۇنىڭ قولىنى «كاپپىدە» تۇتۇۋالدى، ئۇنىڭ دەرەخ قوۋزىقىدەك يىرىك ۋە يوغان ئالقىنى ھاپىز خوجىنىڭ يۇمشاق، نازۇك بارماقلىرىنى قىسىپ غىرسىلىتىۋەتتى.

— خېنىم، ئەمدى باغلىسىلا! — دېدى باتۇق ئايال خىزمەتچىگە قاراپ، — بولمىسا، سىلىنىمۇ قوشۇپ باغلايمەن!

ئايال قورقتى، يەنە ئارىسالدى بولدى، ھەر ئىككىسىگە مۆلدۈرلەپ قارىدى. باتۇق قاتتىق ۋارقىرىدى، بۇ قېتىم ئۇ راستتىنلا چۆچۈپ ھاپىز خوجىغا ئاستا يېقىنلاشتى، خوجايىنىنىڭ قولىنى ئارقىغا بوشقىنا قايرىپ، قىل تانا بىلەن باغلىدى. دەل شۇ چاغدا مېھمانخانا بوسۇغىسىدا خۇددى يەردىن ئۈنگەندەك مۇھاپىزەتچى پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ ئەھۋالنى كۆرۈپلا قولىدىكى سومكىنى چۆرۈۋەتتى، تاپانچىنى سۇغۇرۇپ باتۇققا تەڭلىدى، باتۇق چەبدەسلىك بىلەن ھاپىز خوجىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ قالقان قىلىۋالدى، مۇھاپىزەتچى ئايال خىزمەتچىگە بۇيرۇق قىلدى:

— ماڭ، تېز بېرىپ ساقچىغا خەۋەر قىل!

باتۇقمۇ بۇيرۇق قىلدى:

— مىدىرلىما، مىدىرلىساڭ بوغۇزلىۋېتىمەن!

ھاپىز خوجا يەنە بۇرۇنقىدەك كۆرەڭ ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— ھەي قانجۇق! نېمىدىن قورقىسەن، ماڭ، تېز ساقچىغا بار!

ئايال خىزمەتچى ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى. باتۇق ئەمدى جىددىيلىشىپ قالدى، ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسا ئەھۋال خەتەرلىك ئىدى. ئۇ ھاپىز خوجىنى گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ مۇھاپىزەتچىنى قىستاپ كەلدى، مۇھاپىزەتچى ئوق چىقىرىشقا ئامالسىز ئىدى. باتۇق ئۇنىڭغا قەدەممۇقەدەم يېقىنلاشتى، ئۇ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا قاچاتتى. باتۇق ھاپىز خوجىنىڭ يەلكىسىدىن قاماللاپ،

بارغانسېرى يېقىنلاشتى، مۇھاپىزەتچى كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلگەندە توسۇلدى، باتۇق ئۇنىڭ كۆكسىنى نىشانلاپ خەنجەر ئۇردى، مۇھاپى-زەتچىمۇ بوش كەلمىدى، ئۆزىنى «شاققىدە» چەتكە ئېلىۋېدى، خەن-جەر ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە سانجىلىپ قالدى، ئۇ قاتتىق چىرقىرىدى، تاپانچىدىن نىشانسىز ئوق چىقىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا كوچا تەرەپتىن دۈپۈرلىگەن ئاۋازلار كەلدى. باتۇق ھاپىز خوجىنى قاماللىغان پېتى يەردىن دەس كۆتۈردى ـ دە، ئېگراپ ياتقان مۇھاپىزەتچىنىڭ ئۈس-تىگە ئاتتى، ئەلەم بىلەن ئېڭىكىنى خەپلەپ تۇتۇپ ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ سىرتقا قاچالمايتتى، ئاۋۋال مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئەتتى، ئارقىدىن ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقىدى، ئاندىن ئۆزۈن شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ شوتىنى ئۈستىگە تار-تىۋاتقاندا، ھويلىنىڭ ئىشىكى شىددەتلىك ئىتتىرىشتىن ئۆرۈلۈپ چۈشتى...

2

نازاكەت خېنىمنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ ھاۋالىق، خىلۋەت يېرىگە جايلاشقانىدى. قوش قاناتلىق دەرۋازىغا سىرىق تۇچتىن قۇببە ۋە قۇيما ھالقىلار بېكىتىلگەن بولۇپ، قورۇ ئىچى ئازادە ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ناۋا چىقىرىپ ياسالغان پېشايۋان نىل رەڭلىك رېشات-كىلار بىلەن زىننەتلەنگەن، پېشايۋان ئوتتۇرىسىدىكى باغدادچە ئىشىك-نىڭ چۆرىسىگە گەجدىن شالۋان تارتىلغان، پېشايۋانغا بولسا ياغاچتىن لىڭگە چىقىرىپ، ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا قىپقىزىل بىر ئانارنىڭ مودېلى قا-تۇرۇلغانىدى. ھويلا سۇ سېپىپ كۆك مۇزدەك قىلىۋېتىلگەن، ئۇچ يىللىق ياش تالنىڭ يۇمران شاخلىرى بېدىشكە يامىشىپ، پېشايۋانغا شالاڭ سايە تاشلاپ تۇراتتى.

بۈگۈن نازاكەت خېنىمنىڭ ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق ئازادە ھەم كۆركەم مېھمانخانىسىدا شەھەردىكى باي ۋە مۆتىۋەرلەرنىڭ قىز ـ

چوكانلىرى مېھمان بولۇۋاتاتتى. چاي داستىخىنى يىغىشتۇرۇلۇپ ئويۇن - كۆلكە باشلاندى. بەش سوملۇق تىللانى تۆگمە قىلىپ تەتىللا چەشمە دوپپا كىيگەن، ئوڭ قولىنىڭ ئۈچ بارمىقىغا ئاق، قىزىل ۋە سەيۋە رەڭلىك ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك سالغان بىر ئايال خەيرىنىسا دوقىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ قىرانلىق يېشىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، چىرايىدىن تېخى ياشلىق جۇلاسى كەتمىگەنىدى.

— خەيرىنىسا، ئىشقى دوراڭدىن بارمۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — ئازراق بەرگىنە، پىغانىم ئۆرلەپ تۇرىدۇ...

خەيرىنىسا دوقى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك قاراپ قويدى:

— بۈگۈن مېنى سېغىنىپ قاپلىدى - دە، پاشا خېنىم؟! مەن تېخى ئۇنتۇپ قالغان چېغى دەپتىمەن!

— يوقسۇ، سېنى ئۇنتامدىغان، خەيرىنىسا، — دېدى پاشا خېنىم ئەپۇ سورىغاندەك تەلەپپۇزدا، — باي ئاكاڭ ئۆيدىن نېرى بولماي، بوسۇغىدىن ئاتلىيالمىدىم، بولمىسا ھەر كۈنى يېنىڭغا بارغۇم بار...

خەيرىنىسا دوقىنىڭ چىرايى ئېچىلدى، شالاڭ قاشلىرىنى ئېتىپ ئۆزىگە تەمەننا قويدى:

— شۇنداق، خېنىم، «بىر كەپتەردە قىرىق قىزنىڭ ئىشقى بار» دېگەنىدەك، خەيرىنىسا ئىشقى بوش ئەمەس! خۇمارلىرى تۇتقاندا ئانچە - مۇنچە كېلىپ تۇرسىلا. بۈگۈن ئىشقى دورىسىدىن ئازراق بېرەي، قالغىنىنى ئۆيگە بارغاندا يەلا... — خەيرىنىسا دوقى چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن كىچىك بىر قۇتىنى ئالدى، قۇتا يۇمىلاق ئىدى، ئالتۇندەك پارقىرايتتى. ئۇ قەلەمتىراچنىڭ ئۇچىدا قۇتىدىكى مەجۇندىن ئازراق ئېلىپ ھېلىقى ئايالغا يالاتتى، ئايال مەجۇننى خۇددى ئانىسىنى ئەمگەندەك شوپشۇتۇپ شوراپ كەتتى، ئارقىدىن يەنە تەلەپ قىلىۋىدى، خەيرىنىسا دوقى قېشىنى سۈزدى:

— ئەمدى بولار، پاشا خېنىم، ھېلى بىكار كىچىك تىللىرى لوپۇلداپ كېتەرمىكىن...

— لوپۇلدىغاندىن قورقامدۇق، خەيرىنىسا، — دېدى ئۇمۇ ھايا-

سىزلىق بىلەن ھىجىيىپ، — تۇخۇمنىڭ ئىچىنى يېگەن ئادەم سېرىقدىنمۇ يەيدۇ!

— قورقمىسىلىرى مانا ئەمىسە! ... — خەيرىنىسا دوقى ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالدى، قېلىن دورداي كالپۇكلىرىنى ئۇنىڭ ئىسسىق، خۇش پۇراق ئاغزىغا يېقىپ «چاڭگىدە» ئاۋاز چىقىرىپ ئارقا - ئارقىدىن ئۈچنى سۆيدى. بايىقى مەجۇن پاشا خېنىمغا خېلى تېز تەسىر قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشتى، ئۇمۇ خەيرىنىسا دوقىنى قويۇۋەتمەي چىڭ قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ تاماكا ئارىلاش ئاللىقانداق نەرسىلەر پۇراپ تۇرىدىغان بەتبۇي ئاغزىغا، قارىداپ كەتكەن ئۆپكىدەك يېقىمسىز يۈزلىرىگە ئالا قويماي چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى، يۈزىنى ياقتى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا نەلىردىندۇ سىلىدى. ئەمدى خەيرىنىسا دوقىنىڭ ئەركەكزەدەكلىكى تۇتتى، ئۇ پاشا خېنىمنىڭ بويۇنلىرىنى ئېگىپ، بەللىرىنى قايرىپ ئاستىغا باستى، ئىككىسى قېلىن چىگرىن يېكەندازنىڭ ئۈستىدە ناز ۋە خۇلقى بىلەن بىرھازا يوملاقلاشتى. ئۇلارنىڭ غەيرىي ئىشق - مۇھەببىتى بىر چەتتە ئولتۇرۇپ غەيۋەت - شىكايەتكە چۈشكەن زۇۋاندارازلارنىمۇ، تەڭگە تىكىپ بەش لەك ئويناۋاتقان ھەۋەسمەنلەرنىمۇ غىدىقلاپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، خېلىغىچە خۇمارىنى بېسقتۇرمىدى...

خەيرىنىسا دوقى ئەنە شۇ ئىشقى بىلەن خۇددى مەستخۇش بۇلبۇلدەك كېلىشتۈرۈپ دۇتار چالدى، ئۇنىڭ ھېقىق كۆزلۈك ئۈزۈك سالغان قاتاڭغۇر قوللىرى تار ئۈستىدە شوخ سەكرەيتتى. پاشا خېنىم ئىككى قولىدىن قاس چىقىرىپ، ئەۋرىشىم بويىنىنى ناز بىلەن تەۋرىتىپ ئۇسسۇل ئوينىدى. خەيرىنىسا دوقى ئۇسسۇلغا جور قىلىپ ناخشا ئېيتتى :

بەش لەڭ چىڭخۇ ئوينايمەن،
ئەرلو باسى سەيلەگىلىك.
سەن يۈز ئۆرسەڭ يايرىم،
گەنجىڭ يارلار پەيلەگىلىك.

قاشىڭنى قارا قىلغان،
بېغىڭدىكى كۆك ئۇسما.
چىرايىڭنى سېرىق قىلغان،
يېنىڭدىكى لىلك تاسما...

ئۇزاش تامىقى تەييار بولدى. مېھمانلار چۆرىسىگە كۆك چەش قۇ-يۇلغان سېرىق تۇچ چىلاپچا بىلەن بويىنىغا يىلان قاسىرىقى نەقىش چېكىلگەن ئاپتۇۋىدا قوللىرىنى يۇيدى. ئوتتۇرىغا ئەنجانىنىڭ كاناپ داستىخىنى سېلىنىپ، نېپىز قىرلىق رەڭدار چاي پىيالىلىرى قاتار تى-زىلدى، ئارقىدىن كەكلىك گۆشى بىلەن بېھى بېسىلغان مەززىلىك پولۇ تارتىلدى. مېھمانلار ئاشقا ئەمدى قول ئۇزىتىشۋىدى، ئۆگزە غاراسلاپ، تورۇسنىڭ پەنەركىلىرىدىن ئەنسىز ئاۋاز چىقىپ كەتتى.

— ۋايجان!... — دېدى پاشا خېنىم ئۆزىنى ئارقىغا تاشلاپ، — يەر تەۋرىدى... تەۋرەپ كەتتى!...

باشقىلارمۇ چۇرقىراشتى، ئاش شۇ پېتى قالدى. نازاكەت خېنىم مېھمانلارنى تەسلىكتە تىنچىتىپ هويلىغا چىقتى. ئۇ بىرىنىڭ ئۆگزىدە مىڭۋاتقانلىقىنى پەملىگەنىدى. هويلىدىن ئۆگزىگە چىقتى، بىر ئادەم سىراجىتامدىن ئۆتەلمەي ھەپىلىشىۋاتاتتى.

— نېمە ئادەم سەن؟! — نازاكەت خېنىم قورقۇپراق سورىدى. ھېلىقى ئادەم سىراجىتامدىن قولىنى ئېلىپ ئارقىغا شۇنداق بۇرۇلۇۋىدى، نازاكەت خېنىم «باتۇق!» دېگىنىچە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى.

— نازاكەت خېنىم!... — دېدى باتۇقمۇ ھەم تەئەججۇپ ۋە خۇشاللىق بىلەن ئالدىغا ئىككى قەدەم سىلجىپ، — ئارقامدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ...

— كىم قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ؟

— ساقچىلار...— باتۇق ئاستا شىۋىرلىدى.

نازاكەت خېنىم چۆچۈگەندەك «دىڭگىدە» بولدى، قېشىنى يىمىرىپ، كۆزىنى قىستى، ئۇنىڭ بۇ جىددىي ھالىتىمۇ ئۆزىگە بىر خىل گۈزەللىك ھەم لاتاپەت بېغىشلايتتى. باتۇق ئۇنىڭ نوقۇت رەڭلىك گىرىپ كۆڭلەك كىيگەن نازۇك بەستى - بويىغا، يىپەك رومال ئارتىۋالغان ئاپئاق، ئېۋەنسىز يۈزىگە ھېرىسمەن كۆزلىرىنى بىر دەقىقە تىكتى...

— نازاكەت، ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ ئاخىر ئۆزرە ئېيتقاندەك تەلەپپۇز بىلەن، — بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتەي، سىلى مېنى كۆرمىگەن بولسىلا، خوش...

باتۇق ئارقىغا بۇرۇلدى، ئايرىلىشقا قىيمىغاندەك قاراپ - قاراپ قويۇپ سىراجتامغا ئېسىلدى.

— باتۇق، توختىسىلا، — دېدى نازاكەت خېنىم ئەمدى ئېسىگە كەلگەندەك ھودۇقۇپ، — كەتمىسىلە... مەن سىلىنى يوشۇرۇپ قوياي...

باتۇق دېلىغۇللۇقتا تۇرۇپ قالدى، بىر كۆڭلىدە نازاكەت خېنىمنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن خۇشال بولسا، يەنە بىر كۆڭلىدە ئۇنىڭغا بىھۇدە ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. نازاكەت خېنىم ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدىمۇ قانداق، چاپىنىنىڭ پېشىدىن چىمدىپ تۇتۇپ تارتتى:

— قورقمىسىلا، بۇ ئۆي بىخەتەر، پەسكە چۈشسىلە!

باتۇق خۇشاللىق بىلەن ئەگەشتى، ھويلىغا چۈشكەندە نازاكەت خېنىم مېھمانلاردىن ئېھتىيات قىلدى، باتۇقنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي پېشايۋاننىڭ ئاستىدىكى ئامبارغا كىرگۈزۈپ ئىشىكنى قۇلۇپلىدى، ئاندىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك مېھمانخانىغا كىردى.

— نېمە ئىش ئىكەن، نازاكەت؟ — سورىدى بىرەيلەن ھودۇقۇپ.

— ھېچ ئىش... — نازاكەت خېنىم پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى، — قوشنىلىرىمىزنىڭ بالىلىرى كەپتەر قوغلاپ ئۆگزىگە كېلىۋاپتىكەن، قوغلىۋەتتىم...

مېھمانلار «خۇداغا شۈكرى» دېيىشىپ يېنىك تىن ئالدى، لېكىن
خەيرىنىسا دوقى بىر نەرسىدىن گۇمانلانغاندەك ئاسماقچىلاپ
سورىدى:

— بايا ھويلىغا چىقسام يوغان بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى چىققاندەك
قىلىۋاتاتتىغۇ؟!

نازاكەت خېنىممۇ بوش كەلمىدى:

— ھە، بۇرنى كۆپكەن باللار ئىكەن، ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ...

خەيرىنىسا دوقى جىمىپ قالدى. مېھمانلار قايتىدىن داستىخانغا
كېلىپ ئاشقا باقتى. ئاشتىن كېيىن ئۇلار ھايالشمايلا تارقاشتى، نازا-
كەت خېنىم مېھمانخانىنى چالا - بۇلا يىغىشتۇرۇپلا ئامبارغا چۈشتى.
باتۇق بۇلۇڭدىكى ئەسكى - تۈسكىلەرنىڭ ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ
ئولتۇراتتى. ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى، باتۇق ئۇنىڭ قاپقارا
كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان كۈچلۈك بىر نۇرنى كۆردى، بۇ نۇردا
چوڭقۇر بىر ئارزۇ - ئىستەك ھۆكۈم سۈرەتتىكى، قانداقتۇر ھاۋايى -
ھەۋەس تۇمانلىرىنىڭ زەررىچە كۆلەڭگىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. باتۇقنىڭ
ئەتىگەندىن بېرى جىددىيلىكتىن تارتىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرى خېلى
بوشاشتى، ھارغىن ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر سېزىم يامرىدى. ئۇ ئۆگىزد-
لەردىن قېچىپ يۈرۈپ تۇيۇقسىز نازاكەت خېنىمنى كۆرۈش بىلەن
ئۆزىنىڭ زۇلمەت باسقان نىشانسىز يولىدا گويا «پاللىدە» يورۇغان
نۇرلۇق بىر چولپاننى كۆرگەندەك بولغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا نازاكەت
خېنىمنىڭ جانغا ئارا تۇرغان ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتىشقىمۇ ماجالى
يەتمەي «جىممىدە» ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇمۇ بارلىق ئاددىي ئادەملەرگە
ئوخشاش جىددىيلىكتىن خاتىرجەملىككە، قايغۇدىن شادلىققا، بىخەم-
لىكتىن ھاياجانغا تېز ئۆزگىرەلەيتتى. نازاكەت خېنىمنىڭ كۆزىدىكى
پاك ۋە ئۆتكۈر نۇر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ ھاياجانلان-
دى، قانلىرى قىزىدى، يۈرىكى تېپچەكلىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۈچ كۈن-
دىن بېرى خېيىمخەتەر ئىچىدە ئۆتكەن تىنچسىز كۈنلىرىنى ئۇن-
تۇپ، ئىشق - مۇھەببەتكە تەلپۈنگەن پاراغەتلىك مىنۇتلارنى بې-

شىدىن كەچۈرۈۋاتتى...

— كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، مەن سىلىنى بىر - ئىككى كۈن مۇشۇ ئامباردىن چىقارمايمەن، — نازاكەت خېنىم ئاخىر ئېغىز ئاچتى، — جاھان تىنچىغاندىن كېيىن نەگە بارسىلىرى مەيلى، ھازىر تاماق يېسىلە...

— سىلىگە رەھمەت! — دېدى باتۇق خۇشاللىق ھەم خىجىللىق ئارىلاشقان بىر خىل كەيپىياتتا، — سىلىنى كۆپ ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم...

نازاكەت خېنىم تاتلىققىنا كۈلدى:

— ھېچقىسى يوق، مەنمۇ سىلىنى ئاۋارە قىلغانغۇ...

ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى پارىڭى شۇنچىلىكلا بولدى، باتۇق شۇ كېچە ئامباردا يېتىپ قالدى.

3

ھاپىز خوجا كېسەل بولۇپ كەتتى. چېنىغا تېگىلگەن ئىككى قېتىملىق قەست ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاتقان پاختىدەك تىتىۋەتكەنىدى.

«تووۋا! ... نام - نىشانى يىراق - يېقىنغا داڭدار بىر ساقچى ئەمەلدارىنىڭ كۈپكۈندۈزدە بوزەك قىلىنغىنى نېمىسى؟! ئاددىي پۇقرالار ئۇنى كۆرسە تىترەيتتىغۇ؟! بۇ زادى قانداق ئىش؟! ئوڭۇممۇ - چۈشۈم! ئۇ زادى كىم؟ ئادەم سۈرىتىگە كىرىۋالغان جىنمۇ، ئالۋاستىمۇ ياكى ئەزرائىلمۇ؟! ياق! ئۇ — باتۇق. چىرايىدىنمۇ، ئاۋازىدىنمۇ شۇ...»

ھاپىز خوجا ئىككى قېتىملىق ۋەقەنىڭ سىرتقا يېيىلىپ كېتىپ ئابرۇيىنىڭ دەخلىگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ ھەقتىكى خەۋەرنى قاتتىق قامال قىلدى، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى تىكىپ، كۆزىنى ئېتىۋالغىلى بولاتتىمۇ؟! پوچتىكەش پۈت - قولىدىكى يارىلارنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىمەن دەپ، بىرىنچى قېتىملىق ۋەقەنى

بىر ئاغىنىسىگە ئېيتىپ تاشلىدى؛ ئايال خىزمەتچىمۇ ئاغزى ـ بۇرنىغا يۆلتۈزدەك چىقىپ كەتكەن قوقاقنىڭ سىرىنى يېشىمەن دەپ، قوشنىلارغا چاندۇرۇپ قويدى؛ مۇھاپىزەتچى بولسا دوختۇرخانىدا يېتىپ ئاشكارىلاندى. ئەڭ دەھشەتلىكى، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن «ئىنجىل» دەك «تاڭ نۇرى» گېزىتىنىڭ ئۈچىنچى سانىنىڭ قايتا پەيدا بولۇشى ئىدى. بىر مەزگىل نام ـ نىشانسىز يوقاپ كەتكەن گېزىت دەل مۇشۇ چاغدا «لوڭگىدە» ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھاپىز خوجىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىككى قېتىملىق «پېشكەللىك» نى شۇندىلا ئېنىق، شۇنداق قاملاشقان خەۋەر قىلىپ جاھانغا يېيىۋەتتى...

شۇنداق قىلىپ، ھاپىز خوجىنىڭ قاماللىرى چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ، سىر ئاشكارىلاندى. كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا گەپ كۆپ ئىدى. كوچا دوقمۇشلىرىدا ئەتىدىن ـ كەچكىچە لاغايلاپ يۈرىدىغان بىكار تەلەپلەر گېزىتتىكى خەۋەرنى ئاجايىپ قىزىق لەتىپە توقۇپ كۈلكە قىلدى، ساماۋارخانىدىكى چايخورلار ئۇنى تېخىمۇ كۆپتۈرۈپ ئاجايىپ يۇمۇرلۇق چۆچەك قىلىپ تارقاتتى. بۇ لەتىپە، چۆچەكلەر بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئېغىزدىن ئېغىزغا، قۇلاقتىن قۇلاققا كۆچۈپ، ھاپىز خوجىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەيۋىتىنى خۇددى كۈز غازىڭىدەك سېرىۋەتتى...

ھاپىز خوجا تېخىمۇ غالجىرلاشتى، باتۇقنى تۇتۇش، «تاڭ نۇرى» گېزىتىنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇش توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى، باتۇقنى تۈرمىدىن قاچۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئالتە بۇرجەكلىك تۈرمىنىڭ باشلىقى لىيۇ خەندۇڭغا ئىنتىزام جازاسى بەردى. ھاپىز خوجا شۇ كۈنلەردە خۇددى ئالدىدىن كەلسە چىشلەپ، ئارقىدىن كەلسە تېپىدىغان بۇغرا تۆگىدەك غۇژغۇن مىجەز بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شۇ كۈنكى ئىشتىن كېيىن تالاغا چىقمىدى، ئىدارىدىكىلەرگە ئۆيدە ئولتۇرۇپ يولىيورۇق بېرىۋەردى، باشقا ئورۇنلارغا «كېسەل» دېگەن خەۋەر تارقىتىلدى.

بۈگۈن كەچقۇرۇن خەيرىنىسا دوقى ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ھاپىز

خوجا راستىنلا كىسەلدەك لۆم ـ لۆم كارىۋاتتىا سوزۇلۇپ ياتاتتى. چىرايى تاتىرىپ، قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. خەيرىنىسا دوقى ھال سورىدى، ئىچ ئاغرىتتى، كۆڭۈل ئىيتتى، ئاخىردا مىسكىن قىياپەتتە ئولتۇرۇپ مۇنداق دىدى:

ــ خوجام، ھەر خىل گەپلەرنى ئاڭلايمەن، راستمىدۇ؟

ــ نىمە گەپلەرنى ئاڭلىدىڭ؟ ــ ھاپىز خوجا ناخۇش ئاھاڭدا سورىدى.

خەيرىنىسا دوقى دۇدۇقلىدى:

ــ ھىلىقى... ھىلىقى كەچتە... پوچتا ۋەقەسى دەمدا... يەنە... يەنە ئۆيگە بىسىپ كىرىپ...

ــ بولدى، بولدى! ــ ھاپىز خوجىنىڭ تەرى تۇرۇلدى، بۇنداق گەپلەرنى قايتا ئاڭلاش ئۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق ئازاب ئىدى، ــ نەدىن ئاڭلىغان بولساڭ شۇ يەردە قالسۇن! ئىشقىلىپ... بەزى ئىشلار بولدى... لىكىن ئۇ جاجىسنى يەيدۇ! ــ ھاپىز خوجا بىشىنى كۆتۈرۈپ چىشىنى غۇچۇرلاتتى، ــ مەن ئۇنى چايناپ ـ چايناپ پۇركۇۋەتمىسەم بۇ شەھەر ماڭا ھارام!

خەيرىنىسا دوقى يىقىنراق سىلجىپ سورىدى:

ــ خوجام، كىم ئۇ؟

ــ كىم بولاتتى؟! ــ ھاپىز خوجىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، ــ باتۇق دىگەن يالاڭ تۆش! ئۇ قاراقچى كۆزىمىزنى غەلەت قىلىپ قىچىپ كەتتى. ساقچىلار ئۆگزىگە چىقسا ئۇ پەسكە چۈشۈۋاپتۇ، ساقچىلار پەسكە چۈشسە ئۇ يەنە ئۆگزىگە چىقىپ قىچىپتۇ! خەپ، توختا! مەن سىنىڭ قانىڭنى بارمۇ ياكى سۇلايمان قالپىقىڭ بارمۇ، بىر كۆرۈپ باقاي!

ھاپىز خوجا ئورنىدىن تۇردى، قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، خورسىندى، ئىچ ـ ئىچىدىن قاپساپ چىقىۋاتقان ئاچچىق تىنىق بىلەن بۇرۇن پەررەكلىرى لىپىلداپ

كەتتى...
خەيرىنىسا دوقى ئۇيغا چۆمگەنىدى، ئۇ ئىپمىندۇ ئەسلىمەكچى بول-
غاندەك بېشىنى قىيسايتىپ دورداي كالپۇكلىرىنى يىمىردى، كۆزىنى
قىسىپ بىر نۇقتىغا تىكىلدى، كېيىن لەپپىدە چىرايىنى ئېچىپ ھاپىز
خوجىغا يۈزلەندى:
— خوجام، بىر ئىش ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ، ئۈچ كۈن بۇرۇن نازا-
كەت خېنىمنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇۋاتاتتۇق، تۇيۇقسىز ئۆگزە
غاراسلاپ كەتتى، بىز يەر تەۋرىگەن ئوخشايدۇ، دەپتۇق. لېكىن نازا-
كەت خېنىم ئۆگزىگە چىقىپ كېتىپ، «قوشنىلارنىڭ بالىلىرى ئىد-
كەن، قوغلىۋەتتىم» دەپ خېلى ئۇزاقتا قايتىپ چۈشتى. لېكىن، مەن
گۇمانلىنىپ قالدىم، چۈنكى دېرىزىدىن قاراپ تۇرسام، ئۇ ئۆگزىدىن
بىرەيلەن بىللە چۈشكەندەك قىلدى.
— راستىما؟! — ھاپىز خوجا ئەندىكىپ سورىدى، — نازاكەت
خېنىم ئۆز ئادىمىمىز تۇرسا، ئۇنداق خەتەرلىك ئىشلارغا ئارىلىشىپ
يۈرمەس!...
— بىلمىدىم، خوجام ... — دېدى خەيرىنىسا دوقى بىرئاز چۆ-
چۈپ، — ئەمدى، ئايال خەق دېگەن ئەقىلسىز كېلىدۇ، پەيلى
شەيتان...
— بۇ گەپنى ھېچكىمگە تىنما! — دېدى ھاپىز خوجا جىددىيرەك
قىلىپ، — نازاكەت ئاگلاپ قالمىسۇن!
— بولىدۇ، خوجام، بولىدۇ! — خەيرىنىسا دوقى ئورنىدىن تۇرۇپ
ئېگىلدى، — بۇ مېنىڭ قىياسىم، كۆڭلۈمگە كەلگەن بىر ھارام
خىيال...
خەيرىنىسا دوقى كۆڭلى غەش قايتتى. ئەسلىدە ئۇ شۇ خەۋەر بى-
لەن ھاپىز خوجىدىن كۆپ سۆيۈنچە ئېلىش نىيىتىدە بولغانىدى.
ئەكسىچە، ئۇنى خاپا قىلىپ قويۇپ ئۆزىنى كايىتتى. لېكىن، ھاپىز
خوجا ئاغزىدا ئۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلىدە خەيرىنىسا دوقنىڭ
گۇمانىنى پۈتۈنلەي رەت قىلمىغانىدى. ۋاقىت توغرا كېلەتتى، ئۇنىڭ

ئۇستىگە باتۇق ئۆگزىمۇئۆگزە قېچىپ يۈرگەندى. ئۇ بۇ ھەقتە ئويلىغانسېرى گۇمان ھەقىقەتكە، خىيال رېئاللىققا ئايلانغاندەك بىلىندى، ئۇ ئاخىر نازاكەت خېنىمنىڭ ئۆيىگە ئىككى ساقچىنى ئەۋەتىپ يوشۇرۇنچە كۆزىتىپ بېقىش قارارىغا كەلدى.

## 4

ئاق كېچە. تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغ. ئادەمزات، ھەتتا ئۇچار قۇشلارمۇ ئۇيقۇغا چۆككەن، پەقەت بىرلا جان — باتۇقلا ئۇيقۇسىز تىپىرلايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئاي نۇرى قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان كەڭرى ئامبارمۇ، بېشىدىكى مامۇق ياستۇقمۇ، ئۇچىسىدىكى تاۋار يوتقانمۇ شۇنداق كۆڭۈلسىز ۋە سوغۇق تۇيۇلاتتى، ئۇنىڭ ھاياجانلىق ئويغاق قەلبىدە چوڭقۇر سېغىنىش ۋە بېسىلغۇسىز بىر خۇمارلىق بار ئىدى. ئۇ نازاكەت خېنىمنى كۆرۈشنى خالايتتى، ئۇنىڭ ئاپئاق، بۇدرۇق قوللىرىنىڭ ئۇچىنى بولسىمۇ تۇتۇپ بېقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇ تۇيغۇ ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇردى، ھەر كويغا سالدى، ئۇنى قورقماس قارام قىلىپ قويدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى، چاپىنىنى يېپىنچاقلىدى، ئامباردىن ھويلىغا چىقتى. ئەتراپ تىمتاس ئىدى، كەچ كۈزنىڭ قۇرغاق شاملى يۈزگە ئۇرۇلاتتى. ئۇ شەپە چىقارماي پېشايۋانغا كەلدى، ئۇ يەردىن مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى، قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ مەرمەر تۇتقۇچىنى تۇتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئىشىكنى شۇنداقلا تارتسا مەقسىتىگە يېتەتتى. لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى، دېمى سىقىلدى، ئىشىك تۇتقۇچىغا ئېسىلغان قولىمۇ سېزىلەرلىك تىترەشكە باشلىدى.

باتۇق ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن بۇ تۇيۇقسىز ھالەتتىن ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئۇ ئەزەلدىن خوتۇن كىشىنىڭ يېنىغا كىرىشتە تەمتىرەپ قالمىغانىدى. بۇنداق ئىشلارنى ئۇ كۆڭۈل خۇش قىلىدىغان بىردەملىك ئويۇنچۇق دەپلا قارايتتى. دەرۋەقە، مەرھۇم ئاققىز بىلەن بولغان مۇ-

ناسىۋىتىنىڭ كېيىنكى چاغلىرىدا ئۇ ھېسسىيات، كۆڭۈل، سۆيگۈ دې-
گەن نەرسىلەرنى ئاز - تولا چۈشەنگەنىدى. لېكىن، ئۇنى ۋايىغا يەت-
كۈزگىچە بولغان ئارىلىقتا ئاققىزدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالدى. شۇنداق-
تىمۇ ئۇ تۈرمىدە ۋە تۈرمىدىن قاچقاندىن كېيىنكى تۇرمۇشىدا ئا-
ياللار بىلەن تونۇشۇپ باردى - كەلدى قىلدى. بۇنى ھەممە ئادەم-
لەردە بولىدىغان بىر خىل ھەۋەس ۋە تۇغما نەپسانىيەتچىلىك دەپ
چۈشىنەتتى. لېكىن، بۇگۈنكى ئۇنىڭغا ئوخشاشماي قالدى، ئۇ
كىرمەكچى بولغان ئۆيدە گويا ئايال ئەمەس، ئۇلۇغ بىر ئىلاھ ياتقاند-
دەك ئۇنى ھودۇقتۇردى، تەمتىرىتىپ قويدى. مانا شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆ-
زىنىڭ نازاكەت خېنىمنى چىن كۆڭلىدىن ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى،
مۇھەببەتلىك يۈرىكى، مەجنۇنلۇق قەلبى بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالغان-
لىقىنى چۈشەندى. مانا شۇ ھېسسىيات ئۇنىڭ قەلبىنى تىترەتكەن، غا-
يىبانە، ئەۋرىشىم قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىلىرىنى لەرزى-
گە سالغانىدى...

ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ ئارقىغا ياندى. شۇ چاغدا مېھمانخانى-
دىكى نازاكەت خېنىممۇ تاتلىق بىر چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتكەن
ئىدى. ئۇ چۈشىدە باتۇقنى كۆردى. باتۇق ئۇنى گۈزەل باغلاردا،
چىرايلىق گۈلزارلىقلاردا ئايلاندۇردى، كېيىن بىر تۈپ گىلاسنىڭ
دالدىسىغا كەلگەندە ئۆزىگە تارتىپ سۆيمەكچى بولۇۋىدى، نازاكەت
خېنىم ناز بىلەن تولغىنىپ ئۆزىنى قاچۇردى، قاچۇرۇپلا ئويغىنىپ
كەتتى. ئۇ تولغاندى، يوتقاننى چىڭ قۇچاقلىدى، ياستۇقنى لېۋىگە
بېسىپ سۆيدى. ئۇمۇ ئاخشام يېتىپلا باتۇقنى ئويلىغانىدى. باتۇقنى
بىرىنچى قېتىم كۆرگەن چاغدىلا ئۇنىڭدا ئىللىق بىر تەسىرات قالغا-
نىدى. باتۇقنىڭ كۆزلىرىدىكى سەممىي - سادىقلىق، ۋۇجۇدىدىكى
يىگىتلىك غۇرۇر ۋە تولۇپ تاشقان كۈچ - قۇۋۋەت ياش چوكاننىڭ
قەلبىدە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە كۈچلۈك بىر قىزىقىش تۇيغۇسىنى ئويى-
غاتقانىدى. ئۇنى ئىككىنچى قېتىم كۆرگەن چاغدا نازاكەت خېنىمنىڭ
ئۇزاقتىن بېرى بىغەم ۋە پەرۋاسىزلىقتا مۈگدەپ قالغان قەلبى بىردىنلا

ئويغاندى، ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ، كىشىنى مەستانە قىلىدىغان مۇھەب-بەت ئالىمىگە قەدەم قويغاندەك قىلاتتى. باتۇق ئۇنىڭغا شۇ كۈنلەردە بىر خىل دىل ئارامى بولۇپ تۇيۇلدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، يىگىت ئۇنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ قەدىرلىك كۆرۈنۈشكە باش-لىدى، لېكىن ئۇ يۈرەك ـ باغرىنى كاۋاپ قىلغان بۇ نازۇك، سىرلىق تۇيغۇلىرىنى خۇددى دېڭىز ئاستىدىكى يىڭنىدەك مەخپىي ھەم پىنھان تۇتۇۋاتاتتى...

ياش چوكان جىمجىت قەلبىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، تۇرمۇشىنى بېيىتقان، دولقۇنلاتقان ئالەمشۇمۇل بۇ ھېسسىياتتىن بەكمۇ خۇشاللى-ناتتى، ھۇزۇرلىناتتى، بەخت سېزەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقى، ھۇزۇرى، بەختى ئۇنچىۋالا شېرىن، لەززەتلىكمۇ ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭغا ئاللىقانداق چوڭقۇر ئازاب ۋە ئاچچىق خىجىللىق تۇي-غۇلىرى يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە ئاق ۋە يۇمشاق جىسمىنى باتۇقنىڭ مۇھەببىتى ئالدىدا پاك ھېسابلىمايتتى، گويا ئاللىبىر يېرىدە ئېيتقۇسىز ئەيىبى باردەك ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇ گۈزەل قىزلىقىنى، كىرسىز پاك قەلبىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ياخشى كۆرۈپ سۆيگەن ئادىمىگە تەقدىم قىلالماي، ئاللىقانداق يات، كۆڭۈلسىز بىرى-نىڭ قولىدا پايمال قىلىۋەتكەنلىكىگە ئۆكۈنەتتى، ئېچىناتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى، قەلبىدىن ھەسرەتلىك نىدا كۆ-تۈرۈلەتتى. ئۇ ئازاب ئىچىدە قىزلىق چاغلىرىنى ئەسلىدى، ئۇ چاغلار تولىمۇ غەمسىز، شادىمان ئۆتكەنىدى. ئۇ باتۇقنىڭ ئاشۇ خاسىيەتلىك كۈنلەردە ئۇچرىمىغانلىقىغا خاپا بولدى، تەقدىرنىڭ ئادالەتسىزلىكى-دىن، تۇرمۇشنىڭ بۇنداق كاج، رەھىمسىزلىكىدىن زارلاندى... لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى خىيال ۋە ئارزۇلا ئىدى. ئەمدى ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى، تېگىگە يەتكىلى بولمايتتى. ئۇ شۇنداق ئاچچىق ۋە كۆلپەتلىك ئىدىكى، ئەگەر يەنە چوڭقۇرلاشسا نازاكەت خېنىمنىڭ دەرد ۋە مۇھەببەتكە تولغان يۈرىكى بەرداشلىق بېرەلمەيتتى...

ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشلاندى، بەخت ۋە قايغۇ ھېسلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ئىسسىق ياش تامچىلىرى يۈزىنى ھۆللىدى. ئۇ يىگىرمە نەچ-

چە يىلدىن بېرى ھەشەمەتلىك ئۆتۈپ كېلىۋاتقان غەمسىز ھاياتىدا ما-
نا بۈگۈن — مۇشۇنداق تىمتاسلىقتا چۆككەن سىرلىق ئايدىڭ
كېچىدە مۇھەببەت، سۆيگۈ، ۋاپا ئۈچۈن ياستۇقىنى باغرىغا بېسىپ
يۇم - يۇم يىغلاۋاتاتتى...
تاڭ ئاتتى، دېرىزىلەر يورۇدى. ئاقىرىپ كېلىۋاتقان تۇنجى نۇر
زەررىلىرى نازاكەت خېنىمنىڭ ئويغاق كۆزىدە جىلۋىلەندى، ياشلانغان
كىرپىكلىرىدە يالتىرىدى، ئاق ۋە سۈزۈك يۈزى تېخىمۇ پارقىراپ نۇر-
لىنىپ كەتتى...
ئۇ بىر كېچە ئاساسەن كىرپىك قاقمىغان بولسىمۇ، يەنىلا سەھەر
تۇرۇپ ھويلا - ئاراملارنى سۈپۈردى. يۇيۇندى، تاماق تەييارلىدى،
باتۇق بىلەن مېھمانخانىدا بىللە ئولتۇرۇپ ناشتىلىق يېدى. نازاكەت
خېنىم چىرايلىق كىيىنىۋالغانىدى، يېڭىچە ئۇستىۋاش ئۇنىڭ گۈزەللى-
كىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشقانىدى. دېرىزىدىن قىيا چۈشۈپ تۇرغان
ئەتىگەنلىك قۇياشنا ئۇنىڭ ھېلىلا ھۆللەپ تارىغان سۇمبۇل چاچلىرى
تال - تال جۇلالىنىپ تۇراتتى.
باتۇق ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئەيمىنىپ قارىدى، ئۇيقۇسىراپ قىزارغان
كۆزلەر مۇھەببەتلىك ئۇچراشتى:
— ئەجەبمۇ سۆللۈك تاماق بوپتۇ... — دېدى باتۇق قولىدىكى
جانان چىنىنى داستىخانغا قويۇۋېتىپ.
— ئاغزىلىرىغا تېتىدىمۇ؟ سىلىگە ياققان بولسا ئەجرىم بىكار كەت-
مەپتۇ...
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھودۇقۇش، ئەيمىنىش كۆتۈ-
رۈلۈپ، ئارىدىكى گەپ - سۆزلەر راۋان يۈرۈشۈپ كەتتى:
— مەن ئەمدى كېتەيمىكىن، نازاكەت خېنىم، ھېلىمۇ سىلىگە كۆپ
ئېغىرچىلىق سالدىم.
— زېرىكىپ قالدىلىمۇ؟
— ياق، ياق ... مېنى دېسىلىرى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ
يەردە خىزمەتلىرىدە بولغۇم بار...
— سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى مەن قىلسام بولار...

باتۇق بۇ گەپ بىلەن نازاكەت خېنىمنىڭ يۈرىكىدىن ئاشكارىلىنىپ چىققان ھەقىقىي بىر ھېسسىيات بىلەن ئۇنىڭ تەشنا قەلبىدىن كۆتۈ-رۈلگەن كۈچلۈك بىر ئارزۇنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ بىرنەرسە دېيىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، نازاكەت خېنىم گەپنى باشقا ياققا ئەپقاچتى:

— مەن تۈنۈگۈن ئېيتقان گەپنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ ئۇلار مېنى بەك قىستاۋاتىدۇ...

باتۇق دەرھال ئېسىگە ئالدى، نازاكەت خېنىم تۈنۈگۈن ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۆزىنى «تورغاي» دېگەن ئىسىم بىلەن ئىشپىيونلۇققا تارتقانلىقىنى، بۇ ھەقتە بىر قارارغا كېلەلمەي بېشى قاتقانلىقىنى ئېيتىپ مەسلىھەت سورىغانىدى.

— مېنىڭچە، بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلسىلىرى بولىدۇ، — دېدى با-تۇق ئىككىلەنمەيلا، — بۇ ئىشتىن بىزگە پايدا چىقىدۇ.

— قانداق؟ — نازاكەت خېنىم تازا ئاڭقىرالماي سورىدى. باتۇق ئاددىيلا چۈشەندۈردى:

— سىلى ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىشلىگەچ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئىگىلەيلا، بىز ئۇنى سىلىدىن بىلىۋېلىپ ئۆز نىشانىمىزغا يېتىمىز.

نازاكەت خېنىم بىر ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك ئاستىنقى لېۋىنى بوش چىشلەپ، بېشىنى لىڭشىتتى. پاراڭ يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى، ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇردى، ئەمدى ئۇلارنىڭ كۆزى، يۈرىكى سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇلار شۇ يوسۇندا بىرھازا ئولتۇر-غاندىن كېيىن ھويلىغا چىقتى، پېشايۋاندىكى گۈللەرنى تاماشا قىل-دى. شۇ چاغدا ئۆگزىدىن سىرلىق بىر شەپە ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا بىرىنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇدۇلدىكى تامغا چۈشتى. نازاكەت خېنىم ئەن-دىكىپ ۋارقىردى:

— كىم، كىمسەن؟!

پىششىق خىش بىلەن دەندان قويۇلغان ئۆگزىنىڭ لېۋىدە ئىككى ساقچى پەيدا بولدى.

— بىز، خېنىم! — دېدى بىرى كىنايە ئارىلاش، — ئۆزلىرىنىڭ

ئامانلىقنى ساقلاپ كېلىپ قالدۇق، ئۆيلىرىدىكى مېھمان بىلەن كۆ-
رۈشمەكچىمىز...

باتۇق ئۆزىنى يوشۇرۇشقا ئۇلگۇرەلمىدى، نازاكەت خېنىممۇ ۋەھىمە ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. ساقچىلار شاپۇر - شۇپۇر ھويلىغا چۈشتى.

— بۇگۈنغۇ قولغا چۈشكەنسەن! — دېدى ساقچىلارنىڭ بىرى كۆرەڭلىك بىلەن، — ئەمدى سېنىڭ بېگىسگنى كۆرۈپ باقايلى!

باتۇق بىر نەرسە ئىزدىگەندەك ئىككى تەرىپىگە قارىدى، لېكىن ساقچىنىڭ بىرى مىلتىقنىڭ شتىرىنى پارقىرىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى:

— قىمىرلىما، قولۇڭنى كۆتۈر!

يەنە بىر ساقچى بىر قولىدا مىلتىقنى تەڭلەپ، بىر قولىدا ياپۇن كويزىسىنى شاراقشىتىپ يېقىنلاشتى. ئۇلار باتۇقنى قىسماققا ئېلىپ قولىغا كويزا سالماقچى بولۇۋېدى، خۇددى رىۋايەتلەردىكىدەك بىر مۆجىزە نامايان بولدى، ئىككى ساقچىنىڭ ئارقىسىدا تۇيۇقسىز ئىككى يىگىت پەيدا بولۇپ قالدى.

— قولۇڭنى كۆتۈر! — دېدى ئۇلار دېۋىدەك ۋارقىراپ. ئۇلار تە-رەپتە پىچاق تۇتۇپ تۇرغىنى ھەيدەر خوجا ئىدى.

ساقچىلار مىدىر - سىدىر قىلالماي تۇرۇپ قالدى، يىگىتلەر ئېتى-لىپ بېرىپ باسماقلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ قولىدا پىچاق بىلەن تانى-دىن باشقا نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەن ساقچىلار قايتىدىن جانلان-دى، بىرى بوشىنىپ مىلتىقنى شاراقشىتتى، باتۇق چەبدەسلىك بىلەن يېنىدىكى بىر تەشتەك گۈلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاتتى، ساقچى ئوڭدىسى-غا يىقىلدى، ھەيدەر خوجا باتۇققا قاراپ ۋارقىرىدى:

— باتۇق، تېز قاچ، كوچا بېشىدا بىر ئادەم سېنى كۈتۈۋالىدۇ!

باتۇق پىسەنت قىلمىدى، ئۇ ھەيدەر خوجىغا سىگار يان قاراپ تۇراتتى. ھەيدەر خوجا چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ يەنە ۋارقىرىدى:

— باتۇق، تېز قاچ! ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە ئاددىي ئىش، لېكىن بۇ تەشكىلنىڭ بۇيرۇقى!

نازاكەت خېنىم تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ مالىمانچىلىقتىن قور-

قوُپ، هودوُقوُپ نىمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى، ئەمدىلىكتە ئاستا ئېسىنى يىغىپ باتۇققا قارىدى، باتۇق شۇ پۇرسەتتە قېچىپ كەتمىسە تېخىمۇ چوڭ خەتەرگە يولۇقۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ ھەيدەر خوجىغا بولۇشۇپ ئۇنى قېچىشقا زورلىدى:

— باتۇق، مەندىن خاتىرجەم بولسىلا، تېز قاچسىلا! سالامەتلا بولساق يەنە كۆرۈشىمىز...

نازاكەت خېنىمنىڭ يوغان ئېچىلغان مۆلدۈر كۆزلىرى ئۇنىڭغا سەممىي ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. باتۇق ئۆزى ئۈچۈن چەكسىز ھايات زوقى بەرگەن بۇ كۆزلەرنىڭ ھۆكۈمىگە ئاخىر بويسۇندى. ئۇ نازاكەت خېنىم بىلەن يىراقتىنلا باش ئىشارىتى ئارقىلىق خوشلىشىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئۇ دەرۋازىغا ئىككى قەدەم قالغاندا ھېلىقى تەشتەك يەپ يىقىلغان ساقچى بېشىنى كۆتۈردى، مىلتىقنى قولىغا ئالدى، ھەيدەر خوجا بار ئاۋازى بىلەن «باتۇق!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. مىلتىق شىددەت بىلەن ئېتىلدى، ئوق باتۇققا ئەمەس، ھەيدەر خوجىغا تەگدى، ئۇ قاتتىق ئىڭراپ يەرگە يىقىلدى، بەشئاتارنىڭ ئوقى ئۇنىڭ سول يوتىسىغا تېگىپ بىر پارچە لوق گۆشنى بۆسۈپ چىققانىدى، يەر قانغا بويالدى، باتۇق تېڭىرقاپ قالدى، ھەيدەر خوجا پەس ئاۋازدا بۇيرۇق قىلدى:

— باتۇق .... تېز ... تېز....

باتۇق ئارقىغا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى.



# ئون ئىككىنچى باب

## بەيتۇللانىڭ شىپالىق دورىسى

ئىتنىڭ چىش ئاغرىقىغا ئېشەك گۆشى داۋا.
—— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

1

شايى ئەخمەت ئەمدىلەتىن ھاسا تاياق بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىقىدىغان بولدى. دانىش ئىمام ئۇنىڭدىن بەك يىرگىنەتتى، ئۇنى كۆرسىلا بىرنېمىلەرنى پىچىر - پىچىر ئوقۇپ سۈپكۆچلەيتتى، يەرگە تۈكۈرەتتى. ئۇ ئۆزىنى قاچۇرغانسېرى شايى ئەخمەت ئۇنىڭغا بەك يېپىشۋالدى، ئۇنى جامائەت كۆپ يەردە توسۇۋېلىپ، ئىسلام تارىخىغا ئائىت ھەر خىل سوئاللارنى سوراپ بىئارام قىلاتتى. بىر كۈنى نامازدىن يانغاندا مەسچىت ئالدىدا ئۇنىڭغا بىرمۇنچە سوئاللارنى قويۇپ تەمتىرىتىپ قويدى:

—— تەقسىر، بابا سىلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسلام ئېچىپ مەدىنىگە بارغانلىقى توغرىسىدا ئەمرىمەرۇپ قىلدىلا. شۇنداق ھېسابلىغاندا، جانابىي روسۇلىللانىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىقىغا ھازىر قانچە يىل بولغاندۇ؟

دانىش ئىمامنىڭ ساقاللىرى تىترەپ كەتتى:

—— ئەلھەزەر - مۇستاپا، ئۇل ۋاقىت بىلەن نامازدا دېگەن گەپنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟! ئۇ نوردۇن خاننىڭ ۋاقتىدىكى ئىشقۇ!

ئەتراپتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى، شايى ئەخمەت بىگىزدەك

قادىلىۋالدى :

ــــ تەقسىر، ئۇنــداق بولسا بــۇگۈنكى نــاماز بىلــەن سىلى ئــېيتقــان ئىسلام تارىخىنىڭ قانداق باغلىنىشلىقى بار ؟

دانىش ئىمام ھېچنېمە دېيەلمىدى، شايى ئەخمەت ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىنى تۇتىۋالغانىدى. ئۇ ئەسلىدە بىرنەچچە پارە سۇرە بىلەن ئاخىـ ـرەت تــوغرىسىدىكى ۋەز ـ نەسىھەتــلەردىن باشقا ھېچنېمىنــى بىلمــەيـ ـدىغان، شۇنىڭغا قارىماي، تۆت ئادەمنى تاپسىلا ئۆزىنى كــۆرسىتىــپ، داغۋازلىق قىلىدىغان ئىچى قۇرۇق ۋەزخان ئىدى.

ــــ سەن ... سەن... ئەلھەزەر، مۇستاپا، نېمە دېــمەكچى ؟! ــــ ئـۇ ئاچچىق ئەلەمدىن «ۋاسسىدە» يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى.

شايى ئەخمەت ئۇنى تېخىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى :

ــــ نېمە دەيتتىم، تەقسىر، ئۆزلىرى ئۇلۇغ ساھىبى قەلەم تۇرســلا، ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن بىلمىگەن نەرسىلىرىمىزنى سوراپ ئىمانىمىزنــى قۇۋۋەت تاپقۇزمىساق بولماس...

ئەتراپتا تۇرغانلاردىن بىرى شايى ئەخمەتنى قۇۋۋەتلىدى :

ــــ شۇنداق، شۇنداق. سوراپ ئۆگەنگەن دانالىق...

يەنە بىرى كېلىشتۈرۈپ بىر بېيىت ئوقۇدى :

بىلىملىك شەمىدۇر، بىلمەس قاراڭغۇ،
بىلىملىكنىڭ سۆزلىرى بىلمەسكە ئاغۇ!

شايى ئەخمەتنى ئىچىدە قارغاپ، ئۆزىدىن خۇدۈكسىرەپ تۇرغــان دانىش ئىمامغا بۇ گەپلەر تولىمۇ قاتتىق ھار كەلدى. بــۇنى ئاز دېگــەنـ ـدەك، شايى ئەخمەت يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ييغىرىغا تەگدى :

ــــ شۇنداق، جامائەت، بىلىملىك كىشى چىراغقــا ئوخشايــدۇ، زۇلـ ـمەتنى يورۇتىدۇ، كىشلەرگە بەخت ـ سائادەت تىلەيدۇ، لېكىن يەنــە

شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار ئۆزىنى ئۇلۇغ كۆرسەتكىنى بىلەن شەيتاننىڭ ئىشىنى قىلىدۇ. شۇڭا مەدرىسىدە ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىما بولۇۋەرمەيدۇ، ھەجگە بارغانلار بىلەن ناسۋال قاپىقىمۇ بىللە بارىدىغۇ؟!...

دانىش ئىمامنىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتتى، بۈگۈن ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ جامائەت ئىچىدە كۈلكە ۋە مەسخىرىگە قالغانلىقىدىن يۈرىكى پۇچىلىنىپ كەتكەنىدى...

ئىككى كۈندىن كېيىن مەھەللىدىكى ئۇششاق باللارنىڭ ئاغزىدا يەنە مۇنداق بىر قوشاق پەيدا بولۇپ قالدى:

دانىش موللام بېشىدا،
بار قازاندەك سەللىسى.
سۈرنىڭ بارى تېشىدا،
تۈگىمەيدۇ ھىيلىسى.

دانىش موللام دېگەننىڭ،
كېلىپ تۇرار زەللىسى.
زەللە يېگەن قىزىنىڭ،
بار لېۋىدە بەلگىسى.

قوشاقنى شايى ئەخمەت توقۇغانىدى، دانىش ئىمامۇ شۇنىڭدىن گۇمانلاندى. ئەتىسى ئۇ دىڭگۇسلاپ كېتىۋاتقان شايى ئەخمەتنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ، ھەم تەھدىت، ھەم يېلىنىش بىلەن مۇنداق دېدى:

— سەن تېخى ياش، ئۇكام، ئۇلۇغ ئادەملەر بىلەن كۆپ ئېيتىشما، ئەلھەزەر، مۇستاپا، ئۆتكەندە سەندىن كۇپۇرلۇق ئۆتۈپ خۇدا ئۇردى،

بۇ قېتىم ئۆزۈڭگە پەخەس بول، ئۇ دۇنيالىقىڭنى ئويلا!
شايى ئەخمەتنىڭ جاۋابى ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇردى:
— تەقسىر، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى تېخى تۈگىمەيۋاتسا، ئۇ دۇنيالىقىمنى ئويلاپ نېمە قىلاي! ماڭا بۇ دۇنيادا كۆرگىنىممۇ يېتىپ ئاشىدۇ...
— سېنىڭ ... سېنىڭ... ئەلھەزەر، مۇستاپا، راستىنلا پەيمانىڭ توشۇپتۇ! — دېدى دانىش ئىمام بوغۇلۇپ، — «دوزاختا ئۆگەنگەن ئادەم بېھىشكە كۆنمەيدۇ» دېگەن گەپ راست ئىكەن، ئەمدى مەندىن خاپا بولما!
ئۇ تېرىكىپ، غۇدۇراپ، پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى.
دەل شۇ كۈنى كەچتە شايى ئەخمەتنىڭ ئۆيىگە خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك، بەختى سېرىق كىرىپ كەلدى. ئىككى سەپداش ئۇزاققىچە چىڭ قۇچاقلاشتى.
— ماڭا قارا، بەختى، — دېدى شايى ئەخمەت ئۇنىڭ ئىككى يەلكىسىدىن چىڭ قاماللاپ، — ھاياتمۇ سەن!؟
— يېقىندا ئۆلۈپ كەتكەن، — دېدى بەختى چاقچاق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — مېنى تەسلىكتە ئىككى ئەرۋاھنى ئەزرائىللارغا زاكالەت بېرىپ ئاخىرەتتىن يېنىپ كەلدىم.
شايى ئەخمەت تېلىقىپ كۈلدى:
— تەلەيلىكسەن، بەختى، تەلىيىڭ ئالدىڭدىلا يۈرىدۇ!
— مەندە تەلەي نېمە ئىش قىلسۇن! — بەختى سېرىق تېخىمۇ كېلىشتۈرۈپ جاۋاب بەردى، — ئاسماندىن لىققىدە تاۋار ياغسا تۇمارلىق تەگمەيدىغان تەلەيسىزمەن. شۇڭا پېشانەمگە:

تەلىيىمنىڭ يوقىدىن، شېكەر ئىچسەم تۇز بولۇر،
ياز كۈنى ھامامغا چۈشسەم، پالتا ئۆتمەس مۇز بولۇر.

دېگەن نەقىل پۈتۈلگەن.

شايى ئەخمەت كۈلكىسىنى باسالماي قالدى :
— سەن تۈرمىدە گەپلا ئۆگىنىپسەن، بەختى...
— ئۇ يەردە گەپتىن باشقا نېمە بار دەيسەن ؟ — بەختى خورسىنىپ قويدى، — ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە سوراق، قىيناق، ئۇ ۋەھشىيلەر بىزگە راستتىنلا گەپ قىلىشنى ئۆگەتتى!
ئۇلار ئەمدى رەسمىي پاراڭغا چۈشتى :
— سەن قانداق بولۇپ تۈرمىدىن غىپپىدە چىقىپ قالدىڭ ؟
— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بۈگۈن ئەتىگەندىلا : «مۇددىتىڭ توشتى » دېيىشتى .
— بىر سىر باردەك قىلىدۇ!
— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن...
— سېنى قارماق يېمى قىلماقچىمۇ ـ يە ؟
— ئېھتىمال...
— ھەرھالدا پەخەس بول!
سەل جىمجىتلىقتىن كېيىن بەختى سېرىق سورىدى :
— قۇتلۇق ئەپەندىدىن خەۋەر بارمۇ ؟
— بار، ئۇ ھايات. يېقىندا باتۇق دېگەن بىر يىگىتنى ئالاقىلىشىشقا كىرگۈزۈپتىكەن...
بەختى ئالدىراپ سورىدى :
— ئالاقىلىشالىدىڭلارمۇ ؟
شايى ئەخمەت ئەپسۇسلاندى :
— ياق، ئۇ ھەيدەر خوجىنى كۆرۈپلا ئاچچىقلاپ كېتىپ قاپتۇ...
— نېمىشقا ؟
— ھەيدەر خوجىنىڭ ئائىلىسىنى بىلسە كېرەك.
— بىلسە نېمە بوپتۇ ؟
— ھەي!... قىزىق ئىشلار بولۇپ كەتتى، — شايى ئەخمەت بېشىنى سىلكىدى، — ھەيدەر خوجا تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا باتۇق دېگەن ئاشۇ قارام يىگىتنى قۇتقۇزىمەن، دەپ يارىلاندى، قولغا

چۈشتى...

بەختى ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— قانداقچىسىگە؟!

— ھەي... بۇ مۇنداق گەپ...

شايى ئەخمەت بولغان ۋەقەنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى، بەختى سىبرىق ئولتۇرالماي قالدى:

— تازا پىشكەللىك بوپتۇ - دە! تازا...

— شۇنى دىمەمسەن! — شايى ئەخمەتمۇ ئۇكۇندى، — ھەيدەر خوجا «تاڭ نۇرى» گېزىتىنىڭ ئۇچىنچى سانىنى دەل ۋاقتىدا چىقىرىپ ئۇلارنىڭ تازا يىغىرىغا تەگكەنىدى، تۆتىنچى سانىنى ئىشلەۋاتقاندا...

— بولدى، ئۇنى ئەمدى ئۆزۈم ئىشلەيمەن!

لېكىن، بەختى سىبرىققا ئۇنداق ئىمكانىيەت بولمىدى، كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ ئارقىدىن ئاللىقانداق كۆلەڭگىلەر ئەگىشىپ يۈردى. ئۇ شايى ئەخمەتنىڭ ئۆيىگە كەلسە شۇئان دانىش ئىمامنىڭ تەقىبىگە ئۇچرايتتى. بەختى سىبرىق دانىش ئىمامنى ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ كۆرۈپ كەتتى، ئۇنى كۆرسىلا يىرگەنگىنىدىن «ھۆ» قىلغۇسى كېلەتتى. بىر كۈنى ئۇ شايى ئەخمەتكە مۇنداق دىدى:

— ئاداش، مۇشۇ مۇناپىقنى بىر جايلىمايلىمۇ؟!

— شۇنداق بولسىغۇ پۈتۈن جاھان خۇش بولاتتى، — دىدى شايى ئەخمەت خۇشاللىنىپ، — لېكىن قانداق جايلايمىز؟

— بۇ قېرىنىڭ بىرەر كېسىلى يوقمۇ؟ — سورىدى بەختى سىبرىق بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن.

— بار، زىققە كېسىلى بار، ھەر يىلى قەرەللىك قوزغايدۇ.

— قاچان قوزغايدۇ؟

— ئاز قالدى، ھاۋا يەنە بىرئاز سوۋۇسىلا قوزغايدۇ.

— ياخشى، ھازىرچە ئىش پۈتتى، — دىدى بەختى سىبرىق بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ، — مېنىڭ بىر ھۆكۈما تونۇشۇم بار، قالغان

ئىشنى شۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ توغرىلايمىز!

2

كەچ كۈز كىرىش بىلەن ھاۋا سىبزىلەرلىك سوۋۇشقا باشلىدى. ساپسېرىق غازاڭلار سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەتتى. دانىش ئىمام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. دېگەندەك، ئۇنىڭ كونا زىققە كېسىلى قوزغالغان ئىدى. تېۋىپلارغا كۆرۈندى، ھەر خىل دورىلارنى يېدى، ھەتتا شىۋىتىنىڭ دوختۇرخانىسىغا چىقىپ تەكشۈرتتى، ئوكۇل ئۇرغۇزدى، لېكىن ئانچە ئۈنۈمى بولمىدى. خۇددى ئەزرائىل كانىيىدىن بوغۇۋالغاندەك دېمى سىقىلاتتى، خىرىلدايتتى، چىڭقىلىپ يۆتىلەتتى، ئارقىدىن كۆزلىرى ئالىيىپ ھالىدىن كېتەتتى. ئۇ ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالدى، كۆزىنى يۇمسىلا ئاخىرەتنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىرى كۆرۈنگەندەك بولاتتى، يەنە چۆچۈپ كۆزىنى ئاچاتتى، دۇرۇت ئوقۇپ تۆت تەرەپكە ھۈرۈيتتى، خۇداغا تىۋىنىپ نالە قىلاتتى...

بۇگۈن كەچقۇرۇن ئۇنىڭ ئۆيىگە خالىس بىر تېۋىپ كېلىپ قالدى. دانىش ئىمام خۇشال بولۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ «كېسەل ساقىياي دېسە تېۋىپ ئۆزى كېلىدۇ» دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنەتتى.

تېۋىپ مۇلايىملىق بىلەن ھال سورىدى:

— تەقسىر، ئۆزلىرىنى يېتىپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى، ئەمرىمەرۇپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىخلاسمەنلىرىمەن، كەچتە بولسىمۇ يوقلاپ كەلدىم، تومۇرلىرىنى تۇتۇپ مىجەزلىرىنى كۆرۈپ باقاي.

ئۆي غۇۋا يورۇق ئىدى، مورا بېشىدا پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئىككى تال شام خۇددى چۈمپەردە ئىچىدىكى بىر جۈپ ياشاڭغۇ كۆزدەك خىرە ئىدى. تېۋىپ دانىش ئىمامنىڭ تومۇرىنى ئىخلاس بىلەن تۇتتى، قاپىقىنى قايرىپ كۆزىگە، ئاغزىنى ئاچقۇزۇپ تىلىغا ئۇزاق قاردى، ئاندىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ ھال دانىش

ئىمامغا قاتتىق تەسىر قىلدى، ئۇ تېخىمۇ چۆچۈپ، يىغلامسىرىغاندەك ئاۋازدا يېلىندى:

— ئۇلۇغ ئىسمى ئەزەمنىڭ ھەققى – ھۆرمىتى ئۈچۈن راستلىرىنى ئېيتسىلا، ئەلھەزەر، مۇستاپا، ئەھۋالىم نىچۈك؟

تېۋىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ – كىچىك تىندى، ئاندىن ئالدىرىماي مۇنداق دېدى:

— تومۇرلىرىدىن قارىغاندا، ئۆپكىلىرىنىڭ بىر قانىتى ئۇششۇق، يەنە بىر قانىتى تېشىلىپتۇ. تىللىرىدىن قارىغاندا، گەجگىلىرىدىن ئۇچۇق تېگىپتۇ...

تېۋىپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ شۈكلەپ قالدى. دانىش ئىمامنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، تاتىراڭغۇ يۈزى ئاجايىپ ئاقىرىپ كەتتى. ئۇ تېۋىپنىڭ قولىغا ئېسىلىپ يېلىندى، يالۋۇردى، ئاخىر كۆز يېشى قىلدى:

— ئەي، خۇدا! ئاجىز بەندەڭمەن، رەھىم قىلغايسەن! ئەلھەزەر، مۇستاپا، ئارزۇ – ئارمانلىرىم تېخى ئالدىمدا، كۆرگىنىمدىن كۆرمىگىنىم كۆپ ئىدى... ئەي، نىيىتى خالىس ھەكىم، ئاۋۋىلى خۇدا، ئاندىن قالسا ئۆزۈڭ سەۋەب قىلغىن، بۇ ئۆزى سەۋەب ئالىمى، ئۇ دۇنيا – بۇ دۇنيا ھەققىڭگە دۇئا قىلاي، ئەلھەزەر، مۇستاپا، بۇ ئازابتىن مېنى قۇتۇلدۇرغىن... — ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئېغىر ھاسىراش ئىچىدە غەرق بولۇپ كەتتى.

تېۋىپ ئاستا بېشىنى كۆتۈردى.

— شۇنداق، تەقسىر، بۇ ئۆزى سەۋەب ئالىمى، — دېدى ئۇ دانىش ئىمامنى بىردىنلا روھلاندۇرۇپ، — سەۋەب قىلسا سېۋەتتىمۇ سۇ توختايدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ سەۋەب قىلايلى، لېكىن سەكسەنخالتىدىكى دورا – دەرمانلار بىلەن سىلىنىڭ كېسەللىرى شىپا تاپمايدۇ...

دانىش ئىمام ئالمان – تالمان لوقما سالدى:

— شىپا قىلىدىغانلا بولسا، ئەنقانىڭ تۇخۇمى بولسىمۇ تاپاي...

تېۋىپ ئالدىرىماي ئىخلاس بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەرھۇم ھاشىم ھاجىم ئۆز ۋاقتىدا مەككە ـ مۇكەررەمدىن مۇ-شۇنداق كېسەلنىڭ شىپالىق بىر دورىسىنى ئېلىپ كەلگەن. نۇرغۇن كېسەللەر ئۇنى يەپ سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەنىدى...

— قانداق دورا ئىكەن ئۇ؟ — دانىش ئىمام ئالدىراپ سورىدى.

— ئۇنىڭ بىزچە ئىسمى «شەربىتى ئەمبىرى ۋەلھەم زوفا»، خارجى ئىسمى «ۋاتاكو» دېيىلەتتى، — دېدى تېۋىپ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، — ھاشىم ھاجىمنىڭ ئوغلى قادىرئاخۇندا يەنە بىر ـ ئىككى شىشە بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنى ئاسانلىقچە بەرمەيدۇ. ئۆزلىرى يۈز كۆرۈشتىپ سوراپ باقسىلا قانداق بولاركىن...

دانىش ئىمام بىردىنلا جانلاندى، ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆ-رە بولدى:

— رەھمەتلىك ھاشىم ھاجىم بىلەن ئۆلپەتچىلىكىمىز بار ئىدى، ئەلھەزەر، مۇستاپا، ۋەھالەنكى، ئوغلى بىلەن ئەسرا بولماپتىكەنمىز...

— مەن ئۆيىنى كۆرسىتىپ قوياي، — دېدى تېۋىپ، — قالغان ئىشنى ئۆزلىرى سۆزلىشىپ باقالا.

— ناھايىتى ئوبدان، ئەلھەزەر، مۇستاپا، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

— ھېچقىسى يوق، تەقسىر...

تېۋىپ ئەتىسى دانىش ئىمامغا ھاشىم ھاجىمنىڭ ئوغلى قادىر دۇمباقنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويىدى. دانىش ئىمام ئۇنىڭ بىلەن ھال-سوراپ ـ ھۆرمۇدەپ تۇرۇپ ئۇزاق ئەھۋاللاشتى، ئاخىردا ھېلىقى دورا توغرىسىدا يەتكۈچە يالۋۇردى، قادىر دۇمباقمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى قاي-تۇرمىدى:

— دادام ئۇ دورىنىڭ بىرنەچچە شىشىسىنى ھويلىغا كۆمۈپ قويغا-نىدى، ئۆتكەن يىلى ئىككى شىشىنى تېپىپ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئۆ-لىما كىشىلەرگە ساتقانىدىم، ئىنشائاللا، كېسەلدىن خالاس بولدى. يە-نە بارمۇ، يوقمۇ، بىلمەيمەن، ئىزدەپ باقاي، تېپىلسا سىلىدىن ئايلان-سۇن، تەقسىر...

— ئىزدەيلى، بالام، ئىزدەيلى. خۇدا مېنىڭمۇ نېسىۋەمنى ساقلاپ قويغاندۇ، — دانىش ئىمام ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ھويلىدا ئايلىنىشقا باشلىدى، بەزى يەرلەرنى پۇتى بىلەن تېپىپ سىناپ باقتى، بەزى يەرلەرنى ھاسىسى بىلەن ئۇرۇپ تىڭشىدى. ئىككىنچى قېتىم ئايلانغاندا ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە بىر يەرنىڭ پوكۇلداۋاتقانلىقى سېزىلدى.

— مۇشۇ يەرنى كولاپ باقايلى، بالام، — دېدى ئۇ ھاسا بىلەن يۇمىلاق بىر دائىرىنى سىزىپ، — بىر نەرسە باردەك قىلىدۇ...

قادىر دۇمباق ئاۋايلاپ كولىدى، يېرىم گەزدەك چوڭقۇرلاشقاندىن كېيىن ئەسكى كىگىزنىڭ تىتىندىلىرى كۆرۈندى. دانىش ئىمامنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى، خۇشاللىقىدا ھاسا بىلەن تارتقۇچلىدى، يەنە بىرئاز كولىغاندىن كېيىن قوينىڭ كاللىسىدەك بىر تۇگۈنچەك چىقتى. دانىش ئىمامنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، ساقاللىرى تىترىدى، ھاياجاندا كۇلمەكچى بولۇۋىدى، كالپۇكى قولاشماي چىرايى غەلىتە بولۇپ كەتتى.قادىر دۇمباق تۇگۈنچەكنى ئالدىرىماي ئاۋايلاپ يەشتى، ئاۋۋال ئەسكى كىگىز، ئۇنىڭدىن كېيىن كونا چىپتا، ئاخىرىدا يۇمشاق ماتاغا ئورالغان بىر شېشە چىقتى، شېشىنىڭ ئىچىدە قىپقىزىل سۇيۇقلۇق بار ئىدى، ئۇ كۈن نۇرىدا خۇددى ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. دانىش ئىمام شېشىنى ئالدىراپ ئالدى، ئىككى قوللاپ كۆكسىگە بېسىپ پىچىرلىدى:

— ئىنشائاللا، بۇ دۇنيادىكى رىزقىم تېخى تۈگىمەپتۇ، ئەلھەزەر، مۇستاپا، خۇدا ماڭا يەتكۈزگەن بەيتۇللانىڭ شىپالىقى، خۇدا، ھەممىتىڭگە مىڭ قەتلى شۈكرى!...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى ئاقتى، شېشىنى سۆيدى، يۈز - كۆزىگە سۈرتتى، ماركىسىغا قاراپ تېخىمۇ لال بولدى: چەت - چۆرىلىرىگە يېشىل رەڭدە نەقىش سىزىلغان بىر پارچە ئاق قەغەزگە سەللىلىك، ساقاللىق بىر ئادەمنىڭ باش سۈرىتى بىلەن ئاللىقانداق ئەرەبچە ئىمىر - چىمىر خەتلەر يېزىلغانىدى. دانىش ئىمام

سۆيۈنۈپ كەتتى، كىسلىنىڭ ساقىيىشىغا ئىشەنچ باغلىدى. ئۇ ئۆمـ
رىدە بىرىنچى قېتىم ئۆز ئىختىيارى بىلەن يانچۇقنى كولاپ بىر چەتتە
ھۆرمەت بىلەن قاراپ تۇرغان قادىر دۇمباققا ئون سەر تەڭگە بەردى،
قادىر دۇمباقمۇ باھادا تالاشماي «رەھمەت» دەپ يانچۇقىغا سالدى.

دانىش ئىمام قايتىشقا تەمشىلىۋېتىپ سورىدى:

— ئوغلۇم، بۇ دورىنى قانداق ئىچىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، تەقسىر، — دېدى قادىر دۇمباق ئۇنىڭ ئالدىدا قول
قوۋۇشتۇرۇپ، — ئۆز ۋاقتىدا دادامدىن ئاڭلىۋالغان، كۈنىگە بىر قېـ
تىم يېرىم پىيالىدىن ئاچ قورساق ئىچىلىدۇ. مۇشۇ بىر شىشە دورىنى
بەش قېتىمدا ئىچىۋەتسىلىرى سەللىمازا بولۇپ كېتىلا، تەقسىر.

— ئەلھەزەر، مۇستاپا، دېگىنىڭدەك بولغاي، ئوغلۇم.

دانىش ئىمام خۇشال ھالدا ئىشىككە ماڭدى. ئۇ كېلىشىدە دۇمچەـ
يەپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كەلگەن بولسا، كېتىشىدە قەددىنى
رۇسلاپ، ھاسىسىنى چىلىڭ ـ چىلىڭ تۇتۇپ قايتتى...

3

چەت ئەلچە ئىسمى «ۋاتاكو» دەپ ئاتالغان دورا ھەقىقەتەنمۇ
كۈچلۈك ۋە شىپالىق چىقتى. دانىش ئىمام ئۆيىگە كېلىپلا ئورۇس
قوشۇقىدا بىرنى ئىچىۋىدى، بەدىنى «ۋاژژىدە» قىلىپ كۆزىدىن ياش
چىقىپ كەتتى، چېكىسىدىنمۇ «پۇررىدە» تەر تەپچىدى.

— ۋاي ـ ۋۇي! ... ئەجەبمۇ ئاچچىق، قىرتاق ئىكەن كاساـ
پەت!... — دېدى ئۇ كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈپ، — ئەلھەزەر، مۇسـ
تاپا، «باشتا قاتتىق ئىش، ئاياغدا تاتلىق ئىش» بولساڭ ئەجەب
ئەمەس!

— «ئاچچىق دورا شىپالىق كېلىدۇ» دېگەننى ئاڭلىغانمۇ، ئاخۇـ
نۇم، — دەپ پەتىۋا كۆرسەتتى خوتۇنى، — بۇرۇنلىرىنى ئېتىپ،
كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئىچىۋەرسىلە، خۇدا بۇيرۇسا، پات ئارىدا

ساقىيىپ كېتىلا.

شۇنداق قىلىپ، ئىمام بۇرنىنى ئېتىپ، كۆزىنى يۇمۇپ يېرىم پىيالە ئىچىۋەتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بەدىنىدە كۈچلۈك ھارارەت دولقۇنى پەيدا بولدى، قېنى قىزىدى، كۆزلىرى قىزاردى، ئۆزىمۇ شوخ، تېتىك بولۇپ قالدى. نامازشامغا قىستاپ قالغانىدى. دانىش ئىمامنىڭ تۇرۇپلا مەس-چىتكە چىقىپ ئىمامەتچىلىك قىلغۇسى كەلدى.

— ئاخۇنۇم، بۈگۈنچە چىقماي تۇرسىلىرى قانداق؟ — دېدى خوتۇنى ئەنسىرىگەندەك قىلىپ، — تېخى كېسەلىنىڭ قېپى يېرىلمىدى...

— خوتۇن، خۇدا شىپالىق بېرەي دېسە، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇ-چە بېرىۋېتىدىكەن، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋىنىتىپ، — مانا قارا، ئەلھەزەر، مۇستاپا، ياشلىقىمغا قايتقاندەك بولۇپ قالدىم... بىلسەڭ، ئى-مام بولغان ئادەم مېھرابتىن ئايرىلماسلىقى كېرەك!

خوتۇنى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى چۈشىنىپ تۇسمىدى. دانىش ئىمام ئەزاندىن كېيىنلا مەسچىتكە چىقتى، جامائەت توپلاندى، ناماز ئەمدى باشلىنىشىغا ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئايىنىغاندەك بولدى، تەكبىر بۇزۇلدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بىرەيلەن بوينىنى سوزۇپ ئاستا پىچىرلىدى:

— تەقسىر، نامازنى باشقىدىن ئىھادە قىلايلى...

— نېمە، نېمە؟... نامازنى ... — دانىش ئىمام ئارقىغا بۇرۇلدى، كۆزلىرى ئېلىشاڭغۇ ئىدى، بېشى گىلدىڭشىيتتى، ئاغزىدىن بىر خىل ئاچچىق، بەتبۇي پۇراق بىقسىپ تۇراتتى.

ناماز بۇزۇلدى، جامائەت ئىچىدە كۇسۇر - كۇسۇر باشلاندى: «ئىمام ھاراق ئىچىپتۇ!» «ئىمام مەست بولۇپ قاپتۇ!»...

بۇ گەپلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگۈچە دانىش ئىمام قۇسۇۋەتتى، قۇسۇق مېھرابقا چاچرىدى، مەسچىتنى ھاراقنىڭ سېسىق پۇرىقى قاپلىدى، جامائەت ئاللا - چۇقان كۆتۈردى:

— ئىمانسىز!
— بەتبەخت!...
— كۆزدىن يوقال! ...
دانىش ئىمامنىڭ باش ـ كۆزىگە تۈكۈرۈك ياغدى، سەللىسى چۇۋۇلدى، مەسچىتتىن تىل ـ قارغىش ئىچىدە قوغلاپ چىقىرىلدى...
شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 56 ـ نەۋرىسى دەپ ھۆرمەتكە ئېرىشكەن دانىش ئىمام شۇ رەسۋاچىلىق بىلەن جاھاندىن تۈگىشىپ كەتتى...

4

شايى ئەخمەت بىلەن بەختى سىرىق تېلىقىپ، چىڭقىلىپ، ئۇزاققىچە كۈلۈشتى:
— بىز يەڭدۇق!
— پۇخادىن چىقتۇق!
— «ئىت كاللىسى تەخسىدە تۇرمايدۇ» دېگەن شۇ!
— قىرى تۈلكە قۇيرۇقىدىن ئىلىندى!
ئۇلار ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان بىر مەيدان كومېدىيە ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندالغانىدى. بەختى سىرىق تېۋىپنى سىپتىۋالدى، قادىر دۇمباق شايى ئەخمەتنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ئىدى. ئۇلار كۈچلۈك قوناق ھارىقىنى ئانار سۈيىدە بويىدى، ماركىنى ئۇستاتلىق بىلەن ياساپ چاپلىدى، دانىش ئىمامنىڭ بۇلارنى پەرق ئەتكۈچىلىكى يوق ئىدى.
ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە يىلانىنىڭ بېشى يەنە قىمىرلاپ قالدى، ساقچى ئىدارىسى دانىش ئىمامنىڭ ئەرزى بىلەن تىنتىشقا باشلىدى. شايى ئەخمەت بەختى سىرىقنى قېچىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى:
— سەن ئەمدى ئۆزۈڭنى چەتكە ئال، بەختى، ئۇلار يەنە قىمىرلاپ قاپتۇ!

بەختى سىرىق تېخىچە پەرۋاسىز ئىدى :

— ئۆز يېرىم، ئۆز يۇرتۇم، ئۆز ماكانىمدا كىمدىن قورقاتتىم، ئىتمۇ ئۆز كوچىسىدا ئۆزىنى شىر چاغلايدۇ!

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى شايى ئەخمەت چۈشەندۈرۈپ، — لېكىن شۇ يەر، شۇ يۇرت، شۇ ماكان ۋەھشىيلەردىن، نىجىسلاردىن تازىلانغىنى يوق، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قارامىلىق قىلىش يارىمايدۇ، بەختى! سەن ۋاقتىنچە ئۆزۈڭنى چەتكە ئال، سىرتتا قاڭقىپ يۈرگەن سەپداشلارنى تاپ!

بەختى سىرىق سەل بوشاشتى :

— قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن؟ باشقىلارچۇ؟

— قۇتلۇق ئەپەندىنى بىلەلمىدىم، تۇدى راجى خانئۆتەڭدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇ.

بەختى سىرىق بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ سورىدى :

— ئەمدى مەن قېچىپ نەگە بارىمەن؟!

— ئۇدۇل «شىھىت مازار» غا كەت! — دېدى شايى ئەخمەت كېسىپلا، — ئاڭلىسام، ئۇ يەردە بىر دىلكەش شەيخ بارمىش، بىرنەچچە ۋاقىت شۇ يەردە پاناھلىنىپ تۇر...

— مەنغۇ ئۇ يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنارمەن، — دېدى بەختى سىرىق ئارىسالدى بولۇپ، — سەن قانداق قىلىسەن؟

— مەندىن غەم قىلما! — شايى ئەخمەت ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشتى، — ئۇلار مېنى رويخەتتىن چىقىرىۋەتكەن، يامىنى كەلسە، يەنە بىر قېتىم سوراققا چۈشەرمەن ناھايىتى!

ئىككىسى ئۇزاق مۇڭداشتى، قاراڭغۇ چۈشۈپ جاھان تىنچىغاندىن كېيىن بەختى سىرىق بىر خالتىنى يەلكىسىگە تاشلاپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى.

## ئون ئۈچىنچى باب

# يېشىل تۇغ

بۇغداي پاتمىغان ئاغزىمغا،
موزاي بېشى بوش كەلدى.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

باتۇق قومۇشلۇققا قايتىپ كەلدى.

بۇ يەردىكىلەر يۇگەنسىز ئاتتەك بولۇپ قالغانىدى. قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ كېتىپ قېلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ يېرىم قىلدى.

— ئۇ زادى نەگە كەتتى؟! — سورىدى ئۇ ئەخمەت سەرداردىن خاپا بولغاندەك تەلەپپۇزدا، — گەپ - سۆزسىزلا كېتىپ قالدىما؟!

— ياق، شەھەرگە كىرىپ چىقاي دېگەن، — دېدى ئەخمەت سەردارمۇ قېيىدىغاندەك قىلىپ، — شۇنچە تۇسۇسام ئۇنىمىدى، سەندىن ئەنسىرىدى بولغاي...

— مەندىن؟!

— ھە، سەندىن! — ئەخمەت سەردار زەردە ئارىلاش داۋام قىلدى، — باتۇق، ئويلاپ باققىنا، سېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭ زادى نېمە ئۈچۈن؟! بىز ئىنقىلابچىمۇ ياكى قاراقچىمۇ؟ شەخسىي ئۆچ ئېلىپ پۇخادىن چىقماقچىمۇ ياكى خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، ئەركىنلىك، ئازاد-

لىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىمۇ؟! — ئۇنىڭ ئاۋازى ئاستا - ئاستا سىپايىلەشتى، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن بىر خىل كۆيۈنۈش ھەم ئېچىنىش تۇيغۇسى چىقىپ تۇراتتى، — باتۇق، ماڭا قارىغىنا، ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئەسكەرلىكتە ئۇرۇش، سوقۇش بىلەن ئۆتتى، بېشىمدىن ئۆتكەندىن شۇنى چۈشىنىمەنكى، قاراملىق — نادان تەلۋىلەرنىڭ ئىشى. ئۇ ھەممىنى ۋەيران قىلىدۇ. بىزنىڭ كۈرىشىمىز ئىنتىزامغا، ئۆملۈككە موھتاج. بۇنىڭسىز ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، سەن بولساڭ بۇ يەرنىڭ بېشى، ھەممەيلەن ساڭا قاراپ سەپكە تۇرىدۇ. سەن ئۆز سالاھىيىتىڭنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭ كېرەك!

باتۇق ئويلىنىپ قالدى، ئەخمەت سەردار ئۇنىڭ يۈرىكىگە قول سالغانىدى. ئۇ ئىچىدە ئۆزىنى ئەيىبلىدى، ئالدىراڭغۇ، قاراملىقىغا پۇشايمان يېدى، شۇ تۈپەيلى قۇتلۇق ئەپەندىنى يوقىتىپ قويغانلىقىدىمۇ قاتتىق ئۆكۈندى. لېكىن يەنە تۇرۇپلا بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ تولىمۇ خاسىيەتلىك بولغانلىقىدىن خۇشاللاندى. ئۇ نازاكەت خېنىم بىلەن تونۇشقانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى باشقا بىر ئالەمگە قەدەم قويغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ شۇ يېشىغىچە كۆرگىنى تۇرمۇشنىڭ ھەسرەت - نادامىتى بىلەن ھىجران - پىغانى بولسىمۇ، لېكىن نازاكەت خېنىم بىلەن ئۇچرىشىش ئۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭ بەخت - سائادىتى بىلەن راھەت - پاراغىتىنى بەخش ئەتكەنىدى. ياشلىق، ئاشىقلىق، سېغىنىش، ۋىسال دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تاڭ شەپىقىدەك يورۇپ كەلمەكتە ئىدى...

باتۇق قومۇشلۇققا كېلىپلا قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن ھەيدەر خوجا توغرىسىدا سۆزلەشمەكچى بولغانىدى، ھەيدەر خوجىنىڭ بۇ قېتىمقى قەيسەر، پىداكارلىقى باتۇقنىڭ تاش يۈرىكىگە خېلى ئېغىر دەز سالدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئامراقلىقى تۇتتى، ئۆتكەنكى قوپاللىقىغا ئۆكۈندى، ئەپۇ سورىغۇسى كەلدى. لېكىن، يەنە تۇرۇپلا ھەيدەر خوجىنىڭ ئىشلىرىنى چۈشىنەلمىدى، ئۇنىڭ ئىنقىلاب قىلىشى، ئۆزىنى قۇتۇل-

دۇرغانلىقى، قان تۆككەنلىكى ئۇنىڭ نەزىرىدە هامان يالغان ۋە ساختىدەكلا تۇيۇلاتتى، شۇ ئىشلارنى باشقا بىرى قىلماي، نېمە ئۈچۈن ھەيدەر خوجىنىڭ قىلغانلىقىغا ئاچچىقى كېلەتتى. نازاكەت خېنىمنىڭكىگە ساقچىلارنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى، ئۇنىڭ ئارقىدىنلا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك ھەيدەر خوجىنىڭ كېلىپ قېلىشى ئۇنىڭدا بىرمۇنچە سوئاللارنى تۇغدۇردى. ئىشقىلىپ، بۇ مەسىلىدە ئۇنىڭ كاللىسى قوداڭلىشىپ چىگىشلىنىپ كەتكەندى. قۇتلۇق ئەپەندى بولغىنىدا، قەلبىنى بىسىپ تۇرغان بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىلاتتى،شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىدىكى غەشلىكمۇ يېشىلەتتى، ئەپسۇس، بوداق بوداققا كەلمەي قويىدى.

باتۇق بىر - ئىككى كۈن خامۇش يۈردى. كېيىن كۆڭلىگە بىر ئىش كەلدى بولغاي، قومۇشلۇقتىكىلەرنى رەتلىدى. هازىر بۇ يەردە يىگىرمە يەتتە ئادەم بار ئىدى.

— ئاغىنىلەر! — دېدى باتۇق سەپداشلىرىنى چوڭ گەمىگە يىغىپ، — بىز بۇ يەرگە جېنىمىزنى قوغداش، دۈشمەنلىرىمىزدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن توپلانغان، بىز ھەممىمىز دەردمەن قىساسكارلار! هازىر بىزنىڭ قولىمىزدا قورال، ئاستىمىزدا ئات بار. ئەمدى بىز قومۇشلۇقتا مەيدىمىزنى زەي يەرگە يېقىپ، كۆمۈتىغا يەم بولۇپ يېتىۋەرمەيمىز!

بىر نەچچەيلەن چۇرقىراشتى:

— توغرا دېدىڭ، سىلىڭ!

— مۆكۈنۈپ يېتىۋەرمەيلى!

— تاپانلىرىمىز قىزىپ، قوللىرىمىز قىچىشىپ قالدى!

ئارىدىن بىرى سورىدى:

— باتۇق سىلىڭ، نېمە ئىش قىلىمىز؟

باتۇق سىرلىق جاۋاب بەردى:

— هازىرچە مەخپىي، ۋاقتى كەلگەندە بىلىسىلەر!

شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈلدى، ھەركىم ئۆزىچە بىرنەرسىلەرنى دەيتتى، قىياس قىلاتتى، مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى. كەيپىيات بىرئاز بې-

سىققاندىن كېيىن قومۇشلۇقتىكى بىردىنبىر تەقۋادار ئادەم جۇمە قارىي سۆز ئالدى، ئۇ بېشىغا كونا مەنپۇ دوپپا كىيىۋالغانىدى.

— مەن ئۆزىمىزنىڭ نىيەت - ئىقبالىنى ئويلاپ، تۈنۈگۈن ئىسخار كۆرگەنىدىم، ئاللا بىزگە يار ئىكەن، ئىشلىرىمىز خەيرلىك بولىدىكەن. مانا ھازىر ھەرىكەت قىلىمىز دەۋاتىمىز، مېنىڭ كاللامغا بىر خىيال كېلىۋاتىدۇ، ھەرقانداق قوشۇن تۇغ - ئەلەمسىز بولمايدۇ، ھەزرىتى ئەلى كەرىمۇللامۇ تۇغ كۆتۈرۈپ جەڭگە كىرگەن، بىزمۇ شۇنداق قىلساق قانداق؟

— توغرا، تۇغ ياسايلى!

— ئاسماننىڭ قەرىدە لەپىلدىتەيلى.

— رەقىبلىرىمىزنىڭ كۆكسىگە قادايلى!

كۆپچىلىك بەس - بەستە سۆزلىمەكتە ئىدى، خېلىدىن بېرى گەپ تىڭشاپ ئولتۇرغان بىر ئەقىلدار تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

— قانداق تۇغ ياسايمىز؟

يەنە غۇژ - غۇژ باشلاندى:

— ئاق تۇغ...

— يېرىمى ئاق، يېرىمى كۆك...

— ئاق، قىزىل ياسايلى!

— ئوتتۇرىسى قىزىل، چۆرىسى سېرىق بولسۇن!

— ئالىچىپار قىلايلى...

ئۇلارنى يەنە جۇمە قارىي قايىل قىلدى:

— قېرىنداشلار، جانابىي روسۇلىللا يېشىل تۇغ ئىشلەتكەن، بىزمۇ شۇنداق تۇغ قىلىپ، ئۇنىڭغا «ئىنناھپەتەھنا» نى پۈتەيلى!

بۇنداق ئۇلۇغ ئىسىم بىلەن ئۇلۇغ ئايەت شېپى كەلتۈرۈلگەن تەكلىپكە ھېچكىم غىدىڭ - پىدىڭ قىلالمىدى.

ئەتىسى تۇغ - ئەلەم پۈتتى. بەش غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى خادىغا بېكىتىلگەن يېشىل تاۋار قومۇشلۇقنىڭ سوغۇق شامىلىدا يېنىك لەپىلدەيتتى، ئاق بوياق بىلەن يېزىلغان «ئىنناھپەتەھنا» سۈرىسىمۇ يىراق-

تىن ئىمىر ـ چىمىر كۆرۈنەتتى.
جۇمە قارىي يېشىل تۇغنى ئېگىز كۆتۈردى، قەددىنى رۇسلىدى، ئاندىن سەپداشلىرىغا قاراپ تەكبىر ئېيتقاندەك ئاۋاز بىلەن:
ـــ ئىننەددىنى ئىندەللاھىل ئىسلام!* ـــ دېدى، ئارقىدىن تۆۋەن-دىكى نەزمىنى ئوقۇپ، ئۆزىچە مەشكە دەسسەپ ماڭدى:

سەھەر قىلغان ئىبادەت،
ئۇلۇغلاردىن كارامەت.
بىر كۈن بولۇر قىيامەت،
يا مۇستاپا مۇھەممەد.

ھەممەيلەن كۈلۈشتى، جۇمە قارىينىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ساددا، ئەمما يېقىملىق ئىدى. چۈشتىن كېيىن باتۇق سەككىز ئاتلىقنى ئايرى-دى، ئۇلار كەچتە بىر يەرگە بارماقچى بولۇشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇغ-چى جۇمە قارىيمۇ بار ئىدى.

## 2

ئەتراپ قاپقاراڭغۇ...
ھاۋا تازىلىنىپ شەبنەمنىڭ پۇرىقى تارقالدى، جىمجىتلىقتا چۆككەن يېزا يولىدا توققۇز ئاتلىق چاڭ چىقىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار كۇرمىڭ مەھەللە، يېزىلارنى ئارقىغا تاشلىدى، تاقىر شورلۇق، ئۇزۇن سايلار-دىن ئۆتتى، ئاتلار قارا تەرگە چۆمدى، تۇيېقى قىزىغانسېرى تىزگىن سىيرىپ چاپاتتى. باتۇقتىن باشقىسى ئۆزلىرىنىڭ نەگە بېرىپ، نېمە تۇرىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيتتى. يىراقتىن باغنىڭ كۆلەڭگىسى غۇۋا كۆرۈندى، باتۇقنىڭ يۈرىكى تېپىچەكلىدى. ئۇ قەدىمىنى رۇسلاپ

* مەنىسى: «ئىسلام دىنى ھەممە دىنلاردىن ئەلا ۋە ئەۋزەلدۇر.»

تىزگىنىنى سىلىكىدى، ئات قۇلىقىنى شىڭنايىتتى، باتۇق ئۇزەڭگىنى قاتتىق دىيەپ، ئايرىلىپ كەتكىنىگە بىر يىلدەك بولۇپ قالغان سەلتە- نەتلىك ماكانىغا قاراپ ھاياجان بىلەن ئات سالدى...

باتۇق چوڭ ئەگىملىك دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى. ئاتلار ئىچ ئۇرۇپ پۇشقۇراتتى. باتۇق سەپداشلىرىغا پەس ئاۋازدا دېدى:

— بۇ يەرنىڭ ئىسمى «شورباغ»، مېنىڭ يۇرتۇم، بۇ كاتتا قورۇ - جاي مۇشۇ يېزىنىڭ قانخورى ھەمدەم بەگنىڭ. بىز بۈگۈن مۇشۇ ئۆيگە تېگىمىز! ھەمدەم بەگنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى، مال - دۇنيالىرىد- نى قانچىلىك ئالالىساق شۇنچىلىك ئالىمىز. ئورۇنلاشتۇرۇش مۇنداق: بارات چەكەدى مەن بىلەن ئۆيگە كىرىدۇ، ئەخمەت سەردار ئۈچ ئادەم بىلەن باغ - ھويلىنى كۆزىتىدۇ. ئىككى ئادەم چوڭ دەرۋازىدا پوستتا تۇرىدۇ، جۇمە قارىم ھويلىنىڭ ئارقىدىكى بونجالىقتا ئاتلارغا قارايدۇ...

چوڭ دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلدى، ھويلىدىكى تۆت كۆزلۈك قاۋان ئىت زەنجىر سىلكىپ قاۋاپ كەتتى، ئات باقار تازىنىڭ ھارغىن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قايسىڭلار؟ مانا ھازىر...

دەرۋازىنىڭ زەنجىر تاقاقلىرى ئېلىندى، غىچىرلاپ قىيا ئېچىلدى، ئەخمەت سەردار ئېيىق شاپىلىقىدەك قوللىرى بىلەن ئات باقارنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ تۇتتى.

— ۋاي... ۋايجان!... — دېدى ئۇ تولغىنىپ، — سىلەر كىم؟...

باتۇق ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ تۇرۇپ دېدى:

— سەن ساۋۇت تازغۇ دەيمەن، ھە، مەن باتۇق، تونۇدىڭمۇ؟ راستىڭنى ئېيت، بەگ نەدە؟

— ئۆيدە.

— قايسى ئۆيدە؟

— سارايدا...

— ئۇخلىدىمۇ؟
— يوقسۇ، تېخى ھېلىلا مېھمان ئۇزاتتى...
— نېمە مېھمان؟
— ناھىيىدىن بېگىمنىڭ قىزىغا قۇدا چۈشۈپتىكەن...
باتۇقنىڭ ئېسىگە كەلدى، ھەمدەم بەگنىڭ خانىۋۇى ئىسمىلىك كەنجى قىزى بار ئىدى.
— ھە، بولدى! — باتۇق سوئال ـ سوراقنى تۈگەتتى، ئەخمەت سەردار ئات باقارنى ئالدىغا سېلىپ ھويلىغا كىردى، لاپاسنىڭ ئاستىدىكى ئات سوۋۇتىدىغان تۈۋرۈككە بوشقىنا باغلاپ قويدى. باتۇق بارات چەكەدىنى ئەگەشتۈرۈپ سارايغا قاراپ ماڭدى. مورا بېشىدىكى گازۋاي چىراغ كەك ۋە ئازادە سارايىنى ئايئاق يورۇتۇپ تۇراتتى. ھەمدەم بەگ كالتە پۇتلۇق ئۇستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ بىردەم يوغان دەپتەرگە قارىسا، بىردەم چوت سوقاتتى. ئۇ ھەربىر مىدىرلىغاندا مەخسۇمچە كەمزۇلىنىڭ تۆش يانچۇقىدىكى قىيام سائەتنىڭ كۈمۈش زەنجىرى يەڭگىل سىلكىنەتتى. باتۇق بىلەن بارات چەكەدى شەپە چىقارماي ئايۋاندىن ئۆيگە كىردى.
— كېچىدە كېلىپ ئاۋارە قىلىپ قويدۇق، بېگىم!
ھەمدەم بەگ بېشىنى كۆتۈردى، ئىككى مىلتىقنىڭ قاپقارا ئىستىۋولى تۇمشۇقىغا تېگەي دەپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ مولۇن كۆزلىرى چەكچەيدى، چىرايى تاتاردى، شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدىكى ئىككى مەڭزىدىمۇ قان دىدارى قالمىدى.
— بۇنداق ئۇچرىشىش چۈشلىرىڭىزمۇ كىرمىگەن بولغىيدى، — باتۇق يۇمشاق، لېكىن كىنايىلىك سۆزلەپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇشقا باشلىدى، — مەن ئۆزلىرى بىلەن كەچ بولسىمۇ كۆرۈشۈۋالاي دەپ ئالدىراپ كەلدىم، بېگىم. بولمىسا، كۆرۈشەلمەي قالىمىز. قانداق دېسىلە، ھازىرلا سىلى دوزاخقا چۈشۈلا، مەن بولسام جەننەتكە كىرىمەن، ئۇ يەردە كۆرۈشكىلى بولمايدۇ ـ دە!
ھەمدەم بەگ زۇۋان سۈرمىدى، يۈرىكى ئېغىپ دېمى سىقىلدى.

باتۇق ئىشارەت قىلىۋىدى، بارات چەكەدى ئۇنى سارايىنىڭ تۈۋرۈكىگە مەھكەم باغلىدى. باتۇقنىڭ كۆڭلىگە بىر خىيال كەلدى، ئۇ بارات چەكەدىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ ئۇدۇلدىكى مېھمانخانىغا چىقتى، مورا بېشىدىكى پانارنى ياندۇردى، خانبۇۋى كارىۋاتتا يالغۇز ئۇخلاۋاتاتتى.

— خانقىز، كۆزۈڭنى ئاچ، — باتۇق ئۇنىڭ يۈزىنى سىلىدى، — مېھمان كەلدى.

خانبۇۋى ئىنجىقلىدى. ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلدى، خامۇش ئويغاندى، كۆزىنى ئېچىپ ئۈۋۈلدى ۋە سىنچىلاپ قاراپ چۆچۈپ كەتتى:

— كىم سەن؟ ۋايجان!...

باتۇق ملتىق تەڭلىدى:

— ۋارقىرىما، ئورنۇڭدىن تۇر!

خانبۇۋى ئاستا بېشىنى كۆتۈردى، باتۇق زەردە بىلەن سورىدى:

— مېنى تونۇدۇڭمۇ؟!

— تونۇدۇم، باتۇق ئاكام...

— ئۇنداقتا تېز قوپ!

خانبۇۋى كارىۋاتتىن چۈشتى، پۇتى يالاڭ ئاياغ، ئۈستىدە نېپىز ئىچ كۆڭلەك بار ئىدى.

— كۆڭلىكىڭنى سال!

خانبۇۋى لېۋىنى چىشلىدى، ئۈمچىيىپ تۇرۇۋالدى.

باتۇق ھەيۋە قىلدى:

— جان لازىم بولسا، كۆڭلىكىڭنى سال!

بۇ گەپلەرنى سارايدىكى ھەمدەم بەگمۇ تولۇق ۋە ئېنىق ئاڭلاپ تۇراتتى.

خانبۇۋى ئىچ كۆڭلىكىنى تەستە سالدى، ئۇنىڭ يېتىشكەن مىق - مىق بەدىنىدە قىزىل تاۋاردىن تىكىلگەن تامباللا قالغاندى. باتۇقنىڭ كۆزى ئۇنىڭ «دىڭگىدە» تۇرغان ئالمىدەك كۆكسىگە تىكىلدى، ئاپئاق ماھۇتتەك ئەمچەكنىڭ مېغىز رەڭ تۈپچىسىدىن گويا ئېلېكتر زەررىچىلىرى ئېتىلىپ چىقىپ باتۇقنىڭ يۈرىكىگە تەگكەندەك

ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىمىرلاپ ۋۇجۇدىغا كىچىك شەھۋەت ئوتى ياماشتى...

باتۇقنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى، قارارى ئۆزگەردى، ئەسلىدە ئۇ خانبۇۋىنى شۇ پېتى ئات باقارغا گىرەلەشتۇرۇپ باغلاپ، جامائەتكە سازايى قىلىپ، ھەمدەم بەگكە راسا ئەلەم قىلماقچى بولغانىدى، لېكىن ئەمدى ئۆزىنى تۇتالمىدى، ھەۋەس ئىرادىسىنى يەڭدى!

باتۇق خانبۇۋىنى ئىختىيارسىز كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئالدى، چىلىڭ قۇچاقلاپ باغرىغا باستى. خانبۇۋىنىڭمۇ پۇت – قوللىرى ئاستا – ئاستا بوشاشتى، كۆزى ئالايدى، چىلىڭ، ئەمما يېقىملىق ئاۋازدا «ئانا...» دەپ ۋارقىرىدى... ئۇنىڭ بۇ مەستخۇش ئاۋازىدىن ھەمدەم بەگنىڭ يۈرىكى «چىممىدە» قىلىپ قالدى...

خانبۇۋى بالاغەت يېشىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن بېزا خېنىمى ئىدى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى نۇرغۇن يەردىن لايىق كەلگەن بولسىمۇ، ھەمدەم بەگنىڭ كۆڭلىگە سىغمىدى، ئەلچىلەر قىيىداپ: «ھەمدەم بەگ قىزىنى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ئاسماندىن چۈشكەندە شۇنىڭغا بېرىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ كېتىپ قېلىشتى. بۇ گەپ بولۇپ ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ئامبىلى ئەلچى ئەۋەتتى، ھەمدەم بەگنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى، توققۇز تەزىم بىلەن ئالدىغا چىقتى. ئامبالنىڭ ئوغلى ئۈچ خوتۇنلۇق بولغان قۇلاق كەستى بىرنېمە ئىدى. ھەمدەم بەگنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى، ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى خانبۇۋى ئارقىلىق ئامبالنىڭ ھوزۇرىغا يول ئېچىش ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ سەلتەنەتلىك ئورنىنى ۋىلايەتتىكى ساقچى باشلىقى ئوغلى ۋە ناھىيىدىكى بولغۇسى ئامبال قۇدىسى بىلەن ئۆمۈرۋايەت مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرالايتتى.

ھەمدەم بەگ تېخى بايىلا شۇ توينىڭ كىچىك چېيىنى ئېلىپ كەلگەن مېھمانلارنى ئۇزىتىپ، بولغۇسى توينىڭ ھېساب – كىتابىنى قىلىپ ئولتۇرغانىدى.

باتۇق ئىشنى تۈگىتىپ ھويلىغا چىقتى، ئادەملىرىگە ۋەزىپە تاپ-

شۇردى، ھەش ـ پەش دېگۈچە دەرۋازا ئالدىغا بىر مۇنچە ئات، كالا، قويلار توپلاندى. ھەشەمەتلىك ئورۇس ساندۇقى ئېچىلىپ تىللا، يامبۇلار خۇرجۇنغا قاچىلانغاندا ھەمدەم بەگنىڭ ھەسرەت ـ نادامەتتە پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرى تارام ـ تارام ياشقا تولدى...

— بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقىمىز شۇنچىلىك بولسۇن، بېگىم! — دېدى باتۇق مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ، — سىلى باغاق يازمىسىلىمۇ ئەمدى ئۆزىمىز پات ـ پات كېلىپ تۇرىمىز... مەندىن رەنجىمىسىلە، بېگىم، بۈگۈنكى ئىشلارنى ئاققىزنىڭ ئەرۋاھى قىلدى، كونىلاردا: «خۇدا ئۇرغان ساقىيار، ئەرۋاھ ئۇرغان تۈگىشەر» دېگەن گەپ بار. ئاققىزنىڭ ئەرۋاھى سىلىنى ئۇردى!...

ئۇلار قورۇدىن چىقتى، ئات ـ ئۇلاغلارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيۋەت بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

ئات باقار سارايغا كىرىپ ھەمدەم بەگنى يەشتى، ھويلىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى خاس ھۇجرىغا سولىنىپ قالغان ئايال خوجايىننى چىقاردى. مال ـ دۇنياسىنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغانلىقى، توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنىڭ بۇلغانغانلىقى ھەمدەم بەگنى ساراڭدەك قىلىپ قويغانىدى. ئۇ ھويلىنى بېشىغا كىيىپ ئاللا ـ كاللا سالدى، ساقىلىنى قامالاپ باتۇقنى خەپلىدى، قارغىدى، خوتۇنىغا ۋايساپ:

— تەقدىرنى تەكبىر بۇزدى دېگەندەك، قىزىڭ پىلانلىرىمنى بىكار قىلىۋەتتى! — دېدى.

— نېمە بولدى؟ — گاڭگىراپ قالغان ئايال ھودۇقۇپ سورىدى، — خانبۈۋىگە بىر ئىش بولدىما؟

— نېمە بولاتتى؟! — ھەمدەم بەگ ئەلەم بىلەن ۋارقىرىدى، — جانان چىنىسىنى ساپال تاۋاق قىلىپ قويدى!

ئايال پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ زارلاندى:

— ۋاي ئىست! ۋاي ئانام!... شۇنداقمۇ شەرمەندىلىك بولامدا؟! ئىلاھىم باتۇق دېگەن پاسىق قان قۇسۇپ ئۆلگەي! — ئۇ ھەمدەم

بەگكە دوق قىلدى، — دادىسى، بۇ بىزگە نى ئات، نى نومۇس، ھاپىزدەك كاتتا ئوغلىمىز تۇرسا قاراپ تۇرىمىزما؟ قوپسىلا، ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتسىلە...

## 3

بارات چەكەدى قومۇشلۇقنىڭ ئەتراپىدا كۆزەتچىلىك قىلىۋېتىپ شەھەردىن چىققان تونۇش بىر خۇمدانچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، خۇمدانچى قومۇش ئالغىلى چىققانىدى. ئۇنىڭدىن ئانىسىنىڭ ئېغىر كېسەللىكى، سىڭلىسى ھاۋانەمنىڭ يالغۇزچىلىق تارتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بىئارام بولدى. ئاخىر باتۇق بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئانىسىنى يوقلاپ چىقىش قارارىغا كەلدى.

— ئۆزۈڭگە پەخەس بول، بارات ئاكا! — دېدى باتۇق تاپىلاپ، — كۈندۈزى كوچا - كويلاردا يۈرمە، قومۇشلۇق توغرىسىدا ئىنسۇجىنغا تىنما!

— بىلىمەن، — دېدى بارات چەكەدى كۆرەك ئاۋازدا، — بۇلارنىڭ ھەممىسى باش كېتىدىغان ئىشلار، ئۇكام!

ئۇ كەچقۇرۇن يولغا چىققاندا باتۇق خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى ۋە خوشلىشىدىغان چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر گەپنى قىلىپ سالدى:

— قايتىشىڭدا ھاۋانەمنى ئالغاچ چىقارسەن!...


بارات چەكەدى ئۇجۇقۇپ كەتتى، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدى. ئۇ قومۇشلۇقتىن چىقىپ كۆچۈم يېزا مەھەللىرىگە كىرگەندىمۇ، سوغۇق شامال يۈز - كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرغاندىمۇ ھېچنېمىنى سەزمىدى، كاللىسىدا پەقەت باتۇقنىڭ ھېلىقى سۆزى غوڭۇلدايتتى، كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ سىڭلىسىنى ئاشنا تۇتۇپ يۈرگەن چاغلىرى گەۋدىلىنەتتى...

ھاۋانەم بىر ئەردىن چىقىپلا ئولتۇرۇپ قالغان ياش چوكان ئىدى، بارات چەكەدى تۇرمىدىكى ۋاقتىدا ئۇ ھەپتىدە ئىككى قېتىم يوقلاپ

تۇردى. شۇ چاغدا باتۇق ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ئۆگىنىپ قالدى. بارات چەكەدىمۇ بىلمەسكە سېلىپ يۈرۈۋەردى، كېيىن ئۇ تۇرمىدىن قېچىش بىلەن بۇ ئىش ئۆز-لۈكىدىن بېسىلدى، بارات چەكەدىمۇ ئۇنى ئاستا ـ ئاستا كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدى. لېكىن «ئۇنىغانغا يۇنىغان» دېگەندەك، بارات چەكەدى باتۇقنىڭ ئۆتكەن كۈنى خانىۋۇگە قىلغان ئاپئاشكارا رەسۋاچىلىقىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالماي ھارسىنىپ تۇرغاندا، بۇگۈن بۇ ئىشنىڭ تۇيۇقسىز قايتا تىلغا ئېلىنىشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى پۇچىلى-دى، ئەرلىك غۇرۇرىغا قاتتىق تەگدى. باتۇق بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە خىرەلەشتى، ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىق بىلەن شەپقى-تى كۆكسى ـ قارنىدىن پاك ـ پاكىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى...

«سەن مېنى نېمە چاغلايسەن، باتۇق؟! ــ ئۇ چىشىنىڭ ئاستىغا ناس بېسىپ ئەلەم بىلەن پىچىرلىدى، ــ مەن ساڭا سىڭلىمنى ئاچى-قىپ بېرەمدىمەن تېخى!؟ سەن كىم، مەن كىم؟! سەن تېخى ئاچماق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن چاغلىرىڭدا مەن ھېيتگاھنىڭ يېرىمىنى سو-رىغان بارات گاڭگۇڭ ئىدىم. پەلەك ئايلىنىپ، دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا ‹باتۇق سىلىڭ › دەپ قويساق، ئەمدى بىزگىمۇ ھۆرت ـ پۆرت دېگۈچى بولدۇڭما؟! خەپ توختا، ئەمدى سېنىڭ ئالدىڭغا كىم چىقى-دىغانلىقىنى كۆرۈپ باق!...»

بارات چەكەدى كۆز قارىچۇقىنى پىلدىرلىتىپ دىمىغىنى قېقىپ قويدى...



# ئون تۆتىنچى باب

## قاچقۇن

ياخشىنى يات ئىكەن دېمە،
يامانىنى ئۆز ئىكەن دېمە.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

كاڭ لۇيجاڭ بۇگۇن چۈشتىن كېيىن تۇيۇقسىز 20 - پولكقا كەلگەنىدى. شتابتىكىلەر پايپېتەك بولۇپ كەتتى، جاڭ تۇەنجاڭ تىك تۇرۇپ سالام قىلدى، ئارقىدىن قولتۇقلاپ ئىشخانىغا ئېلىپ كىردى.

— ھارمىغايلا، لۇيجاڭ جانابلىرى! — شتاب ئەمەلدارلىرى ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ ھۆرمەت - سۆلكەت قىلدى.

كاڭ لۇيجاڭ شىنىلىنى يەشتى، قارا كۆزەينىكىنى ئالدى، ساپاغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ تامدىكى كەسمە رەسىملەرنى تاماشا قىلدى. ئىشخانىغا تۇەن شتابىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى چاي كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇ ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى جۇغى كىچىك، چاققانغىنە يىگىت ئىدى. شتابتىكىلەر ئۇنى «شياۋ بەي» دەپ چاقىرىشاتتى، ئۇ كاڭ لۇيجاڭنى كۆرۈپلا تاتىرىپ كەتتى، يۈرىكىدىن كۈچلۈك بىر ھارارەت ئېتىلىپ چىقىپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر خىل غەزەپ ھەم قىساس ئوتى چاقناپ تۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭدىكى

بۇ جىددىي ئۆزگىرىشنى كاڭ لۈيجاڭمۇ، جاڭ تۈەنجاڭمۇ سەزمىدى، ئۇلار تامدىكى رەسىملەر توغرىسىدا قىزغىن مۇھاكىمىگە چۈشكەنىدى. شياۋ بەي ئۆزىنى تەستە باستى، چاينى چاندۇرماي قۇيدى، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قەنت ــ گېزەك، مېۋە ــ چېۋە تىزىشقا باشلىدى.
كاڭ لۈيجاڭ خاڭجۇنىڭ پۇراقلىق چېيىنى ئىچىپ سۆزگە كىرىشتى:
ــ جاڭ تۈەنجاڭ، بۈگۈن سىزگە مۇھىم بىر ۋەزىپە تاپشۇرغىلى كەلدىم...
ــ بۇيرۇقلىرىغا ھەرقاچان تەييارمەن، لۈيجاڭ جانابلىرى! ــ جاڭ تۈەنجاڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى.
ــ ئاڭلىشىمچە، چۆل قومۇشلۇقىدا قوراللىق باندىتلار پەيدا بوپتۇ، ــ دېدى كاڭ لۈيجاڭ مەنىستىمىگەن تەلەپپۇزدا، ــ باشلىقى باتۇر ئىسىملىك بىرنېمە ئىمىش، تۈرمە قاچقۇنى ئىكەن... ئۇنى باتۇق سىلىڭ دەيمىش!
ــ باتۇق سىلىڭ؟
ــ ھە، ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، ئۆتكەندە ھاپىز جۈيجاڭ بىلەن ئېلىشماقچى بولغان تەلۋە شۇ ئىكەن. ئۇلار پىرقىمىزغا قارشى ئوخشايدۇ، تۈنۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ بىر ئادىمى ساقچى ئىدارىسىگە پاش قىپتۇ. ھازىر جۈيجاڭ بىزنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ باندىتلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ، باتۇقنى تىرىك تۇتۇپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ھاپىز جۈيجاڭنىڭ تەلىپى ئورۇنلۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاغىنىدارچىلىق يۈزىسىدىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ لەۋزىنى يەردە قويۇشقا بولمايدۇ. مانا شۇ كىچىككىنە ۋەزىپىنى سىزگە تاپشۇرماقچىمەن!
جاڭ تۈەنجاڭ ئورنىدىن «لىككىدە» تۇردى:
ــ دەرھال ئورۇندايمەن، لۈيجاڭ جانابلىرى!
ــ ياخشى، ئۇلتۇرۇڭ! ــ كاڭ لۈيجاڭ قولىنى يېنىك سىلكىدى.
جاڭ تۈەنجاڭ ئولتۇرۇۋېتىپ سورىدى:
ــ ئۇلار قانچىلىك ئادەم ئىكەن؟
كاڭ لۈيجاڭ چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ ئېيتتى:

— بار ـ يوقى يىگىرمە يەتتە ئادەم، ئۇن ئالتە مىلتىق، ئۇن توققۇز ئات بار ئىكەن.

— جاجىسى بىر لىيەن ئەسكەر، — دېدى جاڭ تۈەنجاڭ پەرۋاسىزلا، — باتۇق سىلىگە بىزنىڭ ئاق لىيەنجاڭلا تېتىيدۇ!

— قاچان يولغا سالىسىز؟

— بۈگۈن ئۇقتۇرساق، ئەتە تەييارلىق قىلىپ، ئۆگۈنلۈككە يۈرۈش قىلسا بولارمىكىن؟

— بولىدۇ.

كاڭ لۈيجاڭ چايغا قول ئۇزاتتى، جاڭ تۈەنجاڭ سەدەپ ساپلىق قەلەمتىراچ بىلەن ئالما، نەشپۈتلەرنى ئاقلاپ، كاڭ لۈيجاڭغا ئۇزىتىپ تۇردى. بۇ ئارىلىقتا شياۋ بەيمۇ كىرىپ ـ چىقىپ تۇردى، ئۇنىڭ كاڭ لۈيجاڭغا ھەر قېتىم كۆزى چۈشكەندە جۇدۇنى بىر پەللە ئۆرلەپ، سەپراسى تۇتاتتى. ئۇ ھەسرەت ئىچىدە ئاكىسىنى ئەسلىدى، ئاكىسىنىڭ مۇلايىم، بىچارە قىياپىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ يۈرىكىنى ئەزدى، ئاكىسىنى ئەسلىگەنسېرى كاڭ لۈيجاڭغا بولغان نەپرىتى، ئۆچمەنلىكى بارغانسېرى كۈچەيدى. كاڭ لۈيجاڭ ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭ ئاكىسىنى «ھەربىي ئىنتىزامنى بۇزدۇڭ» دېگەن بەتنام بىلەن يەكەندە ئېتىپ تاشلىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شياۋ بەي كاڭ لۈيجاڭنىڭ غايىبانە رەقىبى بولۇپ قالدى، بىر يىلدىن بېرى ئۇنى پايلىدى، پۇرسەت كۈتتى، لېكىن بۈگۈنكىدەك قولاي شارائىت نېسىپ بولمىغانىدى. ئۇ بۈگۈن ئۆچ ئېلىش قارارىغا كەلدى، ھەر خىل پىلانلارنى تۈزدى. دەسلەپ، ئىشخانىغا قول بومبىسى تاشلاپ ئۇچۇقتۇرۇشنى ئويلىدى، لېكىن بۇنىڭدىن تېزلا يالتايدى. ئۇنداق قىلغاندا ئۆزىمۇ ساق قالمايتتى. ۋاقىت ئۆتۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئىچى تىتىلدىدى، جىددىيلەشتى، ئاخىر يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ تاپانچا بىلەن ئېتىشنى پىلانلاۋاتقاندا كاڭ لۈيجاڭ ھاجەتخانىغا چىقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ھاجەتخانا ئارقا ھويلىدا ئىدى، شياۋ بەي ئۇنى باشلاپ چىقتى، كاڭ لۈيجاڭ بۇلۇڭدىكى خالاغا كىرىپ كەتتى. شياۋ بەي ئارقا

هويلىنىڭ ھاجەتخانىغا يېقىن يەردىكى يان ئىشىكنى ئېچىپ، قېچىش
يوللىرىنى مۆلچەرلىدى. بۇ ئىشىكتىن تۆەن شتابىنىڭ ئارقا تەرىپىدى-
كى يارلىق بىلەن دەريا بويىغا چىققىلى بولاتتى، شياۋ بەي تاپانچىسى-
نى ئوقلاپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تۇردى. كاڭ لۈيجاڭ كالتە يۆتىلىپ
ھاجاتخانىدىن چىقتى، تاپانچا ئېتىلدى، لېكىن ياخشى قارىغا ئېلىنمى-
غاچقا ئوق تەگمەي قالدى. قاتتىق چۆچۈگەن كاڭ لۈيجاڭ ئىشتىنىنى
كۆتۈرگەن پېتى ھاجەتخانىغا قاراپ قاچتى، ئىككىنچى پاي ئوق ئې-
تىلغاندا، ئۇ قېچىپ تامنىڭ دوقمۇشىغا بېرىۋالغانىدى. يىراقتىن ھو-
دۇقۇپ ئېتىلغان ئوق ئۇنىڭ مۇرىسىگە تېگىپ لۈيجاڭلىق پاگونلىرىنى
ئۇچۇرۇۋەتتى. كاڭ لۈيجاڭ قاتتىق ۋارقىراپ تامغا يۆلىنىپ قالدى، ئۇ
ئېغىر يارىلانغانىدى. ئالدى ھويلىرىدىن ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى-
دى، دۈكۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاشتى. شياۋ بەي لىۋىنى قاتتىق
چىشلەپ ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى، ئىشىكنى سىرتىدىن تاقىۋېتىپ يارلىققا
قاراپ يۈگۈردى، ئۇ يەردىن دەريا بويىغا كېلىپ ئۆزىنى دەرياغا تاش-
لىدى. يارلىق ئېچىدە قىسىلىپ ئېقىۋاتقان شىددەتلىك ئېقىن بىردەم
ئۇنى كۆزدىن غايىب قىلدى.

## 2

شياۋ بەي دەريادىن چىققاندا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. راخابتەك سو-
غۇق سۇ ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتتى، چىشلىرى كاسىلدايتت-
تى، پۇت ـ قولىنىڭ پېيى تارتىشىپ ماغالمىدى. ئۇ ھالسىراپ يىقىل-
دى، يېرىم بىھوش بولۇپ يېتىپ قالدى. ئەگەر ئۇ شۇ ھالەتتە ياتسا
«جىممىدە» ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا تەلەي يار
بولدى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، سۇ ياقىلاپ چىققان بىر تۈگمەنچى
ئۇنى قۇتقۇزۇپ قويدى. تۈگمەنچى ئۇنى ھاپاش قىلىپ تۈگمەنگە ئې-
لىپ كەلدى، گۈلخان ياقتى، كىيىملىرىنى قۇرۇتتى، ئىسسىق چاي
بەردى. شياۋ بەيگە ئاستا ـ ئاستا جان كىردى، ئۆرىدەپ ئولتۇردى،

چالا ـ بۇلا ئۆگىنىۋالغان ئۇيغۇرچە گەپلەر بىلەن تۆگمەنچىگە رەھ-مەت ئېيتتى، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. يېرىم كې-چىدىن ئاشقاندا يانچۇقىدىكى بار ـ يوق ئىككى تەڭگىنى تۆگمەنچىگە ئۇزىتىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— تاغا، ئەمدى مەن ماڭاي، تاڭ ئاتقۇچە ئۇلاردىن يىراقلاپ كەت-مىسەم بولمايدۇ، سىلىگە رەھمەت، ئاز بولسمۇ ئالسىلا...

ھەممە يېرى — كىيىم ـ كېچەك، ساقال ـ بۇرۇت، ھەتتا كىر-پىكلىرىمۇ ئۇن توزانلىرى بىلەن ئاپئاق بولۇپ كەتكەن بوۋاي جىگدە قوۋزىقىدەك يىرىك قوللىرىنى سوزۇپ، شياۋ بەيىنىڭ قولىنى ئىتتىر-دى:

— يىگىت، مەن سېنى ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە قۇتقۇزۇپ قوي-دۇم، ئاللا ھەرقانداق بەندىسىگە بىھۇدە ئازابنى راۋا كۆرمەيدۇ. پۇلنى يېنىڭغا سىلىپ قوي. بىز ئۇيغۇرلاردا «تەييار گۆشنى يېگەن يولۋاس ئەمەس» دېگەن گەپ بار. مېنىڭ مۇشۇ تۆگمىنىمدىكى ھەرىكەتتىن ئۆزۈمگە تۇشلۇق بەرىكەت كېلىپ تۇرىدۇ، سەن سەپەر ئۈستىدىكى ئادەم، پۇل ئۆزۈڭگە لازىم بولىدۇ!

شياۋ بەي ھاياجانلاندى، ھاياجاندىن ئاغزى ئۈمچەرىدى، بوۋاينىڭ قوللىرىنى ئۇزاققىچە سىقىپ سىلىدى، ئاخىر كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى.

ئۇ توختىماي ماڭدى، ئاي قاراڭغۇسىدا تېنەپ ـ تەمتىرىدى، دە-رەخلەرگە سوقۇلدى، ئېرىقلارغا دومىلىدى، چاپىنى يىرتىلىپ، ئىشتى-نى تىتىلدى، ئەسكى مازلار ساڭگىلاپ قالدى. لېكىن ئۇ مېڭىشنى توختاتمىدى، تۇتاش يېزىلار ئارقىدا قالدى، كالتە سايدىن ئۆتتى، تاڭ ئاتقاندا يەنە بىر يېزىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قورسىقى تازا ئاچ-قانىدى. باشتا ئۇچرىغان ئىشىكنى قاقتى. ئۆي ئىگىسى خېلى ھاللىق ئادەم ئىدى، ئىشىكنى ئېچىپلا چۆچۈپ كەتتى، كېيىن شياۋ بەيىنىڭ سەممىي، مۇلايىم گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى، ئۆيگە باشلاپ چاي بەردى. چايدىن كېيىن شياۋ بەيگە ھاردۇق يەتتى، ئول-

تۇرغان ئورنىدىلا قىيسايدى، ئۆي ئىگىسى تەكىيە قويۇپ بەردى، شياۋ بەي بېشىنى قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى. لېكىن بىرەر سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەي قارا بېسىپ ئويغاندى، ئورنىدىن تۇرۇپ هويلىغا چىقتى. ئۆي ئىگىسى كۆرۈنمەيتتى، لاپاسنىڭ ئاستىدا ئېگەرلەنگەن بىر ئات باغلاقلىق تۇراتتى. نېمە ئۈچۈندۇر شياۋ بەينىڭ يۈرىكى ئۆيدى، چوڭ هويلا ئادەم چۆچۈگۈدەك سۈرلۈك ھەم تىمتاس ئىدى. شياۋ بەي ئاستا بېرىپ هويلا ئىشىكىنى تارتىپ باقتى، ئىشىك سىرتتىن زەنجىرلەنگەنىدى. شياۋ بەينىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى، جىددىيلەشتى. هويلىدا تالا تېمىغا يانداش باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ شاتۇتى بار ئىدى. شاتۇتىغا يامىشىپ تامغا چىقتى، تامدىن سىيرىلىپ پەسكە چۈشتى، زەنجىرنى قايرىپ ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، هويلىغا كىرىپ ئېگەرلەنگەن ئاتنى مىنگەن پېتى يوغان دەرۋازىدىن قويۇندەك چىقىپ كەتتى...



# ئون بەشنچى باب

## «شبهت مازار»

سۇغا يىقىلغان يامغۇردىن قورقماس.
—— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

بۇ يەر تولىمۇ خىلۋەت ھەم سىرلىق ئىدى...

تۆت ئەتراپىنى دەشت ـ باياۋان ئوراپ تۇرغان بۇ قەدىمىي مازار- لىقتا جاندارلاردىن ئۈزۈن قۇيرۇقلۇق سالمىچۇق، قىزىل قولتۇق پاتـ- مىچۇق، لەگمەنناقتاق، كەھرىۋادەك پارقىراق قۇل يىلان ياشايتتى. يىشىللىقلاردىن : قىزىل يۇلغۇن، قىرىقىز، ئاق شىلۋە، يانتاق ئۆسەتـ- تى. «شبهت مازار » دەپ ئاتىلىدىغان گۈمبەزلىك يالغۇز مازارنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە —— بىر چاقىرىم يىراقلىقتا چەكسىز سوزۇلغان ئېپتىدائىي توغراقلىق بار ئىدى. ئۇ يەردە كېيىك، توشقان، ئۈچار قا- ناتلاردىن چىل، كەكلىك، بۆدۈنە قاتارلىقلار ياشايتتى. توغراقلىق بىـ- لەن مازار ئارىلىقىدا «چىمچىمبۇلاق » دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاق بو- لۇپ، ئۇنىڭدىن قىش ـ ياز سۇ چىقىپ تۇراتتى. ياز كۈنلىرى ئۇنىڭ ياپيېشىل لويلا، ياپيۇزلار قاپلىغان يوتىدەك چوڭلۇقتىكى ئېرىقى مازار تەرەپكە ئوتتۇز قەدەمچە ئېقىپ بارغاندىن كېيىن بارا ـ بارا كىچىكـ- لەپ، ئاخىر جىمجىملا قۇمغا سىڭىپ كېتەتتى. بۇلاق ھەققىدە ھەر

خىل رىۋايەتلەر بار ئىدى. بىر رىۋايەتتە، مىرزا مەۋلانە خوجام ئىسىملىك بىر كىشى غازات قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ، ئۇممەتلىرىنى ئۇسسۇزلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قولىدىكى ھاسىنى سانجىغانىكەن، ئورنىدىن مۇشۇ بۇلاق پەيدا بولغان دېيىلسە؛ يەنە بىر رىۋايەتتە، مىرزا مەۋلانە خوجام كاپىرلاردىن نۇرغۇن تالاپەت يەپ، ئۆلەر ۋاقتىدا خۇداغا نالە قىلىپ نۇرغۇن ياش تۆككەنىكەن، ئۇنىڭ خاسىيەتلىك يېشىدىن ئاخىر مۇشۇ بۇلاق ئاپىرىدە بولغان دېيىلىدۇ...

رىۋايەتتە نېمە دېسە دېسۇن، ئىشقىلىپ، بۇ بۇلاق تەبىئەتنىڭ سېخىيلىقى، ئادىللىقى ۋە مۆجىزىسى ئىدى. ئۇنىڭ شاراپىتى بىلەن بۇ يەر ھەر يىلى باھاردا ياشىراتتى، كۆكىرەتتى، ئۇچار قۇشلار توغراقلىقتا ئۇۋا سېلىپ بەخىرامان كۆپىيەتتى، كېيىك - جەرەنلەر بۇ يەرنىڭ تىمتاس، زېرىكىشلىك تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇپ، سۈرلۈك توغراقلىقتا بىر خىل ھايات شاۋقۇنىنى بەخش ئېتەتتى...

«شېھىت مازار» نىڭ بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن بىر شەيخى بار ئىدى. ئۇ چاغدا بۇ يەردىن ئۆتكەن كارۋانلار، يىراق - يېقىندىن كەلگەن يولۇچىلار، دېھقانلار مازارغا سېغىنىپ تاۋاپ قىلاتتى، قوي، توخۇ ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلاتتى، پۇلى يوقلىرى دۇئا - تەلەپلىرىنى ئېيتىشىپ قايتىشاتتى. كېيىن، شەيخ قېرىپ ئۆلدى، ئۇنىڭ ئىشىنى ھېچكىم داۋاملاشتۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن مازارلىقمۇ كۈندىن - كۈنگە چۆلدەرەپ تاۋاپچىلار سېلىكتى، بارا - بارا ھېچكىم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، بۇنداق تۇرغۇنلۇق ئۇزاق داۋام قىلمىدى، بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن بۇ يەردە يەنە تۇيۇقسىز بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ تومۇز ئايلىرىنىڭ تىنچىق ئۇزاق كېچىسىنى توغراقلىقتا يالغۇز ئۆتكۈزدى. ئەتىگەندە ئۇسساپ ھالسىراپ قوپتى، كۈن پالىلدىغاندا زادىلا چىدىيالمىدى، ئۇسسۇزلۇقتىن بەدىنى قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىر «چىمچىمبۇلاق» نى تاپتى، مۇزدەك سوغۇق، شىرىندەك تاتلىق سۇنى ئوچۇملاپ ئىچتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇز بەش ياشلاردىن ھالقىغان، ئوتتۇرا بوي، ئۇستىخانلىق، پاقا كۆز، بې-

جىرىم بەدەن بۇ ئادەم توغراقلىقنى ماكان قىلدى. توغراقلىق ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بەردى، ئۇ يىلىز يىلدىن ئاشقان قېرى، قاقشال توغراقلاردىن چىقىدىغان خاسىيەتلىك «مەڭگۈ سۈيى »* نى ئىچىپ روھىنى ياشارتتى، كېپىك ـ جەرەن، بۆدۇنە ـ كەكلىكلەرنى مەززىلىك كاۋاپ قىلىپ تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئوزۇققا ئېرىشتى. ئۇ تېخى تەنها، ياۋايى تۇرمۇشتىكى روھىي بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن چىرايلىق توغراق قۇشقىچىدىن بىرنى باقتى. پېشانىسىدە يېپتەك قارا قاشقىسى بار، خۇشناۋالىق كىچىككىنە بىر جانىۋار ئۇنىڭ دائىملىق ھەمراھى، كۆيۈچىسى، سىردىشى بولدى. قۇشقاچ ئۇنىڭغا شۇنداق ئۆگەندىكى، بىر لا ئىسقىرتسا خېلى ـ خېلى يىراقلاردىن لىك ـ لىك شۇڭغۇپ كېلىپ، بېشىغا، يەلكىسىگە، قولىغا قوناتتى، تۈكلىرىنى ھۆرپەيتىپ كىشى بىلمەس تىللىرى بىلەن چىرايلىق ۋىچىرلاپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇنداق قىزغىن، مۇھەببەتلىك تۇرمۇشى ئۇزاققا بارمىدى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ۋاپادار، خۇشناۋا ھەمراھىنى جاغالماي سوقۇپ كەتتى. شۇ كۈنى ئۇ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ يېتىپ ھەسرەت ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى، كەلگۈسىنى ئويلىدى، ئۆزىدىن يىراقتا قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى سېغىندى، خۇددى توغراق قۇشقىچىغا ئوخشاش ئىزسىز كۆمۈلۈپ كەتكەن تالاي سەپداشلىرىنى ئەسلىدى...

ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى يەتكۈدەك تارتقان، ھەممە يېرى تۇرمۇشنىڭ قاتتىق ـ يىرىكلىكى بىلەن تارىمۇشتەك قېتىپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى مامۇت قۇرغۇي ئىدى. ئۇ ئون سەككىز يېشىدا ئەسكەر بولۇپ، مۇشۇ توغراقلىققا كەلگەچكە بولغان ئارىلىقتىكى ئون ئىككى يىلنى ھەربىي ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ 6 ـ دېۋىزىيە باشلىقى مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئالاھىدە مۇھاپىزەت ئەترىتىدە ئىشلەيتتى. مەھ-

* بۇنداق توغراق سۈيىنى ئىچكەن ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، دېگەن ئەقىدە بار.

مۇت سىجاڭ چەتكە كەتكەندىن كېيىن، 6 ـ دېۋىزىيەدىن بۆلۈنۈپ چىققان ئىسيانچىلارغا قوشۇلۇپ شىڭ شىسەيگە قارشى جەڭ قىلدى. شۇ جەڭلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ كارامەت مەرگەنلىك قىلىپ يىراق ـ يېقىنغا داڭ كەتتى. ئىسيانچىلار 1937 ـ يىلى مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچار تەرەپكە يۈرۈش قىلغاندا شىڭ شىسەينىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى ئۇلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇ چاغدا مامۇت قۇرغۇي ئېگىز دەرەخنىڭ ئۇستىگە چىقىۋېلىپ مىلتىق بىلەن « P–5 » بەلگىلىك بومباردىمانچى ئايروپىلاندىن ئىككىنى سوقۇپ چۈشۈرۈپ، تۇنجى قېتىم ئايروپىلان سوققان قەھرىمان سۈپىتىدە ئېغىزغا چىققانىدى. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ جەڭ جاللات ما خۇسەننىڭ ۋاپاسىزلىقى بىلەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ئىسيانچىلار تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. هايات قالغانلار قاتتىق تۇتقۇن قىلىندى، مامۇت قۇرغۇي مانا شۇ تۇتقۇندىن قېچىپ يېزىمۇيېزا، تاغمۇتاغ يۈردى، ئاخىر مانا شۇ خىلۋەت توغراقلىققا كېلىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرغانىدى...

ئادەم نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشنى ئويلايدۇ، ئۇرۇنىدۇ، لېكىن ئىشلار ئىرادىگە باقمىغاندا ئۆزىنى بەزلەپ يۈرۈۋېرىدۇ. دۇنيا ئەنە شۇنداق رەھىمسىز. مامۇت قۇرغۇيمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشنى ئويلىدى، ئۇرۇندى، لېكىن يەنە ئۆزىنى بەزلەپ توغراقلىقتا ياشاۋەردى. كېيىنكى كۈنلەردە بولسا ئۆز ـ ئۆزىدىن ئەنسىرەپمۇ قالدى، ئادەملەر بىلەن ئۇچراشماي، مۇشۇنداق يەككە ـ يېگانە ئۆتۈۋېرىپ ياۋايىلىشىپ كېتىشتىن قورقتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ «چىمچىمبۇلاق» تا سۇ ئىچىپ ئولتۇرۇپ، «شېھىت مازار» ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى، غەيرەتلىنىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار مازارنى تاۋاپ قىلىپ كەلگەن ئەر ـ خوتۇنلار ئىدى. مامۇت قۇرغۇي ئۇلار بىلەن ئەھۋاللاشتى. ئۆزىنى «شېھىت مازار» نىڭ شەيخى دەپ تونۇشتۇردى. ئۇلار تەلەپ قىلمىسىمۇ بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ ئايالغا هۈردى، سۈپكۈچلىدى. ئايالنىڭ يۈزىگە چالپاق ـ چالپاق داغلار چۈشۈپ ئورۇقلاپ كەتكەنىدى. مامۇت قۇر-

غۇي بۇ ئالامەتلەرگە قاراپ كۆڭلىدە ئۇنىڭ ئوغۇل تۇغىدىغانلىقىغا جەزم قىلدى. ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتتى، «ئوغۇل تۇغسەن» دەپ ياش ئەر ـ خوتۇننى خۇشال قىلدى. كېيىن، ئۇلاردىن سوراشتۇرۇپ بۇ يەردىن قىرىق چاقىرىم يىراقلىقتا «شورباغ» دېگەن بىر بەگلىكنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى ھەمدەم بەگ ئىسىملىك بىر باينىڭ سورايدىغانلىقىنى بىلىۋالدى...

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ھېلىقى چوكان راستتىنلا ئوغۇل تۇغدى، بۇنىڭ بىلەن مامۇت قۇرغۇينىڭ شورباغقا نامى تارالدى. كىشىلەر ئۇنى «مامۇت شەيخ» دەپ ھۆرمەتلەپ يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن «شېھىت مازار» يەنە ئاۋاتلىشىپ قالدى، ھەمدەم بەگمۇ كېلىپ تۇرىدىغان بولدى، مامۇت قۇرغۇي بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتتى...

ئادەم ھۆل نەرسە، نەگە بارسا شۇ يەردە كۆكىرىپ تۇرالايدۇ. بولمىسا، مامۇت قۇرغۇينىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەملەردىن ئۇ مۇشۇ توغراقلىقتا قۇرۇپ كەتكەن بولسا بولاتتى. لېكىن، ئۇ قۇرۇپ كەتمىدى، تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدى. ئادەملەرنىڭ قىممىتىنى، ھاياتنىڭ لەززىتىنى خېلى چوڭقۇر چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنى شۇ كويلارغا سالغان زامانغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىكىمۇ سۆڭەك ـ سۆڭەكلەرگە سىڭىپ كەتتى...

ئۇ يالغۇزلۇق، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە يۈرۈپ ئۆتكەن ئىشلارنى خالىغانچە ئويلىدى. ئۇنىڭ خىياللىرىغا ھېچنېمە دەخلى قىلمايتتى. ئۇ مەھمۇت سىجاڭ دەۋرىدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى مۇلاھىزە قىلدى، ئۆزىچە ئەقىل يۈرگۈزدى، ئۆزى قاتناشقان شۇنچە قۇدرەتلىك بىر قوشۇننىڭ ئاخىر بېرىپ پارچىلىنىپ كېتىشى، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشى ئۇزاقتىن بېرى ئۇنىڭ قەلبىنى ئازابلاپ يۈرگەن بىر تۈگۈن بولۇپ قالغانىدى. خىلۋەت توغراقلىق ئۇنىڭ بۇ تۈگۈننى يېشىشكە ياردەم بەردى، بارلىق پاجىئە ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىدىكى ۋەھشىيلىكتىن، تاجۇ تەخت تالىشىشتىن، نادانلىق ۋە جاھىللىقتىن بولغانلىقىنى

بارا ـ بارا ھېس قىلغاندەك بولدى. ھېس قىلىشىنىغۇ قىلدى، لېكىن بولار ئىش بولغاندى، ھېس قىلىش بىلەن ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايتتى، بۇ پەقەت مامۇت قۇرغۇيىنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا بىر تەسەللى ئىدى...

كېيىنكى كۈنلەردە، ئۇ يىراق ناھىيە بازىرىغا بېرىپ يۈرۈپ بەزى يېڭى خەۋەرلەردىنمۇ ۋاقىپ بولۇپ تۇردى.

بىر قېتىم چايخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ يېنىدا پاراڭلىشىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ سۆزىگە قۇلىقى چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى:

— ھوي، ئاڭلىدىڭمۇ؟ شېڭ دۇبەن تەختتىن چۈشۈپتىغۇ!؟ — دېۋىدى، يەنە بىرى:

— چۈشۈشىنىغۇ چۈشۈپتۇ، ئەمما ئۇ خۇنپەر كېتەر ۋاقتىدىمۇ شىنجاڭنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنى ئۇنتۇماپتۇ. ئاڭلىسام، ئۆزى بىلەن بىللە ئەللىك ماشىنىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش، بۆكەن مۈڭگۈزى ۋە ئالماس ئېلىپ مېڭىپتۇ! — دەپ خورسىندى.

مامۇت قۇرغۇيغا شېڭ شىسەيىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىك خەۋىرى ئاجايىپ مۆجىزىلىك ئاڭلاندى. ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، ئۈستىدىن بىر تاغنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەشتى. ئۇنىڭ روھىمۇ، جىسمىمۇ نەچچە يىلدىن بېرى بوغۇلىۋاتقاندەك مۇنداق ئازادە، شادىمان تۇيغۇغا چۆممىگەنىدى. ئۇ ئەمدى بىرنەچچە يىللىق يالغۇزلۇقتىن، تۇنجۇقۇشتىن قۇتۇلۇپ يۇرتىغا بارالايدىغانلىقىغا، قېرىنداشلىرى بىلەن جەم بولۇپ ئىنسانىي تۇرمۇش كەچۈرەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ خۇشاللىقى قانداق تېز كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق تېز يوقالدى. كېيىنكى قېتىم بازارغا بارغاندا يەنە بىرمۇنچە يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولدى. شېڭ شىسەي يوقالغان بىلەن ھاكىمىيەت ئۆزگەرمىگەنىدى. خان يەنە خان پېتى، بەگلەر بەگ پېتىدە ياشاۋاتاتتى. كىشىلەر زۇلۇم دەستىدە ھالسىرىغان، يوقسۇللۇق ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرەتتى. مامۇت قۇرغۇي بۇلارنى كۆردى، ئاڭلىدى، ھېس قىلدى. ئۇ يەنە غەزەپكە تولدى، زاماننى

سۆكتى، قارغىدى. ۋۇجۇدىدا ئىسيان كۆتۈرۈلدى، لېكىن ئۇ ئەمدى ھېچ ئىش قىلالمايتتى، يالغۇزلۇق، ئۈمىدسىزلىك يەنە ئۇنى ئەسىر قىلىۋالدى. ئۇ يۇرتقا بېرىشتىن يالتايدى، ئۇنىڭغا تونۇغراقلىقتىن خاتىرجەم ئورۇن يوق ئىدى.

سەككىز يىل مانا شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مامۇت قۇرغۇي ئىسمى - جىسمىغا لايىق شەيخكە، دەرۋىشكە ئايلاندى. چاچلىرى ئۆسۈپ گەدەنگە چۈشتى، ساقاللىرى مەيدىسىنى ياپتى، بېشىغا كۇلاھ، ئۇچىسىغا جەندە كىيدى، مازارنىڭ ئۇستىگە تۇغ - شەددىلەرنى قادىدى، قوچقار مۈڭگۈزلىرىنى ئاستى، دەرۋىشلەرگە خاس ئەقىدە - يوسۇن بىلەن ئاددىيلا بىر ئۆي قىلىۋالدى، «چىمچىمبۇلاق» نىڭ سۈيىنى مازارنىڭ يېنىغىچە سىرغىتىپ ئەكەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بۇ يەرنىڭ بىردىنبىر ھايات مۇئەككىلى بولۇپ قالدى...

ئۇ ھازىر يالغۇز ئەمەس ئىدى. بىر ھەپتىدىن بېرى بۇ يەر باشقىچە ئاۋاتلىشىپ قالدى. دەسلەپ قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن بەختى سېرىق كەلدى. ئۇلار شەھەر يولىدا ئۇچرىشىپ باتۇقنى مۇشۇ يەردىن كىن دەپ كېلىشكەنىدى. ئارقىدىن تۇدى راجى، كېيىنرەك ئىككى قاچقۇن كەلدى. ئۇلار تونۇشۇپلا دىلكەشلەردىن بولۇپ قالدى. مامۇت قۇرغۇي تەنھالىقنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقاچقا، ئادەمنى كۆرسە بېشىغا ئالاتتى، بىساتىدا بارنى ئايىمايتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى يۇمۇلماي قالدى، چوڭقۇر چاناقلىرى ئىچىدىكى مەيۈس كۆزىدىن بىر خىل شادىيانىلىق جىلۋىلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇلار بىلەن پىكىرداش، يولداش چىقىپ قالدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سەدىقىسى ئۈچۈن ئۇزاقتىن بېرى بېقىپ كەلگەن يوغان چار خورازنى ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلدى. ئۇلار بىلەن ئۆتمۈش، بۈگۈن ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ئېچىلىپ - يېيىلىپ مۇڭداشتى، سىرداشتى...

شۇنداق قىلىپ، «شېھىت مازار» باشقىچە تۈس ئالدى، جانلىق، قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدى. ئۇنىڭ سىرلىق، تەقۋادار تۈپرىقى تۈنجى

قېتىم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ غايىلىك، مەردانە سۆزلىرىگە گۇۋاھ بولدى، ئۇنىڭ ھەممىشە چاقناپ تۇرىدىغان جىمجىت، مۆتىۋەر ئاسمىنى تۈنجى قېتىم ئۇلارنىڭ ساپ ۋە ياڭراق كۈلكىلىرىنى ئاڭلىدى....

شۇ كۈنلەردە مامۇت قۇرغۇي گويا يىگىتلىك دەۋرىگە قايتقاندەك جۇشقۇن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇزاقتىن بېرى كۆمۈلۈپ ياتقان نەپرەت ۋە ئىنتىقام ئوتى خۇددى شامال يېلىنجاتقان چوغدەك ئاستا ـ ئاستا كۆيۈشكە، لاۋۇلداشقا باشلىغانىدى. بۇ ئوت ئۇنى قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن قەلبداش قىلىۋەتتى.

ئۇلار «دۈشمىنىڭنى كۈندۈزى ئويلا، كېچىسى پايلا» دېگەن ماقال بويىچە كېچىلىرى نۆۋەت بىلەن پوستتا تۇردى. بۈگۈنكى نۆۋەتچىلىك بەختى سېرىق بىلەن تۇرەك ئىسىملىك بىر يىگىتكە كەلگەنىدى. ئۇلار كەچ كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي توغراقلىق يېنىدىن بىرەيلەننى تۇتىۋالدى، تۇتقۇن خەنزۇ ئىدى. ئۇ قاتتىق چارچىغان بولسا كېرەك، ئېتىنىڭ يۇتىغا كۆشەك سېلىپ قويۇپ شۇ يەردىلا ئۇخلاپ قالغانىدى.

قۇتلۇق ئەپەندى تۇتقۇن بىلەن خەنزۇچە سۆزلەشتى:

ــ ئىسمىڭ نېمە؟

ــ شياۋ بەي.

ــ نەدىن كەلدىڭ؟

ــ 20 ـ تۇەندىن.

شياۋ بەي بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىگىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇلار دەسلەپ گۇمانلاندى، ئىككىلەندى، كېيىن يېڭى بىر ئاخباراتنى ئاڭلاپ ئاستا ـ ئاستا ئىشەندى، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى، كاڭ لۈيجاڭنىڭ ئۆلمەي قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى. قۇتلۇق ئەپەندى ئاخىردا ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سورىدى:

ــ بايا ئېيتقانلىرىڭ راستمۇ؟

ــ راست! ــ دېدى شياۋ بەي قەتئىي ھالدا، ــ ئۇلارنىڭ «باتۇق

سلىك »، «چۆل قومۇشلىقى » دېگەن گەپلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدىم. بولمىسا، مەن نەدىن بىلەي. ئۇ يەرگە ئاق ليەنجاڭنىڭ بارىدىغانلىقىنىمۇ شۇلاردىن ئاڭلىدىم.

قۇتلۇق ئەپەندى ئۆيگە چۈمدى، بىر ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەكچىدەك قاشلىرىنى يىمىرىپ كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكتى، بىرھازادىن كېيىن:

— قومۇشلۇقنى كىم ئاشكارىلىدى ـ ھە؟! — دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلدى.

— شۇ يەردىن كەلگەن بىرى ئىكەن، — دېدى شياۋ بەي پەرۋاسىزلا.

قۇتلۇق ئەپەندى ئالدىراپ سورىدى:

— كىم، كىم ئىكەن؟

شياۋ بەي بوينىنى قىستى:

— ئىسمىنى بىلمىدىم...

ئۇنىڭ بارات چەكەدى ئىكەنلىكىنى قۇتلۇق ئەپەندى ئەلۋەتتە تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى... ئوتتۇرىدىكى جىددىيلىكنى مامۇت قۇرغۇينىڭ سوئالى پەسەيتتى:

— ئاق ليەنجاڭ قاچان بارماقچى؟

شياۋ بەي بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— ئۇلار تۈنۈگۈن بۇيرۇق چۈشۈردى. ئېھتىمال بۈگۈن تەييارلىق قىلىپ، ئەتە يولغا چىقىدۇ.

ئۇلار سۈكۈت ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قاراشتى. مامۇت قۇرغۇي باتۇقنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا قۇتلۇق ئەپەندىدىن ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قەيسەر، مەردانىلىكىگە غايىبانە ھېرىس بولۇپ قالغانىدى. ھەممەيلەننىڭ كاللىسىدا بىر خىل ھېسداشلىق بىلەن جىددىيلىك تەڭلا پەيدا بولدى. قۇتلۇق ئەپەندى ئالدى بىلەن شياۋ بەينى بىر تەرەپ قىلىش نىيىتىدە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەمدى سەن نەگە بارماقچى؟
— بىلمەيمەن... — شياۋ بەي بويىننى قىستى، — يېڭىسارغا بارماقچى ئىدىم، ئېزىپ قالدىم...
— ئۇ يەردە كىم بار؟
— تاغام بار، پوچتىخانىنىڭ باشلىقى...
— ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچىسەن؟ — قۇتلۇق ئەپەندى كوچىلاپ سورىدى.
— تاغامنىڭ پاناھلىقىدا كۈلىغا كىرىمەن...
قۇتلۇق ئەپەندى ئويلاندى، مامۇت قۇرغۇي بىلەن ئۇزاق مەسلىھەتلەشتى. ئاخىرى شياۋ بەينى چوڭ يولغا ئاچىقىپ يېڭىسارغا يولغا سېلىپ قويۇش قارارىغا كەلدى. بۇ ۋەزىپىنى بەختى سىرىققا تاپشۇردى، ئۇلار دەرھال ئىشقا كىرىشتى. شياۋ بەينىڭ ھەربىيچە كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ پۇقراچە كىيىندۈردى، يۈز - كۆزلىرىگە ئانچە مۇنچە گىرىم قىلدى. ئۇلار يولغا چىقىدىغان چاغدا قۇتلۇق ئەپەندى بەختى سىرىققا ئالاھىدە تاپىلىدى:
— بۇ يىگىتنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىگە سەن جاۋابكار. چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن ئىشەنچلىك ھارۋىكەش ياكى ئېشەكچىلەرگە قوشۇپ بېرىپ ئۇلارنى رازى قىل!
— خوپ، باشلىق، خاتىرجەم بولۇڭ! — دېدى بەختى سىرىق چاقچاق ئارىلاش دىققەتتە تۇرۇپ، — پەقەت بولمىغاندا، ئۆزۈم بولسىمۇ يېڭىسارغا ئاپىرىپ قويۇپ كېلىمەن!
ئۇلار خوشلاشتى، ئىككىسى بىر ئاتقا مىنىشىپ يولغا چىقتى. قۇتلۇق ئەپەندى قومۇشلۇقنىڭ غېمىدە قالدى.
— قانداق قىلساق بولار، مامۇتكا؟ — دېدى ئۇ ئىچى تىتىلداپ، — كېچىچە بېرىپ خەۋەر قىلايمۇ - يە؟
— ئۈلگۈرگىلى بولمايدۇ! — دېدى مامۇت قۇرغۇي كېسىپلا، — ئارىلىق يىراق، سەن ھازىر يولغا چىقساڭمۇ بەربىر تاڭ ئاتقۇچە يېتىپ

بارالمايسەن. ھەربىي يۈرۈش كېچىدە بولىدۇ، ئۇلار تاڭ ئالدىدىكى بىخۇدلۇقتىن پايدىلىنىپ تېگىدۇ!

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — قۇتلۇق ئەپەندى ئۇنىڭدىن مەدەت كۈتۈپ كۆزىگە قارىدى. مامۇت قۇرغۇي مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

— بىز بەش ئادەم بىر تىنىقتا غەيرەتكە كەلسەك خېلى ئىشلارنى قىلالايمىز. بايىقى خەۋەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى باتۇقنى تىرىك تۇتۇش ئىكەن. بىز ئەتە ئۇلارنىڭ ئۆتەر يولىدا ماراپ يېتىپ بىر ئامال بىلەن ئۇنى قۇتقۇزۇپ ئالساق قانداق؟

— شۇنداق بولسىغۇ ياخشى بولاتتى، — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى، — لېكىن بىر تاپانچىدىن باشقا بىزدە قورال يوق تۇرسا، ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ؟

مامۇت قۇرغۇي كۈتمىگەن يەردىن ئون يىللىق بىر سىرنى ئاشكارىلىدى:

— قورال بار... مەندە بىر ئىنگلىز مىلتىقى، ئىككى رۇس تاپانچىسى، 150 تال قىزىل ئوق بار!*

— بارىكاللا! — قۇتلۇق ئەپەندى ئۇنى قۇچاقلىدى، — مانا، مانا... ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھەربىي - دە! قورال نەدە؟

— توغراقلىقتا، — دېدى مامۇت قۇرغۇي بېشى بىلەن شۇ تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ، — ئۆز ۋاقتىدا شۇ يەرگە كۆمۈپ قويغان.

قۇتلۇق ئەپەندى ھاياجانلاندى، خۇشاللاندى.

— ئەمدى ئىش پۈتتى! — دېدى ئۇ ئالقانلىرىنى ئىشقىلاپ، — ھەم كۈچ، ھەم پەم بىلەن سەپداشلارنى قۇتۇلدۇرىمىز!

2

تاڭ سۈزۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. شەبنەم قىرلارنى نەمدەپ، قومۇشلۇقنى مۈزلىتىۋەتتى. تاڭ ئاسمىنىغا پەرۋاز قىلىپ چىققان تورغاي، غو-

* قىزىل ئوق — مىكروبلانغان، تەگسىلا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئوق.

رۇلاي ۋە سىرىق قۇشقاچلار بىردىنلا غايىب بولدى. ئۇلار تۇرۇمتاي، جاغالمايلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالغانىدى.

باتۇق ئوق ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. بۇ قومۇشلۇقنىڭ چېتىدە پوستتا تۇرغان يىگىتنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئاتقان ئوقى ئىدى. باتۇق دەرھال كىيىندى، باشقا گەمىدىكىلەرمۇ ئويغاندى، قوراللىرىنى ئېلىپ، قوغدىنىش ئاكوپلىرىغا كىردى. قارشى تەرەپتىن شىددەتلىك ئوق ياغدى. بەزى ئوقلار يېقىنلا يەردىن ئېتىلىۋاتاتتى. ئەخمەت سەردار ئاكوپ ئىچىدە يۈرۈپ جەڭگە قوماندانلىق قىلدى، مەرگەنلەر ئىشقا چۈشتى، لېكىن ئۇلار ھە دېگەندىلا باش چىقىرالمىدى، پىلىموتتىن تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوق ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدە ۋىژىلداپ يۈرەتتى. ئالدى بىلەن بىرنەچچە ئاتقا ئوق تەگدى، بەزىسى خارتىلداپ تۇرغان يېرىدىلا يىقىلدى، بەزىسى چىرقىراپ قومۇشلۇقتا پىرقىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ ئوق تەگكەن كىشى جۇمە قارىي بولدى. ئۇ بۆگۈنمۇ بايراقدار ئىدى، يېشىل بايراقنى ئاكوپنىڭ قىرىغا دىيەپ، توختىماي ئايەت ئوقۇپ ھۆرۈپ تۇراتتى. قارشى تەرەپتىن بىرى ئاۋۋال بايراقنى چەنلەپ ئاتتى، بايراق ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ كەتتى، ئارقىدىن بايراقنىڭ دەستىسىنى نىشانلاپ جۇمە قارىيغا ئاتتى. جۇمە قارىي قاتتىق چىرقىرىدى، تولغاندى، ئاكوپقا يۇلاڭلاپ چۈشتى، بايراقمۇ يىقىلدى. ئۇنىڭ كۆزى نىمىگىدۇر قاردىماقچى بولغاندەك يۇمۇلمىغانىدى، ئاغزىمۇ بىرنەرسە دېمەكچىدەك يېرىم ئوچۇق تۇراتتى...

ئارقا ـ ئارقىدىن يەنە ئىككىيلەن جان ئۈزدى. بەزىلەر يارىلىنىپ ئازابلاندى، ئىڭرىدى، ھېچكىمنىڭ ئۇلار بىلەن ھەپىلەشكۈدەك ۋاقتى يوق ئىدى.

قارشى تەرەپتىن كاناي بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى :

ــ باتۇق، تېز تەسلىم بول! بولمىسا، پۈتۈن ئادەملىرىڭ بىلەن قوشۇپ كۆلۈڭنى كۆككە سورۇيمىز!

ئەخمەت سەردارنىڭ غەزىپى تۇتتى، ئىككى مەرگەننى يېنىغا ئېلىپ، ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ بىرنەچچىسىنى قىرقىرىتىپ يەر چىشلەتتى. ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچاتتى، قومۇشلۇق پاراسلايتتى، ئىس ـ تۈتەك قويۇقلاشتى.

قول بومبىلىرىنىڭ پارتلىشىدىن قومۇشلۇقنىڭ بىر چېتى كۆيۈشكە باشلىدى. ئاتلار تۇياق ئۇرۇپ كىشنىدى، باتۇقنىڭ سەپداشلىرىمۇ ھالسىرىدى، بەزىلەر قورقتى، بەزىلەر ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. باتۇقنىڭ ئىچى سىيرىلدى، كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بىھۇدە ئۆلۈم ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئەخمەت سەردار بىلەن يەنە بىر ھەمراھىنى چاقىرىپ جىددىي ھالدا مۇنداق دېدى:

— قاراپ تۇرۇپ ھەممىمىز ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيلى، ھەممىڭلارنىڭ ئاتا ـ ئانا، خوتۇن ، بالا ـ چاقىسى بار، بىھۇدە ئۆلۈپ كەتسەك بولمايدۇ، دۈشمەننىڭ تۇتماقچى بولغىنى مەن. مەنلا ئۆزۈمنى ئاشكارىلىسام ئۇلار ئېتىشتىن توختايدۇ...

ئەخمەت سەردار قوشۇلمىدى:

— ياق، نېمە بولساق ئاخىرغىچە ئېتىشىمىز. سېنى تۇتۇۋالسا ساق قويمايدۇ!

— بىر ياشقىمۇ بىر ئۆلۈم، يۈز ياشقىمۇ بىر ئۆلۈم، ئەخمەت ئاكا! — دېدى باتۇق ئۆز پىكرىدىن يانماي، — ئەجىلىم توشقان بولسا كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە كىرىۋالسامۇ ئۆلىمەن، ئەجىلىم توشمىغان بولسا پەشتاقتا چىقىپ ئۇسسۇل ئوينىسامۇ ئۆلمەيمەن! مەندىن ۋايىم يېمە، سەپداشلىرىمىزنى ئورۇنسىز قۇربان قىلمايلى!

ئەخمەت سەردار لېۋىنى چىشلىدى، بۇرۇتىنى تولغاپ، يۈزىنى چەتكە ئۆرۈۋالدى.

باتۇق بىر ئاق كۆڭلەكنى بادىرىغا باغلاپ لەپىلدەتتى، ئوق ئېتىش ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ توختىدى. باتۇق بېشىنى چىقىرىپ قارشى تەرەپكە ۋارقىرىدى:

— مەن تەسلىم بولىمەن، تۇتۇپ باشلىقلىرىڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بار، لېكىن سەپداشلىرىمغا چېقىلمايسەن! ئۇلار ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا قوشۇلمىساڭ ئاخىرغىچە سوقۇشىمىز!

قارشى تەرەپتىن بەزىلەر قوشۇلمىدى، ئاچچىقلىدى، كۆرەڭلىدى. لېكىن، ئاق ليەنجاڭ ئويلىنىپ قالدى، ئۇ باتۇقنى تىرىك تۇتۇشنىلا چوڭ غەلىبە دەپ بىلەتتى. «باتۇق تۇتۇلدىمۇ بولدى، قالغانلىرىنىڭ كارى چاغلىق! بىشى كېسىلگەن يىلان نېمىمۇ قىلالايتتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى سائەتتىن بېرى ھېچقانچە ئىلگىرىلەش بولمىدى، كاساپەتنىڭ مەرگەنلىرىمۇ بوش كەلمەيدىكەن. مۇئاۋىن ليەنجاڭ بىدەلەن پىلىموتچى ئۆلدى، بولدىلا ...»

ئاق ليەنجاڭ بۇيرۇق قىلدى، كانايچى يىراقتىن جاكارلىدى:

— تەلىپىڭگە ماقۇل، قورالىڭنى تاشلاپ ئالدىمىزغا كەل!

باتۇق قورالىنى تاشلاپ دۈشمەن تەرەپكە ماڭىدىغان چاغدا سەپداشلىرىغا مۇنداق دېدى:

— خەيرخوش... خالىساڭلار يۇرت ـ ماكانىڭلارغا قايتىڭلار، خالىساڭلار مۇشۇ يەردىن ماكان تۇتۇپ تۇرۇڭلار، ئۆلمىسەك يەنە كۆرۈشىمىز! — ئاندىن ئۇ ئەخمەت سەردارغا يۈزلىنىپ چوڭقۇر بىر ئىچكى ئازاب بىلەن داۋام قىلدى، — ئەخمەت ئاكا، ئېسىڭدە بولسۇن، ئارىمىزدىن ساتقۇن چىقتى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، قاچان بولمىسۇن بارات چەكەدىدىن ھېساب ئالماي قويمايمەن! سەنمۇ سەپداشلىرىمىزنىڭ بۇ قانلىق قەرزىنى ئۇنتۇپ قالما! خوش... بۇ يەر ساڭا قالدى، ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلغىن!...

ئەخمەت سەردار ئېتىلىپ كېلىپ باتۇقنى قۇچاقلىدى:

— ئۇكام باتۇق، خاتىرجەم بول! سەپداشلار ھېچ يەرگە قايتمايدۇ، قومۇشلۇق بىزگە ئادەملىك قەدرىمىزنى تونۇتقان يەر. بىز يەنە مۇشۇ يەردە كۈچىيىپ، ئۆلغىيىپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىمىز، سېنى چوقۇم قۇتقۇزۇپ چىقىمىز!

— توغرا بىز ھېچ يەرگە قايتمايمىز! — دېدى بىرنەچچەيلەن تەڭلا، — مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمىز!

باتۇق ھەممەيلەن بىلەن قۇچاقلاشتى، لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ ھەسرەت ئىچىدە خوشلاشتى. مېڭىش ئالدىدا ئاۋۋال قومۇشلۇقنىڭ ئىس - تۈتەك قاپلىغان كەڭ ئاسمىنىغا، ئاندىن قۇش ئۇۋىسىدەك ئىسسىق، يېقىملىق گەمىلەرگە قاراپ ئۇزاق تۇردى، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، ئۇھسىندى، كېيىن بېشىنى تىك تۇتۇپ گۆرس - گۆرس دەسسەپ، ئاق لىيەنجاڭنىڭ سەپراس تۇرغان ئەسكەرلىرى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

## 3

بەش ئادەم تۆت سائەتتىن بېرى يول توسۇپ ياتتى. ئۇلار يول يا-قىسىدىكى ھەم ئېتىشقا، ھەم قېچىشقا ئەپلىك دالدىغا ئورۇنلاشقانىدى. چۈشتىن كېيىن تۇدى راجى ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇ تىنىك تىڭلى-غىلى ئەتىگەندىلا قومۇشلۇققا كەتكەنىدى. ئۇ ھاسىراپ، ھۆمۈدەيتتى، ئاتمۇ قارا تەرگە چۆمگەنىدى، پۈتۈن ئەزايىدىن «ھۆ» پۇرقۇراتتى.

— كېلىۋاتىدۇ... كېلىۋاتىدۇ! — دېدى ئۇ ھودۇقۇپ، — ھەم-مىسى پىيادە...

قۇتلۇق ئەپەندى ئالدىراپ سورىدى:

— ئۇلار بىرەرىنى تۇتۇۋاپتىمۇ؟

— تۇتۇپتۇ، بىرىنى ئالدىغا سېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

قۇتلۇق ئەپەندى سوئال نەزىرى بىلەن مامۇت قۇرغۇيغا قارىدى. مامۇت قۇرغۇي بىرئاز ئويلاندى. كېيىن ھەممەيلەننىڭ بېشىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ مۇنداق دېدى:

— روبىرو ئېتىشساق كۈچ ئېلىشالمايمىز، ھىيلە ئىشلىتىش كې-

رەك، — ئۇ قۇتلۇق ئەپەندىدىن سورىدى، — يېقىن ئەتراپتا بىرەر قونالغۇ قىلغۇدەك جاي بارمۇ؟

— بار، — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى، — چوڭ يولدىن ئوڭ تەرەپكە ئىككى چاقىرىمدەك ئىچكىرىلىسە رېھىم ئاتچى دېگەننىڭ تۆت تاشلىق تۈگمىنى بىلەن مۇساپىرلار چۈشىدىغان يوغان سارىيى بار، ئۆتكەندە مەن شۇ يەرگە چۈشكەن.

— ئىش ئەپلەشتى، — دېدى مامۇت قۇرغۇي خۇشاللىنىپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدى، — شىياۋ بەينىڭ كىيىمى بۇ گۈن بىزگە تازا ئەسقاتىدىغان بولدى، مەن ئۇنى خالتىغا سېلىۋالغان. مۇنداق قىلايلى: بىرەيلەن ئۇنى كىيىپ، ئاق لىيەنجاڭنىڭ ئالدىغا خەۋەر ئېلىپ بارسۇن...

بىرەيلەن ئالدىراپ سورىدى:

— قانداق خەۋەر؟

ئۇلار «خەۋەر» توغرىسىدا جىددىي ھەم قىزغىن پىكىرلەشتى. پىكىر پىكىرنى ئاچتى، ئەقىلگە ئەقىل قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ ناھايىتى تېزلىكتە ئىشەنچلىك ھەم ۋەھىملىك بىر «خەۋەر» توقۇلۇپ چىقتى. ئەمدى «خەۋەر» نى كىمنىڭ ئېلىپ بېرىشى تالاشتا قالغاندى، ھەممەيلەن كۆكرىكىنى كېرىپ تۇرۇۋاتتى. ئاخىر قۇتلۇق ئەپەندى قايىل قىلدى:

— مېنىڭ بارغىنىم تۈزۈك، ئاق لىيەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە خەنزۇلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلىمەن، ئۇلار بىلەنمۇ سۆزلىشىپ رايىنى تارتىش كېرەك.

بۇ سۆزگە ئەلۋەتتە ھەممەيلەن رازى بولدى. قۇتلۇق ئەپەندى شىياۋ بەينىڭ ئەسكەرچە كىيىمىنى كىيدى، تاپانچىسىنى ئاستى، ئاتقا مىندى. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقى سېپى ئۆزىدىن گومىنداڭ ئەسكىرى بولغانىدى.

ئۇ يېرىم سائەتتىن كېيىن ئاق لىيەنجاڭنىڭ ھارغىن، سۆرەلمە قو-

شۇنى ئالدىدا پەيدا بولدى.

— ليەنجاڭ جانابلىرى! — دېدى ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشكەن پېتى سالام بېرىپ، — يول خەتەرلىك، ئالدىمىزدىكى لەنگەرگە قىزىل پاچاق پارتىزانلار توشۇپ كېتىپتۇ، مەن ئاران قېچىپ كەلدىم!...

«خەۋەرچى» نىڭ كۆزلىرى باتۇقنى ئىزدىدى. باتۇق سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى باغلاقتىكى شىردەك ھۆرپىيىپ تۇراتتى..

ئاق ليەنجاڭ دەسلەپ چۆچۈدى، كېيىن ئۆزىنى سەل - پەل بېسىۋېلىپ «خەۋەرچى» دىن قوپاللىق بىلەن سورىدى:

— نەدىن كەلدىڭ؟ قايسى قىسمنىڭ ئادىمسەن؟!

«خەۋەرچى» تەمتىرىمەي جاۋاب بەردى:

— ئاقتۇدىن كەلدىم، 123 - مۇستەقىل باتالىيوننىڭ ئادىمى مەن، قەشقەرگە ۋەزىپە بىلەن ماڭغان!

ئاق ليەنجاڭ يەنە سورىدى:

— لەنگەردىكى پارتىزانلار نەدىن كەپتۇ؟!

— ئۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ، ليەنجاڭ جانابلىرى! — دېدى «خەۋەرچى» ھودۇقماي، — لېكىن ئەتراپتىكى يۇقرالارنىڭ ئېيتىشىچە، تاشمىلىق، ئويتاغ تەرەپلەردىن كەلگەن ئوخشايدۇ. بۈگۈن شۇ يەردە قونىدىكەن...

ئاق ليەنجاڭنىڭ يۈزى تارتىشتى، ئۆسكىلەك قاشلىرى لىكىلداپ كەتتى. ئۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئېچىلغان جىددىي بىر يىغىندا جاڭ تۇەنجاڭنىڭ تاشمىلىق، ئويتاغ تەرەپلەردە زور بىر قوراللىق كۈچنىڭ پەيدا بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ شىددەت بىلەن ھەر تەرەپكە قاراپ كېڭىيىۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، «خەۋەرچى» نىڭ ئاخباراتى ئۇنى ئاسانلا ئىشەندۈرۈپ قويدى. ئۇ يېنىدىكىلەرگە قاراپ ئويغا چۆمدى، بىرئازدىن كېيىن دېلىغۇللۇقتا سورىدى:

— ياندىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان باشقا يول يوقمۇ؟

«خەۋەرچى» كەسكىن جاۋاب بەردى:

— يوق، لىيەنجاڭ جانابلىرى! مۇشۇنىڭدىن باشقا يول يوق. ئۇ تەرەپتە چوڭ سازلىق بار، سول تەرەپ ئادەمزات ئايىغى باسمىغان كەگرى قۇملۇق!

ئاق لىيەنجاڭ يەنە ئويغا چۆمدى، كۆزلىرى خىرەلەشتى. بىر كىمدىن مەدەت تىلىگەندەك تۆت تەرىپىگە تەلمۈرۈپ قارىدى. بىرھازادىن كېيىن «خەۋەرچى» دىن يەنە سورىدى:

— يېقىن ئەتراپتا قونالغۇ قىلغۇدەك جايمۇ يوقمۇ؟

— بار، لىيەنجاڭ جانابلىرى! — «خەۋەرچى» ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ تىك تۇردى، — مۇشۇ يەردىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئىككى چاقىرىمدەك ماڭساق بىر تۆگمەن، بىر دەڭ بار. ئۇ يەر خىلۇەت ھەم بىخەتەر. ھەممەيلەن بەخۇدلۇك سىغىدۇ، مەن باشلاپ باراي.

ئاق لىيەنجاڭ جىددىي بۇيرۇق قىلدى:

— يۈرۈش توختىسۇن! مۇشۇ يەردە قونىمىز، ئەتىكى ئەھۋالنى كېيىن سۆزلىشىمىز!

بۇيرۇق ئەسكەرلەرگە تازا خۇشياقتى، ئۇلار ھارغان، چۈشكۈنلەشكەنىدى. يارىدارلىرى ماگالماي ئىگرايتتى، ساقلىرى ئاچلىقتىن، دېكابىرنىڭ قۇرغاق سوغۇقىدىن زارلايتتى...

«خەۋەرچى» يول باشلاپ ماگدى. ئۇلار كۆن قايرىلغاندا رېھىم ئاتچىنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئەسكەرلەر پىتىرىدى، يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللىلەرگە بېرىپ توخۇ، تۇخۇم، ئاش ـ نان بۇلىدى، قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ ئۇيقۇغا چۈشتى. ئەمما، ئاق لىيەنجاڭنى بىر ئەنسىزلىك چۇلغىۋالدى، ئۇ خۇددى پارتىزانلار ھېلىلا بۇ يەرگە بېسىپ كېلىدىغاندەك ۋەسۋەسىگە چۈشكەنىدى. كېيىن ئۇمۇ يېرىم كېچىگە بارغاندا بوشاشتى، ئىرادىسىنى ئۇيقۇ يەڭدى، جۇۋىسىغا يۆگىنىپ سوزۇلدى. لېكىن كۆزى ئەمدى ئىلىنىشىۋىدى، سىرتتا ئوق ئاۋازى ياگرىدى، ئارقىدىن ئاتلارنىڭ دۈكۈرلەپ چېپىد-

شى، كىملەرنىڭدۇر «ھۇررا!» دەپ ۋارقىرىغان ۋەھىمىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاق ليەنجاڭ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئالاقزادە بولدى، جۇۋىسىنىمۇ كىيمەي ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۆڭدەرەپ قوپقان ئەسكەرلەر پىتىرىغان چوشقىدەك قالايمىقان چېپىشاتتى. ئالتاغىل ۋارقىرايتتى، قايسىبىرلىرى «پارتىزان كەلدى!» دەپ توۋلاپ تېخىمۇ ۋەھىمە پەيدا قىلدى. ئاق ليەنجاڭ ئەسكەرلىرىگە يىغىلىشقا بۇيرۇق قىلدى، شۇئان ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تەگكەن بىر پاي قىزىل ئوق يۈرىكىنى تىشىۋەتتى، ئۇ ئۈن تارتماي دۈم چۈشتى. ئوقنى مامۇت قۇرغۇي ئات بىلەن ئەگىپ كېلىپ ئاتقانىدى. «خەۋەرچى» باتۇقنى ئىزدىدى، ئۇ ئاخشام سولانغان يېرىدە يوق ئىدى، ئەكسىچە، ئۇنى ساقلىغان بىر ئەسكەر ئىشىكنىڭ تۈۋىدە بىھوش ياتاتتى...

جەڭ ئاخىرلاشتى. شۇ كېچە بەش ئادەم نۇرغۇن قورال - ياراغنى غەنىيمەت ئېلىپ، ئەتىسى چۈش مەھەل بىلەن «شىبەيت مازار» غا قايتىپ كەلدى.



## ئون ئالتىنچى باب

# چىلتەنلەر نامايىشى

كۆكتىن ئىزدىگەننى يەردىن تاپتى.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

ياڭاۋار كىرىشى بىلەن لەپپىدە قار يېغىپ كەتتى. قەھرىتان سوغۇق پەللىمۇپەللە ئۆرلىمەكتە ئىدى...

مامۇت قۇرغۇي شورباغدىن كۆڭلى يېرىم قايتىپ كەلدى. ئۇ تۇنۇگۈن يېقىن بىر ئادىمىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە بارغانىدى.

— بىچارىلەرگە ئۇۋال! — دېدى ئۇ ئوچاقتىكى كۆتەكنى چۇخچىلاپ ئولتۇرۇپ، — خۇدايىم ئۇلارنى كۆرمەمدىغاندۇ؟ ئۆلگىنى ئۆلۈپتۇ، ھاياتلىرى ئاچلىقتىن، سوغۇقتىن نىمجان بولۇپ قاپتۇ!...

— نېمە بوپتۇ، ئوچۇق دېگىنە؟ — قۇتلۇق ئەپەندى ئالدىراپ سورىدى. ئۇ ئوچاقنىڭ بىر چېتىدە كونا جۇۋۇغا ئورىنىپ كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى، چالا - بۇلا ئاشلانغان پوستەك جۇۋۇدىن دوشاپنىڭ ئۆتكۈر ھىدى كېلەتتى.

مامۇت قورغۇي ئۇزاققىچە ئىچىگە تىنىپ ئولتۇردى، پۈتۈن تۇرقىدىن خاپىلىق، بىچارىلىك يېغىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى يولۋاستەك بولغىنى بىلەن يۈرىكى قوزىنىڭكىدەك يۇمشاق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ جىمىپ كېتىشى باشقىلارنى تىت - تىت قىلىپ قويىدى. بەختى سېرىق تەقەززا بولۇپ سورىدى:

— مامۇتكا، لېۋىڭنى چىشلىۋېلىپ، ئاغزىڭدىكىنى بىزگە تاپقۇز-

ماقچىمۇ، ئوچۇقراق بىر گەپ قىلمامسەن؟ شورباغ ئۆز جايىدا بارمۇ ئۆزى؟!

مامۇت قۇرغۇي چوڭقۇر بىر ئۇھسىنىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى، شورباغدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۆزلىدى، قاقشىدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، ئاچلىق، سوغۇق ئازابى شورباغ دېھقانلىرىنى قىيناۋېتىپتۇ. يازدىكى قەھەتچىلىك، تۈگىمەس ئالۋان - سېلىق مانا ئەمدى كارامىتىنى كۆرسىتىپتۇ...

مامۇت قۇرغۇي ئاخىرىدا ھاكىم، بەگ، شاڭيۇلارنىڭ شورباغدىكى قەھەتچىلىكنى يېڭىش يولىدا كۆرسەتكەن تەدبىرىنى ناھايىتى قىزىقارلىق ھېكايە قىلىپ بەردى:

ھەمدەم بەگنىڭ تەكلىپى بىلەن جۇ شيەنجاڭ تۇرپاندىكىگە ئوخشاش كارىز كولاپ سۇ چىقىرىشنى قارار قىپتۇ. ھەمدەم بەگ قول ئاستىدىكى يۇرت، كەنت، مەھەللىلەرگە ئۆز قولى بىلەن مۇنداق يارلىق يېزىپتۇ: «ئەييۇھەنناس، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئاممىخاس! پېقىر ھەمدەم بەگ جۇ شيەنجاڭ جانابلىرىنىڭ شورباغ رايونىنىڭ سۇ قىسلىقىنى ھەل قىلىش، شورباغنى ئاۋات قىلىش ئۈچۈن تۇرپانلىقلارنىڭ كارىز كولاپ، سۇ چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن شورباغنىڭ دائىرىسىگە قاتار قۇدۇق قېزىش توغرىسىدىكى يارلىقىنى يەتكۈزىدۇ. ئۇشبۇ بۇيرۇق نامىنى ئاڭلىغان ھامان، ئارالدىن يىگىرمە، ئاقياردىن ئوتتۇز، غالچىئېرىقتىن قىرىق، سايكۆۋرۈكتىن ئوتتۇز، قۇمباشتىن يىگىرمە بەش، ياربېشىدىن يىگىرمە، ئايكۆلدىن ئوتتۇز بەش، تەلۋىدىن توققۇز، ئىگەچىدىن سەككىز، قاراتالدىن ئوتتۇز، سىرىمدىن ئون سەككىز، جەمئىي ئىككى يۈز ئاتمىش ئىشلەمچى كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى، كۆمۈر - داڭقانلىرىنى، ئوزۇق - تالقانلىرىنى، كىگىز - پالاسلىرىنى ئېلىپ، تارىخىي ھىجرىيە 1365 - يىلى، جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ 10 - كۈنى ئىش باشلاپ قۇدۇق قېزىپ، سۇ چىقىرىپ، شيەنجاڭ جانابلىرىنىڭ ھۆكمىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ خانىنىڭ ھۆكۈمىنى كېيىن سۈرۈشى ھەقلىق ئەمەستۇر!»

ھاشارچى دېھقانلار بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە ئىش ئورنىغا يېتىپ

كەپتۇ. بوساق شاڭيۇ هاشارچىلارنى ئىشقا تەقسىم قىپتۇ: ئارالدىن ئامان، ئاقياردىن ئاقنىياز، غالچىئېرىقتىن غازى، سايكۆۋرۈكتىن سا-قى، قۇمباشتىن قۇربان، ياربېشىدىن ياقۇپ، ئايكۆلدىن ئابلاش، تەل-ۋىدىن تاھىر، ئىگەچىدىن ئەيسا، قاراتالدىن قاسىم، سىرىمدىن سام-ساق قاتارلىق يۈزبېشىلار ئۆز ئايماقلىرىدىن كەلگەنلەرگە پايلاقچى بوپتۇ. هاشارچىلار بىر ئاي قاتتىق ئىشلەپتۇ. هەر ئوتتۇز گەز ئارىلىق-تا بىردىن قۇدۇق كولاپ، ئىككى پوتەي ئارىلىقتا يۈز نەچچە قۇدۇق قېزىپتۇ. لېكىن، بىر تېمىمۇ سۇ چىقماپتۇ. بۇنى ئاز دېگەندەك، بىر-نەچچە هاشارچى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن توپىلار ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ-تۇ... ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان جۇ شيەنجاڭ ئىش ئورنىغا كېلىپ: «بۇ قۇدۇقلاردىن قانداق قىلساق سۇ چىقىدۇ؟!» دېگەنىكەن، قېرى بىر هاشارچى جۇ شيەنجاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئامبال خوجامنى تۈرمەل قىلىپ باسساق، ھەمدەم بەگنى تاقاق قىلىپ ئاسساق، بوساق شاڭيۇنى قوزۇق قىلىپ قاقساق ئاندىن سۇ چىقىدۇ!» دەپتۇ. بۇ جاۋابتىن كېيىن پۈتۈن هاشارچىلار چۇقان كۆتۈرۈپ، ئىش مەيدا-نىدىن كېتىپتۇ...

مامۇت قۇرغۇي ھېكايىسىنى تۈگەتتى. ئۇلار ھېكايىنى ئاڭلاپ ھەم غەزەپلەندى، ھەم كۈلۈشتى.

— زالىملار، دۆت ـ كالۋالار! — دېدى تۇدى راجى غەزەپتىن كۆپۈپ، — دېھقانلارنى شۇنداقمۇ ئەخمەق قىلغان بارمۇ؟

تۇرەك قوشۇمچە قىلدى:

— لېكىنزە ... بوۋاي قالتىس بابلاپتۇ ـ دە! جۇ شيەنجاڭنىڭ ئۆ-تى يېرىلىپ كەتكەندۇ؟

بەختى سېرىق ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان بىر سوئال قويدى:

— ئەمدى نەق گەپنى قىلايلى، ئەھۋالنىغۇ ئۇقتۇق، ئەمدى شور-باغدىكى دېھقانلارنىڭ ئۆلۈمىگە قاراپ ئولتۇرىمىزمۇ؟

— ھۆكۈمەت ياردەم قىلار... — دېدى تۇرەك مۇجمەل ھەم پەرۋاسىز ھالدا.

— ھۆكۈمەت ؟! — بەختى سېرىق تەنە قىلدى، — بۇ ھۆكۈمەت يوقسۇللارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان ھۆكۈمەت ئەمەس! ئۇنىڭ ئۈستىدە، شۇ كۈنلەردە ھۆكۈمەتتىن پاناھ تىلەش ئەسكى تامدىن قوقاق تىلىگەندەكلا ئىش!

گۈمبەز ئىچى بىرپەس تىمتاس بولۇپ قالدى. ھەممەيلەننىڭ بېشى ساڭگىلىغان، چىرايىدىن غەم ـ قايغۇ چىقىپ تۇراتتى.

قۇتلۇق ئەپەندى «لىككىدە» بېشىنى كۆتۈردى، خۇددى ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، ئاستا، لېكىن ۋەزمىنلىك تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

— بېشىغا كۈن چۈشكەن دېھقانلارغا زادى بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلمەسمىزما ؟

مامۇت قورغۇي كۈتۈلمىگەن بىر ئىشنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— چىلتەن يىغقىلى چىقايلى!

ھەممەيلەن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى، مامۇت قورغۇي ئالدىرىماي چۈشەندۈردى:

— مەن بۇنى كۆپ ئويلىدىم. قېرىنداشلارنىڭ ئازاب ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇش ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس! ھازىرچە بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغىنى شۇ: چىلتەن يىغقىلى شەھەرگە كىرەيلى، ئىخلاسمەنلەر، باي، پۇلدارلاردىن سەدىقە، زاكات ئالايلى. شۇنداق قىلساق، ئاش ـ نانمۇ، كىيىم ـ كېچەكمۇ، پۇل ـ پۇچەكمۇ چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم يوقسۇللارنى دەماللىققا قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدۇ...

بۇ پىكىر قۇتلۇق ئەپەندىگە دەسلەپتە غەلىتە تۇيۇلدى، كېيىن ئويلاندۇرۇپ قويدى، بارا ـ بارا قايىل قىلدى. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن شەھەرگە كىرىپ يېڭى ئەھۋاللاردىنمۇ خەۋەر تاپقىلى بولاتتى...

شۇنداق قىلىپ، ئەتە ئەتىگەندە چىلتەنگە چىقىش جەزم قىلىندى، ھەممەيلەن جىددىي تەييارلىققا كىرىشتى.

2

بۇگۈن پېشىن نامىزىدىن كېيىن ھېيتگاھ جامەدە كاتتا مەۋلۇت ئۆتكۈزۈلدى. بىرنەچچە قارىي ـ قۇرئەندازلار گىرە بولۇپ، خۇش نەپەس ئاۋازلىرى بىلەن بىر خىل رىتىمدا روسۇلىللاغا ھەمدۇسانا ئو-قۇۋاتاتتى. نەچچە يۈز نامازخان كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، روھى ئېر-رىپ، ئۆزىنى سەزمىگەن ھالدا بوش ئىدا بىلەن تەۋرىنىپ ئولتۇرات-تى :

نەزەر قىل ئاجىز ئۇممەتكە،
تەسەددۇق يا رەسۇلىللا.
ھەمىشە جانى غەپلەتكە،
تەسەددۇق يا رەسۇلىللا.
مىنى باشلاڭ ھىدايەتكە،
تەسەددۇق يا رەسۇلىللا.
ئۇشۇل مەھشەردە جەننەتكە،
تەسەددۇق يا رەسۇلىللا.

ئىككىنچى ئۆزگىرىش چىرايلىق، مۇڭلۇق مۇناجات ئاھاڭى بىلەن ئوقۇلدى :

نۇر بىلەن تەختى ئۆزرە ئولتۇرسىڭىز مەھشەر كۈنى يارەسۇل،
ھەرنە كۆپ قىلسام دۇئا، تەڭرىم ئۇنى قىلسا قوبۇل،
بىزكەبى شەرمەندىلەرگە كۆرسىتىڭ جەننەتكە يول،
ۋاقتى سەھەر نالە قىلىڭ دوستلىرىم، بويى مۇھەممەدى كىلۇر.

ئىككى جاھان ئەبزەلى،
جۇملە جاھان سەرۋەرى،
ئۇممەتىگە كۆيۈپ دىلى،

بويى مۇھەممەدى كىلۇر.

ئۇ يەر ــ بۇ يەردىن ھاياجانلىق، تەسىرلىك ئاۋازدا «خۇدا»، «يا-رەسۇل» دېگەن نىدالار كۆتۈرۈلدى. بەزىلەر بوش ئۆكسۈشتىن ئەمەدى ئاۋازلىق يىغا ــ زارىغا ئۆتتى. تۆمۈر كۆكى بەقەسەمدە ئۇزۇن تون كىيگەن، سەللىسىنىڭ بىر ئۇچىنى يەلكىسىگە ساڭگىلىتىپ قويغان، سەدەپ گەردىشلىك كۆزەينەك تاقىغان سالاپەتلىك خاتىپ ئەمەدى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەت ــ ئىسپاتى توغرىسىدا ئەمەرىمەرۇپقا ئۆتتى:

ــ جانابىي پەيغەمبىرىمىز بەندىلەرنىڭ ناھايىتى ساپ، راستچىل كۈيچىسى، ھۆكۈمەت خەزىنىسىنىڭ ئىگىسى ۋە ھىدايىتىمىزنىڭ كامالى...

خاتىپنىڭ سۆزىنى سىرتتىن تۇيۇقسىز بۆسۈپ كىرگەن شاۋقۇنلۇق جەھرە سادىسى بېسىپ كەتتى. جامەنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى مەيدانغا ئۇلۇغ گۈلخان يېقىلغانىدى. جەندە ــ كۇلاسى ھەيۋەتلىك، كۆزلىرى قان تولغان پىيالىدەك قىزارغان مامۇت قۇرغۇي ياقىسىنى يىرتىپ، مۇڭگۈز ساپلىق ئىككى ساپايىنى پەرياد بىلەن سوقۇپ، گۈلخاننى ئايلىنىپ تەلقىن ئېيتىۋاتاتتى:

قۇدرەت بىلەن بەردىڭ جان،
چىلتەن ــ چىلتەن ئەمەسمۇ.
چىلتەن دەرۋىش ئەمەسمۇ،
چىلتەنلەرنىڭ دۇئاسى،
مۇشكۇل ــ ئاسان ئەمەسمۇ.
مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىل،
پەزلىڭ بىرلە ئادا قىل!

مامۇت قۇرغۇي توختىغان ھامان، پوستەك جۇۋىسىنى تەتۈر كىيگەن قۇتلۇق ئەپەندى ئەتراپتىكى ئادەملەر بىلەن ھەلقە بولۇپ جەھرە سېلىشقا باشلىدى:

ئىلاھا ھەرىققە نۇر ئەتكەن.
مېنىڭ كانۇ زابانىمنى.
ھەممە دەردمەنگە كۆرسەتكىن،
بۇ كۆيگەن ئۇستىخانىمنى.
يائالLادوست، يائاللا،
ھەق دوست يائاللا!

مەن قەلەندەر شاھىمەن،
ئالەم ماڭا ۋەيرانىدۇر.
پايتەختىم گۈل خېنىم،
ئوردام قەلەندەر خانىدۇر.
يائاللا دوست، يائاللا،
ھەق دوست يائاللا!

ھەش ـ پەش دېگۈچە گۈلخان ئەتراپىغا قىم ـ قىم ئادەم توپلاندى. ئۇلارمۇ ھەلقە ـ ھەلقە بولۇپ جەھرىگە قوشۇلدى. مامۇت قۇرغۇينىڭ ئاغزىدىن ھىڭگان تۆگىدەك كۆپۈك چاچرىتىپ، خۇدىنى يوقاتقان ھالدا تەلقىن ئېيتىشى كىشلەرنى ئۆزىگە تارتقانىدى. ئاستا ـ ئاستا يىغا ـ زارە كۆتۈرۈلدى، كىشلەرنىڭ قەلبى ئېرىپ، جىسمى بوشاشقانىدى. مامۇت قۇرغۇي تەلقىن ئېيتىپ، ساپايى سوقۇپ يۈرۈپ ئەتراپتىكى كىشلەرنى بايقىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە تۇنجى سەدىقىنى جايىدا ئالالىسا، كېيىنكى ئىشلار ئوڭاي يۈرۈشۈپ كېتەتتى. ئاخىر ئۇ بېشىغا كەمچەت تۇماق، ئۇچىسغا كۇچا كۆرپىسىدىن كەڭ ياقا تۇتقان دراپ پەلتو كىيىۋالغان سالاپەتلىك بىر ئادەمنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ شاققىدا توختىدى. مامۇت قۇرغۇي خاتا تونۇمىغانىدى. بۇ سالاپەتلىك ئادەم تىللا سارىيىنى ئىلكىگە ئالغان ئالتۇن سودىگىرى ئىدى.

ـــ باي ئاتا، پېقىرلارغا ئۇۋال بولدى! ـــ دېدى مامۇت قۇرغۇي ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ـــ مۇسۇلمانلارغا يامان بولدى!

ھېلىقى ئادەم ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ دېدى :
— تەقسىر، خىزمەتلىرىگە تەييارمىز...
— باي ئاتا، خۇداغا سېغىنىش كېرەك، پېقىرلارنى قۇتقۇزۇش زۆرۈر!
— تەقسىر، بۇ يولدا قولۇمدىن كېلىدىغاننى قىلىشقا تەييارمەن!
— باي ئاتا، سەدىقە بالانى قايتۇرىدۇ، سەدىقە بېرىڭ، نەزىر ئۈ-چۈن بىر كالا...
— كالا ئاپلانسۇن، تەقسىر، مانا ئالسىلا، كالىنىڭ خۇنى ھېسابىغا پۇل بېرەي، — باي يانچۇقىدىن ئون سوملۇق تىللادىن بىرنى ئېلىپ ئۇزاتتى.
مامۇت قۇرغۇي تىللانى ئالدى، ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىدا قويۇپ قو-لىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۈنلۈك، قاپىيىلىك، رىتىملىق ھالدا ئىشتىياق بىلەن دۇئا ئوقۇدى :

— تىلاۋەتى قۇرئان، خۇشنۇزى راخمان.
تىلاۋەتى قۇرئانىنىڭ ساۋابىنى،
خەيرى ـ ئېھسانلارنىڭ ساۋابىنى،
بىز ئۈچۈن غەمخور بولغان ئىككى ئالەم ئاپىتابى —
جانابىي مۇھەممەت مۇستاپا سەللاللاھۇ—
ئالى ۋەسسەللەمگە تۆھپە ھەدىيە قىلدۇق.
پېقىر، يوقسۇللارغا نىجات بولسۇن،
بىمارلارغا شىپا،
قىبرىلارغا ئىمان،
ياشلىرىمىزغا ئۈمىد،
خوتۇن ـ قىزلارغا شەرمى ـ ھايا،
پەرزەنتلىرىمىزگە ئىنساپ ـ تەۋپىق،
مەھبۇسلارغا نىجات،
دىنى ئىسلامغا قۇۋۋەت ـ مەدەت بولسۇن!
ئامىن!... ئامىن دەڭلار ياخشىلار! بېرىڭلار ياخشىلار!

— سەدىقە بالانى يەر، تووا گۇناھىنى! ئامىن دەڭلا، ياخشىلار! دۇ-ئا ئىلىڭلار، ياخشىلار! سەدىقە بېرىڭلار، ياخشىلار! — ئۇ يەنە ئىككى يانغا ئۆزىنى ئۇرۇپ تەلقىن ئوقۇدى:

دۇئاغا يارى بەرسە ھەر مۇسۇلمان،
ئۆلەر ۋاقتىدا تاپقاي نۇرى ئىمان.
دۇئادىن يۈز ئۆرۈگەن خار بولغاي
مەھشەر كۈندە يۈزى قارا قوپقاي!

مانا شۇ جانلىق، تەسىرلىك، ۋەھىملىك دۇئادىن كېيىن بېرىش ئەۋج ئالدى:
— تەقسىر، نەزىر ئۈچۈن پېقىر ئون چارەك گۈرۈچ...
— تەقسىر، مەن بەش چارەك ئۈن ...
— تەقسىر، مەن بىر يۈز ئەللىك نان...
— مەن ئون سەر تەڭگە ...
— مەن بەش سەر ...
بەزىلەر شۇ يەردىلا ئۇستىدىكى چاپىنىنى سېلىپ مەيدانغا تاشلى-دى... شۇ ئارىلىقتا بىرەيلەن مامۇت قۇرغۇيغا جامەگە كىرىپ ئۇ يەردىكى جامائەتنىمۇ قوزغاپ بېقىشنى ئېيتتى.
چىلتەنلەر جامەگە يۈزلەندى. ئۇزاقتىن - ئۇزاق سوزۇلغان ھەلقە، سىلىنىۋاتقان جەھرە، چىقىرىۋاتقان يىغا - زارە شۇ پېتى جامەگە كى-رىپ كەلدى. جامائەت ئورنىدىن تۇردى، چىلتەنلەرگە يول بوشاتتى. ماموت قۇرغۇي ھەلقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساپايى سوقۇپ، تەلقىن ئېيـ-تىپ، مىھراب تەرەپكە قاراپ سىلجىدى. ئۇ بايىقىدىنمۇ بەكرەك خۇدى-نى يوقاتقان، تەلۋىلەشكەندى. بەدىنى چىلىق - چىلىق تەر بولۇپ، باش - كۆزىدىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلەتتى. ئىشق بىلەن ئۇزمەي سوققان ساپايى چاپىنىنىڭ ئىككى مۈرىسىنى تىتىۋەتتى. جانلىق، مۇڭلۇق ئېيتىلغان تەلقىنلەرمۇ بىر - بىرىدىن كۈچلۈك، تەسىرلىك

ئىدى. ئۇ مېھرابقا يېقىنلاشقاندا چەر ئۇرۇپ، نالە قىلىپ، تۆۋەندىكى تەلقىننى ئوقۇدى:

بى ھەمدىللا ئايا دوستلار،
خۇدايۇ بىرى بارۇم بار.
مۇھەممەد مۇستاپا ئاتلىق،
مېنىڭ پۇشتۇ پاناھىم بار.
يائاللا دوست، يائاللا،
ھەق دوست، يائاللا!

موللا، ئۆلىمالار، قارىي ـ قۇرئانلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ماموت قۇرغۇي چوڭ بىر ھەلقە بىلەن قىيانىدەك بېسىپ مېھرابنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاخۇنلار غۇدۇراشتى، مەۋلۇتنىڭ بۇزۇلغانلىقىغا نارازى بولۇشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپرەك غۇدۇراپ، ئوت قويرۇقلۇق قىلىۋاتقىنى يەنىلا دانىش ئىمام ئىدى. ئۇ ھازىر ھاپىز جويجاڭنىڭ ھىماتى بىلەن مۇشۇ جامەدە مۆتىۋەرلىك قىلىپ يۈرەتتى. بايا تەپسىر ئېيتقان كۆزەينەكلىك خاتىپ ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ماموت قۇرغۇيغا ئاچچىقلىدى:

— ھەي، ئەخمەق دەرۋىش! ساپايىڭنى خانىقادا سوقماي، نېمە دەپ بۇ يەرنى قالايمىقان قىلىسەن؟!

ماموت قۇرغۇي پىسەنت قىلمىدى، ساپايىنى سوقۇپ تۇرۇپ كىنايە بىلەن مۇنداق دېدى:

— تەقسىر، ھەممە دانىشمەنلەر بىلەن ئاقىلدارلار بىر يەرگە يىغىلىپ قالسا جېدەل ـ ماجىرا چىقماي قالمايدۇ. شۇڭا، بىزگە ئوخشاش ئەخمەقلەرمۇ ئارىلىشىپ كەلمىسە بولماس!...

خاتىپ گەپ قىلالماي تېپىرلاپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى ئىشقا چۈشتى، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە قادالدى. بەختى سىرىق بىلەن تۇرەك ھۈرپىيىپ ئالدىغا چىقتى، ئۇ تەرەپتىنمۇ ئىككى ـ ئۈچ يىگىتلەك تالىپلار دولىسىنى چىقاردى. ئەھۋال

جىددىي ئىدى، ئەگەر يىگىننىڭ ئۈچى تەگسىلا مۇشتىلاش يۈز بېرى-
دىغاندەك قىلاتتى. شۇ پەيتتە، سەيداجىمنىڭ ۋىجىك بەستى توپنىڭ
ئالدىدا پەيدا بولدى:

— جامائەت، سەۋرلىك بولايلى! — دېدى ئۇ قالايمىقانلىشىپ
كەتكەن كىشىلەرگە قاراپ، — ھەممىمىز بىر مۇسۇلمان، ھەممىمىز
ئاللا يولىدا، مۇھەممەد پەيغەمبەر يولىدا زىكرى - سۆھبەت قىلىۋاتى-
مىز. بىر - بىرىمىزدىن ئۇركۈمەيلى، ئۆزئارا ئاچچىقلانمايلى. دۇنيادا
ئاچچىق يۇتقاق ئۇلۇغ. جانابىي پەيغەمبىرىمىز: «ئاچچىق دېگەن بىر
چوغدۇر، بەس، سىزلەردىن بىرىڭىزلارنىڭ ئاچچىقى كەلسە، ئۆرە
تۇرغان بولسا ئولتۇرسۇن، ئەگەر ئولتۇرغان ھالدا ئاچچىقى كەلسە،
يېنىچە ياتسۇن.» دەيمىشتۇر. ھاسىل كالام، ئاچچىقنى بىر ئىلاج قىلى-
لىپ ئۆچۈرمىسە ئىنساننىڭ ھەممە ياخشىلىقلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ،
بەزەن ئىماندىن ھەم ئايرىپ قويىدۇ!...

سەيداجىمنىڭ سۆزى تېز ھەم كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بەختى
سىبرىق بىلەن تۇرەك بولسا قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن
ئۆزلىرىنى ئارقىغا ئالدى. ھېلىقى تالىپلارمۇ ھورىدىن چۈشتى. دانىش
ئىمام سەيداجىمغا يەر ئاستىدىن ئالىيىپ قاراپ قويىدى.

مامۇت قۇرغۇي يەنە ساپايى سوقتى، تەلقىن ئوقۇدى، ئەتراپتىكى-
لەر جەھرە سالدى، بىر ئايلىنىش تۈگىگەندىن كېيىن مامۇت قۇرغۇي
جامائەتكە مۇراجىئەت قىلدى:

— ئەي مۆمىنلەر، ئاللادىن ئەيمىنىڭلار، ئۇ دۇنيالىقىڭلارنى
ئويلاپ، يېتىم - يېسىر، غېرىب - مىسكىنلەرگە رەھىم - شەپقەت قى-
لىڭلار، مۇساپىر - مۇجاپىرلارغا يار - يۆلەك بولۇڭلار، ئامىن!...
سەدىقە بېرىڭلار، ياخشىلار، سەدىقە بېرىڭلار!...

«تاما - تاما كۆل بولار» دېگەندەك، جامائەتتىن يەنە نۇرغۇن سە-
دىقە يىغىلدى، بۇ قېتىم پۇل كۆپرەك چۈشتى. سەدىقە بېرىش تۈگى-
تىغاندىن كېيىن قۇتلۇق ئەپەندى ئىختىيارسىز ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ
ئەتراپىدا تۇرغان نەچچە يۈز ئادەمنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالمىدى. ئۇ-

نىڭ ئوقۇتقۇچىلىق غۇرۇرى قوزغىلىپ سۆز خۇمارى تۇتـقانىدى. ئـۇ بېسىق، لېكىن ياڭراق ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— جامائەت، بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانىسى ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرانىدۇر؛ جاھالەت ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، سەئىي ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. ھازىـر باشقا مىللەتـلەر ئىلـىم ـ مەرىپـەت ساھەسىدە ھاۋادا ئۇچماقتا، سۇنىڭ تەكتىـدە ئۈزمەكتـە. ۋەھالەنكـى، بىز بولساق سۇسلۇق ۋە بىكارچىلىق بىلەن ئۆمرىمىزنى زايە قىلىۋاتـىمىز، ھەمدۇسانا، شۈكرى ـ قانائەت بىلەن ئۆزىمىزنى بەزلەپ ئالداۋاتىمىز، غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىۋاتىمىز! ئۇيقۇ — ئۆلۈمـنىڭ مۇقـەددىسى. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم بولىدۇ. ئۇيقىمىزنى ئاچايلى، جامائەت! ئويغىنايلى!

قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ سۆزى مېھراب يېنىدا تۇرغان ئۇزۇن تونلۇق، يوغان سەللىلىك بىرنەچچەيلەننىڭ دىتىغا ياقمىدى. ئۇلار كۆزلىرىنـى ئالايتىپ، باشلىرىنى سىلكىپ، ئۆزئارا كوتۇلدىدى، يامانلىدى، قۇتلۇق ئەپەندىگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ تەنە گەپلەرنى قىلىشتى. لېكىن، كۆتـۈلمىگەن يەردىن سەيداجىم ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ چىقتى، ئۇنـىڭ ھاياجانلىق، ناتىقلىق بىلەن قىلغان سۆزى ھەممەيلەنـنى ھەيران قالدۇردى:

— شۇنداق، جامائەت! ئىلىم ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزلىرى غايەت ئـۇسـتۇندۇر. بىلىمسىزلارنىڭ قاراڭغۇ كېچىسىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئىلـىم يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەش لازىم. ئۇلۇغ شائىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىمۇ: «ئىلىم — كۆمۈكلۈك خەزىنە ئەمەس، جانلىق دەرەخـتۇر. ئۇ — ئۆسۈشى، چېچەكلىشى، مېۋە بېرىشى كېرەك» دېگەن. يەتتە ياشتىن يـەتمىش ياشقىچە ئىلىم تەلەپ قىلماق پەرز! جـامائەتنـىڭ ئېسىـدە بولسـا كېرەك، 1936 ـ يىـلى شەھىـرىمىزدە ئابلا داموللام بـاشچىـلىقىـدا «ئىلاھى مادارىـس ۋە ماساجىـدى ھـەيئىتى*» دېگەن بىر جەمئىيەت

* مەدرىسە ۋە مەسچىتلەرنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى.

قۇرۇلۇپ، موللا ـ ئۆلىمالىرىمىز مەيلى ئەخلاق، مەيلى ئىلىم جەھەتتە
تازا راۋاج تاپقانىدى. ئۇلار كىشىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلماي، دىنى-
مىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، پاكلىقىنى قوغدىغان، ئىلىم ـ مەرىپەتنى ئۇلۇغ-
لىغان. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بەزى موللا- ئۆلىمالىرى-
مىز: «ئەرەبى شەكەرەس، پارسى ھەسەلەس، تۈركى بەكەرەس»
دەپ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى، مۇقەددەس ئېتىقادىنى يەرگە ئۇرۇۋاتىدۇ.
ئاللىقانداق كىشى بىلمەس ئەرەب، پارس تىللىرى بىلەن ئۆزىنىمۇ،
مۆمىنلەرنىمۇ ئالداۋاتىدۇ! جامائەت، بۇ ئالەم سەۋەب ئالىمى. ھەرقانداق
نەرسىنى بىلمەي قىلغاندىن بىلىپ قىلغان ياخشى. ئويلاپ بېقىڭلار،
بالا گەردان بىلەن نەخشۇەن پىرىم مەدەتكار بولغان بۇخارا شېرىپ،
ئۆزىنى دۇنيادا ھەممىدىن ئۈستۈن ھېسابلايدىغان ئىمىر ھاكىمىيىتى
ئاخىر نېمە بولدى؟ ئۇلار ئۆزىنى ھەرقانچە كۆتۈرۈپ:

بۇخارا قۇۋۋەتى ئىسلامى دىنەست، *
سەمەر قەندىسەيقەلى رويى زەمىنەست. **

دەپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىر ئىلىم ـ پەندە تەرەققىي قىلغان يات
مىللەتلەر تەرىپىدىن گۇمران بولۇپ كەتتى. پەيغەمبىرىمىزمۇ: «ھەم-
مە ئىشتا ئاۋۋال سەۋەب قىل، ئاندىن خۇدا يولىدا دۇئا قىل» دەيدۇ.
بىر كۈنى بىر ئەرابى پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ئىش بىلەن كەلگەندە، پەي-
غەمبەر ئۇنىڭدىن: «ھەي ئەرابى، ئاتلىق كەلدىڭمۇ، پىيادىمۇ؟» دەپ
سوراپتۇ. ئەرابى: «تۆگە بىلەن كەلگەنىدىم، ئى روسۇلىللا، تۆگەمنى
خۇداغا تاپشۇرۇپ قويۇپ بۇ يەرگە كەلدىم» دېگەندە، روسۇلىللا:
«ھەي ئەرابى، خۇدا سېنىڭ تۆگەڭگە قارايدىغان سارايۋەن ئەمەس!
ماڭ چىق، تۆگەڭنى ئاۋۋال چىڭ باغلاپ قويۇپ، ئاندىن خۇداغا تاپ-

* بۇخارا ئىسلام دىنىنىڭ كۈچ ـ مادارى.
** سەمەرقەنت يەر يۈزىنىڭ نۇر ـ جۇلاسى.

شۇر! » دېگەنىكەن. تەقسىرلىرىم، پەيغەمبىرىمىز مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى. ئۇ ھارماي ئۆگەنگەن «ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن چىنغا بارساڭمۇ» مەيلى » دېگەن. بىزمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئوقۇيلى، ئىلىم ـ پەن ئۆگىنەيلى. ئىلىم ـ پەننىڭ خاسىيىتى كۆپ. «كۈچى بار تاغقا چىقار، ئەقلى بار كۆككە» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان! ــ سەيداجىم سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يېقىندا يازغان شېئىرىنىڭ تۆۋەندىكى بىر كۇپلېتى بىلەن تاماملىدى:

جاھاننى سەل باسسا تەرەپ ـ تەرەپتە،
بولارمىش ئېشەكنىڭ غېمى ھەلەپتە.
ئەگەر سەن مۇسۇلمان بالىسى بولساڭ،
ياشىما ئېشەكتەك شەخسىي تەلەپتە.
..................................

جامائەت يېنىك تەۋرەشتى. سەيداجىمنىڭ سۆزى خۇددى تىنىق سۇغا ئاتقان مەرمەرتاشتەك قاتمۇقات دولقۇن پەيدا قىلغانىدى. جاماـ ئەت باركاللا ئېيتتى، ئاپىرىن ئوقۇدى. ئەمما، بىر قىسىم موللا ـ ئۆـ لىمالار ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزىگە ئەكەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى شېـ ئىرى ئۇلارنىڭ يىغىرىغا تەگكەنىدى. ئۇلار ئاشكارا گەپ قىلماي، ئۆز ئىچىدە غۇدۇراشتى، چېچىلدى، چىچاڭشىدى، ئەڭ قاتتىق چىچاڭشىـ غىنى يەنىلا دانىش ئىمام بولدى. ئۇنىڭ قارامتۇل يۈزى ئىزا ـ ئەلەمـ دىن خۇددى پۈتىدىكى شالۋۇر مەيسىنىڭ قونچىدەك پۈرلىشىپ كەتـ تى. «سەن زۇۋاندارنىڭ ئەمدى پەيمانى توشۇپتۇ! ــ دېدى ئۇ سەيداجىمنى قارغاپ، ــ ئەلھەزەر، مۇستاپا، بۇ دۇنيالىقنىڭ ئاسىي گۇناھكار، ئۇ دۇنيالىقنىڭ دوۋزىخى بولىدۇ! سەن ئاپئاشكارا قىزىل

پاچاقلارنىڭ گېپىنى قىلدىڭ. قاراپ تۇر. ئەلھەزەر ـ مۇستاپا، ئەمدى ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىلمىغىنىنى كۆرەي!...»

دانىش ئىمام شۇ خىياللار بىلەن ئولتۇرغاندا ئارقا تەرەپتىن تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاۋاز بوش بولسىمۇ، قوغۇشۇندەك ئېغىر ئىدى:

— تەقسىر، ئەمدى بۇ ئىشتىن قول ئۈزسىلە، يامانلىقنىڭ يولى يېنىك، ياخشىلىقنىڭ يولى ئېغىر. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بەكمۇ يېنىكلىك قىلىپ، ئاخىر ئۆزلىرىمۇ رەسۋا بولدىلا...

دانىش ئىمام چۆچۈپ ئارقىغا قارىدى، بەختى سېرىق ئۇنىڭغا بېگىزدەك قادىلىپ تۇراتتى. ئۇ خېلىدىن بېرى دانىش ئىمامنى كۆزدىن قاچۇرماي، ئۇنىڭ ھەربىر ئۇششاق ھەرىكەتلىرىگىچە كۆزىتىپ، كۆڭلىدىكى ھارام خىياللىرىنى بىلىۋالغانىدى. دانىش ئىمام دەسلەپ تونۇيالماي چەكچىيىپ قالدى، بەختى سېرىق بېشىغا قاغىلىقنىڭ ئېگىز قارا كۆرپە تۇمىقى، ئۇچىسىغا ئۇزۇن پاختىلىق مەللە چاپان كىيىپ، بېلىنى كاشا بىلەن باغلىۋالغانىدى. سېرىق ساقال ـ بۇرۇتلىرىمۇ ئۆسۈپ گىجىكلىشىپ كەتكەنىدى. دانىش ئىمام كۆزىنى چىمىلدىتىپ، ئۇنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىچە ئۇزاق قارىدى:

— سەن ... سەن زادى كىم؟ — دېدى ئۇ ئاخىر تەئەججۇپ بىلەن.

— ھازىرچە مېنى بىلمەي تۇرغانلىرى ياخشى، تەقسىر، — دېدى بەختى سېرىق ئۇنىڭدىن سەل يىراقلاپ، — بولمىسا، مېنىمۇ ھاپىز جۇيجاڭغا چېقىپ ئاۋارە بولۇپ قالىلا. ئۇ چاغدا بىزمۇ سىلىنى يەنە بوش قويمايمىز! ئۆتكەندە رەسۋا بولغان بولسىلىرى، بۇ قېتىم شەرمەندە ـ شەرمسار قىلىۋېتىمىز!...

دانىش ئىمامنىڭ چىرايى دەسلەپ تاتىرىپ، كېيىن قارىدى،

ئۆتكەندە بېشىغا كەلگەن رەسۋاچىلىقلارنى ئويلاپ، پۇت - قولى تىتى-رەپ كەتتى. شۇنداق تۇرۇپمۇ، ئۇ ھازىر ئۆزىگە تەھدىت سېلىۋاتقان ئادەمنى ئەسلەشكە تىرىشتى. ئاخىر بەختى سىرىق يېنىدىن كەتكەن-دىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايى بىلەن ئاۋازىنى تونۇپ ئېسىگە ئالدى.

كەچقۇرۇن چىلتەنلەر قايتتى. شورباغدىن ئەكەلگەن ئۈچ كالا ھارۋىسى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن كىيىم - كېچەككە تولدى، ھارۋىنى ھەيدەپ ماڭغان دېھقان يىگىتلەرنىڭمۇ بۇگۈن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەندى.

3

دانىش ئىمام ئەتىسى ئەتىگەندىلا ھاپىز جۇيجاڭغا خەۋەر يەتكۈز-دى. جۇيجاڭ ئۇنىڭ ھەممە گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن سو-رىدى:

— ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى راستمۇ، تەقسىر؟

— ئەلھەزەر، مۇستاپا، ھەممىسى بەرھەق! — دېدى ئۇ ئىككى قولى-نى كۆكسىگە ئېلىپ، — ئۇ يەردىكى سىر - ئەسرانى ئۆز كۆزۈم بى-لەن كۆردۈم، خوجام!

— قۇتلۇقنىڭ بارلىقىمۇ راستمۇ؟


— راست، خوجام، ئەلھەزەر، مۇستاپا، راست، مەن ئۇنى تونۇمايدىكەنمەن ۋە لېكىن ئۆتكەنكى نامايىشتا ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىكىنى كۆرگەنلەر ماڭا كۆرسىتىپ قويدى.

— ھە ... — ھاپىز جۇيجاڭ بارمىقى بىلەن ئۇستەلنى چېكىپ بىر ھازا خىيال بىلەن ئولتۇردى، كېيىن «لىككىدە» ئورنىدىن تۇرۇپ دانىش ئىمامنىڭ يېنىغا كەلدى، — تەقسىر، ئوبدان ئىشلەۋاتىلا، ئە-

جىرلىرى ھەرگىز يەردە قالمايدۇ. بۈگۈنكى خىزمەتلىرى ناھايىتى ياخشى بولدى. قالغان ئىشنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن. ھە ... سەيداجىم مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ يەنىلا ئۆلۈك يولۋاس، تەقسىر، قاچان بولمىسۇن چاڭگىلىمىزدا. ئېسىڭلاردە بولسۇن، قارماقنىڭ يىپى ئۇزۇن بولسا، بېلىقنىڭ چوڭى ئىلىنىدۇ!

ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە سەيداجىمغا ئالدىراپ تەگكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى، سەيداجىمنىڭ شەھەر- دىكى تىجارەتچى - كاسىپ، نامى بار سودىگەرلەر ئارىسىدىكى ئابرۇ- يىنىڭ چوڭلۇقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يىراق - يېقىندىن كېلىپ ئو- قۇۋاتقان يۈزدىن ئارتۇق سەرخىل تالىپلارنىڭ ئۇنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ھىمايە قىلىدىغانلىقى ھاپىز خوجىغا مەلۇم ئىدى.

دانىش ئىمام تىلىنى چايناپ قالدى. ھاپىز جۈيجاڭ كىمدۇر بىرى بىلەن تېلېفوندا ئۇزاق سۆزلەشتى، ئارقىدىن بېشىغا مويلىرى يەلپۈ- نۈپ، ۋاللىداپ تۇرغان بۇلغۇن قۇلاقچىسىنى كىيىپ ئالدىراشلا خوشلاشتى.



## ئون يەتتىنچى باب

# توغراقلار چاۋاك چالىدۇ

ئىتتىپاق باغلىرىدا مېۋىلەر پىشار،
ئىختىلاپ تاغلىرىدىن ۋەھشىيلەر قاچار.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

شورباغنىڭ قۇمساڭغۇ يولىدا ئۈچ هارۋا غىچىرلاپ كەلمەكتە. كاللارنىڭ تۈكلىرىدىن تارتىپ دانە - دانە ئۇزۇن كىرپىكلىرىگىچە ئاپئاق قىرو باغلىغان، ئۇنىڭ يوغان، يالتىراق بۇرنىدىن پۇرقىراپ هور كۆتۈرۈلمەكتە. سالپا - سۇلپاڭ كيىملەرنى كيىۋالغان هارۋىكەشلەر تاياق - قامچىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، تۇمشۇقلىرىنى خۇددى كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك بىر ياققا قىيسايتىپ، دۈگجۈپ - دۈگجۈپ ماڭماقتا. هەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان مامۇت قۇرغۇينىڭ مېڭىشى مەردانە، ئۇ قوللىرىنى غۇلاچلاپ سېلىپ، يۇڭلۇق مەيدىسى بىلەن سوغۇقنى يېرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سالۋاراپ تۇرغان قويۇق، گىجەك ساقال - بۇرۇتىغا خۇددى سۈزۈك مەرۋايىتتىن تىزىق ئاسقاندەك مۇز دانچىلىرى كېسىلىپ قالغانىدى...

ئۇلار پېشىن بولغاندا شورباغنىڭ ئۇزۇن، زېرىكەرلىك يولىنىڭ يېرىمىنى تۈگىتىپ ئۆتەڭگە چۈشتى، كاللارنى چىقىرىپ يەم بەردى، ئۆزلىرىمۇ غىزالاندى، ئاز - تولا هاردۇق چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن يەنە يولغا چۈشتى. ئۇلار ئەمدى مېڭىپ تۇرۇشقا ئارقىدىن يەتتە -

سەككىز ئاتلىق دۈكۈرلەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەستلىك، گىروي يىگىتلەر ئىدى، قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلار چاپچىپ، پۇشقۇ-رۇپ تۇراتتى. ئۇلار ھارۋىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئاتلىرىنى توختاتتى. ئاق قاشقىلىق قارا ئارغىماق مىنگەن، بېشىغا تۈلكە تۇماق، ئۈچىسىغا جۇۋا كىيگەن بىر يىگىت مامۇت قۇرغۇيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

— شەيخىم، يول قاياققا؟

مامۇت قۇرغۇي ئېرەنسىزلا جاۋاب بەردى:

— شورباغقا، يىگىت.

— ھارۋىلاردىكى نېمە ئۇ؟!

مامۇت قۇرغۇيىنىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى:

— نېمە بولاتتى، يۈك!

يىگىتنىڭ قاشلىرى يىمىرىلدى، ئات بىر يەردە تۇرماي چاپچىپ، تۇياق ئۇرۇپ، تىزگىن سىيرىيتتى.

— ھە! ... — دېدى يىگىت ئاۋازىنى غەلىتىرەك چىقىرىپ، — ھەمدەم بەگنىڭ ماللىرى ئىكەن ـ دە!

— يوقسۇ! — دېدى مامۇت قۇرغۇي ئالدىراپ، — بۇنىڭدا ھەمدەم بەگنىڭ ھەققى يوق!

— ئالدىرىمىسىلا... — يىگىتنىڭ ئاۋازى بىردىن جىددىيلەشتى، — ئۆزلىرى ھەمدەم بەگنىڭ شەيخى بولىدىغۇ دەيمەن، بىز: «ئۇنىڭ يېقىن بىر شەيخ ئۆلپىتى بار» دەپ ئاڭلىۋىدۇق، ھەي!... نەگىلا بارسا بىر ئەسكى تۇماققا بىر سېسىق كاللا خېرىدار بولىدىكەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟! دېمەك، بۇ يۈكلەر ھەمدەم بەگكە بارماي نەگە بارار؟ ... — ئۇ جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى سىلكىپ ئېچىۋەتتى، بېلىگە ئىككى تاپانچا قىستۇرۇلغان، ئوقدانلار ئىككى يەلكىسىدىن چاپراس ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئۇ يېنىدىكى ئىككى ئاتلىققا ئىشارەت قىلدى، — ئاختۇرۇڭلار!

ئۇلار ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى، ھارۋىدىكى يۈكلەرنى بىرمۇبىر

تەكشۈردى، ئاندىن :
— ھەممىسى ئۈن - گۈرۈچ، رەخت - پەخت ئىكەن، باتۇق سىد-لىك! — دېدى ھۆرمەتتە تۇرۇپ.
«باتۇق سىلىك» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ مامۇت قۇرغۇينىڭ كۆڭلى «ۋاللىدە» يورۇدى. ئۇ خۇش بولۇپ بىرنەرسە دېيىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۈمەللىۋىدى، باتۇق :
— شەيخنىمۇ ئاختۇرۇڭلار! — دېدى.
مامۇت قۇرغۇي تۇرۇپلا قالدى، كۆڭلىدىكى بايىقى خۇشاللىق تە-ئەججۇپكە ئايلاندى. ئىككى يىگىت ئۇنى تارتقۇچلاپ قوپاللىق بىلەن ئاختۇردى، قوينىدىن قوش مۇشتتەك بىر خالتىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ سورىدى :
— بۇ نېمە؟!
— پۇل! — دېدى مامۇت قۇرغۇي غەزەپ بىلەن، — ئالتۇن - كۈمۈش!
ھېلىقى يىگىت خالتىنى ئاچتى، ئۇنىڭدا راستىنلا ئىككى - ئۈچ تىللا بىلەن بىرەر يۈزدەك كۈمۈش تەڭگە بار ئىدى. باتۇق ھەمراھ-لىرىغا ئېيتتى :
— بۈگۈن ھەمدەم بەگ يولىمىزنى قىسقارتتى، ئاغىنىلەر، نېسىۋى-مىزنى يول ئۈستىگە چىقىرىپتۇ. بۈگۈنچە مۇشۇ يەردىنلا قايتىدىغان بولدۇق!...
ئاتلىقلار گۇدۇڭلاشتى :
— ئاپلا، بۈگۈن بەگنى راسا بىر غادىر - سۈكۈر قىلساق بولات-تى...
— باتۇق سىلىك خانىۋۇينى سىغىنماپتۇ - دە!...
— بولدى، كەتتۇق! — باتۇق ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇرىدى.
مامۇت قۇرغۇي غۇلاچ كېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى :
— باتۇق، سەن مېنى تونۇمايسەن، لېكىن مەن سېنى تونۇيمەن! بىز سېنى ئاق ليەنجاڭنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرغان، ھەممىمىزنىڭ نى-

يەت ـ ئىقبالى بىر...

— نېمە؟ ئاق لىيەنجاڭنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرغان؟! ھا ـ ھا ـ ھا!... — باتۇق مەسخىرە قىلغاندەك كۈلدى، — شەيخىم، ئۆزلىرى بىئاھارەت يېتىپ قېلىپ چۈشەكىگەن ئوخشايلا. پېقىر ئەزەلدىن ھېچكىمنىڭ قۇتۇلدۇرۇشىغا موھتاج بولغان ئەمەس!...

مامۇت قۇرغۇينىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى، باتۇقنىڭ گىدىيىشى، كۆرەڭ كۈلكىسى قاتتىق ھار كەلدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى باتۇققا بولغان غايىبانە مۇھەببەت بىردىنلا نەپرەت ۋە لەنەتكە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى باتۇق توغرىسىدا ھېچقانداق گەپنى ئاغزىغا ئالماي، ھارۋىنىڭ ئالدىنى توسۇپ كالىنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا يۆگىدى:

— ھارۋىغا چېقىلىشما! بۇ شورباغدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقان قېرىنداشلارنىڭ رىزقى! بۇنى بىز قان ـ تەرىمىز بىلەن يىغقان!

ئاتلىق يىگىتلەردىن بەزىسى مامۇت قۇرغۇينى مەسخىرە قىلدى:

— ۋاي قوۋۇرغام، سەن يىغقانمۇ تېخى!؟

— ئايلىنىپ كېتەي، چۈپۈر باشنىڭ ئەلپازىنى قارا!

— پايپاق ساقاللىرىڭدىن ئايلىناي، ھەمدەم بەگنىڭ ساقلاندىسى!

باتۇقنىڭ كىنايىلىك ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى:

— شەيخىم، بۇنداق «ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا» گەپلەرنى قويسىلا! مەن تېخى مازار ـ مەسچىتلەردە يۈرگەن چەلپەكچىلەردىن دېھقان قېرىنداشلارغا ئۆپكە قاقىدىغان بىرەر مەردنى كۆرۈپ باقمىدىم. چىرايلىقچە يولنى بوشاتسىلا!

مامۇت قۇرغۇينىڭ جەھلى قاتتى، جۇدۇنى ئۆرلىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ ۋارقىرىدى:

— قاراقچىلار! قېنى قايسىڭ ھارۋىغا تېگىدىكەنسەن، جېنىمنى تىكىپ قويدۇم!

باتۇقنىڭ يېنىدا تۇرغان چىپار ئاتلىق بىرى ئاق شىردەك ئېتىلدى:

— قارا، ماۋۇ ئۆلۈمتۈك قېرىنىڭ گېپىنى! سەندەكلەرنىڭ سېسىق

جېنى بىز ئۇچۇن بىر تېيىن، نېرى تۇر!
ئۇ ئېتىنى ئوينىتىپ كېلىپ قامچا شىلتىدى.
مامۇت قۇرغۇي بېشىغا قاراپ كېلىۋاتقان قامچىنىڭ ئۇچىنى «كاپ-پىدە» تۇتۇۋالدى، قولىغا يۆگەپ «شارتتىدە» تارتتى، چىپار ئاتلىق يىگىت يادەك ئېگىلىپ، ئاتتىن دۈم چۈشكىلى تاس قالدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن كۈچەپمۇ مامۇت قۇرغۇينىڭ سول قولىدىكى قامچىنى تارتىۋالالمىدى. چىپار ئاتلىق يىگىت مەڭدەپ قالدى. مامۇت قۇرغۇي مىيىقىدا كۈلۈپ قامچىنى قويۇۋەتتى. بىر گاڭگۇك يىگىتنىڭ مەسخىرىگە قېلىشى باتۇقنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى، ئۇ يىگىتلەرگە قاراپ ۋارقىرىدى:
— ئۇنىمۇ باغلاپ ئېلىپ مېڭىڭلار! كىم كۈچلۈك، كېيىن كۆرسىتىپ قويىمىز!
يەتتە يىگىت يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مامۇت قۇرغۇينى باغلىدى. ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ يۇلقۇنۇپ چىقىپ باتۇق بىلەن راسا بىر ئېلىشماقچىمۇ بولدى، لېكىن يەنە ئۆزىنى باستى، شورباغدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇلارنىڭ مۇشكۈلىنى كىچىككىنە بولسىمۇ يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ئابرۇيى، غۇرۇرى، ھەتتا جېنىدىن كېچىشكىمۇ رازى ئىدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا قۇتلۇق ئەپەندىنى شېپى كەلتۈرۈپ باتۇقنى نىيىتىدىن ياندۇرماقچى بولدى:
— باتۇق، قۇتلۇق ئەپەندىنى تونۇيدىغانسەن؟
— ھە؟ نېمە دېدىڭ؟ — باتۇق «شاققىدە» بېشىنى بۇراپ مامۇت قۇرغۇيغا تىكىلدى، — ئۇ مېنىڭ ئۇستازىم، لېكىن سەن ئۇنى قانداق تونۇيسەن؟!
— ئەلۋەتتە تونۇيمەن، بىز ھازىر ئۇنىڭ بىلەن «شېھىت مازار» دا بىللە تۇرىمىز...
— بىللە تۇرىمىز؟ — باتۇق دەسلەپ ھەيران بولدى، كېيىن گۇ-

مانلاندى، بۇ گەپلەرنى ئالدامچىلىق ھىيلىسى دەپ چۈشەندى، ــ شەيخىم، قۇتلۇق ئەپەندى سىلىگە ئوخشاش مازار ـ ماشايىخلاردا يېتىپ جان باقىدىغان پۈچەك ئادەملەردىن ئەمەس! سىلە كىملەردىندۇر ئاڭلىۋالغان بۇ ئىسىم بىلەن بىشىمنى قايتۇرىمەن، دەپ ئويلىمىسىلا!...

بۇ گەپلەر مامۇت قۇرغۇينىڭ غۇرۇرىغا تېخىمۇ قاتتىق تەگدى، ياخشى كۆڭۈل بىلەن ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچقانلىقىغا پۇشايمان يېدى، خورلۇق ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇ چىرايلىق گەپلەرنى قويۇپ بىردىنلا ئۇلارنى تىللىدى، ۋارقىرىدى. باتۇق دەسلەپ سۈكۈت قىلدى، كېيىن ئاچچىقلاپ قولىنى شىلتىدى:

ــ ئۇنىڭ ئاغزىنى جىملاڭلار!

ئىككى يىگىت ئۇنىڭ ئاغزىغا ئەسكى مازلارنى تىقىپ ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا مەھكەم باغلىۋەتتى.

باتۇق ئېتىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى:

ــ ئېلىپ مېڭىڭلار!

ئۈچ ھارۋىكەش ئىلاجسىز ھارۋىلىرىنى ئارقىغا ياندۇردى. سەككىز ئاتلىق ئۇلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئاللىقانداق سوقماق يوللار بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

## 2

ئىشىك «جالاققىدە» ئېچىلدى. قۇتلۇق ئەپەندى چۆچۈپ ئويغاندى، بەختى سىرىق قولچىرىغىنى ياندۇردى. بوسۇغىدا بىرى ھالسىراپ ياتاتتى. ئۇلار ئۇپۇل ـ توپۇل كىيىندى، بىمەھەل كەلگۈچىنىڭ بېشىغا ئولاشتى. بۇ ئۇلار بىلەن ئىككى كۈندىن بېرى بىر گە بولغان ھارۋىكەش يىگىت ئىدى.

ــ نېمە بولدۇڭ، نەدىن كەلدىڭ؟ ــ قۇتلۇق ئەپەندى ئالدىراپ سورىدى.

يىگىت قاتتىق چارچىغانىدى، كۆزلىرى ئېلىشىپ تۇراتتى.
— ئۇلار ... ئۇلار ... ھارۋىنى بۇلاپ كەتتى!
بەختى سىبرىق يىگىتنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ سىلكىدى:
— كىم؟ ... كىم بۇلاپ كەتتى؟!
يىگىت بىر قاچا ئىسسىق چاي ئىچتى، ئازراق جانلاندى، پۈتۈن ئەھۋالنى باشتىن - ئاياغ ئېيتىپ، ئاخىردا:
— مەن يېرىم يولغا كەلگەندە ھاجەت قىلغان بولۇپ قاچتىم! — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.
قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى، بىرمەھەل ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالدى. بەختى سىبرىق بىلەن تۇدى راجى تۇشمۇتۇشتىن باتۇقنى ئەيىبلەپ كەتتى:
— ئادەم بولامدىغان، ئىت!
— قارا، ئۇنىڭ ۋىجدانسىزلىقىنى!
— ئۆز گۆشىنى ئۆزى كەسكەنلىك ئەمەسمۇ؟!
— بۇلاڭچىلار!
— قاراقچىلار!
قۇتلۇق ئەپەندى ئۇزاق خىيالدىن كېيىن ئاخىر ئېغىز ئاچتى:
— توختاڭلار، يوق ئادەمنى تىللاۋەرمەڭلار! بۇ يەردە جەزمەن بىر ئۇقۇشماسلىق بار...
— قانداق ئۇقۇشماسلىق؟! — بەختى سىبرىق ئەلەم بىلەن غۇدۇ-رىدى، — ھەي! ... ئاران تاپقىنىمىز تۈگەپتۇ، يەنە ئىتتىن سۆڭەك-كە، چاشقاندىن كېپەككە قەرزدار بولۇپ يۈرىدىغان بولدۇق - دە!
— باتۇق شورباغقا بىكار كەلمەيدۇ، — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى خىيالچان ھالدا، — ئۇ جەزمەن ھەمدەم بەگنى پايلاپ كەلگەن. ھار-ۋىلاردىكى مال - مۈلۈكلەرنى خاتا ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن...
قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ پەرىزىنى ھارۋىكەش يىگىت ئىسپاتلىغان بول-سىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك، پۇل - پۇ-چەكلەرنىڭ ھەق جايىغا تەگمىگەنلىكىدىن قاتتىق جىلە بولۇشقان-

دى. بەختى سېرىق سەۋرسىزلەندى:

— ئەمدى قاراپ تۇرۇشنىڭ ئورنى يوق، ئىز قوغلاپ ئېلىشايلى!

تۇدى راجىمۇ ئۇنى قۇۋۋەتلەپ هارۋىكەشتىن سورىدى:

— قاراقچىلارنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

هارۋىكەش بېشىنى چايقىدى:

— بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، كۆنپېتىشقا قاراپ كېتىۋاتاتتى...

قۇتلۇق ئەپەندى ئورنىدىن تۇردى ۋە سالماق بىلەن مۇنداق دې-
دى:

— ئۇلارنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى مەن بىلىمەن...

تۇدى راجى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئۇنداق بولسا بەلەن گەپكەن، دەرھال قوغلايلى!

— ياق، — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ ئىشنى مەنلا بىر تەرەپ قىلاي، سىلەر ئاۋارە بولماڭلار. مەن ئۇلار-نىڭ ھەممىسى بىلەن تونۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئەمدى بۇنداق تې-رىق نېمىدەك چېچىلىپ يۈرۈۋەرسەك بولمايدۇ.

بەختى سېرىق بىرنەرسە دېمەكچى بولۇۋىدى، قۇتلۇق ئەپەندى قولى بىلەن بېسىپ قويدى:

— شۇنداق بولسۇن، مەن ماڭاي، سىلەر توغراقلىقتىكى گەمىدە يېتىپ تۇرۇڭلار. ماھۇت شەيخ بولمىغاچ، بۇ يەردە تۇرۇش بىئەپ-رەك...

قۇتلۇق ئەپەندى ئېتىغا قامچا سالدى. ئۇ «شېھىت مازار» دىن ئاي-رىلغاندا تۈن نىسپىدىن ئاشقانىدى.

ئۇ قومۇشلۇققا تاڭ ئېتىپ، كۈن تېشىلگەندە يېتىپ كەلدى. قو-مۇشلۇق ئۈستىدە نېپىز بىر قەۋەت سوغۇق تۇمان لەيلەپ يۈرەتتى. كۈن نۇرى تىكلەشكەنسېرى تۇمانلار تارقاپ قومۇشلۇق قىزىل سار-غۇچ نۇر ئىلكىدە جىلۋىلەندى. لېكىن ئۇ ئۆلۈكتەك تىمتاس ئىدى.

قۇتلۇق ئەپەندى ئات بىلەن قومۇشلۇقنى تۆگەل ئارىلاپ چىقتى، باتۇق ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، پەقەت ئۇ-

يەر ـ بۇ يەردە بىرنەچچە خۇمدانچى بىلەن بورىچىلار قومۇش ئورۇپ يۈرەتتى. قۇتلۇق ئەپەندى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى، ئەھۋاللاشتى، گەپ-نى ئەگىتىپ يۈرۈپ باتۇقلارنىڭ ئىز ـ دىرىكىنى قىلدى، ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇزۇلغان گەملەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمدى، ئويلىدى، ئەسلىدى. ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە دەسلەپ ئاتلارنىڭ دۈ-كۈرلىگەن ئاۋازى، سەپداشلارنىڭ خۇشال ـ كۈلكە سادالىرى ئاڭلان-غاندەك بولدى، كېيىن ئوقلارنىڭ ۋىژىلدىشى، گىراناتنىڭ پارتلىشى، ئادەملەرنىڭ قىيا ـ چىيالىرى پۈتۈن قومۇشلۇقنى قاپلاپ كەتكەندەك گۈرۈلدىدى. ئۇنىڭ مېڭىسى زىڭىلداپ كەتتى، يۈرىكى سىقىلىپ، ئىچى تىت ـ تىت بولدى. ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە ئۆزىنى باستى. بىر چاغدا گويا ئاسماندىن ۋەھيي چۈشكەندەك، ئۇنىڭ ئېسىدا بىر ۋاقىتلاردىكى سۆھبەت قايتا نامايان بولدى:

«ــــ سەردار، قومۇشلۇقتا ئاشكارىلىنىپ قالساق نەگە بارىمىز؟

ــــ قارىيكا، غەم قىلمىسىلا، بۇ يەردە ئاسانلىقچە ئاشكارىلانمايمىز!

ــــ ئالىمادىس ئاشكارىلىنىپ قالساقچۇ؟

ــــ ئۇدۇل ‹شەيتان غار› غا كېتىمىز!»

بۇ سۆھبەت ئۆز ۋاقتىدا، دەل مۇشۇ گەمىنىڭ يېنىدا، ئەخمەت سەردار بىلەن مەرھۇم جۈمە قارىينىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن، قۇتلۇق ئەپەندى بولسا ئۇنىڭغا شاھىت بولغانىدى. «دېمەك، ئۆتكەنكى ۋەقەدىن كېيىن ئەخمەت سەردار ئۇلارنى ‹شەيتان غار› غا باشلاپ كېتىپتۇ ـ دە. ئۇنداقتا، ‹شەيتان غار› نەدە؟!»

قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ خىياللىرى چىگىشلىنىپ كەتتى. ئاتنى يېتىلەپ خامۇش ماڭدى، يەنە ھېلىقى خۇمدانچى بىلەن بورىچىلارنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇلاردىن سورىدى، ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمىدى. ئۇ بىرھازا تىڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن يەنە ماڭدى، ماڭدى، كەچكە يېقىن بىر يېزىغا باردى، ئۆيمۇئۆي كىرىپ «شەيتان غار» نى سۈرۈشتۈر-دى، بۇ يەردىكىلەرمۇ بىلمەيتتى. پەقەت يېزىدىن قايتىپ چىقىپ، بىر كالتە سايدىن ئۆتلۈۋاتقاندا ئۇچرىغان قىرى ئوتۇنچى ئۇنىڭ باش ـ

كۆزىگە قاراپ قويۇپ، كۆڭلى سۆيۈنگۈدەك بىر گەپنى قىلدى:

— «شەيتان غار» دىن بىر زامانلاردا ئىشەكچىلىك قىلىپ يۈرۈپ ئۆتكەنىدىم، ئوغلۇم. كۈنپېتىشقا قاراپ ماڭىسەن...

قىرى ئوتۇنچى قايسى يول بىلەن بارىدىغانلىقىنى ئىنچىكە بەلگىلەرگىچە ئېيتىپ بەردى. قۇتلۇق ئەپەندى ئاتنىڭ بېشىنى بۇراۋېتىپ يەنە سورىدى:

— بوۋا، ھازىر ماڭسام قاچان يېتىپ بارارمەن؟

— ئېتىڭ يۈگۈرۈك بولسا تەراۋىھدىن يانغۇچە بارىسەن، ئوغلۇم.

ئۇلار خوشلاشتى. قۇتلۇق ئەپەندى ئېتىغا قامچا سالدى، ئۇزۇن پاچاق ئايغىر قۇلاقلىرىنى شىڭگايتىپ، بۆرە يۈرۈشى بىلەن يورغىلاپ يۈرۈپ كەتتى...

راست، بوۋاي ئېيتقاندەك، قۇتلۇق ئەپەندى «شەيتان غار» غا مۆلچەرلەنگەن ۋاقىتتا يېتىپ كەلدى. ئەتراپ كىشى ئەيمەنگۈدەك سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۆيدەك ــ ئۆيدەك دۈمبەللەر، كىچىك ئۆڭكۈرلەر ناھايىتىمۇ سىرلىق كۆرۈنەتتى. ھىلال ئاي ئۆلۈكتەك جىمجىت بۇ سىرلىق ماكانىنى خىرە ــ شىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. قەيەردىندۇر ھۇۋقۇشنىڭ ھۇۋلىغان شۇم ئاۋازى ئاڭلاندى...

قۇتلۇق ئەپەندى «شەيتان غار» نىڭ كىرىش ئېغىزىغا كېلىپ بىر پەس تۇرۇۋالدى. قارا تەرگە چۆمگەن ئايغىرمۇ پۇتلىرىنى چاپچىپ خارتىلدىدى. قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى، قوينىدىكى تاپانچىنى ئېلىپ بېلىگە قىستۇردى، ئاتقا يەڭگىل قامچا سالدى. يوغان ــ يوغان ئىككى دۈمبەل ئارقىدا قالدى. ئۈچىنچى دۈمبەلگە كەلگەندە يۈرىكىنى توختىتىپ، ئاتنى دېۋىتتى، لېكىن تۇيغۇن ئات چاپچىپ خارتىلداپ تۇرۇۋالدى. قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ ئېگىكى ئاستىدا خۇددى تۈلكە ماڭغاندەك يېنىك بىر شەپە ئاڭلاندى. ئۇ ئارقا ــ ئالدىغا قارىغىچە دۈمبەل ئۈستىدىن يوغان بىر گەۋدە ئاتقا ئۆزىنى ئاتتى. كۆزىنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە ئالدى تەرەپتىمۇ ئىككى گەۋدە پەيدا بولدى. ئارقا ــ ئارقىدىن سوئال سورالدى:

— كىم سەن ؟!
— يۈرىكىڭ ئىمانچە چوڭ ئىمە سىنىڭ ؟!
قۇتلۇق ئەپەندى ئۆزىنى مەلۇم قىلدى :
— مەن قۇتلۇق ئەپەندى، باتۇق بىلەن كۆرۈشمەن، بىرىپ دەڭلا!
بىرەيلەن قوپالغىنە ۋارقىرىدى :
— سىنى كىم تونۇيدۇ ؟! راستىنىڭنى ئېيت، بۇنداق كېچىدە بۇ يەرگە ئىمىگە كەلدىڭ ؟!
— راست گېپىم شۇ! باتۇق بىلەن كۆرۈشمەن....
بايا ئاتقا ئېسىلغان گەۋدە قۇتلۇققا سىنچىلاپ قاراپ بىر يەرلىرىنى تونۇغاندەك قىلدى، شۇنداقتىمۇ :
— ئاۋۋال كۆزىنى تېڭىپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرەيلى، — دېدى ئارىسالدىلىق بىلەن، — باتۇق سىلىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقمامدا!!
قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ تاپانچىسى تارتىۋېلىندى، كۆزى تېڭىلدى، بىرنەچچىنى پىرقىرىتىۋېتىپ ئاندىن ئىچكىرىگە ئېلىپ ماڭدى. باتۇق ئاغزى تاش بىلەن ئېتىلدىغان چوڭقۇر ئۆڭكۈردە ئۇخلاۋاتاتتى. كۆزەتچىلەر ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى :
— بىرەيلەننى تۇتۇۋالدۇق، سىلىڭ، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەن دەيدا!!
— بۇنداق كەچتە ئىمە كۆرۈشۈش! — دېدى باتۇق ئۇيقۇلۇقتا چالۋاقاپ، — «ئالۋاستى ئۆڭكۈرى» گە سولاپ قويۇڭلار، ئەتە كۆرۈشمەن!
سىرتتىن تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك سورىدى :
— باتۇق، مەن كەلدىم...
باتۇق بېشىنى كۆتۈرۈپ نۆۋەتچىدىن سورىدى :
— كىم ئىكەن ئۇ ؟
— قۇتلۇق ئەپەندى دەيدا، مەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاتقاندەك قىلدىم.
باتۇق ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— قۇتلۇق ئەپەندى ... قۇتلۇق ئاكا!...
سىرتتىن قۇتلۇق ئەپەندىنىڭمۇ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :
— باتۇق ... باتۇق سىلىڭ!

3

ئۇلار كىچىچە سۆزلەشتى، مۇڭداشتى، باتۇق دەسلەپ ۋەج ئېيتتى، كېيىن ئاستا - ئاستا قايىل بولدى.
قۇتلۇق ئەپەندى راسا جىنىغا تەگكۈزۈپ :
— پىچاق ھەرگىز ئۆز دەستىسىنى كەسمەيدۇ، لېكىن سەن كەستىڭ، باتۇق، ئۆزۈڭنىڭ گۆشىنى ئۆزۈڭ كەستىڭ، ئەمدى شورباغلىق قېرىنداشلىرىڭغا، مامۇت ئاكاڭغا قانداقمۇ يۈز كېلەرسەن؟! — دېۋىدى، ئۇ «لەسسىدە» بېشىنى ئېگىپ، ئۈن - تىنىسىز پۇشۇلداپ كەتتى، ئوڭايسىزلاندى، خىجىل بولدى. تاڭ يورۇش بىلەن «ئالۋاستى ئۆڭكۈر» نگە بېرىپ ئۇ يەرگە نەزەربەند قىلىنغان مامۇت قۇرغۇيدىن ئۆكۈنگەن ھالدا ئەپۇ سورىدى :
— بىلمەپتىمەن، مامۇتكا، مەندىن ئۆتۈپتۇ!...
مامۇت قۇرغۇي غەزەپ بىلەن ھومىيىپ، يۈزىنى چەتكە بۇرۇۋالدى. ئەلپازىدىن باتۇقنى كەچۈرمەيدىغاندەك قىلاتتى. يەنىلا قۇتلۇق ئەپەندى مادارا قىلدى :
— مامۇتكا، سەدىقە بالانى، توۋا گۇناھنى يېتىشغۇ؟! خۇدامۇ تووا قىلغان بەندىسىنى ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا كەچۈرىدۇ!
— شۇنداق، مامۇتكا، — دېدى باتۇق سەمىمىيلىك بىلەن، — ئۇقۇشماپتۇق، راستىنلا نىيەت - ئىقبالىمىز بىر ئىكەن...
مامۇت قۇرغۇي ئاستا - ئاستا يۇمشىدى، چىرايىمۇ ئېچىلدى :
— بوپتۇ، — دېدى ئۇ ئەپۇچانلىق بىلەن قولىنى يېنىك سىلكىپ، — «مەرد يىگىتنىڭ ئۇيالغىنى — ئۆلگىنى» دېگەن گەپ بار. ئىنىمىز باتۇق ئۇيالغانلا بولسا ئۆتكەنگە سالاۋات!
ئۇلار ئۇزاققىچە قول سىقىشىپ كۆرۈشتى، باشقىدىن تونۇشتى. ئىككى ھارۋىكەش يىگىتمۇ خۇشاللىققا چۆمدى...

«شەيتان غار» نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇققا ئەتىگەندىلا ئۇلۇغ گۈلخان يېقىلدى. قويلار سويۇلۇپ، ئۇزۇن زىخلارغا ئۆتكۈزۈلدى. بىردەمدىلا ئەتراپنى گۆش بىلەن زىرىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى قاپلىدى.

چايدىن كېيىن قۇتلۇق ئەپەندى، باتۇق، مامۇت قۇرغۇي، ئەخمەت سەردارلار ئاستىغا زىغىر پاخلى سېلىنغان ئۆڭكۈرگە يىغىلىپ، نۆۋەتتىكى ئىشلار ۋە كەلگۈسى ئىستىقبال توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەشتى، پىكىرلەشتى.

— بىز ھەمىشە مۇنداق بىرىمىز تاغدا، بىرىمىز باغدا يۈرۈۋەرسەك بولماس! — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى پىكىرلەرنى يىغىنچاقلاپ، — ئەمدى كۈچ-قۇدرىتىمىزنى، ئەقىل-پاراسىتىمىزنى جەملەپ ئىشقا سالىدىغان ۋاقىت كەلدى. ھازىر بىزنىڭ كۈچىمىز بىر تاشقىن. مەن بۇ تاشقىننىڭ ئۇدۇل كەلگەن نەرسىلەرنى قارىقويۇق سۈپۈرۈپ كېتىپ قېلىشىدىن قورقىمەن!

ئەخمەت سەردار كونا ھەربىيلەرگە خاس نەزەر بىلەن قۇتلۇق ئەپەندىنى قۇۋۋەتلىدى.

— توغرا، بىز ئەمدى بۇ تاشقىننى كېرەك بولغان يولغا باشلىشىمىز كېرەك! ھازىر بىزدە قىرىق ئۈچ ئادەم بار، ھەممىسى قوش قوۋۇرغىلىق بېجىرىم يىگىتلەر...

— ئوتتۇز بەش قورال، ئىككى ساندۇق ئوق-دورا، ئون سەككىز ئاتمۇ بار، — دەپ قوشۇمچە قىلدى باتۇق.

— شۇنداق، قورال-ياراغمۇ بار، — ئەخمەت سەردار سۆزىنى داۋام قىلدى، — مېنىڭچە، بۇ ئاز كۈچ ئەمەس. ئەمدىكى گەپ بۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشتا...

يەنە نۇرغۇن پىكىر-تەكلىپلەر بولدى، ئاخىرىدا مامۇت قۇرغۇي سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— كونىلاردا: «دەريانى بۆلگەن تارام، قوشۇننى بۆلگەن قارام» دېگەن گەپ بار. مۇبادا، بىز مۇشۇنداقلا كېتىۋېرىدىغان بولساق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پىلدىرلىغان شامدەك ئۆچۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن. بىز نىشانسىز، قارىغۇلارچە قىلىدىغان يەككە-يېگانە قارام ھەرىكەتلەرنى

ئەمدى توختىتىپ كۆچنى مەزكەزلەشتۈرەيلى. مېنىڭ تەكلىپىم مۇنداق: ھەممىمىز «شىبھەت مازار» دىكى توغراقلىقنى ماكان قىلايلى. توغراقلار بىزنى چاۋاك چېلىپ قارشى ئالىدۇ. ئۇ يەر خىلۋەت ھەم قولاي.

ماموت قۇرغۇيىنىڭ تەكلىپى ھەممەيلەننى ئويلاندۇردى، قىزىقتۇردى. ئۇلار باشقا سەپداشلار بىلەن سۆزلىشىشنى قۇتلۇق ئەپەندىگە ھاۋالە قىلىپ، سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇردى.

گۈلخان لاۋۇلداپ كۆيمەكتە، ئوتتۇن چوغىنىڭ تەپتى چۆرىدەپ ئولتۇرغان يىگىتلەرنىڭ ساقال - بۇرۇتى قالايمىقان ئۆسۈپ، قاسماق بېسىپ كەتكەن يۈزلىرىنى قىزدۇردى، تەرلەتتى. ئۇلار بۇنىڭ ئالدى ئىسسىغان بىلەن كەينى تەرىپىدىن سوغۇق شۇۋىرغان ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ سۆزىنى قىزىقىپ ئاڭلىدى، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تۇنجى قېتىم ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرىنى، ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۈشىنىپ يەتتى، ئۆزلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە، ئەقىل - پاراستىگە بولغان ئىشەنچى ئاشتى.

— بىز كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقان مۇشۇنداق كۈچ بىلەن خەلقىمىزگە يار - يۆلەك بولۇشىمىز مۇمكىنغۇ!؟ — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، — ئەمما، بىز تېخى ئۆز تۇپرىقىمىزغا چوڭقۇر يىلتىز تارتالمىدۇق، قۇمدەك چېچىلىپ يۈرۈۋاتىمىز. مۇنداق قىلساق خەلقىمىزگە قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟ بىز ئۇيۇشۇشىمىز، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشىمىز كېرەك! مەن سىلەرگە مۇنداق بىر ھېكمەتلىك ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەي:

«بىر زاماندا ئۈچ ئادەم بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇنىڭ بىرى موللا، بىرى ئىشان، يەنە بىرى ساۋاتسىز قارا قورساق ئىكەن. ئۇلار ئۇزاق يول يۈرۈپ چوڭ بىر باغقا كېلىپ قاپتۇ. باغدا ياڭزىمۇ ياڭزا مېۋىلەر پىشىپ كەتكەنىكەن. ئۇلار باغقا چۈشۈپتۇ، باغۋەنىنىڭ كۆرمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ مېۋىلەرنى راسا يېيىشكە باشلاپتۇ. باغۋەن يىراقتىن كۆرۈپ چىدالماپتۇ، لېكىن قارشى چىقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئاخىر ئۇ ئۇستىلىق ئىشلىتىپ، ئۇلار بىلەن مادارا قىپتۇ،


چىرايلىق كۆرۈشۈپتۇ، كۆل بويىغا باشلاپ ئالدىغا داستىخان سايتۇ،
مېھمان قىپتۇ. ئۇلارمۇ باغۋەندىن خۇرسەن بوپتۇ. باغۋەن ئۇلارنى
خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن ئۇستىلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەي-
يارلىنىپتۇ. ئالدى بىلەن موللا ۋە ئىشانغا قاراپ :
— تەقسىرلىرىم، ھەربىرلىرى ئەھلى دىل ئادەملەر. بىرلىرى شەرد-
ئەتنىڭ، بىرلىرى تەرىقەتنىڭ ئىگىسى. ھەربىرلىرى بىزدىن قانچە
پايدىلانسىلىرى كېرەك يوق، چۈنكى، ھەممە نەرسىمىز ھەربىرلىرى
ئۈچۈن. لېكىن ماۋۇ قارا قورساق ئوغرى نېمە ئۈچۈن بېغىمنى ئا-
ياغ ئاستى قىلىدۇ؟! قايسى سالاھىيىتى بىلەن ھەربىرلىرىنىڭ قاتارىدا
ئولتۇرىدۇ؟! مەن رازى ئەمەس، ئۇنى ئارىمىزدىن قوغلاپ چىقىشىمىز
لازىم! — دەپتۇ. موللا بىلەن ئىشان بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ، باغۋەن-
نىڭ سۆزىنى ھەق بىلىپ رازى بولۇشۇپتۇ. قۇۋ باغۋەن شۇ ھامان
ھېلىقى ساۋاتسىز قارا قورساقنىڭ گەجگىسىدىن تارتىپ دەرەخكە
باغلاپتۇ. ئارىدىن بىرئاز ئۆتۈپ، موللىنى بىر چەتكە تارتىپ مۇنداق
دەپتۇ :
— تەقسىر، ئۆزلىرى موللا ـ ئۆلىما، قارىي ـ قۇرئان پازىل كى-
شى. سىلەر بىزنى ھىدايەت يولىغا باشلايلا، بىز موللىنىڭ قۇلى. ئەمما
ماۋۇ ئىشان دېگەن تازا بىر پاسىق بىر نېمە، دىنىي شەرىئەت بابىدا
قارا قورساق. سوپى ـ ئىشانلار ئەزەلدىن ئوقۇمۇشلۇق موللا ـ ئۆلى-
مالار بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ ئىشاننىڭ ئۆزلىرى-
نىڭ قاتارىدا مېھمان بولۇشى تولىمۇ غەلىتە ئىش. ئەگەر ئىجازەت
بولسا ئۇنى ئارىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۆزلىرىنى خاس مېھمان
قىلسام دەيمەن...
موللىنىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ، ئىشاندىن قىزغىنىپ، باغۋەننىڭ ھىي-
لىسىنى قوبۇل قىپتۇ. باغۋەن دەرھال تۇتۇش قىلىپ ئىشاننىمۇ چەم-
بەرچاس باغلاپتۇ. ئاندىن موللىنىڭ يېنىغا كېلىپ قەھرى بىلەن :
— ئەمدى سەن مۇناپىق بىلەن ھېسابلىشىمەن! ـ دەپ ياقىسىدىن
ئاپتۇ، ئۇنىمۇ بىر دەرەخكە باغلاپتۇ. ئارقىدىن بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىپ
تۇرۇپ راسا دۇمبالاپتۇ!...»
قۇتلۇق ئەپەندى سۆزدىن توختىدى، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى،

گۈلخانغا تىكىلىپ جىمجىت ئولتۇرغان سەپداشلىرىنىڭ ھەممىسىگە بىر قۇر قاراپ قويۇپ دېدى:

— مانا ئاڭلىدىڭلار، ئۈچ ئادەم بىر مەقسەت بىلەن سەپەرگە چىقىپ يېرىم يولغا بارغاندا نادانلىق، ھەسەت، ئىتتىپاقسىزلىق تۈپەيلى ئاسانلا ۋەيران بولدى، بىر ئادەم ئۈچ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى! بۇنداق ئاچچىق ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولامدۇ!؟ «شەيتان غار» دېيىلەر، «شېھىت مازار» دېيىلەر، «شورباغ» دېيىلەر بىرلەشكەندىلا ئۆزىمىزنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز!...

قۇتلۇق ئەپەندى ئەنە شۇنداق خىتاب بىلەن سۆزىنى تۈگەتتى. بىردىنلا جاراڭلىق ۋە ئۇزاق چاۋاك كۆتۈرۈلدى. چاۋاك دولقۇنىدىن گۈلخاندىكى ئوت تولغىنىپ، لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن چاۋاك ئۇرۇپ، بىر تەرەپتىن قۇتلۇق ئەپەندىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇلار ئەزەلدىن مۇنداق يېقىملىق، تەسىرلىك، مەردانە سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ شۇ يېشىغىچە ئاڭلىغىنى تۈرمىلەردىكى كويزا - كىشەننىڭ يېقىمسىز جاراڭلىشى بىلەن باي - ئەمەلدارلارنىڭ سوغۇق تىل - ھاقارەتلىرى ئىدى. ھاياتىدا مانا بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئىسسىق باسقۇدەك، يۈرەكتىن چىققۇدەك مەنىلىك، شېرىنلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ يايراپ كەتتى. ئۇلار قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭسا ئادىشىپ قالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە، نىيەت - ئىقبالىغا ھەم ۋىجدانىغا ئىشەندى...

ئۇلار كەچتە يولغا چىقماقچى بولدى. چۈشتىن كېيىن پۈتۈن «شەيتان غار» سەپەر تەييارلىقى بىلەن قىزىپ كەتتى.



# ئون سەككىزىنچى باب

## سىرلىق ئەۋلىيا

گىلەم ساتساڭ قوشناڭغا سات،
بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرىسەن!
—— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

شورباغدا تۇيۇقسىز بىر ئەۋلىيا پەيدا بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئۇ-نىڭغا ھەر خىل تەرىپ بېرىشتى. بەزىلەر ئۇنى «ئەسھابۇل كەھبىلدى-رىمدىن كەلگەن ئۇلۇغ زات ئىكەن» دېسە، بەزىلەر: «ئۇ داخان پادى-شاھىمدىن كەلگەن ئاشىق ئىكەن» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر بولسا تېخى-مۇ كۆپتۈرۈپ: «ئاللا ئەۋەتكەن خىزىر ئىكەن. بىر كېچىدىلا ئاسمان-دىن چۈشۈپتۇ» دېيىشىپ، كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرۇشتى.
ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، قانداق ئادەم ئىكەنلىكى بىر سىر بولۇپ قالدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى، خىسلىتى، ئۇدۇمى توغ-رىسىدا پۈتۈن شورباغدا «گۇررىدە» گەپ بولۇپ كەتتى:
—— پاھ! ... بۇ ئەۋلىيانىڭ ئۇدۇمى قالتىس كۈچلۈك ئىكەن...
—— شۇنى دېمەمسەن، ئىگەچىدىكى بىر چوكاننىڭ ئاغزىغا بىرلا «سۇف» دەپ، يۆتىلىنى توختىتىپ قويۇپتۇ...
—— غالچىئىبرىقتىكى ھېلىقى ماماكاپ تازنىڭ شەقىقە كېسىلىچۇ...
—— راست، ئۇنىڭ بېشىنى قولى بىلەن بىر - ئىككى سىلىغانىكەن، ساقىيىپ كېتىپتۇ.

— تېخى ئۇنىڭ كارامەت كۆرسەتكىنىچۇ...

— بىر نەرسىلەرنى ئوقۇپ ھۈرۈپتىكەن، ئىككى لىڭگىرچاق ئـۆز-
لۈكىدىن قوچقاردەك سوقۇشۇپ كېتىپتۇ دەيدىيا!...

— ھە، تېخى ئاسماندىكى كەپتەرگە ئوقۇپ ھۈرۈپتىكەن، ئۇچۇپ
كېتىۋاتقان كەپتەر «چىپپىدە» توختاپ، پەيلىرى پۇر - پۇر تـوزۇپ،
قاراپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئەتلـمە گۆش ھالـدا «پوككىـدە»
چۈشۈپتىمىش...

— يائاللا، راست خىزىر ئىكەن ...

بۇ گەپلەر دەسلەپ ئەنە شۇنداق «قىپتىمىش، ئېتىپتىمىش» دېگەن
مىش - مىشلەر بويىچە تارقاپ، كېيىنچە بىر قىسىم قىـزىقچى، لـولاڭ-
چىلارنىڭ ئاغزىدا «قىلدى، ئەتتى» دېگەن ھۆكۈمگە ئايلـىنىپ كـەت-
تى. شۇنىڭ بىلەن جاھاننىڭ بىر چېكىسىدە غەپلەتتە قالـغان بىچـارە
شورباغلىقلار بۇ ئەۋلىيا چۈشكەن ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىـدا قىم - قىـم
ئۆچىرەتتە تۇرۇپ دۇئا ئالدى، دەمىدە قىلدۇردى، قۇر سالدۇردى، پال
ئاچتۇردى. ئىشقىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر قىسمەتلەردىن
قۇتۇلۇش ئۈمىدىنى ئاشۇ ئەۋلىياغا باغلىدى، ئۇنىڭغا تېۋىندى.

شۇنداق قىلىپ، شورباغدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ يوچۇن ئادەم
ھايت - ھۇيت دېگۈچە دېھقانلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلۇغ بىر زاتقا ئايلىنىپ
قالدى. بۇ خەۋەر «شېھىت مازار» غا يېتىپ كەلگەندە بۇ يەردىكىلـەر-
نىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىدى.

— بۇ ئەۋلىيا بىلەن بىر ئۇچرىشىپ بېقىش كېرەك، — دېدى ما-
مۇت قۇرغۇي قىزىقىپ، — ئۇنىڭ كارامەتلىرىنى بىزمۇ كۆرۈپ باقاي-
لى.

بەختى سېرىق ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن باشقىچە مۇلاھىزە قىلـ-
دى:

— بۇ تېخى پايلاقچى بولمىسۇن! ئۆتكـەندە چىلـتەنگە چىققانـدا
دانىش ئىمام مېنـى تونۇپ قالـغاندەك قىـلدى. بۇ خەۋەرنـى ئۇ ھاپىـز
جۈيجاڭغا يەتكۈزمەي قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باتۇقمۇ بىر - ئىـك-

كى قېتىم شورباغقا بېرىپ ھەمدەم بەگنى ئەرەختەن - پەرەختەن قىلىۋەتتى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى مۇشۇ ئىشلار بىلەن باغلىنىشلىقمىكىن دەيمەن!

— ئۆزىمىزنىڭ سايىسىدىن ئۆزىمىز ئۈركۈپ يۈرمەيلى، بەختى، — دېدى تۇدى راجى پەرۋاسىزلا، — جاھان كېزىپ يۈرگەن ئاشىقلار ئازمۇ؟

ئۇنىڭ پىكرىگە ئەخمەت سەردار قوشۇلدى:

— توغرا، «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ» دېگەن گەپ بار. كۆرگەنلا ئادەمدىن گۇمانلىنىش ياخشى ئەمەس...

قۇتلۇق ئەپەندى ھەممەيلەننىڭ سۆزىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى، ئويلىدى، ئوخشاشمىغان پىكىرلەر ئۇنىڭغا تۈرتكە بولدى. ئۇ ھەممىنى تىڭشاپ بولۇپ مۇنداق دېدى:

— يىگنە ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ يۇتقىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، ئاۋۋال بۇ ئەۋلىيانىڭ تېگى - تەكتىنى بىر ئۇقۇپ باقايلى، ئاز - تولا چۈشىنەيلى. ئاندىن ئۇچرىشامدۇق، كارامىتىنى كۆرەمدۇق ياكى ئېلىشامدۇق، شۇ چاغدا بىر گەپ بولار. بولمىسا، خۇيىنى بىلمەي ئات مىنىپ قويۇپ، بۇرنىمىزنى قانىتىدىغان ئىش چىقمىسۇن!

بۇ پىكىر ھەممەيلەنگە خوپ كەلدى. ئەۋلىيانى كۆزىتىپ بېقىش ئۈچۈن تۇرەك بىلەن شورباغلىق يەنە بىر يىگىت بەلگىلەندى. ئۇلار شۇ ھامان يولغا چىقىپ كەتتى...

ئىككى يىگىت ئۈچىنچى كۈنى قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەكەلگەن خەۋىرى ھەممەيلەننى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى.

— «ئىتتىن بولغان قۇربانلىققا يارىماپتۇ» دەپ بۇ ئادەمنىڭ بەزى ئىشلىرى ئەۋلىياغا ئوخشاشمايدۇ، — دېدى تۇرەك كۆرگەن - بىلگەنلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، — كېسەل ساقايتقىنىمۇ يالغان ئىكەن...

يەنە بىر يىگىت ئالدىراپ قوشۇمچە قىلدى:

— تاغام دۇئا ئالغىلى بېرىپتىكەن، «شېھىت مازار» توغرىسىدا

كوچىلاپ سوراپتۇ... ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ھەمدەم بەگ ئۆزى تېپىپ ئورۇنلاشتۇرغانمىش...

— ھە، راست، ئۇنى تەرەپ - تەرەپتە كۆككە كۆتۈرۈپ يۈرگەندەر ھەمدەم بەگنىڭ يالاقچىلىرى ئىكەن...

يىگىتلەرنىڭ سۆزى بىلەن ئەۋلىيانىڭ ئوبرازى بارا - بارا خىرەلەشتى. «شېھىت مازار» دىكىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇ قانداقتۇر بىر غەيرىي مۇددىئا بىلەن كەلگەن سىرلىق ئادەمدەك تۇيۇلدى.

— ئەۋلىيانىڭ «شېھىت مازار» غا قىزىققىنى ياخشى بوپتۇ، — دېدى باتۇق، — ئۇنى تەكلىپ قىلايلى. مامۇتكام كۆرۈشۈپ، سىردىشىپ باقسۇن!

— بۇ ... بۇ قانداق بولىدۇ؟! — دېدى ئەخمەت سەردار ئەجەبلىنىپ، — بۆرىنى قوتانغا باشلىغاندەك ئىش بولمامدۇ؟

مامۇت قۇرغۇي باتۇقنىڭ پىكرى ئۈستىدە ئويلاۋاتاتتى. ئۇ ئەخمەت سەردارغا چۈشەندۈردى:

— بىر ھېسابتا، بۆرىنى قوتانغا باشلاپ كىرگەنمۇ ياخشى، ئۇنىڭ خۇي - پەيلىنى ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مېنىڭچە، باتۇق ئېيتقاندەك قىلايلى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ ئادەتتىكى جاھانسازلاردىن ئەمەستەك قىلىدۇ.

بۇ مەسلىھەت بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەۋلىيا «شېھىت مازار» غا ئاتلىق يېتىپ كەلدى. ئۇ بېشىغا يېرىم گەز كېلىدىغان ئۇزۇن كۇلا، ئۈچىسىغا يۆپۈكلىك قۇراق چاپان كىيىۋالغاندى. قۇراق چاپىنى شۇنداق تۈجۈپىلەپ تىكىلگەنىدىكى، يىراقتىن قارىغان كىشىگە بەئەينى جۇلالىق گىلەمدەك كۆرۈنەتتى...

ئەۋلىيا مازارنىڭ كىچىككىنە ئەبجەق ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە سۇرلۇك ئاۋاز بىلەن «يادوست» دەپ، ئارقا - ئارقىدىن ئۈچنى تووۋلىدى. ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ، مازار ئىچىگە «بىسمىللا» دەپ قەدەم قويدى. بوسۇغىدىن ئاتلىشى بىلەن ئۇنىڭ بۇرنىغا مەززىلىك شورپا ھىدى «گۈپپىدە» ئۇرۇلدى. مازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىلغان گۈلخاند-

دىكى ئاسما قازاندا جەرەننىڭ گۆشى قايناۋاتاتتى. گۈلخاننىڭ يۇقىرى تەرىپىدە مامۇت قۇرغۇي يېشىل شاپاق دوپپا ئۈستىگە سەللە ئوراپ، چىۋىق يوللۇق بەقەسەم تون كىيىپ كۆزىنى يۇمغان ھالدا ئۇزۇن تەسۋىنى توختىماي سىيرىپ سالاپەت بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا قۇتلۇق ئەپەندى، سول يېنىدا باتۇق دەرۋىشلەردەك كىيىنىپ، ئۇنىڭ مۇرىتى سۈپىتىدە قول باغلاپ تۇراتتى.

ئەۋلىيا يەنە بىر قېتىم لەرزان دوست تارتتى. مامۇت قۇرغۇي بېشىنى كۆتۈرمەي، قولى بىلەن ئولتۇرۇشقا شەرەت قىلدى. ئەۋلىيا تىزلاندى. مامۇت قۇرغۇي «لەپپىدە» بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەۋلىياغا باشتىن ـ ئاياغ سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنى چىقاردى. ئەۋلىيا «لىككىدە» ئورنىدىن تۇردى:

— ھەق راست! — دېدى ئۇ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، — خۇدا بىر، خۇدانىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش پەرھىز!

مامۇت قۇرغۇي بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى ۋە يەنە ئوڭ قولىنىڭ تۆت بارمىقىنى چىقاردى، ئەۋلىيا:

— بەرھەق! — دەپ ئۈنلۈك زىكرى قىلدى، — ھەزرىتى ئابابەكرى سىدىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەزرىتى ئۆمەر پارىقۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەزرىتى ئوسمان زۇننۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەزرىتى ئەلى ئىكەرىمانىلاھۇ ۋەجھۇلار تۆرت چارىيامىزدۇر.

مامۇت قۇرغۇي ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى. ئەۋلىيا بىلەن سىدلىق ـ سىپايە كۆرۈشتى.

— تەقسىر، — دېدى ئۇ ئەۋلىيانى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ، — ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈشنى ئىككى كۈندىن بېرى ئارزۇ قىلغان ئىدىم. خۇدا دىللىرىغا سېلىپ، بۈگۈن قەدەم تەشرىپ قىلىپلا...

— شۇنداق، شەيخىم، — دېدى ئەۋلىيامۇ تەكەللۇپ بىلەن، — ئاخشام ماڭا ئاللادىن ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىم توغرىسىدا ۋەھيى كەلگەنىدى...

— ھەق دوست، — دېدى مامۇت قۇرغۇي ۋە ئىچىدە كۈلۈپ قويۇپ داۋام قىلدى، — ئاللا ھەممىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچى، پاك نىيەتلىك كىشلەرنىڭ كۆڭلىگە ئۇنىڭ بېشارىتى ئالدىن ئايان بولىدۇ.

ئەۋلىيا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىردەم تىمتاس ئولتۇرۇپ قالدى. ئارقىدىن تۇيۇقسىزلا: «تەقسىر، ئاللادىن ۋەھىي كەلدى!» دەپ ئۆزۈن كۈلاسىنى مامۇت قۇرغۇينىڭ بېشىغا كىيدۈردى، ئاندىن يەنە بېشىنى ساڭگىلىتىپ جىملاندى، ئۆزىچە كۆپۈپ، چىڭقالدى، بىر دەقىقىدىن كېيىن يەنە: «شەيخىم، ئاللادىن ۋەھىي كەلدى!» دەپ، بوغماق ياغاچتىن ياسالغان، باش تەرەپكە قوتاز قۇيرۇقى، كۆزمونچاق ۋە كەھرىۋالار ئېسىلغان بىر ھاسىنى مامۇت قۇرغۇينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. مامۇت قۇرغۇي بىرنەرسىلەرنى شىۋىرلاپ ئوقۇدى، قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى، ئارقىدىن ئەۋلىياغا قاراپ:

— تەقسىر، ئاللانىڭ ئىشقى يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، بولمامدىغان... — دېدى ئەۋلىيا ۋە ئىشتىنىنىڭ لىپىزىدىن گۈلەدەك نەشىنى چىقىرىپ پىنەك قىلدى، — شەيخىم، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈممەتلىرى بىر - بىرىگە زەنجىردەك باغلانغان، — دېدى ئۇ نەشىنى پۇرقىرىتىپ چېكىۋېتىپ، — بۈگۈن ئۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ خاھىش بولدۇق. پېقىر قۇللىرى خۇدا يولىدا جاھان كېزىپ، ئۆمرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تۈگەتتى. ئەسھا بۇل كەھفىمدە ئون ئىككى يىل ياتتىم، ئۇ يەردىن قايتىپ ئوردا خېنىمدا، ئاندىن سىدىيت - ئارسلانخاندا بىرنەچچە يىل ئەمرىمەرۇپ قىلدىم، كىشلەر پېقىرنى شەيخۇل ئىسلام، دەپ ئاتايدىغان بولدى...

— تەقسىر، بىر پەس تەخىر قىلسىلا، — دېدى مامۇت قۇرغۇي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ماڭا ئاللادىن ۋەھىي كېلىۋاتىدۇ...

ئەۋلىيا جىم بولدى. مامۇت قۇرغۇي كۆزىنى مىت قىلماي، ئىچ - ئىچىدىن چىڭقىلىپ، يۈزىنى پوكاندەك ئېسىپ، سۈر بىلەن بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز «شارتتىدە» ئەۋلىياغا بۇرۇلۇپ ۋارقى-

رىدى :
— ئىمىن گېرمان!
ئەۋلىيا چۆچۈپ كەتتى، ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپ ئەتراپقا سىرلىق قارىدى :
— شەيخىم، ئۆزلىرى كىمگە گەپ قىلىۋاتىلا؟ پېقىر ئىمىن گېرمان ئەمەس، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — ئىمىن گېرمان دېگەنلىرى كىم؟!
مامۇت قۇرغۇي بايىقى سۆئىئىي جىددىيلىكنى بىرئاز پەسەيتىپ يۇمشاقراق، لېكىن كىنايە ئارىلاش مۇنداق دېدى :
— تەقسىر، خۇدادىن كەلگەن ۋەھىيگە ئىشەنمەمىلا؟ ئۆزلىرى قانداقتۇر شەيخۇلئىسلام ئەمەس، ئىمىن گېرمان! سىلە شىبىڭ شىسەي ۋاقتىدا ۋاڭ دارىننىڭ ماشىنىسىنى ھەيدىگەن. سىلىنى بۇ يەرگە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھاپىز خوجا پايلاقچىلىققا چىقاردى. يالغانمۇ؟ خۇدا ئالدىدا تانامىلا؟
«ئەۋلىيا» نىڭ كۆزى چەكچەيدى. گۆشلۈك، مېغىز رەڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى. بايا ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەق ۋە راست ئىدى. ئۇنى قاتتىق ۋەھىمە باستى، تىلىمۇ كالۋالاشتى :
— ئۆ ... تەقسىر ... ئۆ ... ئۆزلىرى كىم بولىلا؟ ... مەن ... مەن زادى چۈشىنەلمەي ... قالدىم ...
— ئاللانىڭ قۇلى، مۇشۇ ئۇلۇغ مازارنىڭ شەيخى، تەقسىر.
— يوقسۇ ... يوقسۇ ... — دېدى «ئەۋلىيا» تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ، — ئۇنداق ئەمەس ... ئۆزلىرى باشقىچە ئادەم ...
— مەنمۇ؟! — مامۇت قۇرغۇي قۇتلۇق ئەپەندىگە قارىدى، قۇتلۇق ئەپەندى كۆزىنى قىسىپ قويدى، — توغرا، مەن مامۇت قۇرغۇي بولىمەن، ئۇنىڭ يېنىمدىكى ماۋۇ كىشىنىڭ ئىسمى قۇتلۇق ئەپەندى، سول يېنىمدىكى بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى باتۇق. ئۆزۈم مانا مۇشۇنداق ئادەم! — دېدى ۋە سىرتىدىكى بەقەسەم تونىنى «شارتتىدە» سېلىپ ئارقىغا تاشلىۋەتتى، ئىچىدىكى كالتا كەمزۇلىنىڭ ئۈستىگە چاپراس

ئوقدانلار باغلانغان، سول يېنىغا تاپانچا ئېسىلغانىدى.

ئەۋلىيا دەسلەپ ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ قالدى، كېيىن ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلىپ:

— ئۇكىلىرىم ... — دېدى ئاخىر تەن بېرىپ، — مەن بىر ناقابىل، ناشۇكۇر ئادەم، ئۇلار مېنى ئالداپ كەتتى. راست، مەن شەرمەندە پايلاقچى!...

مازار ئىچىدە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

2

ھاپىز جۇيجاڭ ئۇستى - ئۇستىلەپ كەلگەن دەرد - ئەلەمدىن خۇن بولۇپ كەتتى.

باتۇقىنىڭ تېخىچە قولغا چۈشمەسلىكى، ئۇنى ئاز دېگەندەك، دادىسى ھەمدەم بەگنى خالىغان ۋاقىتتا پاراكەندە قىلىپ، سىڭلىسى خانبۇۋىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئاياغ ئاستى قىلغانلىقى ئۇنى زەردىگۈش قىلسا، ئاق ليەنجاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، باتۇقىنىڭ يەنە ساق - سالامەت قېچىپ كەتكەنلىكى ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈپ قويغانىدى. بۇ ئىشلار ئۇستىدە ئويلانغاندا، ئۇ باتۇق بىلەن قۇتلۇق ئەپەندىنى بىر - بىرىگە باغلاپ قىياس قىلاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە قۇتلۇق ئەپەندىدەك سىياسىي جەھەتتە پىشقان، پەم - پاراسەتلىك بىرى باشچى بولمىغان بولسا، باتۇقتەك بىرنەچچە سەھرالىق تەلۋىلەر ھېچ ئىش قىلالمايتتى. شۇ ۋەجىدىن يېقىندىن بېرى قۇتلۇق ئەپەندى ئۇنىڭ خىيالىغا تولا كىرىۋالىدىغان بولدى. ئەتراپىدا بولۇۋاتقان پېشكەللىكلەرنى ئويلىسىلا، ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى كۆز ئالدىغا كېلىپ يۈرىكى پۇچىلىناتتى. «شۇنداق، جەزمەن شۇنداق! — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — قۇتلۇق يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئىسيانچىلارنى يېتەكلەۋاتىدۇ، ئۈيۈشتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ قىزىل پاچاق قاغدالمىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ! ئۇنىڭ ھېلىقى سۆزلىرى نېمىدېگەن دەھشەتلىك - ھە؟! پاپىر ... ئۇنىڭ ئاغزى ئوت چاچىدىغان

دوزاخ ئىكەن! ... ئۇ ئاشۇنداق سۆزلەۋەرسە بىر قىسىم يىللىكى سىۇ-يۇق، ئىرادىسى بوشلارنى قايمۇقتۇرامدۇ؟ ھىۇ، نان قېپىي، لىگتاس-مىلار! يىولۋاسنى قەپەسدىن قويۇپ بېرىپ گۆشىيىپ ئولتۇرۇش-تۇك ... »

ھاپىز جۇيجاڭ ئەنە شۇنداق پەرىشان ھالدا تۇرغىنىدا دانىش ئىمام ھېلىقى كۆنكى چىلتەنلەر نامايىشىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ئېي-قىتماي ـ تېمىتماي يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ زىمىستان باسقان كۆڭلىنى ئىللىتتى. ئۇ ئۇزاق ئويلىنىپ سىرلىق بىر پىلان تۈزدى، قاسىم كاناي-غا يارامىلىق بىر ئادەم تېپىشنى ئېيتتى:

— بۇ قېتىم بىز تاللايدىغان ئادەم ھەر خىل روللارنى ئالالايدىغان بولسۇن، — دېدى ئۇ مەقسىتىنى تېخىمۇ ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ، — ئاڭلىشىمچە، يېقىندا «شېھىت مازار» دا بىرنەچچە يوچۇن ئادەم پەيدا بوپتۇ. دادامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار مامۇت شەيخنىڭ مۇرىت ـ مۇخ-لىسلىرى ئىمىش. مامۇت شەيخ دادام بىلەن يېقىن ئۇلپەت، بەلكىم يال-غان ئەمەستۇر، شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈم تىنمايۋاتىدۇ. ئۆتكەنكى چىلتەن-لەر نامايىشى بىلەن ئۇ يەردىكىلەرنىڭ باغلىنىشى بارمۇ، يوق؟ مېنىڭ-چە، ئۇلارنى ئۇركۈتمەي بىر قارماق سېلىپ باقساقمىكىن دەيمەن. بۇ قېتىم بىزگە ئىشلەيدىغان ئادەم «شېھىت مازار» غا بارالىشى، مامۇت شەيخ بىلەن جەمبە بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەملەرنى بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە تاسقاپ بولالىشى كېرەك!

— مېنىڭچە، بۇ ئىشقا ئادىل زەڭگى تازا باب كېلىدۇ، — دېدى قاسىم كاناي ئالمان ـ تالمان، — ئۇنىڭدا كۈچمۇ، ئەقىلمۇ بار، بوي-مۇ، ئەنمۇ بار...

— سەن تېخىچە مۇددىئايىمنى چۈشەنمەيۋاتىسەن! — دېدى ھا-پىز جۇيجاڭ بىرئاز چىچىلىپ، — مەن نېمە كويدا، سەن نېمە ئويدا! بۇ ئىشقا كۈچنىڭ، بوينىڭ لازىمى يوق. بۇنىڭغا ئەقىل ـ پاراسەت، ھىيلە ـ نەيرەڭ كېرەك!

قاسىم كاناي قوللىرىنى ئىشقىلىدى، بارماقلىرىدىن قاس چىقاردى، كۆزىنى قىسىپ ئويلاندى، بويىنىنى قىيسايتىپ نېمىنىدۇر ئەسلىدى.

— تاپتىم ... تاپتىم ... — دېدى ئۇ ئاخىر خوجايىنىنىڭ ئالدىدا ئېگىشىپ، — بۇ ئىشقا ئىمىن گېرمان لايىق ئىكەن، بېشىدىن جىق ئىش ئۆتكەن، ھىيلىگەر ئادەم. بىر - ئىككى قېتىم ئىشقا سېلىپ سىناپ باققان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ھازىر پاناھلىققا موھتاج...

— يېشى قانچىدە؟ — ھاپىز جۈيجاڭ قىزىقىپ سورىدى.

— ئاتمىشلارغا يېقىنلاپ قالدى.

— دىنىي ئىسلامنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىدىن خەۋىرى بارمۇ؟

— بار. كېيىنكى كۈنلەردە قارىي - قۇرئەندازلار بىلەن ئۈلپەت ئۆتكەن...

ھاپىز جۈيجاڭ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ دېدى:

— ئېسىڭدە بولسۇن، پىرقە ھاكىمىيىتىگە پايدىلىقلا بولىدىكەن، ئۇنداق ئادەمنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋېرىش كېرەك. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا تاغنى تالقان قىلغۇدەك قابىلىيىتى بولسىمۇ كۆزدىن يوقىتىش كېرەك! ئىمىن گېرمان مېنىڭچە بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ئاۋۋال سەن سۆزلىشىپ باق، ئىشلەشكە رازى بولسا قانچە پۇل كەتسە مەيلى!

ئىككى كۈندىن كېيىن قاسىم كاناي ئۈستۈۋاشلىرى ئاۋارە، ئورۇق، قاتاڭغۇر، ماش گۈرۈچ ساقاللىق بىر ئادەمنى ھاپىز جۈيجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كەلدى.

— ئىمىن گېرمان كەلدى، — دېدى ئۇ مېھماننى تونۇشتۇرۇپ، — پىرقە ھاكىمىيىتى ئۈچۈن سادىقلىق بىلەن ئىشلەشكە ۋەدە بەردى.

ھاپىز جۈيجاڭ گىدىيىپ ئولتۇرۇپ ئىمىن گېرمانغا سەپسالدى. ئۇنىڭ ئاران پىلدىرلاپ تۇرغان يۇمۇق كۆزلىرىگە، تېگى - تېگىدىن سېرىقلىق چىقىپ تۇرغان ياداڭغۇ يۈزىگە، رەددى بەدەل كىيىم - كېچەكلىرىگە قاراپ چىققاندىن كېيىن سىناق نەزىرىدە سورىدى:

— تاغا، سىزنى نېمە ئۈچۈن «ئىمىن گېرمان» دەيدۇ؟! «گېرمان» لەقىمىڭىز قانداق قويۇلغان؟

ئىمىن گېرمان دەسلەپ ھودۇقتى، جىددىيلەشتى، كېيىن قاسىم كانايىنىڭ رىغبىتى بىلەن ئاستا - ئاستا ئۆزىنى تۇتۇپ قىسمەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەردى:

ئىمىن گېرمان 1913 - يىلى ئېشەكچىلەرگە ئەگىشىپ ئەركەشتام ئارقىلىق ئەنجانغا چىققانىكەن. ئۇ يەردە بىر مەزگىل مەدىكارچىلىق قىپتۇ، كېيىن بىر باينىڭ پاختا زاۋۇتىدا ياللىنىپ ئىشلەپتۇ. 1914 - يىلى 1 - جاھان ئۇرۇشى باشلىنىپ، ئەسكەر سېلىقى چۈشكەندە پاختا زاۋۇتىنىڭ خوجايىنى ئۇنى ئىككى يۈز سومغا سېتىۋېلىپ ئەسكەرلىككە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئۇكرائىنا فرونتىدا بېشىنى قولتۇقىغا قىسىپ ئىككى يىل ئۇرۇش قىپتۇ. كېيىن بىر قېتىملىق جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ، غەربىي گېرمانىيىنىڭ ماكدونبورگ شەھىرىگە ئېلىپ بېرىلىپتۇ. ئۇ يەردە بىر ھەربىي زاۋۇتتا ئىشلەپتۇ. 1918 - يىلى گېرمانىيىدە ئىشچىلارنىڭ ھاكىمىيەتكە قارشى ھەرىكىتى بولغاندا ئۇمۇ نېمىس ئىشچىلىرى بىلەن بىللە نامايىشقا چىقىپتۇ، نۇرغۇن ئىشچىلار نەق مەيداندا قولغا ئېلىنىپتۇ، كېيىن بەزىلەر خىزمەتتىن ھەيدىلىپتۇ. شۇ قاتاردا ئۇنىمۇ ئىشچىلىقتىن قوغلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر چەت ئەل سودىگىرىگە ياللىنىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەپتۇ... 1935 - يىلى كەچ كۈزدە، چوڭ يول بويىدىكى ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقاندا ۋاڭ دارىننىڭ كىچىك ماشىنىسى شۇ يەرگە كېلىپ بۇزۇلۇپتۇ. شوپۇر بىرەر سائەتكىچە ماتورنىڭ ئۇ يېرىنى بوشىتىپ، بۇ يېرىنى چىڭىتىپ زادىلا ئەپلەشكە كەلتۈرەلمەپتۇ. ۋاڭ دارىن ئالدىراپتۇ، تىت - تىت بوپتۇ، ئەمما، ماشىنا بىر پارچە ئەسكى تۆمۈردەك تۇرىۋېرىپتۇ. بۇنىڭغا ئىچى پۇشقان ئىمىن گېرمان قولىدىكى كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ، بىر - بىرىسىپ ئىككى ماشىنىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. جىلە بولۇپ تۇرغان شوپۇر ئۇنى «بۇ بەدرەڭ سەھرالىق تاماشا كۆرگىلى كەلدى» دەپ

ئويلاپ قوغلاپتۇ. لېكىن ئىمىن گېرمان پىسەنت قىلماي تېخىمۇ يېقىن-لىشىپتۇ. ماتورنىڭ ئۇ يەر – بۇ يېرىگە قاراپتۇ، شوپۇر تېخىمۇ ئاچ-چىقلاپ تىللاپتۇ. لېكىن ۋاڭ دارىن ئىمىن گېرمانىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «بىلەمدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئىمىن گېرمان دادىل بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. بىر يېرىم سائەتتىن بېرى توڭـۇپ، قورسىقى ئېچىپ، رەللە بولـۇپ تۇرغان ۋاڭ دارىن ئىمىن گېرمانغا «قاراپ باق!» دەپ ئىشارە قىپتـۇ. ئىمىن گېرمان چارەك سائەت ئىچىدە ماتورنى ئوڭشاپ ئوت ئالدۇرۇپ-تۇ. ۋاڭ دارىن خۇشال بوپتۇ ھەم شۇ يەردىلا ھېلىقى شوپۇرنى ئىش-تىن قالدۇرۇپ، ئىمىن گېرمانىنى شوپۇر قىلىۋاپتۇ...

ئۇ سۆزدىن توختىدى. ھاپىز جۈيجاڭ گويا قىزىق، تەسىرلىك بىر ھېكايە ئاڭلىغاندەك ھۇزۇرلاندى. ئىمىن گېرمانىنىڭ مۇرەككەپ، جا-ھانكەشتى ھاياتى ئۇنى ھەقىقەتەن قىزىقتۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ نەزى-رىدە «شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قاچ!» دېگەندەك، بۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن جەزمەن ئىش كېلەتتى!

— تاغا، بىز سىزنى مۇھىم بىر ئىشقا سالماقچى، — دېدى ئۇ ئى-مىن گېرماندىن كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، — بىز سىزنىڭ ئىقبالى-ڭىزنى ئويلاپ بۇ ئىشقا سېلىۋاتىمىز. ئەجرى قىلىڭ، ئەجرىڭىز چو-قۇم يەردە قالمايدۇ. ئەمما، قاتتىق پەخەس بولماق كېرەك، جەننەتنى بېرەي دېسىمۇ شەيتانغا ئالدانماڭ!...

ئىمىن گېرمان مانا شۇ كۈنى ساقچى ئىدارىسى تەييارلىغان جەن-دە – كۇلاھنى كىيىپ، ھەمدەم بەگ ئەۋەتكەن بىر ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا شورباغقا كەلگەندى.

## 3

ئۇلار توغراقلىققا كەلدى...

يالىڭاچلانغان توغراقلار قىشلىق ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇ يەر – بۇ يەردە

چوقچىيىپ تۇرغان ئاقۇچ، قۇرۇغان قېرى توغراقلار يىراقتىن قارىغان كىشىگە گويا ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆرىدەپ خىرىس قىلىۋاتقان ئاق ئېيىققا ئوخشاش ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى.

توغراقلار خامۇش ئۇيقۇدا بولغىنى بىلەن توغراقلىق بۇرۇنقىدىن كۆپ جانلىنىپ كەتكەنىدى. ھازىر بۇ يەردە ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان بىر تۈركۈم «قاچقۇن»، «ئۆكتەملەر» ياشىماقتا، تىرىكچىلىك قىلماقتا. «شەيتان غار» دىكىلەر بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بارلىق سەپداشلار بىر گەۋدىگە ئايلاندى. ئەللىككە يېقىن ئادەم ئۈچ گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللەندى. ئۈچ گۇرۇپپا ئالتە گەمە كولىدى، قورال ـ ياراغدىن تارتىپ ئاتلارغىچە گەمىگە كىرگۈزۈلدى. گۇرۇپپىلارنىڭ مەشغۇلاتىمۇ بېكىتىلدى. بىر گۇرۇپپا ھەربىي مەشىق قىلسا، قالغان ئىككى گۇرۇپپىنىڭ بىرى ئوۋچىلىق قىلاتتى، يەنە بىرى چەكسىز توغراقلىقنى ئارىلاپ، توغرىغا بىلەن دورا ـ دەرمەك يىغاتتى. ئۇلار ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۆزئارا دەۋر قىلىپ ئالمىشىپ تۇراتتى...

— بۇ يەردىكى ئىشلار ناھايىتى جانلىق، ئېدىتلىق ئىكەن، — دېدى ئىمىن گېرمان توغراقلىقنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، — مەن قېرىغدىمۇ بۇ يەردە ئىش تېپىلارمۇ؟

قۇتلۇق ئەپەندى چاقچاق قىلدى:

— ئىمىنكا، سىزگە گېرمانىيىدەك كاتتا يەرلەردە ئىش تېپىلغان تۇرسا، قەشقەرنىڭ ئات تۇپۇقىدەك مۇشۇنچىلىك توغراقلىقتا ئىش تېپىلماسما؟

— شۇنى دېگىنە، — دېدى مامۇت قۇرغۇي قۇۋۋەتلەپ، — ئەجنەبىيلەرنىڭ قورال زاۋۇتىدا ئۆگەنگەن كارامەتلىرىڭنى كۆرسىتىدىغان ۋاقىت كەلدى، ئىمىن ئاكا، بىزنىڭ بۇ توغراقلىقتىمۇ سىنىڭ كېلىشىڭگە قاراپ تۇرغان بىرمۇنچە ناكار قورال ـ ياراغلار بار!

ئۇلار توغراقلىقنى ئايلىنىپ كېلىپ بىرىنچى گۇرۇپپىنىڭ ياتاق

گەمسىگە كىردى. گەمىدىن پاخال بىلەن تەرنىڭ قىرتاق پۈرىقى بىقسىپ تۇراتتى. قاراڭغۇلۇق ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ بىر نەرسىلەرنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا ئىمىن گېرمان گەمە ئىچىگە سەپسالدى. گەمىدە ياتقانلاردىن تۇرغۇنلىرىنىڭ سېلىنچىسى پاخال، يېپىنچىسى كۆرەڭ جۇۋا ئىدى. بەزىلىرى ھەتتا سامان تەكىيگىمۇ ئېرىشەلمەي، پاخالنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ قويۇۋالغانىدى. گەمىنىڭ ئۈستىدىن شىرقىراپ قۇم چۈشۈپ تۇراتتى...

ئىمىن گېرمان ئويلىنىپ قالدى: «بۇ ئادەملەر مۇشۇنداق تۇرمۇش بىلەن بۇ يەردە زادى نېمە ئىش قىلماقچى؟ نېمىگە ئېرىشمەكچى؟!»

ئۇ ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلىدى. ئۇمۇ بىر چاغلاردا ئۆز ماكانىدا جېنىنى سىغدۇرالماي، بىر كېچىدىلا جۇراپ چىقىپ كەتكەنىدى. چەت ئەللەردە قاڭقىپ يۈرۈپ ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى، ئازابلاندى، خورلاندى، كېيىن مىڭ بىر مۇشەققەتتە ۋەتەنگە زارىقىپ قايتىپ كەلدى. لېكىن، ۋەتەن ئۇنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا يەكلىدى، خارلىدى، قىينىدى، ئۇ شۇنچە كەڭ ۋەتەندە بېشىنى سىغدۇرغۇدەك ئەركىن ماكان تاپالماي بايلارغا يىللىقچى بولدى، ئات ئوقۇرى، ئېشەك ئېغىللىرىدا يېتىپ قوپتى، ئاچ ـ زېرىن، يېلىڭ ـ يوپۇڭلۇقتا بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزدى. كېيىن تۇيۇقسىز ئامەت بىلەن ۋاڭ دارىنغا شوپۇر بولۇپ جېنىنى ئاز ـ تولا ئارام تاپقۇزغانىدى، ۋاڭ دارىن ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن يەنە ئۇنى نەس باستى، تۆت يېرىم يىل تۈرمىدە ياتتى. تۈرمىدىن چىقىپ يەنە سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشلىدى، كىرمىگەن تۆشۈكى، چىقمىغان دۆڭى قالمىدى. شۇ چاغلاردا ئۇ نېمىلەرنى ئويلىمىغانىدى؟! بەزىدە بىر كېچىدىلا رۇستەمى داستانغا ئايلىنىپ، تەڭسىزلىكتە، جاھالەتتە ئۇچىغا چىققان بۇ زالىم ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ، غېرىب ـ مىسكىن، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىماقچى بولدى. بەزىدە يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، جايناماز ئۈستىدە ئاللاغا تېۋىنىدى، ئاللادىن جەبىر ـ زۇلۇم، پاسىقلىق

بېسىپ كەتكەن بۇ ماكانغا نۆشىرۋان ئادىلدەك غېرىبپەرۋەر، شەپقەتچى بىر پادىشاھنى ئاسماندىن تاشلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن يىللار ئۇنى بەزلەپ ئۆتتۈۋەردى، ئۇ ئازاب ئىچىدە «جىممىدە» قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيماي قالدى.

ئىمىن گېرمان خىيال بىلەن ئىغىرلاشقان بېشىنى ئاستا كۆتۈردى، ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىرىپ چوڭقۇر ئۇھسىندى، خىرەلەشكەن كۆزلىرى بىلەن گەمىگە يەنە بىر قېتىم قارىدى. بۇ قېتىم گەمە ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچە ئىللىق ۋە سەلتەنەتلىك كۆرۈندى. ئۇ مۇشۇ قاراڭغۇ، سوغۇق گەمىدە كېسەككە بېشىنى قويۇپ زۇلمەتلىك كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ نېمە ئىش قىلىپ، نېمىگە ئېرىشمەكچى بولغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى. بۇ كىشىلەر بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىدە يۈكسەك ئورۇن ئالدى. ئۇ ئۇزاقتىن بېرى يۈرىكىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ مانا شۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا خىرە ـ شىرە ئىشەنگەندەك بولدى ...

— ئىمىنكا، قانداق، گەمىلەرگە قاراپ قورقۇۋاتاملا؟ — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى ئۇنىڭ شۈكلەپ كەتكەنلىكىگە قاراپ، — تۇرمۇشىمىز قىيىنراق، لېكىن ئەركىن، ئۆزىمىز خان، ئۆزىمىز بەگ!

ئىمىن گېرمان ھاياجانلاندى، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ قولىنى تۇتۇپ دېدى:

— ئەڭ ئەۋزەللى شۇ، ئۇكام. «ھوسۇلى يوق جەننەتتىن دوزاخ ياخشى» دېگەن گەپ بار. مەن خارجى دۆلەتلەرنىمۇ كۆردۈم، ئادەم بالىسى ئۈچۈن قورساق تويغۇزۇش، كىيىم كىيىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا ئەركىنلىك كېرەك. ئەركىنلىك بولمىسا قۇشمۇ ئاسماندا پەرۋاز قىلالمايدۇ!

ئۇلار گەمىدىن چىقتى. مازارغا قايتىۋېتىپ ئىمىن گېرماننىڭ خىيالىغا بىرنەرسە كېلىپ سورىدى:

— ئۇكام مامۇتئاخۇن، سەن تۈنۈگۈن ئىسمىمنى، ۋاڭ دارىنغا

شوپۇر بولغانلىقىمنى ئېيتتىڭ، بۇنى زادى قانداق بىلىۋالدىڭ؟
مامۇت قۇرغۇي خۇپسەنلىك بىلەن كۈلدى:
— دېدىمغۇ، ئىمىنكا، تۈنۈگۈن ئاللادىن ۋەھىي كەلگەن...
— ياق، ياق! — ئىمىن گېرمان ئېتىراز بىلدۈردى، — بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى يالغان!
مامۇت قۇرغۇيمۇ راستتىنى ئېيتتى:
— شۇنداق، ئىمىنكا، ۋەھىي كەلگىنى يالغان، مەن سېنى بۇرۇنلا تونۇيتتۇم. سەن ئۆز ۋاقتىدا ۋاڭ دارىنىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ پات - پات سۇغا كېلەتتىڭ. ۋاڭ دارىن مامۇت سىجاڭنى ئىزدەپ كېلەتتى. مەن سىبۇدا بولغاچقا سېنى كۆپ كۆرگەن، ھەتتا بىر نەچچە قېتىم سەن بىلەن پاراڭلاشقان...
— مانا، مانا ... ياش دېگەننىڭ ھامان ياشلىقى بار - دە! — دېدى ئىمىن گېرمان تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، — قارا، سېنى تونۇماي قالغىنىمنى، قۇرۇسۇن قېرىلىق، مانا ماۋۇ گەپنى قىلغاندىن كېيىن سېنى راستتىنلا باغرىم تونۇۋاتىدۇ...
ئەتىسى ئەتىگەندە ئىمىن گېرمان قايتىشقا تەرەددۇتلاندى. يولغا چىقىش ئالدىدا ھەممەيلەن بىلەن قىزغىن، سەمىمىي خوشلىشىۋېتىپ مۇنداق دېدى:
— ئۇكىلىرىم، ھازىرچە خوش، مەن يەنە بىرىسى ئۈچ كۈن، نېرىسى ھەپتىدە بۇ يەرگە ئۆتۈپ بولىمەن. ھاپىز جۇيجاڭنى سىلەردىن خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ قايتىپ چىقىمەن!
باتۇق كۈتۈلمىگەن يەردىن قوپاللىق بىلەن ئاگاھلاندۇردى:
— ئىمىنكا، گەپ شۇنداق بولسۇن، ئەگەر كۆڭۈلدە زەررىچە ئالدىلىق بولۇپ قالسا، مەن بىر كېچىدىلا شەھەرگە ئۆتۈپ ھېسابلىشالايمەن جۇما!
ئىمىن گېرمان ئوڭايسىزلاندى، يۈزى «لاپپىدە» قىزاردى، شۇنداق بولسىمۇ باتۇقنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى يوللۇق ھەم ھەقلىق ھېسابلاپ،

ئۆزىنىڭ سەممىيتىنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈردى :

— ئۆكىلىرىم، سىز بەرگەنلىك — جان بەرگەنلىك. خاتىرجەم بولۇڭلار، ماڭا ئىشىنىڭلار! مەن چوقۇم ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك توغ-رىلاپ يېنىڭلارغا قايتىپ چىقىمەن! ئەگەر سىلەرگە يامان نىيەتتە بو-لۇپ ئالا كۆڭۈللۈك قىلسام مانا كۈن ئۈستىمدە تۇرۇپتۇ، ئاللا گۇۋاھ، باغرىمدا چىراغ كۆيسۈن!...

ئۇ يۈزىنى قىبلىگە قىلدى، بىرنەرسىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇدى، دۇ-ئاغا قول كۆتۈردى، ئارقىدىن مەنىلىك قىلىپ :

— «ئىتقا ئۇيات كىرسە ئولتان يېمەس » دېگەن گەپ بار، ئۇغۇ هايۋان، مەن ئادەمغۇ! — دېدى - دە «شاققىدە » ئاتقا مىنىپ چېپىپ كەتتى...



# ئون توققۇزىنچى باب

## ئاھ، گۈزەل!

ئىتنىڭ ئاغزى تەگكەنگە دەريا سۈيى بۇلغانماس.
— ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

### 1

ئىمىن گېرمان بەش كۈندىن كېيىن قايتىپ چىقتى. ئۇ نۇرغۇن يېڭىلىقلار قاتارىدا ھەيدەر خوجا توغرىسىدىمۇ بىر - ئىككى ئېغىز گەپ كۆتۈرۈپ چىققانىدى.

— ھاپىز جۈيجاڭنىڭ بۇ ئىنىسى قالتىس يىگىت ئىكەن، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — بۇ خۇنخورلار ئۇنى تۈرمىدىلا يەپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ!...

بۇ خەۋەر قۇتلۇق ئەپەندىنى تولىمۇ ئارامسىزلاندۇردى. ھەيدەر خوجىنىڭ بەختسىز تەقدىرى ئۇنى قايغۇغا سېلىپ قويغانىدى. ئۇ ھاپىز جۈيجاڭنى ئۆز ئىنىسىغا بۇنداق شەپقەتسىزلىك قىلار، دەپ ئويلىمىغانىدى.

— مەن خاتا ئويلاپتىمەن، — دېدى ئۇ باتۇق بىلەن بولغان سۆھبەتتە، — «قان - قېرىنداشلىقنىڭ يۈز - خاتىرىسى بولىدۇ» دەپ پەرەز قىپتىمەن. ھاپىز دېگەن بۇ مۇناپىق راستتىنلا قالتىس يامان جوھۇت ئىكەن. ئەمدى ھەيدەر خوجىنى قۇتقۇزمىساق بولمايدۇ. باتۇق، سىپىمىزدە ئۇنداق ئادەملەرنىڭ يېتىشىپ چىقمىقى تەس!

باتۇق ئوڭايسىزلاندى، قىلمىشىدىن خىجىل بولۇپ قولى بىلەن

يۈزىنى ئېتىپ بىرپەس ئولتۇرۇپ قالدى، كېيىن قۇتلۇق ئەپەندىگە ئۆتۈنۈش بىلەن دېدى :

— قۇتلۇق ئاكا، رۇخسەت قىلىڭ. ھەيدەر خوجىنى ئۆزۈم قۇتقۇزۇپ چىقاي، ئۇ مېنىڭ كاساپىتىمدىن قولغا چۈشكەن، بۇ داغنى ئۆزۈم يۇيمىسام بولمايدۇ!

قۇتلۇق ئەپەندى ئۇنىڭغا ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قارىدى :

— سەن يەنە شەھەرگە كىرىۋېلىپلا ئۆزۈڭنىڭ بىلگەن سەنىمگە دەسسەرسەن!

— ئەمدى ئۇنداق بولمايدۇ! — دېدى باتۇق ئەھدى بىلەن، — ئۆزىمىزمۇ، ئەقلى - ھوشىمىزمۇ چوڭىيىۋاتىدۇ. قۇتلۇق ئاكا، خاتىرجەم بولۇڭ، تەشكىلگە ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدىغان ئىشنى ئەمدى قىلمايمەن!

— ھەيدەر خوجىنى قۇتقۇزۇشقا ئىشەنچىڭ بارمۇ ؟

— بار، ئالتە بۇرجەكلىك تۈرمىدىكى ۋاڭ دەيدەي ياردەم قىلىدۇ، نازاكەت خېنىمدىنمۇ پايدىلىنىمەن!

— بولىدۇ، ئەمىسە مامۇت قۇرغۇي بىلەن تۇدى راجى ساڭا ھەمراھ بولسۇن، يەنە كۈچ لازىم بولسا، شەھەردىن ئۇيۇشتۇرۇڭلار!

ئۇلار يېرىم كېچىدە يولغا چىقىپ ئەتىسى كەچتە شەھەرگە يېتىپ كەلدى. ھېيتگاھدا كەچلىك غۇژ - غۇژ بازار قىزىپ كەتكەندى. ئۈچەيلەن سەھرالىقلارغا خاس قىزىقىش بىلەن بازار ئايلاندى. چۆچۈرىخانىغا كىرىپ ھاردۇق ئېشى ئىچتى، غالتەكچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۆپكە - ھېسىپ يېدى، چايخانىغا كىردى، ناۋات بىلەن قۇۋۋەتلىك چاي دەملەپ ئىچتى، راھەتلىنىپ تەرلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاش بازىرىغا چىقتى، ۋاڭ چوقۇرنىڭ قاۋاقخانىسىغا كىرىپ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلدى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەل - جامائەت بېسىققاندا، باتۇق ئىككى ھەمراھىنى قاۋاقخانىدا قالدۇرۇپ نازاكەت خېنىمنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ كەلگەندە نازاكەت خېنىم ئوتقاشتەك ياسالغان خاس ھۇجرىسىدا يې-

شىنىپ ھاردۇق چىقىرىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھەپتىدە ئۈچ قېتىم بولىدىغان خېنىملارنىڭ قاتار چېيىدىن تېخى بايىلا قايتىپ كەلگەنىدى. خىز-مەتكار ئايال ئۇنىڭ ئۈتۈكنى سالدۇرۇپ تالغان پۇتلىرىنى مۇجۇپ قويۇپ، ئۆز ئۆيىگە ئۇخلىغىلى چىقىپ كەتكەنىدى. ئىشىك قېقىلغاندا نازاكەت خېنىم پەلتوسىنى يېپىنچاقلاپ شام كۆتۈرۈپ چىقتى.

— كىم؟ — دېدى ئۇ ئەندىككەندەك ئاۋازدا ئىشىككە يېقىنلىشىپ.

— مەن ... نازاكەت خېنىم! — باتۇق چوڭقۇر بىر ئىچكى تۇيغۇ بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى. ئاۋاز تونۇشلۇق ھەم يېقىملىق ئىدى. نازاكەت خېنىم ئىشىكنى ئاچتى، ئاچتىيۇ، چۆچۈپ ئارقىغا داجىدى. باتۇقنىڭ قوپال ھەم كۆرۈمسىز ئۇستۋاش ئىچىدىكى گىروي، قاتاڭ-غۇر بەستىنى ئۇ دەماللىققا تونۇيالمىدى، قورقىنىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. باتۇق تۇمىقىنى قولىغا ئالدى، چىرايىنى ئوچۇق كۆرسى-تىپ ھاياجان بىلەن:

— نازاكەت خېنىم، بۇ مەن... باتۇق! ...

ئېگىزرەك كۆتۈرۈلگەن شام نۇرى باتۇقنىڭ تەبەسسۇملۇق چىرايى بىلەن ۋىسال ئىشقىدا مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرىنى ئوچۇق يورۇتتى. نازاكەت خېنىم ئەمدى ئۇنى تونۇدى، تونۇدىيۇ، «باتۇق!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە گويا ئارقىدىن بىرى كۈچ بىلەن ئىتتىرگەندەك ئىختىيارسىز يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. مۇھەب-بەتنىڭ بۇ تەلۋە كۈچى باتۇقنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ پالەچ-لەنگەن قوللىرى نازاكەت خېنىمنىڭ سىمابتەك تىترەۋاتقان تەشنا جىسمىنى قۇچاقلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ساڭگىلاپ قالدى. شۇ تاپ-تا ئۇ گويا ئۆز قۇچىقىدا ئادەم ئەمەس، بەلكى ئون بەش كۈنلۈك تو-لۇن ئاي ئۆزىنى باغ - باغلاپ، نۇر سېپىپ، قوچۇپ تۇرغاندەك سې-ھىرلىك ھېس قىلدى، ئۇنىڭ قەلبى تامام بىھوشلانغانىدى. كېچىنىڭ ئاچچىق سوغۇقى ئۇلارنى تەستە ھوشىغا كەلتۈردى.

باتۇق نازاكەت خېنىمنى قۇچاقلاپ كۆتۈرگەن پېتى ئۆيگە كىر-دى، ئۇلار مەڭزى قىزارغان چويۇن مەشنىڭ يېنىدا، ئىككى قەۋەت

مەخمەل يېپكەنداز ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە ئۇن ـ تىنسىز، جىممىدە ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ھېرىسمەن كۆزلىرىدىن مىسلىسىز خۇشاللىق ۋە بېسىلغۇسىز خۇمارلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى...

بىرھازادىن كېيىن نازاكەت خېنىم ئېسىگە كېلىپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— ۋىيەي ... سىلىگە داستىخان سالماي ئولتۇرۇپ كەتكىنىمنى قارىسىلا... — ئۇ چاي دەملىدى، داستىخان راسلىدى. باتۇق ئۇنىڭغا بۇ قېتىم كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى قىسقا ھەم ئېنىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

— بەكمۇ ساۋابلىق ئىش بىلەن كىرىپىلا... — دېدى نازاكەت خېنىم خېنە ياققان بۇدرۇق بارماقلىرى بىلەن چەينەكنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ چاي قۇيۇۋېتىپ، — ھەيدەر خوجىنى بۇرۇن تونۇمايتتىم، ئۆتكەندە سىلىنى قۇتقۇزغىلى كىرگەندە كۆردۇم، ئاڭلىسام، ناھايىتى ئېسىل يىگىت ئىكەن، لېكىن ئاكىسى ماڭا بىر نەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئۈستىدىن دادلاپ بەردى. بىر قېتىم ناھايىتى تەكەببۇرلۇق بىلەن: «كىمىكى مېنى رەنجىتىدىغان بولسا مەيلى ئۇ دادام بولسىمۇ ھاياتىنى تاۋۇت بىلەن ئاشنا قىلىپ قويىمەن!» دېدى. شۇ گەپتىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭدا ئادەمگەرچىلىك دېگەن نەرسە يوق ئىكەن، مۇناسىۋەتلىشىشتىنمۇ ھەزەر ئەيلەيدىغان بولۇپ قالدىم!...

باتۇق تەستىق ئالامىتى بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى:

— شۇنداق، خېنىم، ئېيتقانلىرى توغرا. ھاپىز خوجا ئادەم ئەمەس، پالاق تۇخۇمدىن بولغان ھاراملىق! ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. ھەيدەر خوجىنى تېزدىن قۇتقۇزۇۋالمىساق بولمايدۇ! بۇ ئىشتا سىلىنىڭ ياردەملىرىگە تايىنىمىز...

نازاكەت خېنىم جىنەستىدەك قىزىل، نېپىز لەۋلىرىنى يېنىك چىشلەپ، خۇمار كۆزلىرىنى قىسقان ھالدا بىرنەرسىلەرنى خىيال قىلدى، ئەسلىدى، كېيىن بىردىنلا شوخشۇپ، باتۇقتىن سورىدى:

— سىلىم «شوپاڭ» دېگەننى بىلەملا؟
— ياق، — دېدى باتۇق پەرۋاسىزلا، — كۆرۈپ باقمىغان.
— ئاپلا ... — نازاكەت خېنىم تاڭلىيىنى چېكىپ ئەپسۇسلاندى، — ھەممە ئىشنى شۇ بىلەتتى. ئۇ كاڭ لۇيجاڭ بىلەن ھاپىز جۇيجاڭغا بىۋاستە باغلانغان بىرىنچى دەرىجىلىك مەخپىي ئىشپىيون. بىز ھازىر ھەيدەر خوجىنىڭ نەگە قامالغانلىقىنى بىلمەيمىز، ئۇنى بەك سىرلىق تۇتۇۋاتىدۇ. ناۋادا سىلىم «شوپاڭ» نى قولغا چۈشۈرۈۋالساق ھەممە ئىش ئوڭاي بولاتتى ... — ئۇ ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى تېز - تېز قېقىپ بىرپەس ئويلاندى، قېشىنى يىمىرىپ، بېشىنى ئەگدى، كېيىن «لىككىدە» كۆتۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇنداق قىلايلى، ئۇ ھەمىشە ئەنجان رەستىدىكى مەدىنىجاننىڭ لەپكىسىدە ئولتۇرۇپ ئىش بېجىرىدۇ. مەن سىلىگە كۆرسىتىپ قوياي. تونۇۋالغاندىن كېيىن پېيىگە چۈشۈپ باقسىلىرى قانداق؟
— بولىدۇ، — دېدى باتۇق خۇشال بولۇپ، — سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق - دە!
نازاكەت خېنىم كۆزىنى ھەييارلىق بىلەن ئويناتتى:
— سىلەر ئۈچۈن ئاۋارە بولسام نېمە بوپتۇ، كۆڭۈل خالىغان ئىشنىڭ ئېغىرى يوق!...
باتۇق ئۇنىڭ تارتىنىش، خىجىلچىلىق ئىچىدە ئەركىلەپ تۇرغان ئوماق بەستىدىن تەسلىكتە كۆزىنى ئۈزۈپ ئورنىدىن تۇردى.
— ئەمدى مەن كېتەي... — دېدى ئۇ ئاۋازىنى ئاران چىقىرىپ.
نازاكەت خېنىم دەسلەپ ھەيران بولغاندەك، ئۇنىڭغا «دىڭگىدە» چۆچۈپ قارىدى، كېيىن ھاياجىنىنى سەل - پەل بېسىپ، يەرگە قارىغان ھالدا سورىدى:
— كېتەملا؟ ... — ئۇ شۇ تاپتا باتۇقنىڭ كەتمەي ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن خالايتتى، لېكىن بۇ تەلەپنى ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى، نېمدۇر بىرنەرسە ئاغزىغا كەپلىشىپ، يۈرەك ساداسىنى توسۇۋالغانىدى. مۇنداق ھېسسىيات شۇ تاپتا

باتۇقنىمۇ ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئەگەر ئۇ كەتمىگىنىدە بۈگۈن كېچە ئىككىسى خۇددى سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك ھەمىرلاش بولۇپ كېتىشى، تۈنجى قېتىم ئۇنتۇلغۇسىز پاراغەتلىك، شېرىن مىنۇتلارنى ئۆتكۈزۈشى تامامەن مۇمكىن ئىدى...

لېكىن، باتۇق قايناپ تۇرغان ھېسسىياتىنى، يۈرىكىنىڭ شىددەتلىك ئۇرۇشىنى جاسارەت بىلەن باستى...

— ھەئە، كېتەي ... — دېدى ئۇ نازاكەت خېنىمنىڭ مۆڭلانغان كۆزلىرىگە ئىشتىياق بىلەن تىكىلىپ، — سەپداشلار قاراپ قالدى، بۈگۈن كەچتە قىلىدىغان يەنە بەزى ئىشلار بار ئىدى، ئەتە كېلەي!...

نازاكەت خېنىم بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ۋە كۆزى قىيمىغان، تارتىنىشقان ھالدا ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

باتۇق ئەتىسى ئەتىگەندە كەلدى. نازاكەت خېنىم ئۇنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بازارغا چىقىش ئۈچۈن ئالدىراش تەييارلاندى. نازاكەت خېنىم ئۆزىنى گىرىملاپ ياساندى، پۇتىغا ئىس-كىلاچ مەسە، بېشىغا ئافغانچە لېچەك تارتىپ، خۇددى قېرى بۈۋىمەر-دەك تۈسكە كىردى. باتۇق بولسا مەرھۇم ھاجى ئۇرۇسنىڭ تەۋەررۈك كىيىملىرىنى كىيىپ، سىپپى ئۆزىدىن بايۋەچچە سودىگەر بولۇپ قالدى.

## 2

ئۇ سېلىم «شوپاڭ» نى بىر كۈن پايلىدى، ئىز بېسىپ يۈرۈپ كۈنمۇ كەچ بولدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە سېلىم «شوپاڭ» قۇمدەرۋا-زىدىكى خىلۋەت بىر قاۋاقخانىغا كىردى، تۆت سەر ھاراقنى تىك تۇرما قىلىپ ئىچتى، كېيىن قاۋاقخانىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بۇ يەر نەشكەشلەرنىڭ بەڭخانىسى ئىدى. چاققانغىنە ئۆينىڭ تۆ-

رىدىكى ئوچاق يېنىدا كالىنە پۇتلۇق شىرە، شىرە ئۈستىدىكى سەيخانە يېنىدا كىچىك خالتىلارغا ئېلىنغان نەشە، خاك قىلىنغان ياغاچ كۆمۈ- رى، شىرەنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بولسا قاتار تىزىلغان بىرنەچچە چىلىملار تۇراتتى. ئۈچ - تۆت ئادەم چىلىم تارتىپ ئولتۇراتتى. تولا تۇتۇپ سىلىقلىشىپ كەتكەن قارامتۇل قاپاق چىلىملارنى ھەر قېتىم سۈمۈرگەندە خورتۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. سەيخانىدىن چاراسلاپ ئوت كۆتۈرۈلەتتى...

مېھمان كۈتۈپ بەك تەييارلايدىغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى كوسا، ئالغاي كۆزلۈك بوۋام* سېلىم «شوپاڭ» كىرىشى بىلەن تۆرگە باشلاپ، ئالاھىدە تەكەللۇپ قىلدى. ھەش - پەش دېگۈچە سەيخانىغا نەشە، كۆك تاماكا ۋە ئۇششاقلانغان كۆمۈر قاچىلاپ بەك تەييارلىدى، سەيخانىنى چىلىمغا قوندۇرۇپ، ئۆزى بىر سۈمۈرۈپ ئوت ئالدۇر- دى - دە، ئىككى قوللاپ سېلىم «شوپاڭ» غا تۇتتى. شۇ ئارىلىقتا چىلىم تارتىپ قىيامىغا يەتكەن بىرەيلەن تەمبۇرنى تىرىڭلىتىپ مۇقام ئاھاڭىدا ئېزىلىپ ناخشا ئېيتتى:

بىر نەپەس ھۇزۇرى دىل،
دۆلىتى سۇلايمانى.
ئاللا بىرەر غايىبتىن،
سېنىڭ نانۇ رىزقىڭنى.

سېلىم «شوپاڭ» ناخشىغا مەست بولۇپ، چىلىمنى ئارقا - ئارقى- دىن كۈچ بىلەن تارتتى، قاتتىق سۈمۈرۈلگەن چىلىم لاپ - لاپ ئوت كۆتۈرۈپ يۈرەك بېغىشىغا تەپتى بولغاي، چىرايى تەلۋىلىشىپ، كۆز- لىرى غىلايدى، ئۇنىڭ خۇمارى چىققاندى، ھايال بولماي قاۋاقخانى- دىن چىقتى. ئىشىك ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ، سوغۇق، ساپ ھاۋا سۈ- مۈردى، تەرلىرى قۇرۇپ ئەندىكتى، بۆرە كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا ئە-

* بوۋام — بەڭخانىدا بەك تەييارلاپ، مېھمان كۈتىدىغان خىزمەتچى.

لەڭلەپ قاراپ قويۇپ تاپپاڭ ـ تـۇپپۇڭ دەسسـگـنـىچە يۇرۇپ كـەتـ-
تى...

ئۇ ھېيتگاھدىن ئۆتتى، ئوردا ئالدىغا چۈشتى، ئۇ يەردىن كەسكەنـ-
يارغا كېلىپ تۈلكە ئۇۋىسىدەك تار ۋە ئەگـرى ـ توقاي بىـر كوچىغـا
كىردى. ئـۈچ ئـادەم ئـۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپان باستى قىلىپ كېلىـۋا-
تاتتى.

سېلىم «شوپاڭ» كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىـر ئۆيىنىـڭ ئالدىغـا
كېلىپ توختىدى. ئىشىك يەڭگىل قېقىلدى. ھويلىدىن بىرەيـلەننىـڭ
«كىم؟» دېگەن ئاۋازى ۋە شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. سې-
لىم «شوپاڭ» يۆتەل بىلەن بەلگە بەردى، ئىشـىك غىچىـرلاپ ئېچىلـ-
دى. ئۇ خىرە ـ شىرە يورۇق چۈشۈپ تۇرغان ھويلىغا كىردى. سې-
لىم «شوپاڭ» ھويلىغا كىرىپ بولغۇچە باتۇقمۇ ئىـككى ھەمـراھىنىـڭ
يەلكىسىگە دەسسەپ، كوچا تەرەپتىن ئۆگزىگە چىقىپ بولغانىدى. ئـۇ
شەپە چىقارماي مېھمانخانىنىڭ ئۈستىگە كەلدى، تۈڭلۈككە ئېگىشتـى.
لېكىن تۈڭلۈككە قېلىن خوتەن قەغىزى يېپىشتۇرۇلغاچقا ھېچنېمىنـى
كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ قەغەزنىڭ بىر چېتىنى ھـۆللەپ، داچەن پـۇل
چوڭلۇقىدا تۆشۈك ئاچتى. پانار ئۆي ئىچىنى ئوچۇق يورۇتۇپ تۇراتـ-
تى. باتۇق ئۇزاق سەپسالدى: تۆردە بـۇرۇتلۇق بىـر ئاۋغان پەر يـاسـ-
تۇققا يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇ سىرتقى كىيىمنى سېلىۋەتكەن،
يالاڭ كەمزۇلىنىڭ بېلىدە ئالتۇن توقىلىق كەمەر پارقـىراپ تۇراتتـى،
تۆش يانچۇقىدىن بىر سويام ئۇزۇنلۇقتا ساڭگىلاپ تۇرغان ساپسېرىق
سائەت بېغى ھەربىر ھەرىكەتلەنگەندە سىلكىنىپ، جۇلالىناتتى. نېپـىز
يىپەك كۆڭلەك كىيگەن سەتەڭ بىر ئـايال ئۇنىـڭغا ئەركـىلەپ، نازلـىـ-
نىپ، سۇركىلىپ ئولتۇراتتى. ئاۋغان ئۇنىڭ ئىنچىكە بېلىدىن تۇتۇپ
ئۆزىگە تارتىۋاتقاندا ئىشىك «جالاققىدە» ئېچىلىپ سېـلىم «شوپـاڭ»
كىرىپ كەلدى. ئۇنى ئۆي ئىگىسى قېرى ئايـال توسۇپ قالالـمىغانـ-
دى.

ــــ ساھىب، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! ــــ دېدى ئۇ تاپانچىسىنى تـەڭـ-

لەپ.

ئاۋغان بىلەن ھېلىقى ئايال ئانچە چۆچۈپ كەتمىدى. ئاۋغان ئورنىدىن سەل ـ پەل قىمىرلاپ يانچۇقىنى كولىدى. ئايال بىر چەتكەرەك ئۆتۈپ، سىلىم «شوپاڭ» غا قاراپ كۆزلىرىنى ناز بىلەن ئويناتتى. شۇ ئارىلىقتا ئاۋغان بەش سوملۇق تىللادىن تۆتنى سىلىم شوپاڭغا ئۇزاتتى. تىللالارنىڭ يالتىرىشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ كۆزىمۇ پارقىراپ كەتتى. ئۇ تىللانى ئېلىپ تاپانچىسىنى قېپىغا سالدى، ھېلىقى ئايالنى ئىشارەت قىلىپ ھويلىغا ئاچىقتى...

باتۇق تۈگۈلۈكنىڭ يېنىدىن سىلجىپ ھويلا تەرەپكە كەلدى، ئىككىسىنىڭ سۆزى ئېنىق ئاڭلاندى. سىلىم «شوپاڭ» ئاچچىقلاۋاتاتتى:

— مۇشۇنداق قىلىشۇرسەڭ ئېتىپ تاشلايمەن، يۈزسىز!

ئايال غىلجىڭلىدى:

— بۈگۈن كېلىدىغانلىقلىرىدىن خەۋەرسىز قاپتىمەن، خوجام. بولمىسا، ئۆيگە ئىسرىق سېلىپ ئۆزلىرىنىلا ساقلاپ ئولتۇرىدىكەنمەن...

سىلىم «شوپاڭ» تالاغا چىقىپ كېتىشىپ جېكىلىدى:

— ئىككى سائەتتىن كېيىن كېلىپ قونۇپ قالىمەن، ساقلاپ تۇر!

ئىشىك «تاراققىدە» ئېتىلدى، باتۇق تامدىن سىيرىلىپ سىلىم «شوپاڭ» نىڭ ئالدىغا «گۈپپىدە» چۈشتى.

— سىلىم بايۋەچچە، چەت ئەللىك بۇ ساھىبنى قانداق تونۇيسەن؟ — باتۇق تاپانچىسىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا تەڭلەپ سورىدى.

سىلىم «شوپاڭ» دەسلەپ قاتتىق چۆچۈدى، ھودۇقتى، كېيىن ئۆزىنى سەل ـ پەل ئوڭشاپ، يانپىشىدىكى تاپانچىنى ئالماقچى بولۇۋىدى، ئارقىدىن كەلگەن بىر قول ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق تاپانچىنى سۇغۇرۇپ ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن سىلىم «شوپاڭ» ئالدىدا تۇرغان رەقىبىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى سېزىپ قورقتى، تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ زۇۋان سۈرەلمىدى.

— گەپ قىل، بۇ ئاۋغان بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىڭ بار؟!

ئۇ ئاران تەستە ئاغزىنى ئېچىپ دۇدۇقلىدى :
— مۇشۇ ... مۇشۇ ئۆيدە ... تونۇشۇپ قالدۇق...
— ئۇ ساڭا نېمە بەردى ؟!
— ھېچنېمە...
— يالغان سۆزلىمە! — باتۇق ئۇنى دۆشكەللىدى، — بولمىسا، ساقچىغا ئاپىرىمەن، چەت ئەللىك بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىڭ ئۇ-چۇن تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن!
— ياق، ياق... ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس... — سېلىم «شوپاڭ» بىچارە قىياپەتتە شۈكلەپ قالدى.
— ئەمىسە قانداق ؟! ھېلىقى پارقىرىغان زادى نېمە ؟!
سېلىم «شوپاڭ» تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. تىترەپ تۇرۇپ راستىد-نى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى :
— تىللا ... تۆت تىللا ... ئېزىپ قالدىم...
باتۇق ئۇنى كوچىنىڭ تېخىمۇ خىلۋەتىرەك يېرىگە ئېلىپ كەلدى. ماموت قۇرغۇي بىلەن تۇردى راجى ئۇنىڭ ئىككى يېنىدىن قىسماققا ئالدى.
باتۇق رەسمىي گەپكە چۈشتى :
— سېلىم سەندىن سورايدىغان گەپ بار. راست ئېيتساڭ بىشىڭ ئامان قالىدۇ، ئالا كۆڭۈللۈك قىلساڭ ئىككى پۇتۇڭ بىر ئۆتۈككە تىقى-لىدۇ.
سېلىم «شوپاڭ» سەل ـ پەل ئۈمىدلەندى :
— بولىدۇ، بولىدۇ ... سورىسىلا، بىلىدىغىنىمنى يوشۇرمايمەن...
— ئۇنداق بولسا جاۋاب بەر، ھەيدەر خوجا قايسى تۈرمىدە ؟
— ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىدىكى 1 ـ تۈرمىدە ...
— ئۇنى قانداق قىلماقچى ؟
— ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.
— نەدە قول سالغۇدەك ؟
— يېڭىشەھەرگە يۆتكەپ...

— قاچان؟
سىلىم «شوپاڭ» نىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى:
— بىلمەيمەن، راستىنلا بىلمەيمەن...
— راستىڭنى ئېيت!— باتۇق ئۇنى تامنىڭ بۇلۇڭىغا قىستاپ كەلدى.
— راست ئېيتىۋاتىمەن. بۇ ئىشتىن ئىللا - تاۋارا خەۋىرىم يوق! — دېدى ئۇيلىنىپ، — ۋاقتىنى ھاپىز جۇيجاڭ بەك مەخپىي تۇتۇۋاتىدۇ، لېكىن مەن سىلىگە ۋەدە بېرەي: ئەتىلا ئېنىق ۋاقتىنى ئۇقۇپ يەتكۈزمىسەم نېمە قىلسىلا مەيلى.
— راستمۇ؟
— راست، يالغان ئېيتسام ئۆز گۇناھىم ئۆزۈمگە!...
باتۇق بوشاشتى:
— ئەمىسە تىلخەت ياز!
سىلىم «شوپاڭ» قولچىراغنىڭ يورۇقىدا بىر پارچە تىلخەت يازدى. ئۇنىڭدا بايا ئاۋغان ساھىبتىن تۆت تىللا ئالغانلىقىدىن تارتىپ، ھەيدەر خوجا توغرىسىدا ئەتە خەۋەر بېرىشكىچە يېزىلغانىدى.
باتۇق تىلخەتكە كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ خۇشال بولدى.
— گەپ شۇنداق بولسۇن! — دېدى ئۇ گىدەيگەن ھالدا گۈركىرەپ، — ئەتە نامازشام بىلەن تىللا سارىيىنىڭ ئالدىدا كۈتىمەن، ماڭ ئەمىسە!
سىلىم «شوپاڭ» تايىناڭلىغىنىچە ئۇزاپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىسى يىتەر - يىتمەي، مامۇت قۇرغۇي باتۇققا ئەپسۇسلاندى.
— ئۇنى قويۇۋېتىپ ياخشى قىلمىدىڭ، ئۇكام، ئەتە ئادەم باشلاپ كەلسە قانداق قىلىسەن؟!
— ھەددى ئەمەس! — باتۇق ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى، — ئۇنىڭ نوختىسى قولۇمدا! ئەگەر ئۇ ۋەدىسىدە تۇرمىسا يوشۇرۇن ئېتىپ تاشلايمەن ياكى ئۆزىنىڭ تىلخېتى بىلەن ئۆزىنى جايلايمەن!
مامۇت قۇرغۇي لېۋىنى چىشلىدى، ئەمدى قانچە تەگسىمۇ ئىش بە-

ربىر ئۆتۈپ بولغانىدى.

سىلىم «شوپاڭ» ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپلا نىيىتىنى بۇزدى. ئۇ بىر-دەمدىلا گىرىملەنگەنىدى. دەسلەپ باتۇقنىڭ ئارقىدىن كېلىپ قول سالماقچى بولدى، لېكىن ئۇلار ئۈچ ئادەم بولغاچقا ئۆزىنىڭمۇ ساق قال-مايدىغانلىقىنى ئويلاپ نىيىتىدىن ياندى، كېيىن ئۇنىڭ پېيىگە چۈ-شۈپ پايلىدى، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. باتۇقنىڭ ئەل - يۇرت بېسىققاندا ئەنجان كوچىسىغا بۇرۇلۇپ نازاكەت خېنىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇددى تەتۈر تول-غاق تۇتقان ئادەمدەك ئاچچىق بىر تولغىنىپ قويدى. بۇ ئادەمنىڭمۇ ئۆزىگە باقماي نازاكەت خېنىمنىڭ ئالدىدا شىلتىڭ ئېتىپ قويغان يەر-لىرى بار ئىدى. لېكىن نازاكەت خېنىمنىڭ بىر قېتىم كىشىلەر ئال-دىدا: «سىلىم ئاكا، ‹ئاۋۋال ئۆزۈڭگە باق، ئاندىن ناغرا قاق› دېگەن گەپ بار. ئۆزلىرىنى بىلىپ يۈرەرلا!» دەپ نومۇس قىلدۇرغىنى ئې-سىدىن كەتمەيتتى. ئۇ نازاكەت خېنىمغا قورسىقىدا قاتتىق غۇم ساقلاپ يۈرەتتى. «ھۇ، ناپاك جالاپ! — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن پىچىرلاپ، — ماڭغۇ قاراپمۇ قويمايسەن، لېكىن ئاشۇنداق قوڭالتاقلارنى قوينۇڭغا ئالدىڭمۇ؟! خەپ توختا، چۇۋاڭنى بىر چۇۋۇپ شەرمەندە - شەرمەن-سار قىلمىسام!...»

ئۇ ئالدىراپ ھاپىز جۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە چاپتى.

— ئىش ئەپلەشمىدى، جۇيجاڭ! — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا زارلىنىپ، — نازاكەت خېنىم مېنى سېتىپتۇ، ئازغىنلىق قىپتۇ! ئەمدى ھەممە ئىش تۈگەشتى!...

ھاپىز جۇيجاڭ ئۇيقۇسىنى ئاران ئېچىپ ئۇنىڭغا دوق قىلدى:

— نېمە بولدى، تىلىڭنى چاينىماي ئوچۇقراق ئېيتقىنا؟!

سىلىم «شوپاڭ» بايا يۈز بەرگەن ئىشلارنى يىپىدىن - يىڭنىسى-غىچە سۆزلەپ، پەقەت ئاۋغان ساھىبتىن تۆت تىللا ئالغانلىقىنىلا يو-شۇردى. ھاپىز جۇيجاڭ ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ھەم غەزەپلەندى، ھەم چۆچۈدى...

— راستما، ئېيتقانلىرىڭ راستما؟ — دېدى ئۇ جىددىيلىكتىن ھاسىراپ.

— خۇدا ھەققى راست، ھەممە ئىش تېخى ھازىرلا يۈز بەردى، جۈيجاڭ، — دېدى سېلىم «شوپاڭ» ھودۇقۇپ، — ئۇنى ھەمراھ-لىرىنىڭ «باتۇق» دەپ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدىم. نازاكەت خېنىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم...

ھاپىز جۈيجاڭ ئىشەندى. چۈنكى، ئۇ باتۇق بىلەن نازاكەتنىڭ خې-لى قويۇق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان رەشك ئوتى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇ قاتمۇقات ئاچچىق يۇتتى ۋە ئاخىر چىداپ تۇرالماي، گويا چايان چاققاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ تاپانچىسىنى قولىغا ئالدى.

— تۇتۇڭلار، ھازىرلا تۇتۇپ ئالدىمغا ئەكېلىڭلار! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، تىترەپ، — ئۇنىڭ چاچلىرىنى پىلىك قىلىپ ئېشىپ، بې-شىدا چىراغ ياقمىسام پۇخادىن چىقمايمەن!

3

نازاكەت خېنىم ئەتىگەندىلا ساقچىغا چاقىرتىلدى. ھاپىز جۈيجاڭ سوغۇق قارشى ئالدى. ئۇنىڭ جۇدۇنلۇق چىرايىغا قاراپ نازاكەت خېنىم دەسلەپ ئەندىكتى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى تۇتۇپ ئا-ياللارغا خاس يۈرەكزادىلىكتىن تامام خالىي بولدى. بېشىدىكى سۆ-سەر تۇماق، قۇلىقىدىكى بەش ئاچىلىق سۆكە، ئۇچىسىدىكى سۇلەي-سۇن جۇۋا ئۇنى خويمۇ سۆلەتلىك، گۈزەل ۋە يېقىملىق قىلىۋەتكەنىدى؛ پەردازسىز ئاپئاق يۈزى گويا سۈت بىلەن قۇيغان ئۆپكىدەك سى-لىق، پارقىراق ۋە يۇمشاق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى پۈتۈن تۇرقى ئەرلەرنى كۆيدۈرىدىغان، ئازابقا سالىدىغان، تەشنا قىلىدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن تولۇپ تاشقانىدى...

جىمجىتلىققا چۆككەن بىرپەسلىك ئىغىر سۈكۈتتىن كېيىن ھاپىز جۈيجاڭ ئىغىز ئاچتى:

— خېنىم، ئەتىگەندىلا چاقىرتتىم، سەۋەبىنى بىلەملا؟...

— ياق! ... — نازاكەت خېنىم بويىنىنى تولغىدى، — مەن سىلىنىڭ قورساقلىرىدىكى ئويلىرىنى نەدىن بىلەي!...

ھاپىز جۈيجاڭ تازا بىر دىكىنىپ تۇرۇپ قالدى. نازاكەت خېنىمنىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭغا قاتتىق تەگكەنىدى.

— خەير ... — دېدى ئۇ ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، — «سۆز قوغلىغان دەردكە يولۇقار، يول قوغلىغان خەزىنىگە» دېگەن گەپ بار. بىز سۆز قوغلاشمايلى، قەدىناس بولغانلىقىمىز ئۈچۈن گەپنى ئوچۇق - يورۇق دېيىشەيلى، قانداق؟

— شۇنداق، ھەممە ئىش ئوچۇق - يورۇق بولغان ياخشى! — دېدى ئۇ يەنە بويىنىنى تولغاپ.

— ئۇنداق بولسا، مەن بۈگۈن سىلى بىلەن ئۇلۇغ پىرقىمىز نامىدىن سۆزلىشمەن، قېنى، جاۋاب بەرسىلە: باتۇقنى قانداق قاچۇرۇۋەتتىلە؟ ئۇ ھازىر نەدە؟!

نازاكەت خېنىم ھودۇقمىدى، ھاپىز جۈيجاڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ توپتوغرىلا جاۋاب بەردى.

— مەن باتۇقنى قاچۇرمىدىم، ئۆزى كىرگەن ئىشكتىن ئۆزى چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھازىر نەدىلىكىنى مەن نېمە بىلەي!

بۇنداق سوئاللارغا ئۇنىڭ يېتەرلىك ئىدىيىۋى تەييارلىقى بار ئىدى. ئۇ بۈگۈن ھېچنەرسىنى — مۇھەببىتىنى، ئەقىدىسىنى، نەپرىتىنى، لەنىتىنى يوشۇرماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى.

نازاكەت خېنىمنىڭ تۈرگۈن ۋە كەسكىنلىكى ھاپىز جۈيجاڭنى سەل ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇ ئەسلىدە: «نازاكەت يىلىنىدۇ، ئەپۇ سورايدۇ» دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما، سۆھبەتنىڭ بېشى ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك چىقمىدى. ئۇ بىردىنلا پەسكويغا چۈشۈپ ۋەز - نەسىھەتكە ئۆتتى.

— ئۇنداق ئات ـ ئۇچۇرى، نـام ـ نىشانـى يوق ئادەملـەر بىزنىـڭ خىلىمىز ئەمەس، نازاكەت. باتۇق دېگەن بىرنېمە كېپەنـلىكى بـويىنغا ئېسىلغان قاچقۇن! «ئېسىلدە خاتا يوق، بېئېسىلدە ۋاپا» دېگەن گەپنى سىلى ئاڭلىمىغانمۇ؟

نازاكەت خېنىم قېشىنى ئۇچۇرۇپ مىيىقىدا كۈلدى:

— مەن «بىسىناق پادىشاھتىن سىنـالغان گاداي يـاخشى» دېگـەن گەپنى ئاڭلىغان. باتۇق سىلىنىڭ نەزەرلىرىدە قاچقـۇن بولۇشى مـۇمـ- كىن. لېكىن مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ بويى ئالتۇن، قوۋۇرغـىسى كۈمـۈش يىگىت!...

ھاپىز جۇيجاڭنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، گـويا بىرى بـې- شىدىن قوزۇق قاققاندەك ئازاب بىلەن تولغاندى، يۈرىكى پۇچۇلاندى، چىرايى تاتىرىپ، ئۆڭۈپ، ئىچىگە تىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— ھەي نازاكەت، گەپلىرىڭنـى قارا! بەئەيـنى «تۇلۇمـدىن توقمـاق چىققاندەك» لا بولدىغۇ؟!

باتۇق دېگەن ئۇنىڭ ئىككـى دۇنيالـىق دۈشمىنـى تۇرسا، بۇنـداق گەپلىـرىڭنى قـانداقمۇ كـۆڭلىگـە سىغدۇرالايـدۇ؟! ئۇنىڭـمۇ يۈرىكـى گۆشقۇ؟ ...

توغرا، ئادەم تەبىئەتنىڭ رەھىمسىز بوران ـ چاپقۇنلىرىغا، جەمئىـ- يەتنىڭ مۈشكۈل سىناقلىرىغا بەرداشلىق بـېرەلىشـى مۇمكـىن، لېكـىن ياخشى كۆرگەن يېقىن ئادىمىنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا، ھاقارىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ؟!...

ھاپىز جۇيجاڭ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. شىرەنى مۇشتلاپ چـوشـ- قىدەك چىرقىراپ كەتتى:

— يوقال، جالاپ! كۆزۈمدىن يوقال!! ھەي ساقچى!!!

ئىشىك سىرتىدا تەييار تۇرغان كالتەكچىلەر «لەببەي!» دېـيىشـىپ يۈرگۈرۈپ كىردى. ھاپىز جۇيجاڭ ئـۇلارغىمۇ سـاراڭدەك ھۆكـىرەپ ۋاقىرىدى:

— بۇ خوتۇنغا پىرقە كالتىكىنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويۇش! تېز ـ

تېز - تېز!

ھاپىز جۇيجاڭ ھالسىراپ بىھوشلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. كالتەكچىلەر نازاكەت خېنىمنى قىيناش ئۆيىگە سۆرەپ ئاچىقتى، سىرتقى كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ نېپىز ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا جازا تۈۋرۈكىگە باغلىدى...

نازاكەت خېنىم شۇ مىنۇتقىچە ھاپىز جۇيجاڭنى ئۆزىگە نىسبەتەن بۇنداق رەھىمسىزلىك قىلار، دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي تونۇشقاندىن بۇيانقى ئۇزاق جەرياندا ئىرماش - چىرماش ئۆتكەن خۇشال چاغلىرىمۇ، ئىلاجىسىزلىقتىن زورمۇزور ئۆتكەن كۆڭۈلسىز ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. لېكىن، ئايال كىشىنىڭ مۇھەببىتى ھامان مېھىر - شەپقەتلىك كېلىدۇ، ئەر كىشىنىڭ مۇھەببىتى بولسا ھامان قەھرى - غەزەپلىك بولىدۇ. ھاپىز جۇيجاڭ ئۇنى ئاشۇ قېتىم خەيرىننىسا دوقىنىڭ ئۆيىدە چاڭگىلىغا كىرگۈزگەن پېتى زادىلا قويۇپ بەرمىدى. ئۇ گويا نازاكەت خېنىمنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى قوغلىسىمۇ كەتمەيدىغان لالما ئىتنىڭ ئۆزىگىلا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتىنى قانچە ئىزھار قىلغانسېرى نازاكەت خېنىم كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭدىن شۇنچە سوۋۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاشىقلارغا يات بولغان ھىيلە - مىكىرلىك سىياسىي تۇرمۇشى بىلەن قان - يىرىڭغا تولغان شۇم تەبىئىتى نازاكەت خېنىمنىڭ سۆيۈشنىلا بىلىدىغان ساددا، سەبىي قەلبىگە زادىلا سىغمىدى كۆڭلى ئاستا - ئاستا سوۋۇپ مۇھەببىتىگە دەز كەتتى. دەل مانا شۇ چاغدا باتۇق ئۇنىڭ زەخمە يېگەن قەلب قەسرىنى ئۇلۇغ ئېچىپ، شىپالىق قەدىمى بىلەن نىمجان تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلگەنىدى. ھاپىز جۇيجاڭ بۇنى سەزدى، لېكىن نائىلاج بىلمەسلىككە سالدى، چۈنكى ئۇ باتۇقنى ھامان بىر كۈنى يوقىتىپ، نازاكەت خېنىمنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمما، ئۇ بۈگۈن ئۆز ئىشەنچىنىڭ پۈتۈنلەي يوققا چىققانلىقىنى چۈشەندى. باتۇقنىڭ ئاللىقاچان نازاكەت خېنىمنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ، ئۇنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئېلىپ بول-

غانلىقنى ئوچۇق كۆردى. مانا شۇ رەشك ئوتى ئۇنى ساراڭ قىلدى، كالىدەك ھۆركىرەتتى. نازاكەت خېنىممۇ بۇگۇن ئۇنى يەنە بىر قېتىم چۆشەندى. ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈشكە، مېھىر ـ شەپقەت تەلەپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقنى تولۇق ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇ جازا تۈۋرۈكىگە باغلىنىپ بىرىنچى قامچىنى يېگەندىن كېيىن تېخىمۇ چىڭدى. ئۇ مۇشۇ يېشىغا كەلگۈچە ئادەم بالىسىغا يېلىنىش ـ يالۋۇرۇش دېگەننىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، قامچا يېگەنسېرى يۈرىكى قاتتى، جىلۋىلىك چىرايى ئۆزگىرىپ سۇرلۇك تۈس ئالدى...

سېمىز بىر كالتەكچى سىم قامچىنى كۈچ بىلەن ئۇرۇۋېتىپ سوردى:

— گەپ قىل، جالاپ، سېلىم ئاكاڭنى نېمىشقا دۈشمەنگە ئاشكارا قىلدىڭ؟! ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىڭ؟!

«جالاپ» سۆزى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى، خورلۇق ھېس قىلدى. ئۇ رەقىبىنىڭ جېنىدىن ئۆتكۈدەك قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ قانچىلىك بىرنېمە ئىدى؟ ئۇنداق ئادەمنى ئىت يەپ كەتسىمۇ كۆرمىگەنگە سېلىپ كېتىۋېرىمەن!...

نازاكەت خېنىمنىڭ گەپلىرى ئىچكەركى ئۆيدە ئولتۇرغان سېلىم «شوپاڭ» نىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ھۇ، ئىت يېمەس قانجۇق! — دېدى ئۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ، — ئۇرۇڭلار، دومىلە جالاپنى زۇۋانى ئۆچكۈچە ئۇرۇڭلار، مەن ئۇنىڭ نوچىلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي!...

قامچا ئارقا ـ ئارقىدىن تەگدى، نازاكەت خېنىمنىڭ نېپىز يېپەك كۆڭلىكى قانغا بويىلىپ بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ قىزارغان چاناقلىرىدىن ئۇزۇلمەي ياش تامچىلىرى ئاقتى، بۇ تامچىلار يۈزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشتى ـ دە، ئاستىنقى لېۋىنىڭ چېتىدىكى زىنىخدىغا بېرىپ توختىدى. ئۇ تولغاندى، ئىڭرىدى، ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ ھوشىدىن كەتتى...

كالتەكچىلەر ئۇنى يەشتى، سوغۇق، داق يەرگە پۇلاڭلىتىپ تاشـ.
لىدى. ئۇ پۇت ـ قولىنى سەل ـ پەل مىدىرلاتتى، بوش ئىڭرىدى،
يەنە جىمىپ كەتتى.
— چىراغنى ئەكېلىڭلار! — دېدى سېلىم «شوپاڭ» قىسقىلا بۇيـ.
رۇق قىلىپ، — بىر دانىشمەن: «گۈزەل ئاياللىڭ يۈرىكى قارا بولـ.
دۇ» دەپتىكەن. مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر كۆرۈپ باقاي!
ئۇ نازاكەت خېنىمنىڭ ئىچ كۆڭلىكىنى يىرتىپ تاشلاپ بىلىنىڭ
يۇقىرىسىنى يالىڭاچلىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمى قامچا ئىزى بىلەن
يولتۇزدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. چىڭ، ئاپئاق ئەمچىكى قامچا زەربىـ.
دىن تال ـ تال يىرىلىپ قان تەپچىرەپ تۇراتتى. جاللاتلار ئۇنىڭ
ئەمچىكىنىڭ توپچىسىغا چىراغ ياندۇردى. ئۇ كۆيۈك ئازابىدىن ھوـ.
شىغا كېلىپ تولغاندى، ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ چىرقىرىدى.
ئۇنىڭ پۇت ـ قولى يىڭنىۋاشتىن باغلىنىپ، ئاغزى ھاراققا چىلانغان
سامان قەغەز بىلەن دۇملەندى...
ھاپىز جۈيجاڭ چۈشتىن كېيىن ئىسىگە كەلدى. تورمۇزلانغان
نېرۋىلىرى بوشىشىپ، كۆڭلىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشتى. شۇ
چاغدىلا ئۇ نازاكەت خېنىمنى ئەسلىدى، ئەتىگەنكى ئاچچىق، قوپاللىقـ.
لىرىنى ئۇنتۇدى. كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش
ئىستىكى تۇغۇلدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ جازا ئۆيىگە كىرـ.
دى، لېكىن بۇ چاغدا نازاكەت خېنىم ئازاب ئىچىدە جان ئۈزۈپ، ئاـ.
دەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك بىر مۇردىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.
ھاپىز جۈيجاڭ چەكچەيگىنىچە قېتىپ قالدى. كۆز ئالدىدا يۈز
بەرگەن بۇ ئىشلار گويا ئۇنىڭغا چۈشىدەك، بىرلا سىلكىنىپ ئويغانسا
ھەممە نەرسە يەنە ئۆز ئەكسىگە كېلىدىغاندەك تۇيۇلدى، لېكىن ئۇنىڭ
تۇيغۇلىرى ئۇنى ئالدىمىغانىدى. نازاكەت خېنىم داق يەردە جانسىز ياـ.
تاتتى، ئۇنىڭ بىر چاغلاردا ھاپىز جۈيجاڭنى مەھلىيا قىلغان قاپقارا،
نۇرلۇق كۆزلىرى مانا ئەمدى كىشى ھېيىققىدەك ئالىيىپ قېتىپ قالـ.
غان؛ خال، زىنىخلىرى جاي ـ جايىغا چۈشكەن ئاپئاق ئوماق يۈزلىرى

بولسا قارىداپ، ئادەم قورققۇدەك سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى. بىر چاغلاردا ھاپىز جۈيجاڭنى سىمابتەك ئېرىتىپ، ئىشكى ئالدىدا دىۋانە قىلىۋەتكەن ئەنە شۇ ئىسسىق، يۇمشاق ئەمچەكلىرى بىلەن مىق ـ مىق ساغرىسى مانا ئەمدى چىلىق ـ چىلىق قان ۋە زەرداب بىلەن توپىغا مىلىنىپ ياتاتتى...

ھاپىز جۈيجاڭ ئەمدى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ نازاكەت خېنىمدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان شۇ مىنۇتتا ئۆزىنىڭ ئۇنى خۇددى كاككۇكنىڭ زېمىنپىنى ياخشى كۆرگىنىدەك ئاشقلارچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى، نازاكەت خېنىمنىڭ مۇزلىغان تېنىنى سىلاپ زارلاندى:

— نازاكەت، كۆزۈڭنى ئاچقىنا!... سېنى كىم مۇشۇنداق قىلدى؟! قايسى قاتىل جېنىڭغا زامىن بولدى؟ ... ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن! ... نازاكەت! ... نازاكەت! ...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۇنجى قېتىم يامغۇردەك ياش تۆكۈلدى، چىشلىرى كىرىشتى، يۈرىكى ئاتقان پاختىدەك تىتىلىپ كەتتى...

ئۇ مانا شۇ پېتى ھەپتىگىچە ھېچكىمگە گەپ قىلماي، كۆزلىرى ئېلىشقان، يۈزلىرى تاتارغان، ساقال ـ بۇرۇتى ئۆسكەن ھالدا خۇدرەي بولۇپ يۈردى...



# يىگىرمىنچى باب

## ئۇلار قۇچاقلاشتى

ساپال ئۈچۈن ساق قالغۇچە،
گۆھەر ئۈچۈن كۇكۇم - تالقان بول!

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

تۈنۈگۈنكى تۇتۇق، تۇمانلىق ئاسمان بۈگۈن چاراقلاپ ئېچىلىپ كەتتى. نەيزە بويى ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ قىزغۇچ، ئىللىق نۇرى قىڭغىر - قىيسىق دېرىزىدىن شۇڭغۇپ باتۇقنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلدى، قىرولىرى ئېرىپ، يول - يول ئېقىشقا باشلىغان خىرە ئەينەكتىن سىرتقا قارىدى، تەكشى يېيىلغان كۈن نۇرى ئاخشام ياغقان سېرىق قار ئۈستىدە جىمىرلايتتى. ئاپئاق، پاكىز قار ياللداپ كۆزنى چاقاتتى. باتۇق سۇپىدىن چۈشۈپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى، دېرىزىنىڭ سوغۇق، نەم ئەينىكىگە پېشانىسىنى يېقىپ ئويغا چۆمدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئالتە بۇرجەكلىك تۈرمىنىڭ ئەتراپىدا ھەر خىل گىرىملىنىپ ۋاڭ دەيدەينى كۈتتى، لېكىن ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، باتۇق ئاخشام نازاكەت خېنىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشەلمىدى. ئىشىككە يوغان ئىشكەل قۇلۇپ سېلىنغانىدى، ئۇنى بىرەر يەرگە مېھمانغا كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، كوچا بېشىدا خېلى ئۇزاققىچە ساقلىدى،

پۇتلىرى مۇزلاپ، قۇلاق ـ بۇرۇنلىرى شەلۋەرەپ كەتتى. باتۇق يەنە كۆتمەكچى، تاكى ئىشىك ئېچىلغۇچە كۆتمەكچى ئىدى، قېرىشقاندەك، لەپىلدەپ قار يېغىپ كەتتى، شۇندىلا ئۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ سولاشقان هالدا سارايغا قايتىپ كەلگەنىدى...

تۇيۇقسىز باتۇقنىڭ خىيالى بۆلۈندى. ئۇنىڭ دىققىتىنى پېشايۋاندىكى كوۋۇكتا ئېلىشىۋاتقان ئىككى كەپتەرنىڭ بۇقۇلدىشى تارتىپ كەتتى. ئىككى كەپتەر جان ـ جەھلى بىلەن سوقۇشۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىرى، سارغۇچ رەڭدىكى ئالا بالداق كەپتەر بولۇپ، سېمىز، دوغىلاق ئىدى؛ يەنە بىرى، كۆكۈچ تۈستىكى ئالچىپار كەپتەر بولۇپ، ئورۇق، ۋىجىك ئىدى. هەر ئىككىسىنىڭ بۇقۇلدىشىغا قارىغاندا دەمىدەردەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار جانبازلىق بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. بىر ـ بىرىنى غەزەپ بىلەن چوقۇلايتتى، قاناتلىرىنى سىلكىپ ئۇرۇشاتتى، مەيدىسى بىلەن ئىتتىرىشەتتى، زەردىلىك نەپەس بىلەن بۇقۇلدايتتى. ئۇلارنىڭ هەرىكىتىدىن قارىغاندا، كوۋۇك تالىشىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. سېرىق كەپتەر ئاستا ـ ئاستا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشكە باشلىدى. ئۇ يوغان هەم كۈچلۈك بەدىنى بىلەن كۆك كەپتەرگە ئارام بەرمەيۋاتاتتى. سېرىق كەپتەر ئاخىر قاناتلىرىنى كېرىپ، مەيدىسىنى كۆپتۈرۈپ رەقىبىنى كوۋۇكتىن سىقىپ چىقاردى ـ دە، قاناتلىرىنى قېقىپ، كوۋۇكتا چۆرگىلەپ گويا ئۆز غەلىبىسى ئۈچۈن ناخشا ئېيتقاندەك ئۈزمەي بۇقۇلداشقا باشلىدى. كۆك كەپتەر بولسا كوۋۇكتىن چىققان پېتى يىراققا كەتمەي، ئۇدۇلدىكى ياغاچقا قوندى، قاناتلىرىنى سىلكىپ، تۈكلىرىنى هۈرپەيتتى...

باتۇقنىڭ كۆك كەپتەرگە ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ سېرىق كەپتەرنى چالما ئېتىپ قوغلىۋەتمەي دەپ تۇرۇشىغا، كۆك كەپتەر «پۇررىدە» ئۇچۇپ كېلىپ يەنە ئۆزىنى كوۋۇككا ئۇردى...

ئىككى جانىۋار گاه تۇمشۇق بىلەن، گاه قانات بىلەن بىر ـ بىرىگە زەربە بېرىشمەكتە. هەر ئىككىسى غەزەپلەنگەن، ئەسەبىيلەشكەن، شۇنداقلا غالجىرلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزى قانغا بويالدى.

ئېلىشىش تازا قىزىغاندا كۆك كەپتەرنىڭ يوغان گەۋدىسى ئۇنىڭ ئاس-
تىغا چۈشۈپ قالدى، كۆك كەپتەر قانىتىنى سىلكىپ بىرنەچچىنى
ئۇردى، پۇتى بىلەن كېلىشتۈرۈپ تەپتى، سېرىق كەپتەر ئاستا ـ
ئاستا ھالسىرىدى، تىپىرلىدى، قۇتۇلۇشقا ئۇرۇندى، لېكىن ئۆتكۈر
تۇمشۇقنىڭ قىسىشى بىلەن بوغۇلۇپ قالغان گەۋدە قۇتۇلۇشقا ئىمكان
بەرمىدى...

كۆك كەپتەر نەچچە قېتىملىق ئېلىشىشتا ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ
قېلىپ ئامال قىلىپ ئۆزىنى قوغدىغان بولسا بۇ قېتىم ئۇ ھېچنېمىگە
پەرۋا قىلمىدى، گويا جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دې-
گەندەك پىداكارلىق بىلەن ئېلىشتى. سېرىق كەپتەر بارا ـ بارا كۈچ ـ
مادارىدىن قېلىپ ئاخىر چېكىندى، كوۋۇكتىن چىققان پېتى بەدەر
تىكىۋەتتى. پېشايۋاندا ئۇنىڭ پەي ـ تۈكلىرى لەيلەپ قالدى...

باتۇر خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىۋەتتى، ئۆزى بىلەن ئۆزى «بارە-
كاللا!» دەپ توۋلاپ بىرنەچچىنى پىرقىرىدى. كوۋۇك ئىچىدە ئەركىن
چۆرگىلەپ، مەغرۇر بۇقۇلداپ تۇرغان كۆك كەپتەر ئۇنىڭغا ئىشەنچ،
ئۈمىد ۋە غەلىبە شادلىقى بېغىشلىغانىدى. بايا ئۇ كۆك كەپتەر ئۇتۇپ
چىقالىسىلا ئۆزىنىڭمۇ ئۇتىدىغانلىقى، سېرىق كەپتەر ئۇتۇۋالسا ئۆزىنىڭ
يېڭىلىدىغانلىقىنى «پال» دەپ ھېسابلىغانىدى. مانا ئەمدى «پال» نىڭ
ئاقىۋىتى ھەم خەيرلىك چىققانلىقىدىن بىر خىل نىجاتلىق ھېس قىل-
دى...

ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلەپ، خۇشاللىنىپ، شادلىق ئىلكىدە
تۇرغاندا ھۇجرىغا مامۇت قۇرغۇي بىلەن تۇدى راجى كىردى.

ــــ قانداق، خانىنىڭ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ بولدۇڭمۇ، باتۇر؟ ــــ
دېدى مامۇت قۇرغۇي ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قاراپ، ــــ «كۆڭۈل
ئۇيغا تويمايدۇ، بۆرە قويغا» دېگەندەك، سېنىڭ خىياللىرىڭ تېخى
تۈگىمەيدۇ ـ دە!...

تۇدى راجى قولىدىكى ئىسسىق شىرمەننانىنى ئۇزىتىپ دېدى:

ــــ مە، چېيىڭنى ئىچۋال، مەن سارايۋەندىن چىنە ئېلىپ كىرەي.

— توختا، ھازىر چايدىنمۇ مۇھىم ئىش بار، — دېدى باتۇق يەنە شۇ خۇشاللىقى بىلەن، — مەن بايا پال ئاچتىم، يولىمىز ئاق، ئىشىمىز خەيرلىك بولىدىكەن... — ئۇ كۆك كەپتەرنىڭ غەلىبىسىنى، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى قىزىق ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى، مامۇت قۇرغۇي بىلەن تۇدى راجى قىزىقىپ ئاڭلىدى.

— ئەگەر بۈگۈن ۋاڭ دەيدەينى تاپالىساڭ پالىڭ راستىنلا ئاقىيوللۇق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن! — دېدى مامۇت قۇرغۇي ئۈمىد ھەم گۇمان بىلەن، — بولمىسا، ھەممىسى يالغان، قۇرۇق خىيال. ئۇ چاغدا بىز سارايدا كۈتۈپ يېتىۋەرمەي، ھەيدەر خوجىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ باشقىچە ئامالىنى قىلىشىمىز كېرەك.

— قاراپتۇر، بۈگۈن چوقۇم تاپىمەن، — دېدى باتۇق ئىشەنچ بىلەن، — كۆڭلۈم گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ...

## 2

قىزىق، باتۇقنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىققاندەك ئىش بولدى. ئۇ راستىنلا چۈشتىن كېيىن ۋاڭ دەيدەي بىلەن ئۇچراشتى. ۋاڭ دەيدەي يېرىم كۈنلۈك دەم ئېلىش بىلەن بازارغا چىققانىدى. ئۇلار خىلۋەت بىر يەردە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئەھۋاللاشتى، مۇڭداشتى، ئاخىردا باتۇق ئۇنىڭ يەلكىسىنى قېقىپ تۇرۇپ سورىدى:

— دەيدەي، مېنى قاچۇرۇۋېتىپ نېمە كۈنلەرنى كۆردۈڭ؟

— ھېچ ئىش كۆرمىدىم، — دېدى ۋاڭ دەيدەي كۆزلىرىنى بالىلارچە چىملىدىتىپ، — ئۇلار مەندىن گۇمان قىلمىدى، سەن كەتكەندىن كېيىن تۈرمىدە پاتىپاراقچىلىق بولۇپ كەتتى. ھېلىقى مەخپىي قاتىللىق ئاشكارىلىنىپ، ھەممىسى ئۆز كالىسىنىڭ غېمىدە قالدى...

— مۇنداق دېگىن... — باتۇقنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇلار يەنە ئۆز ئەھۋاللىرى ئۈستىدە بىردەم پاراڭلاشتى. ۋاڭ دەيدەي قېرى ئاپىسىنى يوقلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن باتۇققا تەشەككۈر ئېيتتى،

باتۇقمۇ ئۆز كۆڭلىنى بىلدۈردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كۆز ئالدىدىكى ئىشلار ئۈستىدە توختالدى، باتۇق بۇ قېتىمقى كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— ھەيدەر خوجىنى قۇتۇلدۇرماقچىمىز، سىزنىڭ ياردىمىڭىزنى كۈتۈپ تۇردۇق. 1 - تۈرمىدە يېقىن ئادىمىڭىز بارمۇ؟

ۋاڭ دەيدەي بىرپەس جىددىي ئويلاندى، قورقتى، ئارىسالدى بولدى.

— تونۇش ئادەمغۇ بار، — دېدى ۋە ئىككى تايىنلىق بىلەن، — لېكىن 1 - تۈرمىدىن ئادەم قۇتۇلدۇرۇش تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى ھەيدەر خوجىنى بەك قاتتىق ساقلاۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم...

— قورقما، دەيدەي، — دېدى باتۇق ئۇنى تىنچلاندۇرۇپ، — تونۇشۇڭ بىزگە ئازراق ياردەم قىلالىسىلا بولىدۇ، ئۇنىڭغا ھەرگىز گەپ كەلتۈرمەيمىز. مە، ماۋۇ تىللانى ئۇنىڭغا بېرىپ سۆزلىشىپ باق. ئەيۋەشكە كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس...

باتۇق يانچۇقىدىن ئون سوملۇق تىللادىن تۆتنى چىقاردى. بۇ ھېلىقى چاغدا ھەمدەم بەگنىڭ ئورۇس ساندۇقىدىن غەنىيمەت ئالغان تىللالار ئىدى.

— ماقۇل، سىزنىڭ يۈزۈڭ ئۈچۈنلا سۆزلىشىپ كۆرەي، — دېدى ئۇ تىللانى ئېلىۋېتىپ، — لېكىن ۋەدە بېرەلمەيمەن، قولۇمدىن كېلىشىچە ئۇرۇنۇپ باقىمەن!

باتۇق ئۇنىڭ قولىنى دوستلارچە قىستى:

— بولىدۇ، ساڭا ئىشىنىمەن، دەيدەي، كەچتە ياخشى خەۋەر ئېلىپ كېلىشىڭنى كۈتىمەن...

— قەيەردە ئۇچرىشىمىز؟

— ۋاڭ دالى رومكا سوقۇشتۇرغان يەردە.

— بولىدۇ، ئەمىسە كەتتىم.

كەچتە ۋاڭ چوقۇرنىڭ قاۋاقخانىسىنى خۇشاللىق قاپلىدى. ۋاڭ

دەيدەيىنىڭ 1 ـ تۇرمىدىكى تونۇشى ھەيدەر خوجىنى قـوٗتۇلدۇرۇشقـا ياردەملىشىدىغانلىقىنى بىلدۇرگەن، ھەتتا ئۇ قامالغان كامېرنىڭ ئـاچـ-قۇچ ئەۋرىشكىسىنىمۇ ئەۋەتكەنىدى.

ـــ مانا بۇنى دەرھال ياستىڭلار، ـــ دېدى ۋاڭ دەيدەي كونا بىـر تۇنىكە قۇتىنى باتۇققا بېرىپ.

باتۇق قۇتىنى ئالدى، ئۇنىڭ ئىچىدە سىڭا مۇشتتەك خېمىر بار ئە-دى. ھەممەيلەن خېمىرنى قولدىن قولغا ئۆتكـۈزۈپ كۆرۈشتى. خـې-مىرنىڭ بىر تەرىپىگە يوغانراق ئاچقۇچـنىڭ، يەنـە بىر تەرىـپىگە كـى-چىكرەك ئاچقۇچنىڭ ئىزى چۈشۈرۈلگەنىدى. ئاچقۇچ خېلى چوڭقـۇر پاتۇرۇلغاچقا ئىزلارمۇ روشەن ھەم ئېنىق ئىدى.

ـــ چوڭى ھەيدەر خوجا قامالغان 9 ـ نومۇرلۇق يالغۇز كامېرنىڭ ئاچقۇچى، ـــ دېدى ۋاڭ دەيدەي چۈشەندۈرۈپ، ـــ كىچىكى ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئىشكەلنىڭ ئاچقۇچى ئىكەن.

ـــ ياخشى... ـــ دېدى باتۇق خېمىرنى قۇتىغا ئاۋايـلاپ سېلىـۋې-تىپ، ـــ ئاچقۇچنى ئەتىلا ياسىتىمىـز، ھەرىكەتـنى قاچان بـاشلىساق بولار؟

ـــ ئەتە يېرىـم كېچىـدە، ـــ دېدى ۋاڭ دەيدەي ئاۋازىـنى پەسلـە-تىپ، ـــ شۇ چاغدا ئۇ ئارقا ھويلىنىڭ قاراۋۇلخانىسـىدا كۆزەتتە تـۇ-رىدىكەن، سىلەر سۇڭگۈچنىڭ تۆمۈر شادىسىنى ئېكەكلەپ، شۇ يـەر-دىن كىرىسلەر...

ـــ رەھمەت ساڭا، دەيدەي! ـــ باتۇق ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋال-دى، ـــ بۇ ياخشىلىقىڭنى ئۆلسەكمۇ ئۇنتۇمايمىز، ئاغىنە!

باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئۇستى ـ ئۇستىلەپ رەھمەت ئېيتتى، ھەممـەي-لەن كىچىك بىر شىرەگە ئولىشىپ ئولتۇرۇپ توخۇ گۆشى، چىلانغان تۇرۇپ، سامساقلار بىلەن بىرنەچچە رومكىدىن ھاراق ئىـچىشتـى. ۋاڭ دەيدەي شىركەيىپ بولۇپ قايتتى. باتۇق ئۇنى خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى. قايتار ۋاقتىدا نازاكەت خېنىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ھەيۋەتلىـك تونۇش دەرۋازا يەنىلا قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، بۇگۈن

قۇلۇپمۇ، دەرۋازىمۇ ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە خەتلەر يېزىلغان چاپراس قەغەزلەر بىلەن پېچەتلىك تۇراتتى. باتۇقنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشتى، كاللىسىغا ھەر خىل قورقۇنچلۇق خىياللار كەلدى، نازاكەت خېنىمنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ سىقىلدى، كۆزلىرى مۆڭلاندى. ئۇ قايغۇرغان، روھسىزلانغان ھالدا ئالتاغىل دەسسەپ ئارقىغا قايتتى. يول بويى ئازابلىق خىياللار بىلەن تولغاندى، ئۈنسىز يىغلىدى. بۇ تۇيۇقسىز يوقتىش ئۇنىڭ ئارام ۋە بېجىرىم يۈرىكىنى خۇددى قۇرت يېگەن ئالمىدەك ئۆتمىتۆشۈك قىلىپ ھالسىزلىتىۋەتكەنىدى...

ئۇ سارايغا ئۆڭسۈلى يوق، خامۇش قايتىپ كەلدى. مامۇت قورغۇي ئۇنى ساقلاپ تېخىچە ئۇخلىمىغانىدى.

— نېمە بولدۇڭ، يېڭىشەھەرنى ئۇتتۇرۇپ، كونىشەھەرنى چوتار بەرگەندەك سولىشىپ قاپسەنغۇ؟! — دېدى مامۇت قورغۇي چاقچاق قىلىپ، — تېزرەك يات، ئەتە ۋەزىپە ئېغىر!

باتۇق دەسلەپ ئۈنچىقمىدى، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ پۇشۇلداپ ئولتۇردى، كېيىن مامۇت قورغۇينىڭ قىستىشى بىلەن ھەممە گەپنى ئېيتتى، ئاخىردا :

— ئۇنىڭغا چوقۇم بىر ئىش بولدى، تېگى - تەكتىنى ئۇقۇپ، ئىز - دېرىكىنى قىلمىسام بولمايدۇ! — دېدى.

— ئۈنچىۋالا ئەنسىرەپ كەتمە! — دېدى مامۇت قورغۇي ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ھەرقانچە ئىش بولسا، ساقچىدا تۇتۇپ تۇرغاندۇ. سېلىم «شوپاڭ» نىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى ئۇنىڭدىن كۆرۈشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاپىز جۈيجاڭ ئۇنى سەندىن قىزغانمايدۇ، دەمسەن. مېنىڭچە، ئۇنى مەلۇم ۋاقىت يوشۇرۇپ قويغان گەپ!

— نېمە بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى! — دېدى باتۇق قايغۇرۇپ، — مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىم كېرەك!

مامۇت قورغۇي ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى :

— باتۇق، سەن نېمە ئويدا، بىز نېمە كويدا! — دېدى ئۇ جىددىي

ۋە كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن، ــــ تەشكىل تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئۇنتۇپ قالما! مەن ئەمدى سېنىڭ بۇنداق ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلىشىڭغا يول قويالمايمەن!

باتۇق دەسلەپ ئۆرىدەپ، كېيىن پەسلىدى، ئۆزىنىڭ تەشكىل ئالدىدىكى ۋەزىپىسىنى، ۋەدىسىنى ئويلاپ سەگىگەندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ، كاللىسىغا كىرىۋالغان شۇم خىياللار بىلەن كېچىچە كىرپىك قاقمىدى، ئويان ئۆرۈلۈپ ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك ئازابلىق تولغاندى. كۆز ئالدىدا ھېلىقى دەرۋازىدىكى يوغان قۇلۇپ بىلەن پېچەت قەغىزى گويا بىردەم نازاكەت خېنىمغا، بىردەم ھايىز جۈيجاڭغا ئايلىنىپ پىرقىرايتتى، يۈرىكىنىڭ يوغان بىر پارچىسى گويا ئەنجان كوچىسىدىكى ئاشۇ يېقىملىق، تونۇش ئۆيدە قالغاندەك تۇيۇلاتتى.

3

قاپقاراڭغۇ كېچە...

ئاسماندا نە يۇلتۇز، نە ئاي يوق. زېمىن بىلەن ئۇپۇق تۇتىشىپ كەتكەن، ئەتراپ تىمتاس، تەبىئەت ئېغىر ئۇيقۇدا...

ئۈچ ئادەم ئەنە شۇ قويۇق قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، 1 ــ تۈرمىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا پەيدا بولدى. تۈرمە سۈرلۈك ھەم ئۆلۈكتەك جىمجىت ئىدى...

باتۇقنىڭ شىۋىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــــ مامۇتكا، ئىككىڭلار مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭلار، كامىرغا مەن باراي.

مامۇت قورغۇي ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىپ دېگۈدەك پىچىرلىدى:

ــــ ئېسىڭدىمۇ، ئوڭ قولنى بېسىپ تام ياقىلاپ ماڭىسەن...

ــــ ئېسىمدە، ھەممىسى ئېسىمدە! ــــ ئۇ تام ياقىلاپ كەتتى.

ئارقا هويلا بىلەن ئالدى هويلىنى گۇندىپايىلارنىڭ ئىشخانا ۋە يا-تاقخانىسى ئايرىپ تۇراتتى. ئۇ شەپە چىقارماي ئالدى هويلىغا ئۆتتى، ئانچە چوڭ بولمىغان بىر سەينانى كېسىپ ماڭدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ دەيدەيىنىڭ سىزىپ بەرگەن سخېمىسى بويىچە ئازماي، تەمتىرىمەي كامېرلارنى تاپتى. 9 - نومۇرلۇق كامېر سولدىن سانىغانىدا 11 - ئۆي ئىدى. باتۇق ئالدى بىلەن سول تەرەپتىكى 1 - ئۆينى مۆلچەرلاشتۇ-رۇپ، ئاندىن بىر - بىرلەپ ساناپ ماڭدى: بىر ... ئىككى ... بەش ... يەتتە... توققۇز...

مەنزىلگە يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى جىددىيلىشىپ گۇپۇل-دەشكە باشلىدى، نەپەس ئېلىشمۇ تېزلەشتى. ئەمما، ئۇنىڭ كاللىسى ناهايىتى سەگەك ئىدى. مانا، ئون بىر ... ئۇ «چىپپىدە» توختىدى، سەل - پەل دېمىنى ئالدى، جىددىيلىكتىن تارتىشقان نېرۋىلىرى بو-شاشتى، يۈرىكىمۇ ئىزىغا چۈشتى. ئۇ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ قۇلۇپقا ئاۋايلاپ سالدى، تىرىقشىغان تۆۋش بىلەن تەڭ، كامېرنىڭ ئىچىدىن زەئىپ بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— كىم ... كىمسەن؟ ...

باتۇق ئاغزىنى ئىشىكنىڭ يوچۇقىغا يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— مەن ... هەيدەر خوجا ... مەن باتۇق...

— باتۇق!؟ ... — كامېرنىڭ ئىچىدىكى ئاۋاز پەسلەپ كەتتى.

باتۇق قۇلۇپنى تەستىرەك ئاچتى. قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن سىغ-دىلىپ كىردى. كامېرنىڭ ئىچىدىن كۆڭۈل ئېلىشقۇدەك قاڭسىق قان هىدى بىلەن يەنە ئاللىقانداق ئارىلاشما سېسىق پۇراقلار گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. باتۇق تىمىسقىلاپ سىيپاپ يۈرۈپ هەيدەر خوجىنىڭ ياتقان يېرىنى تاپتى.

— هەيدەر خوجا...

— باتۇق ...

ئۇلار غۇلاچ كېرىپ قۇچاقلاشتى. هەر ئىككىسىنىڭ كۆزىدىن ئىسسىق ياشلار ئاقتى.

— بەكمۇ كىچىككىنە قالدۇق، ھەيدەر ئاكا... — دېدى باتۇق خورسىنغان، ئۆكۈنگەن ھالدا، — كۆپ ئازاب چەكتىڭىز...

— ھېچقىسى يوق، باتۇق... — ھەيدەر خوجا ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىستى، — ھەققانىيەت ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە ھامان بىر قىسىملار-نىڭ قېنى تۆكۈلىدۇ، بىر قىسىملار ئازاب چېكىدۇ... ئۇنىڭ ھېسابىغا كۆپچىلىك ئەركىنلىككە، ھۆرلۈككە ئېرىشىدۇ...

باتۇق ئۇنىڭ ئورۇق، قاتمال قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، ئاۋازىنىڭ-مۇ زەئىپ، مىسكىنلىكىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلدى، يۈرىكى يۇچۇلان-دى. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان بىر خىل ئەيىبكارلارچە تۇيغۇ ھەم دوستانە مۇھەببەت بىلەن ئۇنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق قۇ-چاقلىدى...

— ئەمدى ماڭايلى، ھەيدەر ئاكا، — دېدى باتۇق ئۇنى قۇچاقلىغان پېتى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، — ئارقا ھويلىدا ئىككى سەپدىشىمىز كۈ-تۈپ تۇرۇۋاتىدۇ...

ھەيدەر خوجىنىڭ پۇتىدىكى ئىشكەل ئېلىندى، باتۇق ئۇنى ھويلىغا يۆلەپ ئېلىپ چىقتى.

— ئەمدى ئۆزۈم ماڭاي ... — دېدى ھەيدەر خوجا. باتۇق ئۇنى ئىختىيارىغا قويدى، لېكىن ئۇ ئىككى قەدەم مېڭىپلا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ قاتتىق ئاجىزلاپ زەئىپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سول پۇتى ئېغىر ئاقسايتتى.

باتۇق ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ھاپاش قىلدى، تام ياقىلاپ ئېلىپ ماڭدى. باتۇق خۇشال ئىدى، يۈرىكى ھاياجاندا تىپىچەكلەيتتى. ئۇ ھەيدەر خوجىنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلغانلىقى، ئۇ-نىڭ قەلبىدىكى داغنى ئۆز ئەجرى بىلەن يۇيغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايتتى.

ئۇلار ئالدى ھويلا بىلەن ئارقا ھويلىنىڭ پاسىلىغا كەلگەندە، كۈ-تۈلمىگەن پالاكەت يۈز بەردى: كېچىدە تەرەتكە چىققان بىر گۇندىپاي ئۇلارغا دوقۇرۇپ قېلىپ قورققىنىدىن ئالىتاغىل ۋارقىرىۋەتتى. باتۇق

ئۇنى شۇ هامان تۇتۇۋېلىپ ئاغزىغا شەپكىسىنى قاپلاپ جىنازىدەك ئاۋاق تېنىنى يوغان بىر تاشنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويغان بولسىمۇ كېچىككەنىدى. تۆرمىنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىدىكى قاراۋۇلخانىدىن «ۋال - ۋۇل» قىلىپ چىراغلار ياندۇرۇلدى، ۋىژىلداپ ئوقلار ئۇچۇپ ئۆتتى. ئېتىشىش باشلاندى، مامۇت قۇرغۇي چىراغ نۇرىدىن نىشانغا ئېلىپ بىرنەچچىسىنى يەر چىشلەتتى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان باتۇق هەيدەر خوجىنى هاپاش قىلىپ ئارقا هويلىغا يۈگۈردى. ئۇ يېرىم يول- غا كەلگەندە سول تەرەپتىكى ئېگىز قاراۋۇلخانىدىن پىلىموت سايراپ قالدى، هەيدەر خوجىنىڭ دۈمبىسىگە ئارقا - ئارقىدىن ئوق تەگ- دى. ئۇ قاتتىق بىر ئىڭراپ جىمىپ كەتتى، پۇت - قوللىرى بو- شاشتى. باتۇق يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنى چاقىردى، سىلكىشلىدى، لېكىن ئۇ ئاللىقاچان تىنىقتىن قالغانىدى. باتۇقنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ- لۇق تىقىلدى، يۈرىكى لەرزىگە كەلدى. ئۇ هەيدەر خوجىنىڭ جەسى- تىنى يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ تاپانچىسىنى قولغا ئالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى قىساس ئوتى بىلەن يانغانىدى. ئۇ ئالدى هويلىغا ئېتىلىپ كېتىۋاتقاندا مامۇت قۇرغۇي «كاپپىدە» تۇتۇۋالدى. باتۇق يۇلقۇندى، تېپىچەكلىدى...

— باتۇق، ئۆزۈڭنى باس، قاراملىق قىلما!! — دېدى مامۇت قۇر- غۇي ئۇنى تارتقۇچلاپ، — بولمىسا، هەممە ئىشنى بۇزىسەن، ئۇلارنىڭ ئوت كۈچىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

قارشى تەرەپ ئۈزمەي ئوق ياغدۇرۇۋاتاتتى. چىراغلار بارغانسېرى كۆپەيدى، دۈكۈرلىگەن ئاياغ تاۋۇشى، ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئالدى هويلىنى قاپلاپ كەتتى. مامۇت قۇرغۇي ئېتىپ تۇرۇپ باتۇقنى ئارقى- غا تارتتى. تۇدى راجى ئۇنىڭ يېنىدا قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ تۇر- سىمۇ، هەر هالدا تاپانچىسىدىن ئوق ئۈزۈپ ماسلىشىپ كېلىۋاتاتتى. باتۇق ئاخىر ئەسەبىيلەشكەن هالدا كۈچ كۆرسىتىپ مامۇت قورغۇي- نىڭ قولىدىن بوشىنىپ چىقتى - دە، «هەيدەر خوجا» دەپ ۋارقىرى- غىنىچە ئۇنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى ئېتىپ هۆكىرەپ يىغلىۋەتتى...

ئالدى هويلىدىكى ئاۋازلار يېقىنلاپ قالدى. ئېتىشىش كۈچەيدى. مامۇت قۇرغۇي ئەپلەپ تۇرۇپ ئالدى هويلىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قول بومبىسى تاشلىدى. ئوت كۈچى پەسەيدى، قىيا ـ چىيا ئەۋجىگە چىقتى. باتۇق خېلى پۇخادىن چىققاندەك بولدى. مامۇت قۇرغۇي دەرهال چېكىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى، باتۇقنىڭ قولىدىن تارتتى، باتۇقمۇ ئورنىدىن تۇردى.

— بولدۇ، چېكىنەيلى! — دېدى ئۇ ئىتائەتمەنلىك بىلەن، — ئەمما، هەيدەر خوجىنىڭ جەسىتىنى بۇ ئىپلاسلارنىڭ قولىدا قالدۇرمايمەن!

ئۇ جەسەتنى ئىككى قوللاپ كۆتۈردى، مامۇت قۇرغۇي بىلەن تۇدى راجى تاپانچىلىرىدىن دەممۇدەم ئوق ئېتىپ ئۇنى قوغداپ ماڭدى. ئۇلار ئارقا هويلىدىن چىقىپلا چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى...



# يىگىرمە بىرىنچى باب

## تۇنجى جەڭ

يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆل.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

باھار كەلدى...

تۇنجى باھار يامغۇرىمۇ ياغدى. قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئەمدىلا ئويغانغان نوتىلارغا سۇ يۈگۈردى، تەبىئەت بەئەينى يۇيۇپ تارانغان قىزدەك چىراي ئاچتى ... باللار يوللارغا چىقىپ يېرىم يالىڭاچ بەدەنلىرىنى يامغۇرغا تۇتۇپ ھۇزۇرلانماقتا... دالدىلاردا لىكىلداپ يۈرگەن قۇشقاچلار تۈكلىرىنى ھۈرپەيتىپ بەس ـ بەس بىلەن ۋىچىرلىماقتا...

ئىھ باھار! ... سەن نېمانچە گۈزەل ۋە كۆركەم. جىمىكى ھاياتلىق سەن بىلەن يېڭى تۇرمۇش زوقىنى سۈرىدۇ. خۇددى قايسىبىر شائىر :

قۇرۇپ قاقشال بولسىمۇ جاڭگال،
باھار ئاپتىپىدا كۆكلەيدۇ دەرھال!

دېگەندەك، ھەممە يەر سەن بىلەن كۆكىرىپ ياشىرىدۇ، يۇمران ئوت ـ چۆپلەرمۇ سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن تاشلار ئارىسىدىن ئۆسۈپ

چىقىپ، يېڭى ھاياتنى باشلايدۇ...

ئۇزاق، سۈرەلمە قىشنى قىيقاس ــ چۇقان، كۈلكە ــ چاقچاقلار بىلەن بىلىندۈرمەي ئۆتكۈزۈۋاتقان خىلۋەت توغراقلىق باھار كىرىشى بىلەن راسا جانلىنىپ كەتتى. كېپىنەك ــ جەرەنلەر ئويناقلاپ، چىرايلىق كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ بوزلاشقا باشلىدى؛ بۆدۈنە ــ كەكلىكلەر قىردىن ــ قىرغا يورغىلاپ، چوقۇشۇپ، سايرىشىپ، خۇماردىن چىققۇچە يايراشتى؛ كارداڭ توغراقلارنىڭ كاۋىكىنى ماكان تۇتقان سوپىسوپياڭلارمۇ قىش بويى بىرنەچچە تال جىگدە ئۇرۇقىنى ئوزۇق قىلغان سەۋرلىك تۇرمۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، پايانسىز توغراقلىق ئۈستىدە قانات يېيىپ ئەگىشكە باشلىدى...

قىشچە توغراقلىق بىلەن نەپەسلىنىپ، ئۇ يەرنىڭ ئىپتىدائىي، مۇقەددەس تۇپرىقىغا خۇددى كارداڭ توغراقلاردەك چوڭقۇر ھەم كەڭ يىلتىز تارتقان ئادەملەر باھار پەيزىنى تېخىمۇ تەشنالىق بىلەن سۈرمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەشمە قۇملار ئۈستىدە ئېغىناپ ئاپتاپقا قاقلىناتتى، بەزىلىرى بىر ــ بىرىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، ساقاللىرىنى قىراتتى؛ بەزىلىرى بولسا كۆن نۇرىدا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشكەنىدى.

ــــ مانا باھارمۇ كەلدى، كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ــــ دېدى پاكار بويلۇق قارىۋاي يىگىت، ــــ ئەمدى مىدىرلىغاچ تۇرساق بولاتتى، بۇ يەرنىڭ توپىسى ئەجەبمۇ ئېغىر ئىكەن.

پاكار بويلۇق بۇ قارىۋاي ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا «شورباغ» دىن ئون نەچچە ياشنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ توغراقلىقتىكى سەپكە قوشۇلغان يىگىتلەرنىڭ بېشى ئىدى.

ــــ توپىسى ئېغىر بولمىسا ساڭا ئوخشاشلارنى ئاللىقاچان ئۇچۇرۇپ كېتەتتى، ــــ دېدى ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان يوت ــ قوللىرى دىقماق گۆپچەك بىر يىگىت، ــــ ھەسرەت چەكمە، سېنى بۇ يەرگە بىرى ئىسرىق سېلىپ چىللىمىغاندىن كېيىن «شېھىت مازار» نىڭ

ھېسابى يوق ئاپئاق زاغرىلىرىنى يەپ يېتىۋەرمەمسەن!...

گۈپچەكمۇ ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا يېتىمچىلاردىن ئون نەچچىنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەردىن چىققان ئاق ساقاللارنىڭ بىرى ئىدى. قارىغاندا، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازراق دەز كەتكەن ئىشلار باردەك قىلاتتى. گۈپچەكنىڭ گېپى قارىۋايغا سەل تىك كەلدى، ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، كىندىكىدىن چىقىرىپ بىرنەرسە دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، يېنىدىكى بىرى چاقچاقانىلىق بىلەن گەپنى باشقا ياققا ئەپقاچتى:

— ئاغىنىلەر، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئەمدى جەڭ قىلىدىغان ئوخشايمىز، جەڭچىلەرنى ئۈچ ئەترەت قىلىپ ئايرىپتۇ.

بۇنىڭ گېپى بەزىلەر ئۈچۈن ھەرھالدا يېڭىلىق ئىدى. بولۇپمۇ «جەڭ» توغرىسىدىكى خەۋەر ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بەزىلىرى قىزىقىپ سورىدى، بەزىلىرى دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى:

— جەڭنى نەدە قىلىدىكەنمىز؟

— قاچان باشلىنىدىكەن؟

— كىملەر بارغۇدەك؟

— .........

مازلىرى ساڭگىلاپ قالغان پاختىلىق چاپاننى قۇمغا يېيىپ قويۇپ كىرلەشكەن ماتا كۆڭلىكى بىلەنلا ئولتۇرغان سالپاڭ قۇلاق بىرەيلەن بىزارلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— نېمانداق كۆپ سوئاللار بۇ؟! ئۇرۇش بولسا بولۇۋەرسۇن، ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازىي دەپ كېتىۋېرىمىز. ئەجەل دېگەنچۇ، ئاغىنىلەر، خۇددى قارىغۇ تۆگىگە ئوخشايدۇ، ئۇ تەپكەندە شاپىلىقى كىمگە تەگسە شۇ ئۆلۈۋېرىدۇ، ئۇنىڭدىن قانچە قورقساڭ شۇنچە تېز ئۆلسەن!...

سالپاڭ قۇلاقنىڭ سۆزى گۈپچەكنىڭ ئاغزىغا لوقما سېلىپ بەردى:

— نېمە دەۋاتىسەن، ئىچىمىزدە جەڭ بولماي تۇرۇپ ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتكەن قورقۇنچاقلار بار تېخى!

بۇ گەپ باشقىلارغا دەز كەتتى بولغاي، بىرنەچچىسى تەڭلا ھۆر-
پەيدى:
— كىمنى دەۋاتىسەن؟ ئۆلۈمدىن قورققان بولساق بۇ يەرگە كەل-
مەيتتۇق جۇما!
— سىلەرنى دېگىنىم يوق، — گۆپچەك قارىۋاينى ئىشارەت قىلىپ
كۆزىنى قىسىپ قويدى، — قاراڭلار، ئۇنىڭ يۈرىكى جەڭنىڭ گېپىنى
ئاڭلاپ گۆپۈلدەۋاتقاندۇ!...
قارىۋاي دەسلەپ پوكاندەك ئېسىلدى، كېيىن بىر تاتىرىپ، بىر
ئۆڭۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ گۆپچەككە چۈلۈۋۈر تۇت-
قۇزۇپ قويغان يېرى بار ئىدى: توغراقلىقتىكىلەر قىش بويى ئۈچ قې-
تىم گومىنداڭنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئاشلىق يۆتكىگەن ماشىنىلىرى-
نىڭ ئالدىنى توستى. غەنىيمەت ئالغان نۇرغۇن ئاشلىقلارنى ئاچ —
زېرىنلىقتا قالغان خەلققە تارقىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى تېز،
شەپىسىز، خۇددى دەريادىكى بېلىقنىڭ سۇدا ئىزى قالمىغاندەك ئىز-
سىز ئىدى. بىرىنچى قېتىملىق ماشىنا توسۇشقا چىققاندا گۆپچەك بى-
لەن قارىۋاي بىر گۇرۇپپىدا ئىدى. گۆپچەك لۆكچەك مىجەز، قارام
بولغاچقا، ھېچنېمىدىن قورقمايتتى. قارىۋاي بولسا تېخى تۆنۈگۈنلا
كەتمىنىنى تاشلاپ ئېتىزدىن چىققاچقا گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم
قوراللانغان ئەسكەرلىرى ئالدىدا ھودۇقۇپ — تەمتىرەپ قالدى، قورال-
نىمۇ ئەپلەپ ئىشلىتەلمىدى، جىددىي پەيتتە ئېرىقنىڭ ئىچىدە تۆگۈلۈپ
يېتىۋالدى. ئۇنىڭ كاساپىتىدىن گۆپچەكنىڭ گۇرۇپپىسى شۇ قېتىمقى
كەچلىك ھەرىكەتتە ئاشكارىلىنىپ قولغا چۈشۈپ كەتكىلى تاس قال-
دى. لېكىن ئۇلار بىر سەپدىشىنى قۇربان بېرىش ھېسابىغا گۇرۇپپى-
نىڭ مەغلۇبىيىتىنى تۈگەتتى. گۆپچەك شۇ ئىشتىن كېيىن قارىۋاينى
ئۆچ كۆرۈپ كەتكەنىدى...
— ھەي ئاغىنە، تازىمۇ پىت ئۈچەي نېمىكەنسەن! شۇنچىلىك ئىش-
نى ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە سۆرەپ يۈرگىنىڭ نېمىسى؟ —
دېدى قارىۋاينىڭ يۇرتلۇقلىرىدىن بىرى ئارىغا چۈشۈپ، — سەن ئۇ-

نى بوش چاغلىما، ئۇ شورباغىنىڭ ئون ئىككى بوكوبوگلۇق قوناقلىرى-
نى يەپ چوڭ بولغان ئوغۇل بالا جۇما!
بۇنىڭ سۆزى شەھەرلىك يەنە بىر يىگىتكە دەز كەتتى بولغاي،
چىچىلىپ زەردە قىلدى:
— هوي شادا پاچاق، سەنمۇ قاراپ گەپ قىل جۇما! ئۇ شورباغىنىڭ
ئون ئىككى بوكوبوگلۇق قوناقلىرىنى يەپ چوڭ بولغان بولسا، بىزمۇ
قەشقەرنىڭ كىندىكىدىن چىقىپ، ياغ بىلەن يەجمەن يەپ چوڭ بول-
غان ئوغۇل بالىنىڭ خۇۋەينىلىرى!
شورباغلىق تاز چىراي بىرى ئۇنىڭ گېپىنى مەسخىرە قىلدى:
— ۋايىيەي! ... ئۇنچە پو ئاتما! شەھەردە ئوغۇل بالىنىڭ خۇۋەينى-
سى نىمە ئىش قىلىدۇ؟! ھەممىسى خىنىم مىجەز مىكىيانلار...
— ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل، ھەي، كەيمە تاز!
— سەنمۇ ئۆزۈڭگە بىقىپ سۆزلە، سىيگەك پۆپۈچەك!...
— سەن!؟
— سەن؟!
تېخى بايىلا بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك گىرەلىشىپ ئولتۇرغان
سەپداشلار بىردەمدىلا «شەھەرلىك» ھەم «سەھرالىق» بولۇپ ئىككى
سەپكە ئايرىلدى. شۇ تۇرقىدا ئۇلار بەئەينى بازلىشىپ، پەيلىرىنى
ھۈرپەيتىپ، رۇكولدىشىپ تۇرغان سوقۇشقاق چوجە خورازلارغا
ئوخشايتتى...
گۈپچەك ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشتى. كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى يىر-
تىپ، مەيدىسىگە مۇشتلىدى:
— قېنى، گېپىڭ بولسا مەيەرگە چىقىش! قايسىڭ كېلىسەن،
سەھرالىق نوچىلار! ئون ئىككى بوكوبوگلۇق قوناقنىڭ كۈچىنى كۆ-
رۈپ باقاي. كېلە، ماڭا چۈشسەڭ، نوچاڭ چۈش!...
ئۇ گەۋدىسىنى سەل پۈكۈپ، قوللىرىنى ئېيىق شاپىلىقىدەك سوزۇپ
خىرىس قىلىشقا باشلىدى. قارشى تەرەپتىن ھېلىقى «تاز» چۈشمەك-
چى بولۇۋېدى، شادا پاچاق ئۇنى توسۇپ ئۆزى ئالدىغا چىقتى.

— ھېساب ـ ھە؟! — دېدى ئۇ گاڭگۇڭلۇق بىلەن، — تۇمشۇقلىرىڭ يېرىلىپ كەتسە، ئاتا ـ ئاناڭغا يىغلىمىغايسەن ئەمسە!

بۇ گەپ گۇپچەككە بەك ھار كەلدى. ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مۇشتىنى تۈگدى، بىرلا سوققا بىلەن «ۋاك» دېگۈزۈش نىيىتىدە شۇنداق چاققانلىق بىلەن شادا پاچاققا تاشلىنىپ كاللا ئۇردى. بۇنداق ئېھتىمالنى مۆلچەرلىگەن شادا پاچاق ئۆزىنى «شارتتىدە» چەتكە ئېلىۋېدى، خۇددى چامباشچىلارنىڭ قۇم خالتىسىدەك ئۇچقۇپ كەلگەن كاللا ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە تېگىپ پىرقىرىتىۋەتتى. شادا پاچاق بىر پىرقىراپ كېلىپ، ئۇزۇن پۇتلىرى بىلەن گۇپچەكنىڭ ئېڭىكىنى نىشانلاپ پەشۋا ئۇردى، پەشۋا جايىغا تەگدى، گۇپچەكنىڭ تۇمشۇقى «چىممىدە» ئېچىشىپ قىزىرىپ چىقتى، «سەھرالىق» لار چاۋاك چېلىپ سەكرىشىپ كەتتى. «شەھەرلىك» لەرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چىرايلىرى پۈرۈشتى. گۇپچەك ئۇرۇش ـ سوقۇشقا خېلى پىشقان، تەجرىبىلىك ئىدى. ئۇ ئەمدى ئارقىغا بىرنەچچە قەدەم چېكىنىپ شادا پاچاقنى بىرئاز بازلىدى، كېيىن ئۇنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ياندىن كېلىپلا غۇلاچلاپ مۇشت ئاتتى. شادا پاچاقنىڭ سول مەڭزىگە تەگكەن تەلۋە مۇشت كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. ئەمدى «شەھەرلىك» لەر تۇۋلىشىپ، ئاللا ـ چۇقان كۆتۈردى.

«كۆچ كۆرسىتىش» تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى، ھەربىر سوققا ئۇلارنى تېخىمۇ غالجىرلاشتۇرۇۋاتاتتى. لېكىن ئۇلار دېگەندەك پۇخادىن چىقالمىدى، نەق مەيدانغا كېلىپ قالغان قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن ئەخمەت سەردار ئۇلارنى توسۇپ قالدى. ئەخمەت سەردار ئىككىسىنىڭ گەجگىسىدىن كۆچ بىلەن قاماللاپ تۇتۇپ قاتتىق ئەيىبلىدى:

— نومۇس قىلىشساڭچۇ! سەنلەرنىڭ قەيىرىڭ تەربىيە كۆرگەن قوراللىق ئادەمگە ئوخشايدۇ! كۆچۈڭ تېشىپ تۇرغان بولسا دۈشمەنلىرىڭگە ئىشلەت! قېنى، ئەمدى كۆرىمىزغۇ!...

قۇتلۇق ئەپەندى ئۇلارنىڭ ئۇرۇشۇپ قېلىشتىكى سەۋەبلىرىنى

بىردەمدىلا بىلىۋالدى :

— يىگىتلەر، — دېدى ئۇ بېسىق ئاۋازدا، — سۆز تەرگەپ، سۆز تالىشىپ مۇشۇنداق قىلغان بارمۇ؟ مەن ئەزەلدىن كۆپ سۆزدىن پايدا كۆرمىدىم، تەنە ـ تەئەددى گەپلەردىنمۇ لەززەت تاپمىدىم. ئىسكىلاردا بولسۇن، ئادەم ئىككى نەرسە بىلەن قېرىمايدۇ : بىرى، ياخشى خۇلىق؛ يەنە بىرى، ياخشى سۆز! قاراڭلار، ماۋۇ تورۇشۇڭلارنى! شەھەرلىكلەر بىر ياققا، سەھرالىقلار بىر ياققا ئايرىلىپسىلەر. مۇشۇ قىلىقىڭلار كىمنى خۇشال قىلىدۇ؟! بىلىپ قويۇڭلار، بۇ كالك لۈيجاڭ بىلەن هاپىز جۈيـجاڭنى خۇشال قىلىدۇ! ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشۇنداق پارچىلىنىپ، سوـقۇشۇشۇڭلارنى، ئوك قولۇڭلار بىلەن سول قولۇڭلارنى ئۇرۇشۇڭلارـنى، بىر ـ بىرىڭلارنى قىرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ! ئۇلارنىڭ بىزگە ئەزەلدىن ئىشلىتىپ كەلگەن «ئۆز يېغى بىلەن ئۆز گۆشىنى قورۇش» دېگەن ھىيلىسى شۇ ئەمەسمۇ؟! بىز بۇنىڭ دەردىنى، زىيىنىنى ئاز تارتمىدۇق! بىزنىڭ ھەيۋەت بىلەن نەرە تارتىپ چىققان يارامىلىق ئەجدادلىرىمىز مانا شۇ ھىيلىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. ئەمدى بىزمۇ قىلتاققا چۈشۈپ ئۇنىڭ بىچارە قۇربانى بولۇپ كېتىمىزمۇ؟!... ئۇكىلار، قانلىق ساۋاق يېتەرلىك بولدى! ئەمدى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز چىشلەپ، غاجاپ، ئۇرۇپ ـ سوقۇپ گۇمران قىلمايلى! بىزگە ئىتتىـپاقلىق، ئۆملۈك، بىرلىك كېرەك. شۇ چاغدىلا بىزنىڭ خەلقىمىز، مىلـلىتىمىز گۈللىنەلەيدۇ، روناق تاپالايدۇ!...

يىگىتلەر گىدەيگەن باشلىرىنى ئەگدى. بەزىلەرنىڭ يۈزى قىزارـدى، بەزىلەر تىرنىقىنى تاتىلاپ پۇشۇلداپ كەتتى... ئەخمەت سەردارنىڭ ئاچچىقى بىرئاز ياندى. ئۇ ھەربىي كوماندىرلارغا خاس تەلەپچانلىق بىلەن بىردە گۈپچەككە، بىردە شادا پاچاققا قاراپ مۇنداق دېدى.

— بۇيرۇق! ئەتە ئىككىڭ ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ناھىيىلىك ساقـچىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىسەن!

— خوپ! — دېدى گۈپچەك ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ، — بۇيرۇقىڭىزغا تەييارمەن، كوماندىر!

شادا پاچاقمۇ شۇ يوسۇندا جاۋاب قايتۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

## 2

ئۇلار تاڭ قاراڭغۇسىدا يولغا چىقتى. ئۈستىگە جىگدە شېخى ئارتىلغان سۇر ئېشەك ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پاسىل بولۇپ كېتىۋاتاتتى...

نۇرغۇن يول ئارقىدا قالدى، لېكىن ئۇلار تېخىچە گەپلەشمىدى، ھەتتا ئېڭەك كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى. ئۇلاردا تۈنۈگۈنكى ئۆچلۈك ۋە ئاداۋەت تېخى تۈگىمىگەنىدى. ھەر ئىككىسى ئەخمەت سەردارغا خاپا ئىدى. گۈپچەك ئىچ - ئىچىدىن قايناپ ماڭاتتى:

«ئادەمنى ئارامخۇدا سوقۇشقىلى قويماي، نەدىن پەيدا بولدى ھېلىقى كوماندىر!؟ ھەي ... ئون ئىككى بوكوبوڭلۇق ئوغۇل بالىغا ئۆزۈمنى تازا بىر تېتىتىپ قويالمىدىم - دە! ... شەھەرلىكنىڭ مۇشت - كاللىسىنى سەھرالىق تومپايلار كۆرۈپ قويسۇن! بىزنى ئوغۇل بالىنىڭ خۇۋەينىسى ئەمەس، دەپ كىم دەيدۇ ؟! ئۇنداقلارنىڭ ئوتتۇز ئىككى چىشىنى تۆكۈۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس... كاساپەت، پەشۋانى ئەجەب ئوبدان ئۇرىدىكىنا!... ماۋۇ كوماندىرنىڭ ئىشىنى قارا، بىر - بىرى بىلەن قان چاچرىتىپ سوقۇشقان ئىككى رەقىبنى مۇشۇنداق جىددىي ئىشقا بىللە چىقارغىنى نېمىسى ؟! ... ۋاي دەردىم، تېخى ئۇ سەھرالىقنىڭ ماي تارتىپ مېڭىپ كېتىشلىرىنى قانداق قىلاي!... »

شادا پاچاقمۇ ئىچ - ئىچىدىن كۆيۈپ كېلىۋاتاتتى:

«بۇ شەھەرلىك ئاق نانچىلارنىڭ نوخلىسىنى ئېلىپ قويمىسا ئادەمنى ھەمىشە بوزەك ئېتىۋالىدۇ! ھەي... جان يېرىگە پەشۋا تېگىدىغان چاغدا باشقىلار كېلىپ قالدى - دە! بولمىسا، ئون ئىككى بوكوبوڭلۇق قوناقنىڭ كۈچىنى كۆرۈپ قالاتتى... بۇ گۈپچەكمۇ خېلى چىڭ

قاغدالما ئىكەن، ئۇنىڭ كاللىسىدىن خۇدا ساقلىسۇن!... تووا، شۇمۇ ئىش بولدىمۇ؟! توغراقلىقتىكى يۈز ئەللىك ئادەمنىڭ ئىچىدىن بۇ ئىشقا لايىق ئىككىسى چىقمىغاندەك، ئۈسكەك ئىككى قوچقارنى بىر ـ بىدرىگە چېتىپ قويغىنى نېمىسى؟!... ۋاي، قانداق قىلاي، تېخى ئۇ شەھەرلىك خام كاللىنىڭ ھال تارتىپ مېڭىشلىرىنى! ...»

تاڭ ئاتتى، ئەتىگەنكى سوغۇق شامال ئويمانلارغا تـوشۇپ قالغـان ئەگىز سۆيىنىڭ ئۈستىنى لەرزان جىمىرلىتاتتى.

ئۇلار ئىككى تەرىپى سۇۋادانلىـق ھارۋا يولـغا چىقتى، ئۇلارنىـڭ ئالدى تـەرىپىدىـن كۆتۈرۈلگـەن ئوتلۇق شـاردەك قىپقىـزىل قۇيـاش دەسلەپ سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ ئۇچىدىكى پوتلا چىقىرىشقا باشلىغان يۇمران نوتىلارنى ئىللىق لەۋلىرى بىلەن سۆيدى، نۇر پەنجىسى بىلەن باغاشلىدى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا كېڭىيىپ يوللارغا زەر بولۇپ چېچىلدى...

سەھەر شامىلى، باھار ئاپتىپى ئۇلارنى بىـردەملىكـكە ئۆز ئىـلكىگـە ئالدى، ئۇلار خىيالدىن توختاپ باشلىرىنى كۆتۈردى، شامال ئۇلارنىڭ ئۇستىۋاشلىرىنى يەڭگىل لەپىلدىتـىپ ئەركىلـەتتى، ئاپـتاپ ئۇلارنـىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى چاقنىتىپ ئـويىندى. ئـۇلار شۇ تاپتـا تەبىئـەتتىكـى جىمى جانلىقلارغا ئوخشاش باھارنىڭ ئارامبەخش ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتاتتى...

تېرەكلىك يولدىن ئۆتۈپ يانتاقلىق تاقىر سايغا چىققاندا ئۇلارنىڭ يەنە تەرى بۇزۇلدى، خىياللىرى كۆپىيىپ، بىر ـ بىـرىگە پات ـ پـات ھومىيىپ قاراپ قويىدىغان بولدى،كېيىن بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، ئۆزىچە غۇدۇراشقا باشلىدى:

— قولۇمنى تۇتۇۋالمىغان بولسا كۆرەتتىڭ تېخى!

— ئالدىمنى توسۇۋالمىغان بولسا جاجاڭنى يەيتىڭ تېخى!

— تەلىيىڭ ئۇڭدىن كەلدى!

— سېنى خۇدا ساقلىدى!

— نېمە، مېنىما؟!

— هه، سىنى!

ئىككىسى تەڭلا ھۆرپەيدى، ئەلپازىدىن بىر - بىرىگە يول بىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. گۆپچەك تەرسالىق بىلەن يولنى توستى:

— ئۇنداق بولسا، توختا! كىمنى خۇدا ساقلىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى، ئاجرىتىدىغان باشلىقمۇ يوق!

شادا پاچاق ئىشەكنىڭ بىشىنى يانغا بۇراپ، سۆڭگىچىگە بىرنى تەپتى:

— توختىساق توختىدۇق!

ئىككىسى بىر - بىرىنى بازلىدى، سۇر ئىشەك قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ ئوتلاشقا باشلىدى. جىمجىت ساي ئىككى نوچىنىڭ «ھە - ھۇ» سى بىلەن جانلاندى. ئۇزۇلمەي تىگىۋاتقان مۇشت بىلەن پەشۋالارنىڭ شاقۇر - شۇقۇر ئاۋازى كۆن نۇرىغا قاقلىنىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئۇۋۇلىرىدىن چىققان سالمىچۇق، پاتمىچۇقلارنىمۇ ئۈركۈتۈۋەتتى...

ئۇلار چارچىدى، ھالىدىن كەتتى، شۇنچە ئىلىشىپمۇ بىر - بىرىنى يىڭەلمىدى. بىر مۇشتقا بىر پەشۋا، بىر پەشۋاغا بىر مۇشت ھامان تەييار ئىدى. بەل تۇتۇشىمۇ بىردەم بىرى ئاستىدا، بىردەم بىرى ئۈستىدە يومىلاقلىشىپ يۈردى. ئاغزى - بۇرنى قانىدى، يۈز - كۆزلىرى كۆكەردى، ئىششىدى. چاپانلىرى يىرتىلىپ قۇرۇق يانتاقلار سانجىلىپ، بەئەينى «جۇلدۇر كىپەن» بولۇپ كەتكەنىدى.

بىر چاغدا ئۇلار خۇددى بىرى كوماندا بەرگەندەك، تەڭلا بەل قويۇشۇپ، بىر - بىرىدىن بەش قەدەم نېرىدا دەم ئېلىپ ئولتۇردى، ھاسىراش، ھۆمۈدەشتىن پۈتۈن بەدەنلىرى سىلكىنەتتى. گۆپچەك تەسلىكتە تاماكا ئورىدى، تۇتاشتۇرۇپ بىرلا شورىۋىدى، قىيقىلىپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى، ئاچچىقىدا تاماكىنى يەرگە ئېتىپ دەسسەپ مىجىۋەتتى...

ئۇلار بىرئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كىيىن يەنە ئېلىشماقچى، تاكى بىردىنى بىرى يەڭگىچە مۇشتلاشماقچىدى. دەل شۇ چاغدا گويا ئاسماندىن

ۋەھىي چۇشكەندەك، ھەر ئىككىسىنىڭ كاللىسىدا ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇل-
غان ۋەزىپىنىڭ جىددىيلىكى توغرىسىدا پىكىر تۇغۇلۇپ قالدى. قۇت-
لۇق ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىمۇ بىردىنلا قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغان-
دەك بولدى. ھەر ئىككىسى غايىبانە ئوڭايسىزلاندى، سەگەكلەشتى،
ئەندىكتى، كۆز ئالدىدىكى ئىشلار توغرىسىدا ئويدان مەسلىھەتلىشىپ
دەرھال يولغا چىقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. لېكىن ھەر ئىك-
كىلىسىنىڭ غۇرۇرى، ئەركەك قېنى بۇ توغرىدا ئالدىن ئېغىز ئېچىشقا
يول قويمايتتى، ئاغزىلىرىنى ئۆمەللەيتتىيۇ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ
قالغان گەپلىرىنى يەنە يۇتۇۋېتەتتى، بىر ـ بىرىگە يەرنىڭ ئاستىدىن
قاراپ ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇشاتتى. بىر چاغدا گۈپچەك تۇيۇقسىزلا
سوراپ قالدى:

ــــ ناھىيە بازىرىغا قانچىلىك يول قالدى؟

شادا پاچاقمۇ تېزلا جاۋاب بەردى:

ــــ پەمىچە، تۆت پوتەي يول قالدى. مۇشۇ سايدىن ئۆتسەكلا
بازارنىڭ قارىسىنى ئالىمىز...

ــــ ئاز قاپتۇ...

ــــ ھەئە، ئاز قالدى...

ئارىغا يەنە سۈكۈت چۈشتى. گۈپچەك تاماكا ئوراپ چەكتى، بىر
پەس پۈشۈلداپ ئولتۇردى، كېيىن «لىككىدە» ئورنىدىن تۇرۇپ شادا
پاچاققا قاراپ كۈلۈپ كەتتى:

ــــ بولدى، ئىش پۈتتى، ئاغىنە! ئەمدى گىرىم قىلمىساقمۇ بولىدۇ،
ساقچىغا مۇشۇ پېتىچە كىرىۋەر، ھېچكىم سەندىن گۇمانلانمايدۇ، سې-
نى مەن قوغدايمەن...

شادا پاچاق دەسلەپ نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ھاڭۋېقىپ قال-
دى، كېيىن ئۆزىنىڭ ساڭگىل ـ سۇڭگۇل ئۇستىۋاشلىرىغا، ئىششىپ
كۆكىرىپ قالغان يۈز ـ كۆزلىرىگە سەپسېلىپ گەپنىڭ ئۇرانىنى پەم-
لىدى ـ دە، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

ــــ بولىدۇ، دېگىنىڭدەك بولسۇن، ئاغىنە! ئەمسە تېزرەك ماڭايلى...

ئۇلار كېيىنكى يولنى كۆڭۈللۈك ماڭدى. ئۆچلۈك، ئاداۋەت ئېككەلىسىنىڭ دىلىدىن گويا كۈن نۇرىنى كۆرۈپلا پارلىنىپ كەتكەن شەبنەمدەك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار ناھىيە بازىرىغا يېرىم چاقىرىم يول قالغاندا توختىدى. خالىي، خىلۋەت بىر يەرنى تېپىپ ئېشەكنىڭ ئۇستىدىكى شاخلارنى چۈشۈردى. شاخلارنىڭ ئارىسىدىن كىگىزگە ئورالغان ئۇزۇن بىر يۆگەكنى سۇغۇرۇۋالدى.

— قەيەرگە كۆمسەك بولار؟ — دېدى گۇپچەك ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ.

— ئاۋۇ ئېرىقنىڭ ئىچىگە كۆمەيلى، — دېدى شادا پاچاق سول تەرەپتىكى قۇمساڭغۇ ئېرىقنى كۆرسىتىپ.

— بولىدۇ، ئەمىسە شۇ يەرگە كۆمدۇق، ئېسىڭدە بولسۇن - ھە!

ئۇلار ئېرىقنى كولىدى، يۆگەكنى ئاۋايلاپ كۆمدى، ئۇستىنى بىلىندۈرمەي سىيپاشتۇرۇپ قويدى، ئاندىن شاخلارنى ئېشەككە ئارتىپ يەنە يولغا چىقتى.

— ئەمدى سەن تېز ماڭ، — دېدى گۇپچەك ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، — ھازىردىن باشلاپ ئىككىمىز ئايرىلدۇق. مەن سېنى ئازنا مەسچىتىنىڭ ئالدىدا ساقلايمەن.

ئۇلار بىر - بىرىدىن يىراقلاشتى. سۇر ئېشەك يېغىرىغا تەگكەن تاياقنىڭ ئاچچىقىدىن سوكۇلداپ چېپىپ كەتتى. شادا پاچاق شۇ ماڭغىنىچە ئۇدۇل بېرىپ، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ساقچى باشلىقى بىلەن ناھايىتى تەسلىكتە كۆرۈشۈپ «مۇھىم خەۋەر» نى يەتكۈزدى:

— باشلىق... ناھايىتى جىددىي ئىش، باشلىق! مەن بىر ئوتۇنچى، يولدا كېلىۋېتىپ ئۈچ ئادەمنىڭ كىگىزگە ئورالغان بىر نەرسىنى ئېرىقنىڭ ئىچىگە كۆمگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلار مېنى ئۇرۇپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇپ قېچىپ كەتتى. كېيىن ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام ئۈچ مىلتىق ئىكەن. قورقۇپ كەتتىم، يەنە شۇ پېتى كۆمۈپ قويۇپ ئۇدۇل بۇ يەرگە كېلىشىم، باشلىق...

چىشلىرىغا سەپسىن كۆمۈش قاپلانغان ساقچى باشلىقى ھودۇقۇپ سورىدى :
— گېپىڭىز راستمۇ ؟
شادا پاچاق قولىنى كۆكسىگە ئالدى :
— خۇدا ھەققى ھەممىسى راست، باشلىق، بولمىسا، تەكشۈرۈپ باقسىلا...
— ئۇلارنى تونۇمسەن ؟!
— بوي - تۇرقىنى پەملىيەلەيمەن، لېكىن چىراي - شەكلى... — شادا پاچاق لېۋىنى چىشلەپ خىيالەن تۇرۇپ قالدى، ساقچى باشلىقى قولىنى شىلتىپ غودۇڭشىدى :
— ھەي!... شۇ سەھرالىق گالۋاڭ دېگەننىڭ...
— ھە، راست، ئىككىسى كۆزىگە غەلىتە ئەينەك تاقىۋاپتۇ، يەنە بىرى بۇرۇتلۇق...
— بولدى - بولدى! — ساقچى باشلىقى قولىنى سىلكىدى، — سەن ھازىر ساقچىلارنى مىلتىق كۆمۈلگەن يەرگە باشلاپ بار، تېز بول...
شادا پاچاق ئىككى ساقچىنى ھېلىقى يەرگە تېنىمەي - تەمتىرىمەي باشلاپ كەلدى. ئۇلار ئېرىقنى كولاپ يوگەكنى چىقاردى، ئېچىپ چۆچۈپ كېتىشتى. بىر جېكىس، ئىككى ئىنگلىز مىلتىقى ئوقلاقلىق تۇراتتى.
خەۋەرنىڭ راستلىقى شادا پاچاقنى ئىشەنچكە ئېرىشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ساقچى باشلىقىنى چۆچۈتۈپمۇ قويدى.
— قىزىل پاچاقلار ئاخىر بۇ يەرگىمۇ كەپتۇ - دە! — دېدى ئۇ رەڭگى ئۆڭگەن ھالدا پۇشۇلداپ، — ھېلىمۇ ياخشى ئاز - تولا تەييارلىق قىلغانىكەنمىز... بۇ خەۋەرنى دەرھال جۇيجاڭغا يەتكۈزمىسەم بولمىغۇدەك!
شادا پاچاق خۇپسەنلىك بىلەن سورىدى :

— جانابلىرى، سىلىدىنمۇ چوڭ باشلىق بارمۇ؟
— بار، بولمامدىغان، — دېدى ئۇ ئىشخانىدىن چىقىشقا تەمشىلىـ
ۋېتىپ، — ۋىلايەتتىن هاپىز جۇيجاڭ خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن
دېگىنە، بىر هېسابتا ئۇ كىشىنىڭ بولغىنىمۇ ياخشى بولدى، بىزگە ئە-
قىل كۆرسىتىدۇ، — ئۇ ئىشخانىدىن ئىتتىك چىقىپ كېتىۋېتىپ يەنە
توختىدى، — سەن مۇشۇ يەردە قورسىقىڭنى تويدۇرۇپ دەم ئېلىپ
تۇر، يەنە ئىشلىك چىقىپ قالامدۇ تېخى...
— مەن ئەمدى كەتمەيمەن، باشلىق. ئۇلار بۇ يەرگە كىرگەنلىـ
كىمنى بىلىپ قالسا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ...
— دۇرۇس، بۇ تەرىپىمۇ بار. سەن بىزگە ياخشى خىزمەت قىلـ
دىڭ...
شادا پاچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىدە قونۇپ قالدى، ئەتىسى
پۈتۈن كۈن مېهمان بولدى. كەچقۇرۇن ئەل جىمىققاندا ئاستا سۇغۇ-
رۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئازنا مەسچىتىنىڭ ئالدىدا گۆپچەك بىلەن ئۇچ-
رىشىپ، هايالشمايلا توغراقلىققا قاراپ يول ئالدى.
ئۇلار تاڭ قاراڭغۇسىدا توغراقلىققا كەلدى. ئىككى كۆزەتچىدىن
باشقا هەممەيلەن شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى. گۆپچەك بىلەن شادا پاچاق
شتابقا كىرىپ دوكلات قىلدى:
— ساقچى ئىدارىسىدە سەكسەندىن ئارتۇق قوراللىق كۈچ، ئىككى
پىلىموت، يىگىرمە سەككىز ئات بار ئىكەن. چوڭ هويلىنىڭ ئوتتۇرى-
سىدا يۇڭ تايلىرى بىلەن ئۇچىبۇرجەك ئىستىهكام قۇرۇپتۇ. ناهىيىلىك
تۈرمە ئاشۇ هويلىنىڭ ئىچىدە ئىكەن، ئەللىكتىن ئارتۇق مەهبۇس
سولىنىپتۇ. ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئاتخانىغا يېقىن
جايدىن هۇجۇم قىلساق ئوڭۇشلۇق بولىدىكەن. چېكىنىشكە توغرا
كەلسە، ساقچى ئىدارىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىك يول بىلەن
بازار ئىچىگە تارقاقلىشىپ كەتكىلى بولىدىكەن...
شادا پاچاق سۆزدىن توختاپ يەنە ئاللىنېمىلەرنى ئەسلىمەكچى

بولغاندەك بېشىنى بۇراپ كۆزىنى قىستى. ئەخمەت سەردار كوچىلاپ سورىدى:

— يەنىچۇ؟

— يەنە ... ھە راست، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاشپىزىنىڭ ئېيتىشىچە، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدە بىر پەي ئەسكەر بار ئىكەن... يەنە بازاردىن ئون بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى لەنگەر دېگەن يەردە 33 - مۇستەقىل تۇەن تۇرىدىكەن.

— يەنىچۇ؟ — بۇ قېتىم مامۇت قۇرغۇي قىزىقىپ سورىدى.

شادا پاچاق ئەسلەشكە تىرىشتى. ئۇ گەرچە «سەھرالىق تومپاي» بولسىمۇ ھوش - كاللىسى جايىدا، قىش بويى مامۇت قۇرغۇي بىلەن ئەخمەت سەردار ئۆگەتكەن ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى پىششىق ئىگىلىۋالغان چېچەن يىگىت ئىدى.

— توغرا، يامۇلدىمۇ چېرىكلەر بار ئىكەن، — دېدى گۈپچەك قوشۇمچە قىلىپ، — ئەمما، سانىنى بىلەلمىدۇق...

— يەنىچۇ؟ — باتۇق شۇ تاپتا خۇددى سوئال سورىمىسا ئەيىب بولىدىغاندەك ئۇلارنىڭ يېنىغىراق سىلجىپ سورىدى.

— يەنە... — شادا پاچاق سەل - پەل ئويلىنىۋېلىپ ئالمان - تالمان جاۋاب بەردى، — توغرا، توغرا، ساقچى ئىدارىسىدە چوڭ باشلىقتىن يەنە بىرى بار ئىكەن، ۋىلايەتتىن كەپتۇ...

— كۆردۈڭمۇ؟ — باتۇق ئالدىراپ سورىدى.

— كۆردۈم. ئالتۇن چىشى بار، ئاق سېرىق...

— ھاپىز ؟!

— ھە، دەل شۇ. ھاپىز جۈيجاڭ دەيدىكەن.

— ياخشى!... — باتۇق ئورنىدىن تۇردى، — بۇ قېتىم كونا رەقىبلەر خالتا كوچىدا ئۇچرىشىدىكەنمىز - دە!

سوئال - جاۋاب ئاخىرلاشتى. ئەخمەت سەردار ئىككى «كەپسىز» گە تاپشۇرغان نازۇك ۋەزىپىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندالغانلىقىدىن رازى بولۇپ ئاپىرىن ئېيتتى، ئۇلارمۇ ئىككى كۈنلۈك سەپىرىدىن ھارىدۇق چىققاندەك، بىر - بىرىگە ئىشتىياق بىلەن قارىشىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشتى.

تۆت سەردار شۇ يەردىلا بىبىشىنى جەم قىلىپ تۇنجى جەڭنىڭ تەپسىلىي پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى...

3

ئۇلار شۇ تاپتا خۇددى «تۈگمەندە تۇغۇلغان چاشقان گۈلدۈرمامىدىن قورقماپتۇ» دېگەندەك، قورقۇشتىن، يۈرەكسىزلىكتىن تامام خالىي ئىدى...

يېرىم كېچىدە باشلانغان جەڭ تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلدى. بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە پەسەيسىمۇ، ئوق ئاۋازى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ھۇجۇم بىلەن مۇداپىئە قاتتىق تىركىشىش باسقۇچىغا يەتكەن ئىدى...

سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ تاڭ ئاتتى. تاڭنىڭ يورۇقى باتۇقنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. پىلان بويىچە كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلار زادىلا سىلجىيالمىدى، ئۆگزىدىكى پوتەيگە ئورنىتىلغان پىلىموت تىنماي ئوت ئېچىپ ئۇلارنى باش كۆتۈرگۈزمەي قويدى. يىراقتىن غەلىبە خۇشاللىقىغا ئوخشاش بىر خىل شادىيانە ئاللا ـ چۇقان ئاڭلىنىشقا باشلىدى. باتۇق ئۇنىڭ ئاشلىق ئىدارىسى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى پەملەپ تېخىمۇ جىددىيلەشتى. شۇ ئارىلىقتا خەۋەرچىمۇ يەر بېغىرلاپ كېلىپ قالدى.

— ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىشغال قىلىندى! — دېدى ئۇ ھەم خۇشال، ھەم ھودۇققان ھالدا، — ئەمما، دۈشمەنلەر قاچىدىغان چاغدا ئاشلىق بىلەن ياغقا ئوت قويۇۋەتتى...

— ئاپلا! ... — باتۇق مۇشتلىرىنى تۈگۈپ تىت ـ تىت بولدى.

— ئاشلىق بىلەن ياغ خەلقنىڭ جېنى ئەمەسمۇ؟

— جەڭچىلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوت ئۆچۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى، پۇقرالارمۇ كېلىۋاتىدۇ... — دېدى خەۋەرچى باتۇقنى بىرئاز تىنچلاندۇرۇپ، — شتابتىن سىزگە بۇيرۇق ئېلىپ كەلدىم : ۋەزىپىنى تېزدىن ئورۇنداپ، يامۇلغا...

خەۋەرچىنىڭ سۆزى ئاغزىدا قالدى. ئۇلاردىن تۆت قەدەم نېرىدا

ياتقان گۈپچەك تۇيۇقسىز چىرقىراپ، ھەممەيلەننى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇنىڭ قولىغا ئوق تەگكەنىدى. ئۇ ئاغرىققا چىدالمىدى، بىر دەم تىپىرلىدى، ۋايسىدى، كېيىن قانداقتۇر بىر تەلۋە كۈچ بىلەن «ھۇررا!» دەپ ۋارقىراپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ جان ئاچچىقىدا گويا ئوق يىلاندەك ئېتىلىپ، بىر دەم دومىلاپ، بىر دەم تولغىنىپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئېگىز تامنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى. ئۇنىڭ «ھۇررا» سى بىلەن يەنە ئىككى يىگىتمۇ ئارقىدىن قوزغالغان ئىدى، لېكىن ئۇلار بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا دۈم چۈشۈپ باش كۆتۈرەلمىدى.

باتۇق لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى، زېدىلەنگەن لېۋىدىن قىپقىزىل قان سىرغىپ چىقتى. ئۇ گۈپچەكنىڭ باشباشتاق، قاراملىقىدىن ئاچچىقلىنىپ ئۆزىنى تۇتالماي قالغان ئىدى ...

قىزىق، شۇ چاغدا ئاجايىپ كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى. گۈپچەككە ئامەت يۈزلىنىپ، نۇسرەت ياغدى: دۈشمەنلەر تام تۈۋىگە كېلىۋاتقان گۈپچەكتىن قاتتىق خەۋپسىرەپ ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولسىمۇ زادىلا ئوققا تۇتالمىدى. ئەمدى ئۇلار تام تۈۋىنى نىشانلاپ گرانات تاشلىدى. بىرىنچى گرانات گۈپچەكتىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا پارتلىدى، گۈپچەك يەرگە چاپلىشىپ يېتىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئىككىنچى گرانات چۈشىدىغان چاغدا ئۇ ناھايىتى قاراملىق بىلەن باتۇرلۇق كۆرسەتتى، چاپىنىنى داستىخان قىلىپ يېيىپ باش ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان گراناتنى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇۋالدى ۋە شۇ ھامان ئۈستىگە قايتۇرۇپ ئېتىۋەتتى.

گرانات ئويلىمىغان يەردىن تامنىڭ ئارقىسىدىكى ئاتخانىغا چۈشۈپ دەھشەتلىك پارتلىدى. دەسلەپ ئاتلارنىڭ كىشنىگەن، دۈكۈرلىگەن، چىرقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، كېيىن بىدە ـ سامانلارغا لاۋۇلداپ ئوت كەتتى. ئوت يالقۇنى تېز ئۇلغايدى، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆگزىدىكى پوتەينى يالماشقا باشلىدى. دۈشمەنلەر تېپىرلاپ قالدى، پىلىموتنىڭ ئۈنى ئۆچتى، قىيا ـ چىيا باشلاندى. باتۇق ئورنىدىن تۇرۇپ كوماندا بەردى، يىگىتلەر «ھۇررا» بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ يەلكىسىگە دەسسەپ تامغا ياماشتى...

ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىدىكى ئېلىشىش ئۇزاققا بارمىدى، بىرلا ھۇجۇمدا دۈشمەنلەر بەل قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئازاد قىلىنغان مەھبۇسلار ئوبدان ماسلاشتى.

دۈشمەنلەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قاچقىنى قېچىپ تۈگىدى. باتۇق شۇنچە ئىزدەپمۇ ھاپىز خوجىنى تاپالمىدى. ئۇ جەڭ ئەمدىلا باشلانغاندا تىكىۋەتكەنىدى. باتۇق بۇ قېتىممۇ لېۋىنى چىشلەپ ئارماندا قالدى...

چۈشتىن كېيىن يامۇل ئىشغال قىلىنىپ بولدى. پۈتۈن ناھىيە خۇشاللىققا چۆمدى، خەلق كوچىلارغا چىقىپ بايرام تەنتەنىسى قىلدى. ئۇلار تۇنجى قېتىم ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ ساپ ھاۋاسىنى قېنىپ سۈمۈردى، ئۆز زېمىنىدا بەخىرامان ئازادە دەسسىدى...

كەچكە يېقىن رازۋېدكا گۇرۇپپىسى جىددىي خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇنىڭدا 33 ـ مۇستەقىل تۈەنىنىڭ ئۇرۇشقا ھازىرلىنىپ ناھىيىگە بېسىپ كەلمەكچى بولغانلىقى ئېيتىلغانىدى.

شتاب رەھبەرلىكى جىددىي يىغىن ئاچتى، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىدى، دۈشمەن بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىشقا بەل باغلىدى. خەلقنى چۆچۈتۈپ قويۇشقا بولمايتتى، شۇڭا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمنى ئالدىغا بېرىپ كۈتۈۋېلىش قارارىغا كەلدى ـ دە، كونا ـ يېڭى جەڭچىلەرنى يامۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ مەيدانغا توپلىدى. قۇتلۇق ئەپەندى قارا كۆرەڭ ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ھارغىن، لېكىن مەغرۇر ئاۋازدا جەڭچىلەرنى سەپەرۋەر قىلدى:

— سەپداشلار! جەڭ تېخى تۈگىگىنى يوق، بىز جەڭنىڭ ئەمدىلا بىرىنچى قەدىمىنى باستۇق. ئالدىمىزدا تېخى ناھايىتى ئېغىر، مۈشكۈل ئۇزۇن سەپەر، مۇدھىش جەڭلەر بار! قاراڭلار، بىزنى مۇشۇ يەردە قىرىپ تۈگىتىش ئۈچۈن بىر تۈەن قەبىھ دۈشمەن قارا بوراندەك ھۆركىرەپ كېلىۋاتىدۇ! مەن بىلىۋاتىمەن، بىز ناھايىتى ھاردۇق، چارچىدۇق، ئۇيقۇسىرىدۇق. بۇ ۋاقىت ھەممىمىزگە بەكمۇ ئېغىر كېلىۋاتىدۇ. بىرئاز دەم ئالغۇمىز، قوراللىرىمىزنى بېشىمىزغا قويۇپ، كۆزىمىزنى كىچىككىنە يۇمۇۋالغۇمىز، بىر چىنىدىن ئىسسىق تاماق يەپ، قورساق-

لىرىمىزنى ئانچە ـ مۇنچە تويدۇرۇۋالغىمىز كېلىۋاتىدۇ. لېكىن «كۆ-
رەش» تەشكىللاتىمىز سىلەرگە شۇنى مۇراجىئەت قىلىدۇكى، شۇ سا-
ئەت، شۇ مىنۇتتا يولىنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭلار، دۈشمەننىڭ ئالدىنى
توسۇپ، ئەپلىك پەيتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ راسا ئەدىپىنى
بېرىشىڭلار كېرەك. سەپداشلار، بۇ جەڭدە بەلكىم ھەممىمىز قان بو-
لۇپ ئاقارمىز... ئەمما، بىزنىڭ ئۆلۈمىمىز ھايات نامىغا — ئۇنىڭ
ھېيت بايرىمى بولغان، دەھشەتلىك زۇلۇم دەستىدىن ياشاشقا ئىلاج-
سىز قالغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئازادلىق نامىغا مەنسۇپ! ياق، بۇ ئۆ-
لۈم ئەمەس، بىزگە خەلق، ئەمگەكچى ئاتا ـ ئانىلىرىمىز، بالا ـ چاقا،
قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمىز تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ. بىزگە ھەقىقەت، ئەركىن-
لىك، غالىبىيەت، ئازادلىق قوماندانلىق قىلىپ، ھەرقايسىمىزنىڭ جې-
ڭىنى، ئەجرىنى ئايرىم ـ ئايرىم خاتىرىلەپ مېڭىۋاتىدۇ. بىزنىڭ يۈ-
رىكىمىز مۇشۇ جەڭلەر بىلەن ئازادلىققا ئېرىشىپ ھايات قالغانلارنىڭ
يۈرىكى بىلەن بىللە مەڭگۈ سوقۇپ تۇرىدۇ!...

قۇتلۇق ئەپەندى سۆزىنى تۈگەتتى، مەيدان جانلاندى. جەڭچى-
لەردە نە ھارغىنلىق، نە روھسىزلىق كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار شۇ تاپتا گويا
بەيگىگە چۈشۈپ، تۇيىقى راسا قىزىغان دۇلدۇللارغا ئوخشاش كۈچ ـ
قۇۋۋەتكە تولغانىدى...

يۈرۈش بۇيرۇقى بېرىلدى. قاتار ـ قاتار سەپ بولغان كونا ـ يې-
ڭى جەڭچىلەر گىرەلىشىپ، ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن بولۇپ تېپچەك-
لەپ تۇرغان قارا كۆرەڭ ئاتنىڭ ئارقىدىن توپا توزۇتقىنىچە يامۇلدىن
چىقىپ كەتتى...



# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## سانسىز قەبرىلەر

تو شقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە،
يولۋاستەك بىر يىل ياشا!
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

كاڭ لۇيجاڭ ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى. بىر ناھىيىنىڭ ئىشغال قىلىنىپ، 33 ـ مۇستەقىل تۇەنىنىڭ بىتچىت قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى پارتلاتقۇچ خەۋەر ئۇنى ئەسەبىيلەشتۈرۈپ قويغانىدى. بۇنى ئاز دەپ يەرلىك مەمۇرىيلارمۇ ھە دېسە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ دادلاپ، مەدەت تىلەپ بېشىنى قاپاق قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ راستىنلا كەيپى ئۇچقانىدى. شۇڭا، بۈگۈن كەچتە باتالىيوندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ پەۋقۇلئاددە يىغىنىنى ئېچىپ، ئۆزىچە كايىپ كەتتى:

— بىلىشەمسەن، كېسىلىمىز بۇرۇن تېرىمىزنىڭ ئۈستىدە ئىدى، ئەمدى بولسا يۈرىكىمىزگە كۆچتى! يۈرەككە!...

يىغىندىكىلەر بىر ـ بىرىگە ئەنسىز قاراشتى، كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ، باش لىڭشىتتى، ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلارمۇ يەڭگىل غىرىسلاپ كەتتى.

كاڭ لۇيجاڭ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— دۆلەت ئارمىيىسى ھېچقاچان يېڭىلگەن ئەمەس، بىزگە نومۇس! بىز ئەمدى ھاڭۋېقىپ تۇرىۋەرمەي، كېسەلنىڭ دورىسىنى ئىزدىشىمىز كېرەك!

زالدا بىرپەس ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئوفىتسېرلار قىدىمىر قىلماي قېتىپ ئولتۇراتتى. ئۆي شۇنداق تىمتاس ئىدىكى، كاڭ لۇيجاڭنىڭ ئىستاكاندىكى قايناق سۇنى ھۆمۈدەپ تۇرۇپ سۈمۈرۈشى، سەرەڭگە چېقىپ تاماكا تۇتاشتۇرۇشمۇ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلارغىچە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تاماكىسىنى ئارقا - ئارقىدىن قاتتىق شورىدى، قىڭغىر بوينىنى تېخىمۇ قىيسايتىپ ئاغزى - بۇرنىدىن قاپساپ چىقىۋاتقان ئىسلارنى يۇقىرىغا پۈۋلىگەچ، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان تۇەن باشلىقلىرىغا سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدى.

سەزگۈر جاڭ تۇەنجاڭ دەرھال سۆز ئالدى:

— لۇيجاڭ جانابلىرى ناھايىتى توغرا ئېيتتى، كېسەل ھازىر يۈردكىمىزگە قادىلىۋاتىدۇ. ئەگەر جىددىي تەدبىر قوللىنىپ داۋالىمىساق ئۆزىمىز خەۋپتە قالىمىز! يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار بۇ يەردە ئولتۇرغان كوماندىرلارنىڭ ھەممىسىگە ئايان: قىشتىن بېرى بىر قىسىم نام - نىشانسىز قىزىل پاچاقلار ھەربىي ماشىنىلارنى توسۇپ، ئاشلىق يۆتكەشكە كاشىلا قىلدى، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ قورال - ياراغلىرىنى بۇلاپ ساقچى ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. يۇقىرىلارغا يامان غەرەزلىك تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ ھۆكۈمەتكە ئاشلىق تاپشۇرۇشنى، سەيسە - ھاشارغا چىقىشنى رەت قىلدى. ئۇلار ئەمدى دۆلەت ئارمىيىسىگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق ھۇجۇم قىلىپ جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملارنى يوقىتىشقا، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتنىشىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، بىزنى ئۆلۈم جاھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. مانا بۇ ھايات - مامات كۈرىشى! قىلچە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. بىز ئەمدى ئۇلارغا ئەجەللىك قايتۇرما زەربە بېرىپ ئۈزۈل - كېسىل بېسىقتۇرۇشىمىز كېرەك!

جاڭ تۇەنجاڭنىڭ سۆزى ئالقىشقا ئېرىشتى. بىرنەچچەيلەن قوللاپ قۇۋۋەتلەشتى، بەزىلەر ئوڭ ياندىن، بەزىلەر سول ياندىن شەرھلەپ تېخىمۇ كۈچەيتتى. ھەممىسى بىردەك «قىزىل پاچاقلارنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش» ئىرادىلىرىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن كاڭ

لۇيجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ جاڭ تۇەنجاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— بۇ قىممەتلىك جاۋاھىراتلارنى سىزگە تاپشۇرىمەن! — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئۇچبۇرجەك قىسىپ، — «جاڭ زىخۇي» سالاھىيىتى بىلەن بۇ جەڭدە ئۆزىڭىز قوماندانلىق قىلىسىز...
— تەييارمەن، لۇيجاڭ جانابلىرى! — جاڭ تۇەنجاڭ تىك تۇرۇپ چاس بەردى ۋەكۆرەڭلىك بىلەن داۋام قىلدى، — لۇيجاڭ جانابلىرى، خاتىرجەم بولۇڭ! كەمىنىڭىز ھەرقانداق قىيىن ئۆتكەللەرنى بېسىپ ئۆتەلەيدۇ. سۇن ۋۇكۇڭمۇ مۇقەددەس بۇددا نومىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا 81 توساق، 81 ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ ئاندىن غەربكە بارغان ئىكەن. سۇن ۋۇكۇڭ بۇددا نومىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا شۇنچە توساق، ئۆتكەللەردىن ئۆتكەن يەردە، بىز ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ، 82 توساق 82 ئۆتكەل بولسىمۇ كۆكرەك كېرىپ ئۆتۈپ كېتەلەيمىز! — ئاندىن ئۇ ئۇدۇل تامدىكى جياڭ جيېشىنىڭ قىلىچ ئېسىپ چۈشكەن جاھازىلىق رەسىمىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ قولىنى كۆتۈردى ۋە تەنتەنىلىك ئاۋازدا: «قىزىل پاچاقلارنى ئۈزۈل - كېسىل يوقاتماي شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرمەيمەن!» دەپ قەسەم بەردى. كاڭ لۇيجاڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، دولىسىغا يەڭگىل شاپىلاقلىدى:
— يارايسىز، جاڭ تۇەنجاڭ! سىزدەك باتۇرلۇرۇم بولغانلىقى ئۈچۈنلا پەخىرلىنىمەن...

2

ئەخمەت سەردار ناھىيە بازىرىدىن چىقىپلا جەڭچىلىرىنى قەبرىستانلىقتا مۆكتۈردى، ئۆزى ئىمىن گېرمان بىلەن يوغان بىر گۇمبەزنىڭ ئىچىگە 33 - مۇستەقىل تۇەندىن ئالغان ماكسىم پىلىموتنى ئورنىتىپ، دۈشمەننىڭ يولىنى توسۇپ ياتتى. ئۇزاققا قالماي دۈشمەنلەر ھەم ھارغىن، ھەم كۆرەڭلىك بىلەن قوراللىرىنى ئۆشنىسىگە تاشلاپ،

بەخىرامان كېلىشكە باشلىدى. ئارىلىق بارغانسېرى يېقىنلاشتى، ئىمىن گېرمان پىلىموتنى توغرىلىدى، ئەخمەت سەردار سەۋرچانلىق ھەم تۇيغۇنلۇق بىلەن تېخىمۇ قۇلاي پەيتنى كۈتۈپ تۇراتتى. گۇمبەز بىلەن دۈشمەن ئارىلىقى 100 مېتىردىن 150 مېتىردەك قالغاندىلا ئەخمەت سەردار ئېتىشقا بۇيرۇق بەردى. ئىمىن گېرمان پىلىموتنى شۇنداق لەۋەن سايراتتىكى، تىمتاس قەبرىستانلىق بىلەن خىرە - شىرە كېچە ئاسمىنى ھەيۋەتلىك جاراڭلاپ كەتتى. مىڭ تالدىن ئوق تىزىلغان لېنتىلار قولدىن - قولغا ئۈلگۈرمەي قالدى. پىلىموتنىڭ ئاغزىدىن خۇددى ئوت ئەجدىھاسىدەك يالقۇنلار چاچراپ زۇلمەتلىك تۈن قوينىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. پىلىموتنىڭ رىتىمغا تەڭكەش قىلغاندەك، مىلتىق، تاپانچىلاردىنمۇ يۇلتۇزدەك ئوق ئېتىلدى، قول بومبىلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن پارتلاشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز بېرىلگەن بۇ دەھشەتلىك زەربە دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ھەش - پەش دېگۈچە دۈشمەننىڭ ئۆلۈكى يول ئۈستىدە قارا قاغىدەك يېتىپ كەتتى. ئۇلار قىيا - چىيا بىلەن قالايمىقان قېچىشقا باشلىدى. ئىمىن گېرمان ئېتىشتىن توختىدى، كۆزىنى ئۇۋۇلاپ، بارماقلىرىدىن قاس چىقاردى. ئەخمەت سەردار ئۇنىڭغا مەستلىكى كەلگەندەك زوقلىنىپ قاراپ سورىدى:

— ھېرىپ قالدىڭمۇ، ئىمىن ئاكا؟

— قېرىلىق دېگىنە، ئۇكام. ياشلىق كۈچ - قۇدرىتىمىز ئەجنەبىيلەرنىڭ شەھرىدە قالغان، — دېدى ئىمىن گېرمان خورسىنىپ، — لېكىن بۈگۈن پۇخادىن چىقتىم... تويۇم بولغان كۈننىڭ ھۇزۇر - كەيپىمۇ بۇنداق لەززەتلىك بولمىغانىدى!...

— ياش بولساڭ قانچە ئاتاتتىڭ، ئىمىن ئاكا، ھېلىمۇ تۆت مىڭ تال ئوقنى توختىماي ئېتىپسەن. قارىغىنا، پىلىموتنىڭ ئىستۇۋۇلى قىزىپ قايناپ كېتىپتۇ...

ئۇلارنىڭ سۆزى ئۈزۈلدى. تۇيۇقسىز دۈشمەننىڭ زەمبىرەكلىرى گۈلدۈرلەشكە باشلىدى. ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقى

ئۇلار تۇرغان گۈمبەزنىڭ يېنىدىكى ئىككى گۈمبەزنى كۇكۇم ـ تالقان
قىلىۋەتتى. دەھشەتلىك پارتلاشتىن ھاسىل بولغان ھاۋا دولقۇنى
چاڭ ـ توزانلارنى ئېلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، ئىس ـ تۈتەك ئا-
رىلاشقان ئىسسىق ئېقىم مۇدھىش بوراندەك ئۇرۇلاتتى...
دۈشمەن يەنە ئىلگىرىلەپ كەلدى. بۇ چاغدا سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ،
تاڭ سۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئىمىن گىرمان بۇ قېتىم ئوقنى ئاياپ،
خۇددى سانىغاندەك، تىنىپ ـ تىنىپ ئېتىشقا باشلىدى. بىر تال ئوق-
مۇ زايە كەتمىدى، بېشىنى كۆتۈرگەن دۈشمەن يەر چىشلەيتتى. ئەپ-
سۇسكى، ئۇنىڭ جاسارىتى ئۇزاققا بارمىدى. قايسى بىر مەرگەننىڭ
پولات ئوقى پىلىموتنىڭ قالقىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ ئىمىن گىرماننى يى-
قىتتى. ئوق ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، ئارقا مېڭىسىنى بۆسۈپ چىقىپ
كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاق كۆپۈك ئارىلاش قان ئېقىپ تۇرغان ئاغزى
سەل مىدىرلىغاندەك بولدىيۇ، جىمىپ كەتتى...
ئەخمەت سەردارنىڭ يۈرىكى تارتىشىپ كەتتى. ئۇ كۆز ئالدىدا
خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك غايىب بولۇش ئالدىدا تۇرغان بۇ پېشقەدەم
سەپدىشىنىڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز سۆزىنى بولسىمۇ ئاڭلىيالمىغانلىقى
ئۈچۈن قاتتىق ھەسرەتلەندى، ئۇنىڭ قاپىقى تارتىشىپ كەتكەن كۆز-
لىرىگە قاراپ كېپىكتەك بوزلىدى، قانغا مىلەنگەن بېشىنى تىزىغا ئېلىپ
مەجنۇنلارچە ۋارقىرىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى ھايات خوۋلۇقىنى
كۆرمەي، ھەسرەتتە ئۆتكەن ناتىۋان يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختاپ
قالغانىدى. ئەخمەت سەردار ئىمىن گىرماننىڭ جەسىتىنى بىر چەتكە
يانتۇزۇپ قولياغلىقى بىلەن يۈزىنى ياپتى ـ دە، كۆز چانىقىغا توشقان
جۇدالىق يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ ئالدىغا قارىدى. دۈشمەنلەر قارا قاغى-
دەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ بىردىنلا غەزىپىنى بېسىپ ئويلىنىپ
قالدى، بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ئەتراپىغا قارىدى. ئۆزىدىن ئون
قەدەم نېرىدىكى بىر پۈچۈق قەبرىنىڭ دالدىسىدا تۇدى راجى شۈمشى-
يىپ ياتاتتى. ئۇنى قول ئىشارىتى بىلەن چاقىردى، تۇدى راجى قەب-
رىلەر ئارىسى بىلەن ئۆمىلەپ كەلدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى توپا ـ چاڭ،

يۈز ـ كۆزلىرى ئىس ـ تۈتەك ئىدى. ئۇ توگۈلغانلىقىنىمۇ ياكى قورققانلىقىنىمۇ ئەيتاۋۇر، كۆزلىرى چەكچىيىپ، سىرىق تۈكلىرى دىردىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىمىن گىرمانىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ تىپ-خىمۇ شۈركۈنۈپ كەتتى. ئەخمەت سەردار ئۇنىڭ نېرى ـ بېرىسىغا قارىمايلا ۋەزىيە تاپشۇردى:

— سەن قەبرىستانلىقنىڭ ئارقىدىكى چىغىر يول بىلەن قايتىپ قۇتلۇق ئەپەندىگە ئېيتقىن: دۈشمەن ئىككى تۈەندىن كۆپ ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ زەمبىرەكچى قىسمىنىڭ ئوت كۈچى ياماندەك تۇرىدۇ. مۇشۇنىڭغا قاراپ ھۇجۇم ۋە مۇداپىئەنى ئويلاشسۇن. مېنىڭچە، ئابىرونى تارقاقراق ئالغان ياخشى، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم! — تۇدى راجى بىردىنلا جانلاندى.

— ئەمسە، تېز ماڭ!

— خوپ!

تۇدى راجى يىلان باغرى يوللار بىلەن دەسلەپ ئۆمىلەپ، كېيىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئەخمەت سەردار ئەمدى پۈتۈن غەزەپ ـ نەپرىتىنى كۆزى بىلەن قولىغا يىغىپ پىلموتنى ئېتىشقا باشلىدى. ئۇ-نىڭ ۋۇجۇدى قىساس ئوتى بىلەن يانغانىدى. ئوت كۈچى گەرچە شۇنداق شىددەتلىك بولسىمۇ، دۈشمەنلەر ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاچقا قاتتىق ھۇجۇم بىلەن بېسىپ كېلىۋاتاتتى. ئەخمەت سەردار چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى. يىگىتلەر مۇداپىئە بىلەن چېكىنىپ قەبرىستانلىقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئادەمسىز بىر ھويلىغا قاپسىلىپ قالدى. دۈشمەن-لەر قىستاپ كېلىپ مۇھاسىرىگە ئالدى. ئېتىشىش ئەۋجىگە چىقتى، ئىككىلا تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى. دۈشمەنلەر مۇھاسىرە چەمبى-رىكىنى بارغانسېرى تارايتتى، ئەھۋال خەتەرلىك ئىدى. ئەخمەت سەردار تەخسىلىك پىلموت بىلەن دۈشمەننىڭ ئالدىنى توراپ مۇھا-سىرىدىن خېلى چوڭ يوچۇق ئاچتى.

— دەرھال چېكىنىڭلار! — دېدى ئۇ جەڭچىلىرىگە بۇيرۇق بې-رىپ، — مەن قوغدايمەن، چېكىنىڭلار!

گۈپچەك سەپداشلىرىنى باشلاپ ئەخمەت سەردارنىڭ ھىمايىسىدا
يوچۇققا ئۆزىنى ئېتىپ ئاستا ـ ئاستا چېكىندى، لېكىن يىراققا بار-
مايلا بىر توپ ئاتلىق قىسمنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. غالجىرلاشقان
دۈشمەن ئات بىلەن قوغلاپ يۈرۈپ چەيلەپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ،
چېكىنگەنلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى...
دەل شۇ چاغدا ئەخمەت سەردارغا ئوق تەگدى. ئوق ئۇنىڭ قور-
سىقىنى بۆسكەندى. ئۇنىڭ ئېگىز، زور بەستى پۈكلىنىپ قالدى. قو-
لىدىكى پىلىموتنىڭمۇ بېشى تۆۋەن چۈشۈپ كەتتى.
دۈشمەنلەر پاراسلاپ ئوق ياغدۇرۇپ يەنە قىستاپ كەلدى. ئەخمەت
سەردار چىڭقىلىپ بېشىنى كۆتۈردى، تاتارغان چىرايى بىردىنلا قىا-
رىداپ كەتتى. ئۇ بىر ـ ئىككى قەدەم دەلدۈگۈنۈپ گەۋدىسىنى رۇس-
لىۋىدى، قان ئىچىدە چىلىقشىپ قالغان ئۈچەيلىرى پۇلتىيىپ چىقتى.
ئۇ بەرداشلىق بەردى، لېۋىنى قاتتىق چىشلەپ پىلىموتىنىڭ ئاغزىنى
توغرىلىدى. دۈشمەنلەر ۋارقىراپ، كۆرەڭلەپ بېسىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ
قان تولغان كۆزلىرىنى ئۇدۇلغا تىكىپ جان ئاچچىقىدا تەپكىنى باس-
تى. يېقىنلاپ قالغان دۈشمەنلەر بىرلا سىيرىشتا ئارقا ـ ئارقىدىن دو-
مىلاشقا باشلىدى. شۇئان دەھشەتلىك پارتلاش يۈز بەردى، ئەخمەت
سەردار قويۇق ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە غايىب بولدى...

3

ماموت قورغوي بىلەن باتۇق خۇددى چۆلدىكى ئىزتىقۇلاردەك
بىردەم يىراقتىن، بىردەم يېقىندىن ئوت ئېچىپ يۈرۈپ دۈشمەنلەرنى
ئارقىغا سىلىۋالدى. ئۇلار گاھ ئېتىشىپ، گاھ قوغلىشىپ ئاخىر ئۇپۇق
قىزىرىشقا باشلىغاندا تاغ تەرەپتىن جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان ئېگىز
قىرنىڭ ئۈستىگە ياماشتى.
جاڭ زىخۇي ئىنگلىزچە ئېگەر توقۇلغان ئاق ئارغىماقنىڭ ئۈستىدە

گىدىيىپ ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى دۇربۇن بىلەن كۆرەتتى. ئۇچما چوق-
قىلىق تاغ ۋە ئۇنىڭ يىراققا سوزۇلغان كەڭ باغرى ھەم تىمتاس، ھەم
سۈرلۈك ئىدى. جاڭ زىخۇي كۆز ئالدىدا چوقچىيىپ تۇرغان قورام
تاشلارغا قاراپ سەل ئەندىكتى. دېمىسىمۇ، بىر زامانلاردا تاغدىن
غۇلاپ چۈشۈپ مۇشۇ قىرىق ئۈستىدە مۇقەددەسلىشىپ قالغان بۇ
تاشلار گويا ھازىرلا پارتلايدىغاندەك سىرلىق كۆرۈنەتتى. جاڭ زىخۇي
كۈمۈش دەستىلىك قامچىسىنى كۆتۈرۈپ، كۆرەڭ ئاۋازدا بۇيرۇق
بەردى :
— زەمبىرەك ئېتىلسۇن! ھەممە يەر...
ئۇنىڭ گېپىنىڭ يېرىمى ئاغزىدا قالدى. ئاق ئارغىماقتىن ئىككى
يۈز چامدام نېرىدىكى يوغان بىر قورام تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان
مامۇت قۇرغۇي خېلىدىن بېرى بەتلەپ تۇرغان مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى
بېسىۋەتتى. جاڭ زىخۇي «گۈم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئاتتىن
غۇلاپ چۈشتى. ئوق ئۇنىڭ سول كۆكسىدىن كىرىپ، دۈمبىسىنى
بۆسۈپ چىققانىدى. دۈشمەنلەر بىردەملىككە ئۆرتۆپە بولدى، قىيا ـ
چىيا كۆتۈرۈلدى. مامۇت قۇرغۇي يىگىتلىرىگە ئېتىش بۇيرۇقى بەر-
دى. گۈمبەزدەك چوقچىيىپ تۇرغان قورام تاشلار كەينىدىن ئوق يام-
غۇرى تۆكۈلدى. دۈشمەنلەر پىتىراپ كەتتى، بەزىلەر قاچتى، بەزىلەر
يەرگە چاپلىشىپ قىمىرلىماي يېتىۋالدى. لېكىن بۇ ھالەت ئۇزاققا بار-
مىدى، دۈشمەننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى تېزلىكتە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.
زەمبىرەكچىلەر قىسمى ئىشقا چۈشتى. گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلار ياڭرى-
دى، تاغۇ تاشلاردىن ئەكس سادا يېنىپ پۈتۈن زېمىن لەرزىگە كەل-
دى. ئۈزۈلمەي چۈشۈۋاتقان زەمبىرەك ئوقلىرى قورام تاشلارنى ئاس-
مانغا كۆتۈرۈپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتتى. بەزى يىگىتلەر چېكى-
نىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. مامۇت قۇرغۇيدىن ئون نەچچە قەدەم
نېرىدىكى قورام تاشنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇنغان شادا پاچاق قىپقىزىل
قان ئىچىدە سۇنايلىنىپ ياتاتتى. بومبا پارچىلىرى ئۇنىڭ بەدىنىنى
ئۆتمۈتۆشۈك قىلىۋەتكەنىدى...

غالجىرلاشقان دۈشمەن زەمبىرەكنى توختاتمىدى. قان ـ يىرىڭ، ئىس ـ تۈتەكتىن يەر ـ جاھان سەسكەنگەندەك بولۇپ قالدى. مامۇت قۇرغۇي چېكىنىپ كېتىۋېتىپ سەپداشلىرىغا قارىدى. قىرىق نەچچە ئادەمدىن ئون نەچچىسىلا قالغانىدى. ئۇ باتۇققا دېدى:

— بولمىدى، ساق قالغانلار جاننى قۇتقۇزۇشى كېرەك! سەن دەرھال قۇتلۇق ئەپەندىگە ئېيت، ئەمدى ئۇلارنىڭ بۆكتۈرمىسى كارغا كەلمەيدۇ، چېكىنسۇن، بولمىسا، پۈتۈن كۈچىمىزنى بىھۇدە يوقىتىۋېتىمىز!

باتۇق سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى:

— سىز چۇ، مامۇتكا، قانداق قىلىسىز؟

— مەن بىلەن چاتىقىڭ بولمىسۇن! — دېدى مامۇت قۇرغۇي، — تېز ماڭ، مەن تاغ ئىچىدىن يول تاپىمەن!

باتۇق قىردىن ئۆزىنى تاشلىدى، بىرنەچچە دومىلاپ سايغا چۈشتى. ئۇنىڭ ساقچى ئىدارىسىدىن غەنىيمەت ئالغان ئۇزۇن پاچاق، ئاق قاشقىلىق چىپار ئارغىمىقى سايدىكى جىلغىدا چۇشەپ قويۇلغانىدى. ئۇ بىرلا ئوقچۇپ ئاتقا مىندى. تېپچەكلەپ تۇرغان شاش ئارغىماق قۇيۇندەك چېپىپ كەتتى. ئۇ جىلغىنىڭ تۈگەنجىسىدىكى تۈزلەڭلىككە چىققاندا زەمبىرەكنىڭ ھىمايىسى بىلەن يامراپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەر كۆرۈنۈپ قالدى. ئوت كۈچى ئەمدى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتى. پىلموتتىن خۇددى قوماچ قورۇغاندەك ئوق يېغىپ كەتتى، باتۇق ئاتنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا يېتىۋالدى. قالايمىقان ئېتىلىۋاتقان ئوقلارنىڭ بەزىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ۋىژىلداپ ئۆتەتتى، بەزىسى يېنىدىلا توپا توزىتىپ يەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى... جەڭگە ئۆگىنىلگەن چىپار ئارغىماق خۇددى يىلاندەك تولغىنىپ، دۇلدۇلدەك سۈرئەت بىلەن باتۇقنى ئېلىپ كەتتى...

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# جادۇ ئالدىدا

سېرىق كۆرۈنگەنىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

باھار ناز بىلەن كېلىپ، ئەركىلەپ كەتتى. ئۇنىڭدىن تەبىئەتكە ياپيېشىللىق بىلەن گۈپۈلدەپ تۇرغان سېھىرلىك‌گۈچى پۇراقلار قالدى. قۇياش كۈندىن ـ كۈنگە تىكلىشىپ يېقىنلىشىۋاتاتتى. قاراڭغۇلاشقان باغلار، ئەگىشىپ كەلگەن ئىپتىزلار گۈللىدى، ياشىندى. قۇياش ئۆزىنىڭ ئوتلۇق تەپتى بىلەن ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان شېرىن، رەڭدار نېمەتلىرىنى تېزرەك تەييارلاشقا ئالدىراۋاتاتتى...

شەھەر خەلقى بەرىكەتلىك يازنىڭ ئەنە شۇ دەسلەپكى نېمەتلىرىگە ئاخىر ئېغىز تەگكۈزدى. جېنەستىلەر پىشىپ تۆكۈلدى، ئۈجمە بىلەن شاتۇتلار تۈكمە بولدى. قىپقىزىل گىلاس، ئاچچىق ـ چۈچۈك كۆكسۇلتانلار ھېيتگاھنىڭ قىش بويى چۆلدەرەپ قالغان قۇرغاق بازارلىرىنى بىردىنلا رەڭلەندۈرۈۋەتتى. ئاچماقلىق گىلاسلارنى قولىغا قىستۇرۇپ، كۆكسۇلتانلارنى شۇمۇپ كېتىۋاتقان قىزلارنى كۆرگەن ئادەمنىڭ مەستلىكى كېلەتتى. يىگىرمە كۈندىن بېرى ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان تۇدى راجى مانا بۈگۈن بازارغا چىقتى. ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە — تەبىئەتمۇ، ئادەملەرمۇ ئالەمچە ئۆزگىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. كىچىككىنە تار قاراڭغۇ ئۆيدە ئۆتكەن يىگىرمە كۈن ئۇنىڭ-

غا يىگىرمە يىلدەك ئۇزاق بىلىنىپ كەتكەنىدى. يالغۇزلۇق، چۈشكۈن-
لۈك ئۇنى قاتتىق ئازابلىدى. ئۇنىڭغا كىچە بىلەن كۈندۈز پەرقسىز
ئىدى. ئۇ ئۆزىنى هامان چىكى يوق قاپقاراڭغۇ بىر زۇلمەت ئىچىدە
ياشاۋاتقاندەك سېزەتتى. دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇنى هە دېسە قارا بېسىپ
زادىلا ياتالمىدى، كۆزىنى يۇمسىلا كۆرىدىغىنى قان - يىرىڭ،
ئىس - تۈتەك، ئۇر - تەپ، قىيا - چىيا ئىدى. ئۇ تۈن بويى ئۆلۈم
بىلەن ئېلىشىپ، ئەتىسى چالا ئۆلۈكتەك روهسىز قوپاتتى، ئۇنىڭ ئاغ-
زى - بۇرنىنى قوقاق بېسىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتى. قېرى ئاتا -
ئانىسى ئۇنىڭغا سىرداش بولالمىدى. ئۇ تام بىلەن سۆزلەشتى، يۇل-
تۇزلارغا پىچىرلىدى. زىددىيەتلىك خىياللار ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىقىپ،
ئەسەبلىرىنى كاردىن چىقىرىشقا تاس قالدى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن
خەۋپ - خەتەرنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆيدىن بىراقلا چىقىپ كەتكەنىدى.
قايناق بازار بىردەم بولسىمۇ ئۇنىڭ بەھرىنى ئاچتى. ئۇ ئۇزاقتىن
بېرى سېغىنغان، لېكىن يېيىش نېسىپ بولمىغان ئامراق نەرسىلىرىگە
بىر - بىرلەپ ئېغىز تەگدى. دەسلەپ شەھەر بويىچە داڭدار شاپ
بۇرۇتلۇق ئەمەتخان لەڭپۇڭچىنىڭ كۆك سايىۋەنلىك غالتىكى ئاستىغا
چۆكتى. ئېگىر چىلانغان ئاچچىقسۇ بىلەن قىچا، سامساقنىڭ ئۆتكۈر
ھىدى شۇ هامان ئۇنىڭ شۆلگەي بەزلىرىنى غىدىقلاپ، ئىشتىهاسىنى
قوزغىدى. ئۇ لازىجاڭ بىلەن قىپقىزىل پارقىرىتىپ ئەتكەن بىر قاچا
لەڭپۇڭنى ئىككى سۈمۈرۈپلا يەپ بولدى، لەڭپۇڭنىڭ ئۆزىگە خاس
بىر خىل چۈچۈمەل تەمى ئۇنىڭ ئاغزىدا قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن
خېرىدار چاقىرمىسىمۇ كىچە - كۈندۈز چۆپقەتسىز قالمايدىغان سې-
مىز، دوغىلاق سىدىقئاخۇننىڭ مارژىنىسىدىن بىر ئىستاكان يېدى.
خۇرۇچى تەڭشەلگەن تاتلىق، سوغۇق مارۇژنى ئۇنىڭ چىشىدىن تار-
تىپ ئۈچەيلىرىگىچە توڭلىتىپ بىر خىل راهەتبەخش ئەتتى... ئۇنىڭ
تېخى كۆزى تويمىدى، بازارنى بىرقۇر ئايلىنىپ كېلىپ خېرىدارلىق
بىر دوغچىنىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇمۇ شەھەر بويىچە نامدار گاڭگۇك
بىر دوغچى ئىدى. ئۇ ھەمىشە پۇتىغا هالقا كەش، بېشىغا شاپاق دوپپا
كىيىپ، ئاپئاق ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ بىر پېشىنى بەلبېغىغا قىستۇرۇپ

يۈرەتتى. تۇدى راجى يوغان سايىۋەننىڭ دالدىسىغا ئۆتتى، كرىستال-دەك سۈپسۈزۈك مۇز، قاتار تىزىلغان شىشىلەردىكى سارغۇچ قىيام ۋە يۇملاق ئىدىشتىكى سۈزمە — قېتىقلار ئۇنىڭ زوقىنى تارتتى. ئۇ ئۇ-زۇن ئورۇندۇقتا پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ، بىر قاچا ساراڭ دوغ ئىچ-تى، ئۇششاق مۇزلارنى بەزىدە شۈمۈپ، بەزىدە چايناپ ئولتۇرۇپ دوغچىنىڭ ھەرىكىتىگە مەھلىيا بولۇپ قالدى. قارىماققا دوغچىنىڭ قو-لىدىكى تۆمۈر ۋاشاق مۇزغا تاس — تاس تەگكەندە گويا سۈزۈك قاشتېشىغا چىرايلىق نەقىشلەرنى ئويۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. دوغچىنىڭ كېيىنكى ھەرىكىتىمۇ كىشىنى جەلپ قىلاتتى، ئۇ ئۇزۇن ساپلىق قو-شۇق بىلەن ساپال تاۋاقتىكى خۇرۇچلارنى شۇنداق چاققان ھەم رى-تىملىق ئارىلاشتۇراتتىكى، مۇز، قېتىق، قىياملار خۇددى دەريادىكى بۇژغۇنلاردەك تىك كۆتۈرۈلۈپ يەنە ئۆز يولى بىلەن تاۋاققا چايقىلىپ چۈشەتتى...

تۇدى راجى دوغچىغا بەند بولۇپ ئولتۇرۇپ يېنىغا كەلگەن كىشى-نى دەماللىققا تونۇيالماي قالدى. ئۇ ئەس — ھوشىنى يىغىپ بۇ ئادەمنى تونۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالغۇچە ئۇ ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى. تۇدى راجى ئۇلۇغ — كىچىك تىندى، ھېلىقى ئادەم بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇچ-رىشىپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن خۇداغا شۈكرى ئېيتتى، ئەمدى ئۇ بازار ئايلىنىشتىن قورقتى، ھېلىلا بىر پېشكەللىك چىقىپ قالىدىغاندەك كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشتى. ئۇ دوغچىنىڭ ئالدىدىن تېزلا قايتتى، ئارقا يول، قاراڭغۇ كوچىلار بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۆيىگە كېلىۋالدى. شۇنداقتىمۇ، كۆڭلى يەنە تىنچىمىدى.

ئۇ دەسلەپ بازارغا چىققىنىغا كايىدى، كېيىن ئاستا — ئاستا كۆڭ-لىنى توختىتىپ: «قانداق قىلاتتىم، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى خىيال بىلەن تۈگەتكىلى بولامدۇ؟» دەپ ئۆزىنى بەزلىدى...

تۇدى راجى ئەنسىرىگەن ئىش ئۇزاققا قالماي يۈز بەردى. ئۇ بىر تال تاماكا چېكىپ ئازراق ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن ئەمدىلا سوزۇلۇپ يې-تىۋىدى، ئىشىك قېقىلدى. قېرى ئانا دىڭگۇسلاپ بېرىپ ئىشىكنى

ئاچتى، بوسوغىدا قاسىم كاناي تۇراتتى.
— تۇدى راجى بىلەن كۆرۈشەتتىم، ئانا، — دېدى ئۇ سىپايە ئاۋازدا.
موماي ھودۇقۇپ قالدى:
— ئۇ... ئۇ يوق...
قاسىم كاناي ئىشىكنىڭ يەنە بىر قانىتىنى ئاستا ئىتتىرىپ بوسوغىدىن ئاتلىغاچ دېدى:
— ئانا، ئۇ ئۆيدە بار. بىز تېخى بايىلا تۇراخۇنىنىڭ دوغىنى بىللە ئىچكەن، مېنى ئۆيدە ساقلىماقچى ئىدى...
موماي ھېچنېمە دېيەلمىدى، قاسىم كاناي بەھۇزۇر ھويلىغا كىرىۋالدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ ئاڭلىغان تۇدى راجى بايا ئۆزىنىڭ بىخۇدلۇق قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئاشكارا يۈزلەشمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.
تۇدى راجى ھويلىغا چىققۇچە قاسىم كاناي ئۆيگە كىرىپ بولدى.
— سالام، قەدىردان دوستۇم! — دېدى ئۇ يىراقتىنلا قولىنى سوزۇپ، — ئۇزاق بولدى كۆرۈشەلمىدۇق، ئاڭلىسام، دوزاخنىڭ ئىشىكىدىن قايتىپ كەپسەن. تەلىيىڭ بار ئىكەن، بولمىسا، توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ ئوقىدىن ئامان قېلىش ئۇچرىغانلا كىشىگە نېسىپ بولمايدۇ! بۇ دۇنيادىكى رىزقىڭ تېخى تۈگىمەپتۇ، ئاغىنە...
قاسىم كاناي ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كەتتى، تۇدى راجى نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا بىللە مۇئەللىمچىلىك قىلغان كونا دوستلاردىن ئىدى، كېيىنكى كۈنلەردە ئىككىسى ئىككى يولغا مېڭىپ ئىدىيە جەھەتتىن كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان رەقىبلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. ئەجەبا، بۈگۈن قاسىم كاناي ئۇنى تۇنجى قېتىم ھېچقاچان ئاغزىغا ئېلىپ باقمىغان دوستانە سۆزلەر بىلەن ئاتاپ يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟! تۇرمۇش مۇشۇنداق غەلىتە تىلسىماتمۇ ياكى ئادەملەر ئۇنى ئالداپ، بۇلغاپ ئاشۇنداق چۈشەنگىلى بولمايدىغان قىلىۋەتتىمۇ؟
تۇدى راجى تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدى، قاسىم كاناي ئاللىقاچان

ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ، يەلكىسىگە قېقىپ، دەيدىغىنىنى دەپ بولغانىدى. ئەمدى ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە سۈكۈتتە ئولتۇردى. ئارقا ـ ئارقىدىن چېكىشتى، چاي ئىچتى. كېيىن قاسىم كاناي قىسقا ـ قىسقا سوئاللار بىلەن تۇدى راجىنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ باقتى، تۇدى راجى بولسا كالپۇكىنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇرۇۋالدى. ئاخىر يەنە قاسىم كاناي ئېغىز ئاچتى:

ـــ تۇدى ئاداش، كونىلاردا: «ۋاقتى ئۆتكەندە قىلىچىڭنى پوققا چاپ!» دېگەن گەپ بار، ـــ دېدى ئۇ مۇددىئاسىنى بىردىنلا ئاشكارىلاپ، ـــ مەن ساڭا كۆيۈنىمەن، ئىشىنىمەن! نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم، سېنىڭمۇ قۇتلۇققا ئەگىشىپ بارمىغان جاڭگال، ئاشمىغان تاغ، كېچىكىڭ قالمىدى، لېكىن سەن نېمە تاپتىڭ؟! ھېچنېمە! ئەكسىچە، ئەزىز جېنىڭنى سىلىپ بەرگىلى تاس قالدىڭ! كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتسام، ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ، دوستۇم! ئېيتىپ باقە، ماركسىزم ـ لېنىنىزم دېگەن زادى نېمە؟ ماركس قاچان تۇغۇلغان، لېنىنچۇ؟ سەن بۇنى بىلەمسەن؟ بىلمەيسەن ـ دە! لېكىن مەن ساڭا بۇنى بىر كۇنى سۆزلەپ بېرەلەيمەن. ئەمما، بۇ نەرسىلەر باش ـ ئايىغى يوق، ئېنىقتۇدەك بىرنېمە! ئۇ كىشىلەرنى چۆلدىكى ئالۋاستى چىرىغىدەك ئازدۇرۇپ كېتىدۇ، خالاس! سەن بۇ ئەقىدەڭدىن قايت، ئاداش. پىرقە ئارمىيىسىنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق، ئامېرىكا ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى!...

قاسىم كاناي سۆزدىن توختىدى. ئەگىمە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا قاڭشىيىپ ئولتۇرۇپ ئاغزى ـ بۇرنىدىن ھالقا ـ ھالقا بولۇپ چىقىۋاتقان ئىسىنىڭ ئارىسىدىن تۇدى راجىغا زەن سېلىپ قارىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايىدا غەلىتە، ئۆزگىرىشچان ھالەتلەر يۈز بېرىۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپ، ئۇن ئايدىن بېرى بېشىدىن ئۆتكەن تەقدىر ـ قىسمەتلەرنى ـــ ئاچ زېرىن، يېلىڭ ـ يوپۇڭلۇقنى، ھەر ۋاقىت جانغا قادىلىپ تۇرغان كۆڭۈلسىز جەڭلەرنى، كۆز ئالدىدا قىيما ـ چىيما بولۇپ، چىلىق ـ چىلىق قان ئىچىدە نادامەت بىلەن جان ئۈزگەن سەپداشلىرىنى ئويلاپ شۈركۈنەتتى، سەسكىنەتتى؛ تۇرۇپ، تەرەپ ـ تەرەپ

تىن «كۈرەش» تەشكىلاتىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان، نىيەت ـ ئىقبالى، سۆز ـ ھەرىكىتى بىرلا مەقسەتكە مۇجەسسەملەشكەن ئاددىي ئادەملەرنى — ئاچ ـ زېرىن، يېلىڭ ـ يېپيۇڭلۇقنى پەسەنت قىلماي، ھەر ۋاقىت ئۆلۈم خەۋپىدە تۇرۇپمۇ ۋاپاسىز تۇرمۇشنى چاقچاق، ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن جانلاندۇرۇپ، كۈلدۈرۈپ مەنىلىك ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاق كۆڭۈل، شەخسىيەتسىز دوست ـ يارەنلىرىنى ئەسلەپ روھلىناتتى، ھاياجانلىناتتى...

قاسىم كاناي ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ھېچنېمىنى بىلەلمىدى، لېكىن ئۇ بىرلا نەرسىگە — ئۆز سۆزىنىڭ ئۇنىڭغا تەسىر قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە سۈكۈت رىزالىقنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇ يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تۇدى راجى، مەن ساڭا خىزمەتداشلىق ھۆرمىتى ئۈچۈن كۆيۈنۈپ بۇ يەرگە كەلدىم. ئوبدانىراق ئويلىنىپ باق! بىزدە تەدبىر كۆپ، قىلىمىز دېگەننى قىلالايمىز. جاجاڭ ناھايىتى كەلسە بىر پاي ئوق. سېنىڭ ھەممە ئىشىڭ بىزگە جاھانىنامىدەك ئايان. ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى يارىنىڭ لېۋىدىن تېزرەك تارتقىنىڭ ياخشى!

قاسىم كاناي ئورنىدىن تۇردى. تۇدى راجى قاتۇرۇلغان مۇمىيادەك قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، پەقەت ئۇنىڭ ئاندا ـ ساندا كىرپىك قېقىشى بىلەن پات ـ پات خورسىنىپ قويۇشىدىنلا ئىچكى دۇنياسىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. قاسىم كاناي قولىنى يېرىم كۆتۈرۈپ: «ھازىرچە خوش» دەپلا چىقىپ كەتتى. تۇدى راجى ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ، «ھە ... ھىم ...» دېگىنىچە پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ قالدى...

## 2

ئىككى كۈن تىمتاس ئۆتۈپ كەتتى. تۇدى راجى ئىشكتىن بېشىنى چىقارمىدى، ئۇنىڭ جىسمى ئۆيدە بولغان بىلەن روھى دۇنيانى كېزىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ باش ـ ئايىغى يوق ئىدى. ئۈچىنچى كۈنى كەچكىچە ئۇ يەنە خىيال سۈردى، خىياللىرى بىردەم ئۇنى قا-

ناتىلاندۇرۇپ يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ، جەننەتنىڭ
كەيپىنى سۈرگۈزەتتى؛ بىردەم يۈزىگە قارا سۈركەپ، مىڭ پاتمان ئۈ-
مىد بىلەن ئۇرۇپ - چەيلەپ دوزاخ ئازابىنى كۆرسىتەتتى. ئۇ خىيال-
دىن خىيال تۇغدۇرۇپ ئېزىلىپ ياتقاندا، قاسىم كاناي ئىككى ساقچى
بىلەن كەلدى.

— دوستۇم، ساڭا ئامەت كەلدى! — دېدى ئۇ قوللىرىنى خۇشال
سوزۇپ، — بۈگۈن سېنى جانابىي كاڭ لۈيجاڭ بىلەن ھاپىز جۈيجاڭ
قوبۇل قىلماقچى. ماشىنا ئەكەلدۇق، تۇر، تېزرەك بارايلى!

تۇدى راجى ئورنىدىن قىمىر قىلماي غودۇڭشىپ سورىدى:

— ئۇلار مېنى قوبۇل قىلغۇدەك نېمە ئىش بوپتۇ؟

قاسىم كاناي يالغان ھىجىيىپ ئۇنى ئۇچۇردى:

— سەن تېخى ئۆزۈڭنىڭ قەدرىنى بىلمەيۋاتامسەن؟ شەيتىنىڭ
سېنى كىچىك كۆرسەتمىسۇن، سەن ئۇلارنىڭ نەزىرىگە چۈشتۈڭ!
تېز بول، ئۇلارنى ساقلىتىپ قويمايلى...

تۇدى راجى زۇۋان سۈرمىدى. تاماكا ئوراپ يۈرىكىنىڭ بېغىشىغا
تەگكۈدەك كۈچ بىلەن ئارقا - ئارقىدىن شورىدى، كېيىن «لىككىد-
دە» ئورنىدىن تۇرۇپ قاسىم كانايىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. كى-
چىك ماشىنا ئارقا يوللار بىلەن ئايلىنىپ، يېرىم سائەتتىن كېيىن بىر-
گادا شتابىغا يېتىپ كەلدى.

كاڭ لۈيجاڭنىڭ ئىشخانىسىنى گازۋاي چىراغ ئاپئاق يورۇتۇپ
تۇراتتى. تۇدى راجى بوسۇغىدىن ئاتلاپلا تۇرۇپ قالدى. ئۇنى بىر-
دەملىككە سۈر باستى، كۆزلىرى چەكچىيىپ، بۇرنىدىن سوغۇق تەر
تەپچىرەپ چىقتى. ئىشخانىدا تولۇق ھەربىي فورما بىلەن گىدىيىپ
ئولتۇرغان ئوفىتسېرلاردىن باشقا، سېرىق پۆپۈكلۈك تاپانچا ئاسقان
ھاپىز جۈيجاڭمۇ ئۇدۇلدىكى ساپادا پۇتىنى ئالماپ سۈرلۈك قىياپەتتە
ئولتۇراتتى. تۇدى راجى ھەممە يەرگە سەپسالدى: ئىشىكنىڭ تۈۋىگە
قان داغلىرى قېتىپ قالغان ئىشكەل بىلەن كويزا تاشلاپ قويۇلغان-
دى. ئۇنىڭ يېنىدا يوغان ۋە پارقىراق بىر جادۇ تۇراتتى. تۇدى راجى
ھەممىنى مۆلچەرلىدى، بۈگۈن ئۇنىڭ بېشىغا ھاياتىدىكى ئەڭ ئېغىر ۋە

ھەل قىلغۇچ دەقىقىلەر كەلگەنىدى.

ئىشخانىدا بىرپەس ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ھەر ئىككى
تەرەپ بىر ـ بىرىگە قاراش، بايقاش، ئويلاش بىلەن بەند ئىدى. بىر-
ئازدىن كېيىن ئىشخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كىچىك ئىشىك ئېچىل-
دى. ھەممەيلەن «تاراققىدە» ئورنىدىن تۇردى. ئىچكەركى ئۆيدىن
كاڭ لۈيجاڭ بويىنىنى قىڭغىر تۇتۇپ چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ بىر مۇ-
رىسى پەس، يەنە بىر مۈرىسى ئېگىز ئىدى. تۇدى راجى ئۇنىڭ قىيا-
پىتىگە قاراپ، بىر چاغلاردا «شىبھىت مازار» دا ئۇچراشقان ھېلىقى
شياۋ بەي ئىسمىلىك ئەسكەر يىگىتنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىسىنى
ئېسىگە ئالدى. يىگىت ئوقنى جايىغا تەگكۈزەلمىگەچكە بۇ مەغرۇر،
بەترەڭ گېنېراللىڭ كۆرۈمسىز بەستى تېخىمۇ خۇنۈكلىشىپ جىگدە
كۆتىكىدەك قىڭغىر ـ قىيسىق بولۇپ قالغانىدى.

«ھەتتىگىنەي!... ـــ دەپ ئەپسۇسلاندى تۇدى راجى، ـــ ئەگەر
بىزنىڭ مامۇت قۇرغۇي ئاتقان بولسا ئۇنىڭ بۇ بەتبەشىرە جىسمى ئال-
لىقاچان چىرىپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى! ئۇ چاغدا بۈگۈن
مېنى قوبۇل قىلىش تولگۇل ئاۋۇ سېرىق جوھۇتقىمۇ يانتاياق بولال-
مايتتى ـ دە!...»

تۇدى راجىنىڭ خىيالى كاڭ لۈيجاڭنىڭ سىلىق، ئەمما مەنىلىك
سۆزلىرى بىلەن بۆلۈندى:

ـــ يىگىت، ياش ئىكەنسىز، ياش ئادەم ئۆزىنىڭ غېمىنى يېمىسە
بولامدۇ؟ بىز سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەپ بۇ يەرگە چاقىرىپ كەلدۇق،
ئۈمىدىمىزنى يەردە قويماڭ! ـــ ئۇ ھاپىز جۈيجاڭغا قاراپ بېشىنى
لىڭشىتتى، ھاپىز جۈيجاڭ «تاققىدە» ئورنىدىن تۇردى.

ـــ تۇدى راجى، جىنايىتىڭنى بىلەمسەن؟ ـــ دېدى ئۇ ئالدىغا
ئىككى قەدەم تاشلاپ، ـــ سەن «كۈرەش» تەشكىلاتىنى قۇرغۇ-
چىلارنىڭ بىرى. سەنلەر ئادەم توپلاپ ئۇلۇغ پىرقىمىزگە، تەڭدىشى
يوق دۆلەت ئارمىيىمىزگە قارشى چىقتىڭ. پۇقرالارنى قايمۇقتۇردۇڭ.
تەتۈر تەشۋىق تارقاتتىڭ! مۇشۇ جىنايەتلەر سېنى جادۇ بىلەن
توغراشقا يېتىپ ئاشىدۇ. بۇ ھەقتە يۇقىرىدىن يوليورۇق بار، ئىشەن-

مسەلىگ مانا كۆرۈپ باق، مەن ساڭا تەرجىمە قىلىپ بېرەي... — ھا-
پىز خوجا كاڭ لۇيجاڭنىڭ ئالدىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى،
«جىددىي تېلېگراما» دېيىلگەن بۇ قەغەزگە مۇنداق يېزىلغانىدى:
«قەشقەردىكى ئىسيانچى ياشلارنى قەتئىي باستۇرۇڭلار، باشلىق-
لىرىنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ سازايى قىلىنسۇن! — گېنېرال سۇڭ...»
— يىگىت، مانا ئۆز كۆزىڭىز بىلەنمۇ كۆردىڭىز، بىزدە ئەمدى
باستۇرۇشتىن باشقا چارە يوق، — دېدى كاڭ لۇيجاڭ جىددىي تەلەپ-
پۇزدا، — ئۆتكەندە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ، سىلەرنىڭ توغرا يولغا
قايتىشىڭلارنى كۈتكەنىدۇق، لېكىن سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىلمىدىڭلار،
تېخىمۇ تەلۋىلىشىپ دۆلەت ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلدىڭلار، جاڭ زى-
خۇيدەك قابىل ئادەملىرىمىزنى ئەيمەنمەي يەپ كەتتىڭلار، سىز ئۇلار-
نىڭ باشلامچىسى، سەۋرىنگمۇ چېكى بولىدۇ، ئەمدى تەشكىلاتىڭىز
ئاسمانغا چىقسا تاپىمىز، يەرگە كىرسە كۆكۈلسىدىن تارتىپ، بىر-
نى قويماي يوقىتىمىز! ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۆي سۈپۈرۈلگەندە تاملار-
دىكى ئۆمۈچۈك قالمايدۇ، ئۆمۈچۈك تۈگۈل ئۇنىڭ تارتقان تورلىرى،
ھەتتا تۇتقان ئۇۋىلىرى قالمايدۇ!
— شۇنداق، جانابلىرى، — دېدى ھاپىز خوجا كاڭ لۇيجاڭ تە-
رەپكە ئېگىلىپ، — دۆلەت ئارمىيىمىزگە ھېلىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئال-
تە توك - توك قىزىل پاچاق ئىسيانچىلار ئىكەن، ئۆزىنى «8 - ئارمى-
يە» دەپ ئاتىۋالغان نەچچە يۈز مىڭ مايماق - سايماقلارمۇ تەڭ كېلە-
لىگىنى يوق! — ئۇ تۇدى راجىغا بۇرۇلۇپ داۋام قىلدى، — سېنىڭ
ياشلىقىڭنى، ئىستىقبالىڭنى ئويلاپ قۇتقۇلدۇرۇپ قالماقچى بولدۇق.
ئەگەر سەن ياشاشنى خالىساڭ خىزمەت كۆرسىتىپ جىنايىتىڭنى يۇ-
يۇشۇڭ كېرەك، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن!؟
تۇدى راجى ئۈندىمىدى، لېۋىنى چىشلەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلات-
تى. بەدەن ئېغىرلىقىنى بىردەم ئوڭ پۇتىغا، بىردەم سول پۇتىغا يۆت-
كەپ جىممىدە تۇرىۋالدى. ھاپىز جويجاڭ بىرئاز كۈتۈپ بېقىپ
تىت - تىت بولدى.
— سوئالىمغا توغرىدىن - توغرا جاۋاب بېرىشنى خالىمساڭ بوپ-

تۇ، ـــ دېدى ئۇ ئاخىر تاقەتسىزلىنىپ، ـــ ئۇنداق بولسا، قۇتلۇق بىلەن باتۇق ھازىر نەدە؟! بۇنىڭغىمۇ بىرنېمە دەرسەن؟
تۇدى راجى ئاستا بېشىنى كۆتۈردى، بۇ سوئالدىن ئاسانىراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن قارىسىغىلا مۇنداق دېدى:
ـــ ئۇلار ئۆلۈپ كەتتى...
ـــ يالغان! ـــ ھاپىز خوجا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، ـــ ئۇلار ئۆلمىدى، بەلكى قېچىپ كەتتى، سەن ئۇلارنىڭ نەگە يوشۇرۇنغانلىقىنى چوقۇم بىلىسەن!
ـــ بىلمەيمەن، ـــ دېدى تۇدى راجى زەئىپ ئاۋازدا، ـــ مەن ئۆزۈمنىڭ جېنىنى ئېلىپ ئاران قېچىپ كەلگەن تۇرسام، ئۇلارنىڭ نەگە يوشۇرۇنغانلىقىنى نەدىن بىلەي!...
ھاپىز جۇيجاڭ بىرئاز تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ جاۋابى يوللۇق ئىدى. ئەمدى ئۇ تەلەپپۇزىنى بىرئاز ئاستىلىتىپ سوراشنى داۋاملاشتۇردى:
ـــ «كۇرەش» تەشكىلاتىڭلارنىڭ قوراللىق قوشۇنىدا قانچىلىك ئادەم، قانچىلىك قورال بار ئىدى؟
بۇ سوئال تۇدى راجىغا تىك كەلدى، ئۇيان ـ بۇيان تولغاندى، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم تۇرۇۋالدى.
ـــ گەپ قىل!
ئۇ زۇۋان سۈرمىدى.
ـــ گەپ قىل دەيمەن! ھېلى بولمىسا...
ئۇ لېۋىنى چىڭ يىمىرىپ چىشلىۋالدى.
ـــ گەپ قىلمامسەن؟! ـــ دېدى ھاپىز خوجا كۆزىنى چەكچەيتىپ، ـــ ماقۇل، سېنىڭ قاتتىقلىقىڭنىمۇ بىر كۆرۈپ باقاي. سۆگەكلىرىڭ پولاتتىن ئەمەستۇ؟
ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ ئىشارە قىلدى. ئۇچۇق ئىشىكتىن بەستى يوغان، تەتۈر ئۇستىخانلىق ئىككى چىرىك گۈلدۈرلەپ كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بېشى يالاڭۋاش، كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرى شىمايلانغاندى، قىزىللىق تولغان كۆزلىرىدىن قاپلانىڭكىدەك ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار تۇدى راجىنى خۇددى بىر چۈجىنىڭ بوينىنى تۇتقاندى.

دەك تۇتۇپ جادۇنىڭ يېنىغا سۆرەپ كەلدى. سىرتقى كىيىملىرىنى تارتقۇچلاپ يىرتىپ سالدۇردى، قولىنى ئارقىغا قايرىپ يەرگە باستى، يەلكىسىدىن دەسسىلاپ تۇرۇپ بوينىنى جادۇغا توغرىلىدى، يەنە بىرى جادۇنىڭ تىغىنى كۆتۈردى. يوغان، سۇرلۇك تىغ ۋالىلداپ كەتتى، تۇدى راجىنىڭ كۆزىگە لىققىدە ياش كەلدى، ئىچ ـ ئىچىدىن كۆتۈرۈلگەن بىر خىل ھەسرەتلىك ئىدا بوغۇزىغا كەپلىشىپ تىنالماي قالدى. ئۇ مانا بۈگۈن تۈنجى قېتىم ھاياتىنىڭ قىممىتى بىلەن جانىنىڭ تاتلىقلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ ياشاشنى خالايتتى، لېكىن قانداق ياشاش كېرەك؟ ئۇ بىر چاغلاردا مەرھۇم رىشىت ھەمزى يازغان:

سېتىلمىدىن ئىت ياخشى،
ئىشتانىدىكى پىت ياخشى!

دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ ھۇزۇرلانغان، قايىل بولغان ئەمەسمىدى؟ ئەپسۇس، بۈگۈن جادۇنىڭ ئۆتكۈر، پارقىراق تىغى ئۇنى تەمتىرىتىپ قويدى، دېمىنى سىقتى. ئۆلۈم زەھرىنى چېچىپ تۇرغان ئاشۇ رەھىمسىز تىغقا قاراپ ئۈنسىز يىغلىنىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ دۇنياغا كېلىپلا كېتىش ئۈچۈن تۇغۇلغان ئەمەستىغۇ؟! ئۇ تېخى قىز ـ يىگىتلىك مۇھەببىتىنىڭ لەززىتىنى كۆرگىنى يوق. ئۇمۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەرگە ئوخشاش مۇھەببەت باغلىشى، ئۆيلىنىشى، پەرزەنت كۆرۈشى، نەسىل قالدۇرۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟!

ھەي تۇدى راجى، سېنىڭ تەقدىرىڭ نېمانداق كاجدۇ؟ سەن زادى قانداق قىلىشىڭ كېرەك؟ ھېچنېمىنى ئويلىماي، ھېچنېمىگە ئىنتىلمەي، كۆزۈڭنى يۇمۇپلا بېشىڭنى جادۇغا تۇتۇپ بېرەمسەن؟! ياكى ۋىجدانىڭنى سېتىپ، دۈشمەنلىرىڭ ئالدىدا تىز پۈكەمسەن؟!...

ئاھ، رەھىمسىز تۇرمۇش! سەن نېمانچە كۆپ، چىگىش سوئاللار بىلەن ئادەملەرنى قىينايدىغانسەن!...

ھاپىز جۈيجاڭ قولىنى كۆتۈرۈپ جادۇنى بېسىشقا بۇيرۇق بەردى. جادۇنىڭ سوغۇق، مۇدھىش تىغى غىرىسلاپ تۆۋەنلەشكە باشلىدى.

تۇدى راجى بىردىنلا تىپىرلاپ چىرقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ كالۋالاشقان تىلىغا كەلگەن بىرىنچى سۆز «ياشايمەن!» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. هاپىز جۇيجاڭ ئىتتىك قولىنى كۆتۈردى، جادۇنىڭ تىغى تۇدى راجىنىڭ بوينىغا تۆتىلىك قالغاندا «چىپپىدە» توختىدى، ئىككى جاللات تۇدى راجىنى يۆلەشتۈردى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ هوشىدىن كەتكەنىدى...

## 3

تۇدى راجى ياشاشنى ئەۋزەل كۆردى. ئۇنىڭ ئەڭ مەخپىي تۇرمۇش پەلسەپىسى: دۇنيانىڭ خوۋلۇقى — كىيمەك، يېمەك، كۈلمەك — ئوينىماق ئىدى، هاپىز خوجا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەنە شۇ يېرىدىن يوچۇق ئاچتى. ئۇنى سېپىل ئۈستىدە ئۆزى بىللە سەيلە قىلدۇردى، داڭلىق سەتەڭلەرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ كۆڭلىنى ئاچتى، يېدى، ئىچتى، ئوينىدى، كۈلدى، ئاخىردا نام — ئاتاق، ئەمەل — مەنسەپمۇ ۋەدە قىلدى. شۇنداق قىلىپ، تۇدى راجى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا خۇددى ئۈچۈپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئۆمۈچۈك تورىغا يۆگىشىپ قالغان ناتىۋان چىۋىندەك هاپىز خوجىنىڭ چاڭگىلىغا تۇيمايلا چۈشۈپ كەتتى...

ئارىدىن هەپتە ئۆتكەندە ئۇ ۋەزىپىگە بۇيرۇلدى.

— بۇرۇنقى سالاهىيىتىڭ بىلەن «شېهىت مازار» غا بېرىپ ئۈچ كۈن ئىچىدە پۈتۈن ئەهۋالنى ئىگىلەپ كەل! — دېدى هاپىز خوجا بۇيرۇق تەلەپپۇزدا — سەن ئۇلارنىڭ ئادەم ۋە قورال كۈچىنى ئۇقۇپ كەلگەندىن كېيىن بىر كېچىدىلا قول سالىمىز!

تۇدى راجى پىتىراپ كەتكەن جەڭچىلەر سىياقىدا «شېهىت مازار» غا كەلدى، ئۇ يەردە هېچكىم يوق ئىدى. توغراقلىقنى ئارىلىدى، ئۇ يەرمۇ جىمجىت ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمىدى، ئۆز — ئۆزىدىن خۇدۇكسىرىدى، ئەيمەندى. ئۆزىنىڭ تالاي قەدەم ئىزلىرى چۈشۈپ، قان — تەرى بىلەن ئىسسىق هىدى سىڭىپ كەتكەن بۇ قەدىمىي

توغراقلىق شۇ تاپتا ئۇنىڭغا شۇنداق يات ھەم سۇرلۇك كۆرۈنۈپ كەتتى، گويا شاخلىرىدا چىرايلىق قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان ئاشۇ تونۇش، سىرداش توغراقلارمۇ ھېلى ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۇنى تۇ-تۇۋالىدىغاندەك ۋەھىمىلىك بىلىندى... ئۇ توغراقلىقتىن تېزلا ئايرىل-دى. ھېچ يەردە ھايالشىماي ئۇدۇل شەھەرگە قايتتى.

«ئۇلار زادى نەگە كەتتى ـ ھە؟!» ھاپىز جۇيجاڭ تۇدى راجىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەجەبسىنىپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ ئىشخانىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— ياق، جەزمەن بار، ئاسماننىڭ ئاستىدا بار! — دېدى ئۇ تۇدى راجىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە «شىپپىدە» توختاپ، — قۇتلۇق بىلەن باتۇقنى چوقۇم تۇتتۇشىمىز كېرەك! سەن ئوبدانراق ئويلاپ باققىنا، ئۇلار زادى نەگە بېرىشى مۇمكىن؟ ھەرقانداق لالما ئىتمۇ ئاخىر يەتتە يالاق يالىغان ئۆيىنى تاپىدىغۇ!

تۇدى راجى جىددىي ئويلاندى، نېمىلەرنىدۇر ئەسلىدى. ئاخىردا تەكلىپ تەرىقىسىدە مۇنداق دېدى:

— مەن شورباغقا بېرىپ باقسام قانداق؟ ئاڭلىمادىس، ئۆيگە قايتقان يارىدار يىگىتلەردىن بىرەرى ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس...

بۇ پىكىر ھاپىز جۇيجاڭغا خوپ كەلدى، دەرھال رازىلىق بېرىپ تۇدى راجىغا ئىشەنچلىك ئادىمىدىن بىرنى قوشتى. ئۇلار شۇ كۈنىلا شورباغقا يۈرۈپ كەتتى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇلار خۇش خەۋەر ئېلىپ قايتىپ كەلدى.

— يىپ ئۇچى تاپتۇق، — دېدى تۇدى راجى ھودۇققان ۋە ئەنسىكىن ھالدا، — ماھۇت قورغۇي يارىلىنىپ قايتىپ كەپتىكەن. «قاراتال» يېزىسىدىكى زەيدىن كارۋاننىڭ ئۆيىدە داۋالىنىپ يېتىپتۇ. قالغان ئوتتۇز نەچچىدەك ئادەمنى قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن باتۇق بىر تەرەپلەرگە ئەكېتىپتىمىش...

— نەگە ئەكېتىپتۇ؟! — ئالدىراپ سورىدى ھاپىز خوجا.

— بىلەلمىدۇق... — دېدى تۇدى راجىنىڭ ھەمراھى، — ئۇلار-مۇ بىلمەيدىكەن.

هاپىز خوجىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى:

— يوشۇرۇپتۇ - دە، خوتۇن تالاقلار!

— لېكىن مۇھىم بىر خەۋەرنى بىلىۋالدۇق، — دەپ سۆز قاتتى تۇدى راجى، — كېلەر پەيشەنبە زەيدىن كارۋاننىڭ كەنجى قىزىنىڭ تويى بولىدىكەن، تويغا قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن باتۇقنى كېلىدۇ دېيىشىۋاتىدۇ.

— بۇ گەپ راستمىدۇ؟ — ھاپىز خوجا ھەم خۇشاللىق، ھەم دەرگۇماندا ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى.

— مېنىڭچە، ئۇ ئىككىسى جەزمەن كېلىدۇ! — دېدى تۇدى راجى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىپ، — ئۇلار زەيدىن كارۋان بىلەن يېقىن ئۈلپەت.

ھاپىز خوجىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى:

— بولدى، ئاشۇ ئىككىسىنى قولغا چۈشۈرسەكلا كۇپايە. بىلەمسىلەر، يىلانىنىڭ يىلانلىقى ئۇنىڭ نەشتىرىدە! نەشتىرىنى ئۈزۈپ تاشلىساڭ يىلان دېگەن بىر غېرىچ كۇلدەكلا نەرسە! ئەمىسە، سىلەر تەييارلىق قىلىڭلار، پەيشەنبىگە تۆت كۈن قالدى. ئۇلارنى شۇنداق پەم بىلەن تۇتايلىكى، ئۆزلىرىمۇ ھەيران قالسۇن!...



## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# ئۇلار تاڭنى كۆرەلمىدى

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ ئېچىلار چېچەكلىرىڭ،
يامان بىلەن دوست بولساڭ يېرىلار يۈرەكلىرىڭ.
—— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

شورباغىنىڭ «قاراتال» يېزىسىدا توي قىزىپ كەتتى.

زەيدىن كارۋاننىڭ تاملىرىغا كالا تېزىكى چاپلانغان ئاددىيغىنا تال - بېدىشلىك هويلىسىدا چېلىنىۋاتقان نەغمە - ناۋا قاتمۇقات تاملاردىن، باغلاردىن هالقىپ، تىرىكچىلىك غېمىدە مىسكىنلىشىپ كەتكەن يېزا قوينىنى بىردەم بولسىمۇ هايات شاۋقۇنى بىلەن جانلاندۇرۇۋەتتى. يېزا ياشلىرى ناخشا توۋلاپ، ئۇسسۇل ئويناپ هويلىنى بېشىغا كىيدى. كىيىملىرى جۇل - جۇل، يۈز - كۆزلىرى قاسماق ئۇششاق باللار خۇددى قارا قاغىدەك دەرەخلەرگە، تاملارغا چىقىۋېلىپ قىيقاس - چۇقان قىلىشاتتى. چاچلىرىنى جىگدە يېلىمى بىلەن پاتلاپ، چېكىسىگە گۈلىيەسمەن، سېرىق سەبدەرلەرنى قىستۇرۇۋالغان تارتىنچاق يېزا قىزلىرى ئىشكىنىڭ، تامنىڭ دالدىلىرىغا تىقىلىشىپ ئاپتاپتا قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىنى ياغلىقى بىلەن يېرىم - يارتا يوّگەپ ئاللىقانداق بىر خىل تەشنالىق ۋە هېرىسمەنلىك بىلەن يىگىتلەرنىڭ قوپال، لېكىن شوخ ئۇسسۇللىرىنى كۆرەتتى، ياشلىق ناخشىلىرىنى تىڭشايتتى...

سازچىلار بىردەم توختىدى. مېھمانلارغا تارتىلىۋاتقان تاماق ئۇلار-
نىڭمۇ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار سەۋزە، چامغۇرلارغا ئارىلاشتۇرۇلغان قو-
تاز گۆشىنى مەززە قىلىپ يەپ، ئۇستىخانلىرىنى پاك - پاكىز غاجى-
لىدى، ماي يۇقى قوللىرىنى شۇمۇپ يالىدى. كانايلىرى بىر ئاز
ياغلاشقاندىن كېيىن داپ، غىجەكلىرىنى قولىغا ئالدى. بۇ قېتىم ئۇلار
ناخشىنى «ئوششاق مۇقامى» نىڭ مەشرىپىدىن باشلىدى:

ۋا ئۆلۈم باغرىمنى قويدۇڭ يۈز تۈمەن مىڭ داغ ئىلە،
سۇ بولۇپ ئاقتى يۈرەكلەر قەترە - قەترە ياغ ئىلە.
باغۇ مۈلكۈڭگە ئىشەنمە، ھەرنە قىلساڭ ئادىمى،
ناگىھان يەتسە ئەجەل، قالغاي بۇ مۈلكۈڭ باغ ئىلە.

ناگىھان تەن بېغىغا يەتسە زىمىستانى ئەجەل،
جان دەرەخلەردەك ساچىلغاي ھەر تەرەپ ياپراق ئىلە.
دۇنيا مالىنى ئېلىبان، تويمىغان چەشمى ھېرىس،
تويغۇسى تولغاندا كۆزى گۆر ئارا، تۇپراق ئىلە.
......................................

ئارقىدىن رىتىملىرى ۋەزمىن، شوخراق بىر پەدىگە ئالمىشىپ مۇ-
ھەببەت بېيىتلىرى ئوقۇلدى:

تارغىنا ئېرىق چاپتىم ئاتلاپ ئۆتكۈدەك،
سۈزۈككىنە سۇ كەپتۇ ساقلاپ ئىچكۈدەك.
سۈزۈككىنە سۇ ئىچىدە ئالىچىپار تاش،
مېنى مۇنچە كۆيدۈرگەن زالىم قارا قاش.
خەت پۈتۈپ نامە ئەۋەتتىم زەيتۇن تاۋاغا،
زالىم قارا قاش چىقمىدى ئۆيدىن تالاغا.
ئالما تۈۋىگە ئالما كۆمدۈم ئالما يارىم بولغايمۇ دەپ،
چىن كۆڭلۈمنى سىلىگە بەردىم مېھرىبان بولغايمۇ دەپ.

ئاخىرىدا، غېجەكچى بىلەن داپچى خۇددى لەپەرگە چىققان ئار-تىسلاردەك قىزىقچىلىق قىلىپ ياشلار تولۇن قىرىلارنىمۇ ياگاقلىرى خالتىلاشقۇچە كۈلدۈرۈۋەتتى. داپچى دېپىنى ئۆزۈك - ئۆزۈك تاراڭلىتىپ ئىككى مىسرا ئوقۇسا، غېجەكچى ئۇلاپلا ئىككى مىسرا قوشۇپ، غېجىكنى ئاۋازىغا ماسلاشتۇرۇپ غىدىڭشىپ قوياتتى :

داپچى :

دەستىكى يوق دورغىدىن،
شىپپاڭ قۇيرۇق يورغىدىن،

غېجەكچى :

سامانلىقنىڭ ساچقىنىدىن،
قېرى خوتۇننىڭ قاچقىنىدىن،

داپچى :

ئاختارمىنىڭ چالمىسىدىن،
خوتۇن خەقنىڭ لالمىسىدىن،

غېجەكچى :

ئېگىز يارنىڭ تومىسىدىن،
مەزلۇم خەقنىڭ ئوسمىسىدىن،

داپچى :

كالا گۆشىنىڭ بېزىدىن،
مەزلۇم خەقنىڭ تېزىدىن،

غېجەكچى :

ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ ئاچىسىدىن،
مەزلۇم خەقنىڭ گاچىسىدىن،

داپچى :

ئاغىر ئاتنىڭ توغرىسىدىن،
مەزلۇم خەقنىڭ ئوغرىسىدىن،

غېجەكچى :

يېتىم ھەتتا خالتىسىدىن،

مەزلۇم خەقنىڭ كالتىسىدىن،

داپچى :

يازغى يۇڭنىڭ كىگىزىدىن،
خوتۇن خەقنىڭ ئىپگىزىدىن،

ئىككىسى بىرلىشىپ :

پاناھ بىرىڭ خۇدايىم!

....................

ئۇششاق باللار قيقاس كۆتۈرۈپ چاۋاك چېلىپ كەتتى. قىزلار كۈلۈپ، تېلىقىپ، چۇرقىرىشىپ تەرەپ ــ تەرەپكە قاچتى...

«قاراتاللىق »لار بۇگۇن مۇشۇ ئاددىي، غۇربەت توي داستىخىنىغا ئولىشىپ بىردەم بولسىمۇ كۈلدى، ئوينىدى، تۇرمۇشنىڭ ئەتىكى كۆڭۈلسىز، مۇدھىش غەملىرىنى دەماللىققا ئۇنتۇدى. ئۇلارنىڭ بىر كۈنىدىنىڭ مۇشۇنداق ئۆتمىكى ھەقىقەتەنمۇ تەس، بەسى مۇشكۈل ئىدى...

كەچ كىرىشكە باشلىدى. تۈن پەردىسى ئاستا ــ ئاستا يېيىلدى، ئاخىرقى شەپەق ئۇپۇق يۈزىگە گويا قان دەرياسىدەك قىزغۇچ ئايلانما ئىزلارنى قالدۇرۇپ سىڭىپ كەتتى...

قىز كۆچۈرۈش تەييارلىقى باشلاندى. بېشىدىن تېقىمغىچە قېلىن رومالغا ئورالغان ئۇن ئالتە ياشلىق قىز يەڭگىسى بىلەن ئاداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىككى ئات قوشۇلغان يارىيار هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇلدى، سازچىلار باشقا بىر ھارۋىغا جايلىشىپ بىر توپ ياشلار بىلەن «ھاي ــ ھاي ئۆلەن » ناخشىسىنى تووۋلاپ يۈرۈپ كەتتى.

زەيدىن كارۋاننىڭ ئايۋىنى بوشاپ قالدى. ئەتىگەندىن بېرى ئىچكەركى ئۆيدە ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ ئولتۇرغان قۇتلۇق ئەپەندى، مامۇت قۇرغۇيلار ئايۋانغا چىقىپ، يېزىنىڭ پېشقەدەم ئاقساقاللىرى بىلەن سۆھبەت قۇردى. ئاددىيلا سەرەمجانلاشقان ئايۋاننىڭ ئوتتۇردىسىكى تۈۋرۈككە قارا چىراغ ئېسىلغانىدى. ئۇ ئەتراپنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى.

— ئاڭلىساق، ماموت شەيخىم قىلىنىڭ ئۈستىدە قاپتۇ، — دەپ گەپ باشلىدى بىر قېرى دېھقان، — خۇداغا شۈكرى، ئاللانى ياد ئەتكەن ئادەمنى ئاللا ئۆزى ساقلايدىكەن...

— ئىنشائاللا، قارىي ئاكا، — دېدى ماموت قۇرغۇي ئورنىدىن سەل - پەل قوزغىلىپ، — ئاللا ئۆزى پاختا ئىچىدە ئوت ساقلاشقا قادىر، پېقىرنىمۇ ئۆزلىرى دېگەندەك، ئاللا ئىگەم يامغۇردەك ئوق ئىچىدىن ئامان ساقلاپ قالدى...

داستىخاننىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرغان قىرقىم ساقال، چارا كۆز بىرى سورىدى:

— شەيخىم، ئۆزلىرى نېمە بولۇپ ئۇ تەرەپلەرگە بېرىپ قالدىلا؟

بۇ سوئال شۈبھىلىك ئىدى. ماموت قۇرغۇي جاۋاب بەرگۈچە زەيدىن كارۋان چاققانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چۈشتى:

— نېمە بولۇپ باراتتى، ھاشىمباي، تەقۋادارلىق شۇ كويغا سالغان - دە! ماموت شەيخىم يات - يات «چاچقۇم مازىرى» دېگەن ئىسلام شەيخنى يوقلاپ زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئۆتكەندە شۇ ياققا كېتىۋېتىپ پالاكەتكە يولۇققان گەپ!

زەيدىن كارۋاننىڭ گەپنى مۇنداق قاملاشتۇرۇپ بابلىشى ماموت قۇرغۇينى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ئالمان - تالمان: «خوش ... شۇنداق...» دېگىنىچە بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى. زەيدىن كارۋان يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، بىردىنلا ئايۋاننىڭ ئىشكى ئېچىلىپ بوسۇغىدا تۇدى راجى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ساليا - سۇلپاڭ كىيىملەرنى كىيىۋالغان يېتىمچى سىياقىدىكى تۆت ئادەم تۇراتتى. قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن ماموت قۇرغۇي خۇشلۇقىدىن ئۆزلىرىنى باسالماي قالدى.

— خۇداغا شۈكرى، ھايات ئىكەنسەن! ... — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى غۇلىچىنى كېرىپ، — بىز تېخى ئوق تېگىپ كەتكەن چېغى، دەپ ئەنسىرەپتۇق. كەل، ئاغىنە، بېرى كەل...

تۇدى راجىنىڭ يۈرىكى «چىممىدە» قىلىپ قالدى، پۇت - قولى

سېزىلەرلىك تىترىدى، چىرايى دەسلەپ بۇزۇلۇپ كېيىن ئاقىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھېلىقى جادۇنىڭ پارقىراق رەھىمسىز، سوغۇق تىغى كۆرۈنگەندەك، كىمدۇر بىرىنىڭ «ياشايمەن دېسەڭ ھوشۇڭنى تاپ!» دېگەن مۇدھىش ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى.

— مەنمۇ ئاران قۇتۇلدۇم... — دېدى ئۇ قەستەنگە گەپ يورغىلىتىپ، — يېنىك يارىلانغانىدىم، ئۆيدە يېتىپ ساقىيىپ چىقتىم. ئۆتكەندە بىر قېتىم كېلىپ سىلەرنىڭ دېرىكىڭلارنى ئالالماي كەتتىم. بۇلار ... — ئۇ تۇمشۇقى بىلەن يېنىدىكىلەرنى ئىشارە قىلدى، — بىزنىڭ سەپكە قوشۇلغىلى چىققان يېتىمچىلار...

قۇتلۇق ئەپەندى داستىخاندىكىلەرگە سىرلىق قاراپ قويۇپ قول ئىشارىتى قىلدى:

— كېلىڭلار، سىلەرمۇ داستىخانغا كېلىڭلار... قالغان گەپنى كېيىن سۆزلىشەيلى.

تۇدى راجى ئۇدۇل قۇتلۇق ئەپەندىگە قاراپ كەلدى. قۇتلۇق ئەپەندى ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆۋرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

— ئىز - دېرىكىڭىزنى ئالالماي بەكمۇ تىت - تىت بولدۇم، — دېدى تۇدى راجى قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — خۇداغا شۈكرى، ئاخىر كۆرۈشتۇق. باتۇق كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ سەپداشلىرى بىلەن يارلىقتا قالدى، — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى پەس ئاۋازدا ۋە مامۇت قۇرغۇيىنى بېشى بىلەن ئىشارە قىلىپ داۋام قىلدى، — مەن ماۋۇ شەيخىمنى يوقلىغاچ ئۆزۈم كەلدىم...

ئۇلار بەخىرامان سۆزلىشىۋاتقاندا كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى: تۇدى راجى ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشكەن بولۇپ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇردى، بايىقى «يېتىمچىلار» دىن ئىككىسى ئارقىدىن كېلىپ قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ بوينىغا ئارغامچا سالدى - دە، تۆۋرۈككە باغلىۋالدى. قالغان ئىككى «يېتىمچى» قويىندىكى تاپانچىلىرىنى چىقىرىپ، ئۆيدىكىلەرنى قىمىر قىلدۇرمىدى. شۇ ئەسنادا ھويلا بىلەن ئايۋاننىڭ ئىشىكى

زەنجىرلەندى. قۇتلۇق ئەپەندى ھەرقانچە قىلىپمۇ يىپنىڭ تاپانچىسىـ
نى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، قىل ئارغامچا ئۇنىڭ كېكىردىكىدىن بوغۇپ
بىردەمدىلا خارقىرىتىپ قويدى.

— تۇفى، ئىپلاس سېتىلما!

ماموت قورغۇينىڭ بوك، ياگراق ئاۋازى ئۆينى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ
تۈدى راجىغا ئېتىلماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى،
ھېلىقى «يىپتىمچىلار» ئۇنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ يارىلانغان پۇتىغا
قاتتىق دەسسىۋەتتى. ماموت قورغۇي تولغىنىپ ئىڭراپ سالدى...

— تاغاردىن ئىككىنى ئاچىق! — دېدى «يىپتىمچىلار» دىن بىرى
زەيدىن كارۋانغا بۇيرۇق قىلىپ. زەيدىن كارۋان بېشىنى ئىچىگە تىقىپ
گۆشىيىپ تۇرۇۋەردى.

— نېمانداق ئېشەك ھەيدەيدىغان تاياقتەك غادىيىپ تۇرـ
سەن!؟ — دېدى ھېلىقى «يىپتىمچى» قوپال ۋارقىراپ، — ماڭ، تاغار
ئاچىق! بولمىسا سەنمۇ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن...

— ئۆيدە بوش تاغار يوق، — زەيدىن كارۋان تۇمشۇقىنى ئۇچـ
لىدى، — لازىم بولسا، سىرتتىن تېپىپ كېلەي...

— سىرتتىن؟ — «يىپتىمچى» ئاغزىنى پۇرۇشتۇردى، — سەن
تېخى سىرتقا چىقماقچىما؟ بۇ سېنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ، ماڭ! تاغار
بولمىسا خوتۇنۇڭنىڭ ئىشتان - كۆڭلىكى بولسىمۇ بولىدۇ!

زەيدىن كارۋان مىت قىلماي تۇرۇۋەردى. «يىپتىمچىلار» نىڭ جۇـ
دۇنى تۇتتى. پاكار، سىمىزرەك بىرى ئۇزۇن چاپىنىنىڭ ئىچىگە يوـ
شۇرغان گراناتنى بىرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ پوپوزا قىلدى:

— تاغار بېرەمسەن - يوق؟! بەرمىسەڭ، ھەممىڭنى كۇكۇم - تالـ
قان قىلىۋېتىمەن! — ئۇ گراناتنى ئېگىز كۆتۈردى. ئىش كۆرمىگەن
قىرىلار دۇرۇت ئوقۇپ، نالە قىلىپ كەتتى.

— زەيدىن ئاكا... بولار ئىش بولدى... بۇ سېتىلما، مۇناپىقلارغا
تاغار بېرىڭ، — دېدى قۇتلۇق ئەپەندى تەمكىن ئاۋازدا، —
يۇرتداشلار، ئاقساقاللار قورقۇپ كەتمىسۇن...

زەيدىن كارۋاننىڭ كۆز چانىقى ياشقا تولدى. ئۇ لېۋىنى چىشلەپ تەسلىكتە ئارقىغا بۇرالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىچكەركى ئۆيدىن ئىككى كونا تاغارنى ئاچىقىپ، تىترەپ، تۇرغان قوللىرى بىلەن «يېتىمچىلار» نىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ھەش - پەش دېگۈچە قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن مامۇت قۇرغۇيىنىڭ پۇت - قولى باغلىنىپ ئاغزىغا لاتا تىقىلدى، تاغارلار بېشىغا كىيگۈزۈلۈپ سىرتقا ئېلىپ مېڭىلدى. زەيدىن كارۋان كۆزىنى يۇمۇپ يۈزىنى چەتكە ئۆرۈۋالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى پۇچۇلىنىپ، ۋۇجۇدىغا بىر خىل ھەسرەت - نادامەت تىترىكى ئولاشقانىدى...

ئۇلار قوزغالدى. ئالتە - يەتتە ئات تىزگىن سىيرىپ، تۇياق ئۇرۇپ، گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا توپا توزۇتۇپ چىقىپ كەتتى...

## 2

ئۇ ئىككىسى تولىمۇ غەلىتە كەيپىيات ئىچىدە ئۇچراشتى.

ھاپىز خوجىنىڭ كۆزلىرىدە تەمەننا كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈن ھېيت - بايرامدىلا كىيىدىغان ئەتىۋارلىق ساقچى فورمىسىنى كىيىپ، ئوقدان ئۈستىگە سېرىق پۆپۈكلۈك تاپانچىسىنى ئېسىۋالغانىدى. ئۇ سىياسىي مەھبۇسلار تۈرمىسىنىڭ قاراڭغۇ، سۈرلۈك ئىشخانىسىدا قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى. بەزىدە بېشىنى قاڭتۇرۇلغان قېچىردەك گىدەيتىپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان رەقىبىگە كۆزلىرىنى قىسىپ قاراپ قوياتتى...

قول - پۇتلىرىدىن تارتىپ بويۇنلىرىغىچە زەنجىرلەنگەن مەھبۇس قۇتلۇق ئەپەندى بولسا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ كۆزلىرىنى خىيالەن نەلەرگىدۇر تىكەتتى، ساقاللىرى ئۆسۈپ گىجەكلەشكەن، چاناقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالغانىدى. تاتىراڭغۇ يۈزىدە قامچىنىڭمۇ ياكى داغىنىڭمۇ ئەيتاۋۇر، جان قاقشاتقۇچى بىر نەرسىنىڭ قىزغۇچ قارامتۇل ئىزلىرى كۆزگە تاشلىناتتى. ھازىر ئۇنىڭ

خىيالىدا ھاپىز جۇيجاڭمۇ، تۈرمىمۇ يوق ئىدى. شېكەستىلەنگەن بە-
دىنىنىڭ ئاچچىق ئاغرىقلىرىنىمۇ سەزمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇچقۇر خىياللى-
رى، كۆڭۈل خاھىشى يەنىلا ئاشۇ توغراقلىقلاردا، شورباغدا، ئۆلۈمگە
تىك قاراپ ماڭغان سەپداشلىرى ئارىسىدا كېزىپ يۈرەتتى. قەلب
ئېكرانىدا باتۇقنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن يارلىق ئاستىدىكى ھېلىقى
قىرچىن تاللىق ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ سىردىشىۋاتاتتى...

ھاپىز خوجىنىڭ سىپايە، لېكىن زەھەرخەندە ئاۋازى ئۇنىڭ ئۇچ-
قۇر خىياللىرىنى بۆلدى:

— خاتالاشمىسام، بىز خېلى كونا تونۇشلاردىنغۇ دەيمەن، قۇتلۇق
ئەپەندى، جاۋاب بېرىڭا: باتۇق نەدە، قالدۇق قوشۇنلىرىڭىزچۇ؟ مۇ-
بادا ئېنىق ئېيتىپ بەرسىڭىز...

— بىلمەيمەن! — قۇتلۇق ئەپەندى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.
ھاپىز خوجا ئاڭلىماسقا سېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— قۇتلۇق ئەپەندى، جاھىللىق ئادەمگە ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈر-
مەيدۇ! بۇ پەقەت تەلۋىلەرنىڭ ئىشى. سىز نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردى-
ڭىز، كۈچ ئېلىشىپمۇ باقتىڭىز. ئەمدى تەقدىرگە تەن بەرمەي بول-
ماس. «ھوشۇڭنىڭ بار چېغىدا كۆتۈڭنى ياپ!» دېگەن گەپ بار.
سىز خېلى ھوش - كاللىسى جايىدا ئادەم، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىڭ!
سىز ماڭا ھازىر «كۈرەش» تەشكىلاتىڭىزنىڭ قالدى ئەزالىرى بىلەن
باتۇقنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا بولدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى
ھاياتىڭىزنىڭ خالىغانچە راھەتتە ئۆتۈشىگە مەن كېپىل!

— شۇنداقمۇ؟ — قۇتلۇق ئەپەندى دىمىغىدا كۈلدى، — سەن
قولغا چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلام-
سەن؟! ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، ھاپىز جۇيجاڭ! «بۆرىدىن قورققان
قوي باقماس» دېگەن گەپ بار. مەن ساڭا ئېيتسام: باتۇق ھازىر ھە-
رىكەتتە! ئۇ سېنى تاپماي قويمايدۇ، سەن ئۇنى ئىزدەپ ئاۋارە بولما!

ھاپىز خوجىنىڭ جۇدۇنى تۇتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسىپ،
ئاچچىق ئارىلاش تەنە قىلدى:

— سەن تېخى «شېھىت مازار»، «توغراقلىق»، «شورباغ» دېگەنـ
لەرنى ئېسىڭدىن چىقارماپسەن ـ دە؟ ئەپسۇس، بەكمۇ ئەپسۇس...
قۇتلۇق ئەپەندى بېشىنى «شارتتىدە» بۇراپ ئۇنىڭغا يۈزلەندى:
— شۇنداق، ئۇ يەرلەر ئۆلسەممۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ھەرقانداق ۋىجدانلىق ئەر كىشى ئەلۋەتتە ئۆز خەلقىنىڭ كۈرىشىنى ئېسىدىن چىـ
قىرىشنى خالىمايدۇ ـ دە!
ھاپىز خوجا قاقاقلاپ كۈلدى.
— تېخى مۇنداق دېگىن، ئەپەندى! سەن يەنە كۈرەش قىلماقچى ئىكەنسەن ـ دە!؟ — بىردىنلا ئۇنىڭ تەرى تۈرۈلدى، چىشلىرى غۇـ
چۇرلاپ كەتتى، — قۇتلۇق، كالالىڭنى سىلكىۋەت، سەن ھازىر ئۇ دۇنياغا كېتىۋاتقان ئادەم!
— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل! — قۇتلۇق ئەپەندىمۇ ئاچچىق كۈلدى، — ئۆلۈم ماڭا ھېچقانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس! شۇنى بىلىپ قويغىنكى، بىز ھەققانىيەت ئۈچۈن قوزغالغان، ھەققانىيەت ئۈچۈن جان بېرىمىز. بىز خەلقىمىزنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى ۋە ئەركىن ھاياتى ئۈچۈن قان ئايىمىغان، ھېلىمۇ خەلقىمىزنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن جان ئايىمايمىز!
— ئاغزىڭنى يۇم! — ھاپىز خوجا ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى، خۇددى چوغ دەسسىۋالغاندەك تېپىرلاپ، تايىتاڭلاپ، جەھلى بىلەن چالۋاقىدى، — سېنى ھازىرلا ئېتىپ تاشلايمەن! سەن «كۈرەش» تەشكىلاتىنىڭ كاتتىۋېشى، ئۇلۇغ پىرقىمىزگە، ئۇلۇغ ئارمىيىمىزگە مۇشت كۆتۈرگەن باش جىنايەتچى!
— توغرا، سەنلەر مېنىڭ دەردىمدە بوغاز بولۇپ كەتتىڭ! — دې-
دى قۇتلۇق ئەپەندى ئۇنىڭ يىغىرىغا تېخىمۇ تېگىپ، — مەن يەنە ئېيتىپ قويايكى، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل! ئۆلۈم مېنى قورقۇتالمايـ
دۇ، مەن خېلى بۇرۇنلا ئىنقىلابىي كىشىلىك قارىشىمنى بەلگىلەپ بولـ
غان، ھاياتىمنى مىللەتنىڭ ئازادلىقىغا بېغىشلاپ قويغان. ئىنقىلابچى دېگەن نام مەن ئۈچۈن خۇشاللىق ۋە شەرەپ!

هاپىز خوجا ئەسەبىيلەشتى. ئەسلىدە ئۇ بۇگۈن ئۆزىچە ياسى-
نىپ - تارىنىپ، قۇتلۇق ئەپەندىگە كۈچ كۆرسەتمەكچى، ئۆز قۇلىقى
بىلەن ئۇنىڭ نالە - پەريادىنى، پۇشايمان - ئۆكۈنۈشىنى، يىلىنىپ
يالۋۇرۇشىنى ئاڭلاپ كىرىلمەكچى، ھۇزۇرلانماقچى، شۇنىڭ بىلەن
بىرنەچچە ئايدىن بېرى چەككەن دەرد - ئازابىنى، كۆڭۈل غەشلىكىنى
بىراقلا ئۇنتۇپ راسا بىر پۇخادىن چىقماقچى بولغانىدى، نەدىكىنى!
كاساپەت بەئەينى ئۇششۇك ھەرىنىڭ ئۆزى ئىكەن، تەگكەن يېرىدىن
زەھەر تامىدۇ! ئۇنىڭ ئاغزىغا خۇدا تەڭ كەلمىسە، بەندە پەۋا كېلىدى-
غاندەك ئەمەس! ئەڭ ياخشىسى، تېزدىن ... تېزدىن...

هاپىز خوجا ئۆزىنى خۇش قىلىمەن، دەپ ئەكسىچە خاپا قىلىۋال-
دى. يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى تارتىشىپ ئېچىشىپ بىئارام بولدى.
سەۋر - تاقىتىمۇ تۈگىدى.

— ساقچى، بۇنى كۆزۈمدىن يوقات! — دېدى ئۇ ئاخىر ئىشىككە
قاراپ زەردە بىلەن.

ئىككى ساقچى قۇتلۇق ئەپەندىگە چىلبۆرىدەك يېپىشتى. قۇتلۇق
ئەپەندى ئۇلارنى ئىتتىرىۋېتىپ دېدى:

— هاپىز، سەن ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كەتمە! ئەل قىساسى مە-
نەل ھەق! ئۆتكەندە بىر كىتاب ئوقۇۋېدىم، ئۇنىڭدا ساڭا ئوخشاشلار
تەرىپىدىن ئوتقا تاشلىنىپ كۆيدۈرۈش جازاسى بېرىلگەن بىرىنىڭ
ئۆلۈم ئالدىدا جاللاتلارغا قاراپ مۇنداق دېگەنلىكىنى يېزىپتۇ: «جا-
نابلار، سىلەر مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىسىلەر، چۈنكى سىلەر ئۆ-
زۈڭلارمۇ ئۆلۈم خەتەرلىكىدە تۇرۇۋاتىسىلەر!» ... قالتىسمىكەن، ها-
پىز، سەن نېمانداق تاتىرىپ كېتىسەن؟ ھە، بىرنەرسىنى سەزدىڭغۇ
دەيمەن. توغرا، «مۇزنىڭ ئۆمرى باھارغىچە» دېگەن گەپ بار. «كۈ-
رەش» تەشكىلاتىمىز ھەرىكەتتىن توختىمايدۇ، جاھالەتلىك دۇنيا
ئۇزاققا بارمايدۇ!

قۇتلۇق ئەپەندى زەنجىر - كىشەنلەرنى شاراقلىتىپ پۇتىنى سۆرەپ
ئىشىككە ماڭدى. ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىكى تەمكىنلىك، ئېغىر - بې-

سىقلىق، گەپ ـ سۆزلىرىدىكى ئۆتكۈرلۈك ھاپىز خوجىنى ھەم ھەيران قالدۇردى، ھەم تەمترەتتى. ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ تەكتىگە يېتەلمىدى. بۇلار گويا سىرلىق بىر تېپىشماقتەك ئۇنىڭ ئىچىنى سىقىپ كۆڭلىنى بۇرۇقتۇرما قىلىۋەتتى. ئىشخانىغا تۇرمە باشلىقى كىرگەندىمۇ ئۇ ئاشۇ سىرلىق خىياللارغا چىرمىشىپ ھاڭۋېقىپ تۇراتتى.

— جۇيجاڭ جانابلىرى، بۇ توپىلاڭچى بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى! — دېدى تۇرمە باشلىقى قۇتلۇق ئەپەندىدىن دادلاپ، — زادىلا جىم ياتمايدۇ، جىنايەتچىلەرنى ئاشلىق ئېلان قىلىشقا، غوۋغا كۆتۈرۈشكە قۇترىتىپ زادىلا ئارامىمىزنى قويمىدى!

ھاپىز خوجا ئېسىگە كەلدى. يېنىدا كاسىلداپ تۇرغان تۇرمە باشلىقىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى دەسلەپ ئانچە ئاڭقىرالمىدى، كېيىن گەپ يەنە قۇتلۇق ئەپەندى ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، تۇرمە باشلىقىنى تىنچلاندۇردى:

— «سېمىز قوينىڭ ئۆمرى قىسقا» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئۇ ئەزەلدىن كېپەنلىكى بوينىغا ئېسىلغان بىر سىياسىي قاچقۇن! يېقىندىن بېرى، يۇقىرىدىن بەزى كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر كېلىۋاتىدۇ، ئۇنى تېزدىن... تېزدىن ئۈجۈقتۇرۇۋېتىش كېرەك! بېرى كەل، بىز ئەمدى ئۇنى قانداق جايلاشنى مەسلىھەتلىشەيلى...

ئىككىسىنىڭ بېشى بىر يەرگە كەلدى، تىنىقلار ئارىلىشىپ كەتتى. بىرى، ئاق سېرىق، يۇمىلاق؛ يەنە بىرى، قارامتۇل، چاسا يۈزلەردە شۇملۇق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. ئىشخانىدا سىرلىق پىچىرلاشلار باشلاندى.



# يىگىرمە بەشىنچى باب

## بۇ بابنىڭ مەزمۇنى ئىچىدىكى گەپتە

ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا،
ئالتۇن قاچىدا سۇ ئىچەرسەن.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

ئىسسىق يېلىنجاپ تۇراتتى. ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئەشمە سۇلار قاغجىراپ كەتكەن بوغدايلىقتا ۋىشىلداپ يامراشقا باشلىدى...

باتۇق ئېرىق بويىدىكى ھەممە يېرى بوغما - بوغما ئۆسمە بىلەن قاپلانغان كارداڭ سېدىگە يۆلىنىپ خىيالغا كەتتى. قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن مامۇت قۇرغۇيىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى ئۇنى دورا يېگەن بېلىقتەك قىلىپ قويغانىدى...

كەچ كىرىشكە باشلىدى. كەچكى قۇياش ئەسكى كىگىزدەك پارچە - پارچە بۇلۇتلار ئارىسىدا خۇددى تۇتقۇن قىلىنغان مەھبۇسنىڭ كۆزىدەك غەمكىن كۆرۈنەتتى. باتۇق پېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ خورسىنىپ قويدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ يېنىغا بەختى سېرىق كەلدى. ئۇنىڭ سارغۇچ، يىرىك ساقاللىرى كىرپە تىكىنىدەك دىردىيىپ كەتكەنىدى. باتۇق بەختى سېرىقنى كۆرۈپلا قايناپ كەتتى:

— ئۇلار بىزنى مۇشۇنداق بىر - بىرلەپ يەپ تۈگەتمەكچىمۇ؟

يەپ تۈگـتـىش ئاسان ئەمەس، ھاپىز خوجا! چىشىڭ قاماپ قالـىدۇ! قاراپ تـۇر، سەن بۆرە بولـساڭ بىز قـاپلان! سەن بىـزنى مەغـلـۇپ بولدى، دەپ ئويلاپ قالما، ياق، ياق! ئۇنداق ئوڭاي ئىش يوق، جـېـ- نىدىن تويغان ئادەم ئاسان مەغلۇپ بولمايدۇ! بىرى يىقىلسا، ئىكـ- كىسى ئىزىنى بېسىپ تۇرىدۇ. قانداق دېدىم، بەختى ئاكا؟

— توغرا ئېيتتىڭ! — دېدى بەختـى سېرىق ئۇنىڭ مەردانـە سۆزلىرىگە قايىل بولۇپ، — يىغلاشنى بىلگەن ئادەم كۈلۈشنىمۇ بىلىدۇ!

باتۇق بىردەم شۈك بولدى. قـاشلىرىـنى يىمـىرىپ قـىپقىزىـل شەپەق بىـلەن رەڭلەنـگەن يىراق ئـۇپۇققا كـۆز تىكتـى، چەكسىـز ئاسمان ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى، ئۇنىڭ يۈرىكى يەنە تېپچەكلىـ- دى: «ئەجەبا، ئالەم شۇنچـە كەڭ، شۇنچـە كەرەملىـك تۇرۇپ، نېمـە ئۈچۈن ئۇنىڭ باغرىغا ياخشى ئادەملەر سىغمايدۇ؟! نېمە ئۈچۈن يا- مان ئادەملەر ئۇنى-ئىپلاس قەدەملىرى بىلەن بـۇلغاپ، خالىـغانچـە ئاياغ ئاستى قىلىپ يۈرىدۇ؟! ئەي، خۇدا! ئـەگەر سەندە راسـتتىنـلا قۇدرەت بولىدىغان بولسا ئۆزۈڭ ياراتقان ئالـەمدىكى بـۇ ناھەقچىـ- لىكنى تەڭشىگىن! ياخشى ئادەملىرىڭنىڭ بېشىنـى سىلاپ، يامـان ئادەملىرىڭنىڭ جاجىسىنى بەرگىن. سەن بەرپا قىلغان بۇ زېمـىن ئۇلارنىڭ ناپاك جىسمىنى كۆتۈرگۈسىز بولۇپ كەتتى!...»

باتۇق بىردىنلا ئۇپۇقتىن كۆزىنى ئۈزۈپ بەختى سېرىققا يـۈز- لەندى:

— بەختى ئاكا، ئەتىلا شەھەرگە كىرسەڭ دەيمـەن. مانا بۈگـۈن ئۇلارنى تۇتۇپ كەتكەنگە بەش كۈن بوپتۇ. ھاپىز خوجىنىڭ قولىـ- دىن ھەر بالا كېلىدۇ. ئۇلارنى تېزرەك قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنـى قىلساق قانداق؟

— بولىدۇ، مەنمۇ شۇنى ئويلاپ يۈرىمەن، — دېدى بەختى سېـ-

رىق، ــ مېنىڭچە، ئاۋۋال چەبدەس يىگىتتىن بىر ـ ئىككىسى كىرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ چىقسۇن. شۇنىڭغا قاراپ ھەرىكەت پىلانىنى تۈزەيلى!

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەندە سودىگەر قىياپىتىدە ياسانغان ئۈچ ئاتلىق يولغا چىقتى. ئالدىدا كېتىۋاتقىنى باتۇق ئىدى. ئۇ ئاتقا توختىماي قامچا ئۇراتتى، ئاق قاشقىلىق چىپار ئارغىماق قۇلاقلىرىنى شىنتايتىپ، تۇياق ئۇرۇپ، بۆرە يۈرىشىدە كېتىۋاتسىمۇ، باتۇقنىڭ نەزىرىدە گويا بىر ئىزىدا تۇرغاندەك بىلىنەتتى.

ئۇلار شۇنچە جىددىيلەپ يۈرۈپ قاراڭغۇ چۈشكەندە شەھەرگە كىردى. بىر كېچىنى تىللا سارىيىنىڭ مۆتىۋەرلەر چۈشىدىغان ئازادە ھۇجرىسىدا ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئەتىگەندە باتۇق ۋاڭ دەيدىغىنى ئىزدەپ ئالتە بۇرجەكلىك تۇرمىگە باردى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن تېزلا ئۇچراشتى. ئۇ باتۇقنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ:

ــ بولىدۇ، سەل تۇرۇپ سىياسىي مەھبۇسلار تۇرمىسىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقاي، ــ دېدى ئىككىلەنمەيلا، ــ چىداپ تۇر، چۈشتىن كېيىن ئېنىق خەۋىرىنى بېرىمەن.

ــ ئۇ يەردە يېقىن تونۇشلىرىڭ بارمۇ؟

ــ خاتىرجەم بول، ھەممىمىز بىر گۈندىپاي ـ دە.

ــ ماقۇل ئەمىسە، ــ دېدى باتۇق مەمنۇنلۇق بىلەن، ــ سېنىڭ خەۋىرىڭگە قاراپ ھەرىكەت قىلماقچى. نەدە ئۇچرىشىمىز؟

ــ راست، نەدە ئۇچراشساق بولار؟

ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئىشەنچلىك، قولاي ئالاقە پونكىتى ئاللىقاچان پېچەتلىنىپ، ئۇنىڭ خوجايىنى ۋاڭ دالى ــ ۋاھاپ چوقۇر قولغا ئېلىنغانىدى. ئۇلار ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ، ئاخىر تۆمەن بويىدىكى تاللىقتا ئۇچراشماق بولۇپ خوشلاشتى.

باتۇق يېرىم كۈننى ئاران ئۆتكۈزدى، تۈمەن بويىدىكى تاللىقتا خېلى بۇرۇنلا چىقىپ، سالقىن، ياپيېشىل دەريا بويىنى، ئۆركەشلىنىپ كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان بوزامتۇل دەريا سۈيىنى سەيلە قىلدى. گۈزەل، بەڭۋاش، باغرى كەڭ تەبىئەت ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى مەيۈسلۈك، غەمكىنلىك ۋە تىت - تىتلىق بىلەن چىگىلىپ قالغان كۆڭلىنى بىردەم بولسىمۇ يېشىپ بەھرىنى ئاچتى...

ۋاڭ دەيدەي ھايالشىمايلا كەلدى، بىراق ئۇنىڭ ئۆڭسۈلى يوق ئىدى. خېلى ۋاقىتقىچە ئۈندىمىدى، پۇشۇلداپ ئولتۇرۇۋالدى، كېيىن باتۇقنىڭ قىستىشى بىلەن ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— تۈنۈگۈن يېرىم كېچىدە ئىككىلىسىنى تىرىك كۆمۈۋېتىپتۇ...

— ھە، راستىما؟! — باتۇق ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى، ۋاڭ دەيدەينىڭ قولىنى قاتتىق سىلكىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى، — دەيدەي، راست دەۋاتامسەن؟!

— راست، باتۇق، — ۋاڭ دەيدەي زەئىپ ئاۋازدا تەكرارلىدى، — باتۇق، دوستلىرىم مېنى ئالدىمايدۇ، قۇتلۇق ئەپەندى خويمۇ بەلەن يىگىت ئىدى. زادىلا چىدىيالمىدىم... بولدى، بۇ جاللاتلاردىن جاق تويدۇم، گۇندىپايلىقنى تاشلاپ كېتىمەن...

ۋاڭ دەيدەينىڭ كېيىنكى گەپلىرى باتۇقنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ بېشىدىن كىرگەن مۇزدەك سوغۇق بىر ئېقىم پۇتۇن ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ تاپىنىدىن چىقىپ كەتكەندى. بىردەملىككە ئۇنىڭ ئەس - ھوشى يوقالدى، زېمىن گويا تەتۈر پىرقىراپ چايقىلىۋاتقاندەك بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئاينىدى...

## 2

باتۇقنى ئىچ ئاغرىقى ئۇرۇپ كەتتى. ئۇيقۇسى قاچتى، ئىشتىھاسى تۇتۇلدى، ئىككى كۈن ئىچىدىلا خۇددى يەل قويۇۋەتكەن شاردەك «شىپپىدە» تارتىلىپ ئىككى قوۋۇزى خالتىلىشىپ قالدى. چاناقلىرى چۆككەن كۆزلىرى بولسا قىزىرىپ ئەسەبىيلىشىپ بىر خىل سوغۇق نۇر بىلەن چاقناپ تۇراتتى...

ئۇ بۈگۈن ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئەنجان كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ قالدى. كوچىنىڭ تار، ئۇزۇن يولىغا بىرھازا تىكىلدى، تەلمۈرۈپ قارىدى. كۆز ئالدىدىن نۇرغۇن رەڭمۇرەڭ سۈرەتلەر، مەنزىرىلەر، خاتىرىلەر ئۆتتى. بۇ خاتىرىلەر ئۇنى قولمۇقول يېتىلەپ ھاياتنىڭ ئاجايىپ سىرلىق، لەززەتلىك، ئىسسىق قوينىغا باشلاپ باردى، ئۇنى ئەركىلىتىپ سۆيدى، باغاشلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھوزۇرى ئۇزاققا بارمىدى، يەنە ئاشۇ سۈرەتلەر، مەنزىرىلەر، خاتىرىلەردىن تۇيۇقسىز مۇدھىش بوران كۆتۈرۈلۈپ ھەممە نەرسىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى، ئۇنى ھاياتنىڭ سىرلىق، لەززەتلىك، ئىسسىق قوينىدىن يۇلۇپ ئېلىپ ئاللىقانداق بىر چۆل ـ جەزىرىگە سىلكىپ تاشلىۋەتتى...

باتۇق «دىڭگىدە» چۆچۈپ خىيالدىن ئۆزىنى يىغدى. قەددىنى رۇسلاپ، تالاي ـ تالاي قەدەم ئىزلىرى قالغان، سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنىڭ بىردىنبىر شاھىتى بولغان بۇ تونۇش كوچىغا ئېھتىرام بىلەن قەدەم تاشلاپ، يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ سەلتەنەتلىك ئۆيگە قاراپ ئاستا سىلجىدى...

ئۇنىڭ كۆزىگە رام بولۇپ قالغان سېرىق تۈچ قۇببىلىك، قۇيما ھالقا بېكىتىلگەن قوش قاناتلىق دەرۋازا ئېتىكلىك ئىدى. باتۇق ئىشىكنىڭ بىر يېنىغا يۆلىنىپ غېرىبسىنىپ تۇرۇپ قالدى. بىر چاغدا ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. باتۇق «لىككىدە» بېشىنى كۆ-

تۇرۇپ ئاجايىپ بىر ئۈمىد ۋە ئىشتىياق بىلەن ئىشىككە قارىدى. بوسۇغىدا سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا تۇراتتى. ئۇ باتۇقنى كۆرۈپلا ھويلىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— دادا، ... دادا، دىۋانە كەپتۇ!...

— بىر توغرام نان ئاچىقىپ بەر، ئوغلۇم!...

«دىۋانە؟!» — باتۇق خورسىنغان ھالدا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى. بالىنىڭ سۆزى دەسلەپ ئۇنىڭغا ھاقارەتتەك تۇيۇلدى، كېيىن ئاستا - ئاستا گويا بىر ئىسسىق ئېقىمدەك كۆڭلىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە تارالدى. توغرا، بىر چاغلاردا ئۇ نازاكەت خېنىمنىڭ مۇشۇ قەسىرىنىڭ ئالدىدىكى بىر ناتىۋان دىۋانە ئىدىغۇ! مەشۇقىنىڭ قەلب رىشتىسى ئۇنى ھەمىشە مۇشۇ كوچىغا، مۇشۇ ئىشىككە تارتقان، باغلىغان ئەمەسمۇ!؟ ئۇ بۇ يەردىن نېمىلەرنى كۈتكەنىدى - ھە! ئۇ مۇشۇ قەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا باش قويۇپ جان بېرىشكە رازى ئىدى. ئۇ شۇ چاغدىكى سۆيگۈ دىۋانىلىكىدىن لەززەت ئالغان، دىۋانىلىك ئۇنىڭغا بەخت - پاراغەت ئېلىپ كەلگەنىدى. لېكىن بۇ بەخت - پاراغەت ئۇنىڭغا ئۇزاق نېسىپ بولمىدى. ئەمدىلىكتە شۇ بەخت، پاراغەتنى بەخش ئەتكەن كىشىنىڭ ئۆزى تۇگۇل، روھىمۇ يوق. ئاھ!...

باتۇقنىڭ كۆزلىرى نەملەندى، لېپىلداپ تۇرغان لەۋلىرى زەئىپ پىچىرلىدى: «ياق، ياق، نازاكەت! سېنىڭ روھىڭ ئۆلمىدى، ئۇ مەڭگۈ مەن بىلەن بىللە!...»

— ھەي دىۋانە، مانا نان! — بالىنىڭ چۈچۈك، لېكىن قوپال ئاۋازى باتۇقنى سەگىتتى. ئۇ كىرپىكلىرى ئارىسىدا لىغىرلاپ تۇرغان ياشنى ئېچىگە سىڭىرىپ بالىغا قارىدى. بالا ئالىقانىدەك بىر بۇردا ناننى سوغۇق نەزەر بىلەن تەڭلەپ تۇراتتى. باتۇق بالىغا بىرپەس قاراپ تۇردى، كېيىن ئارقىسىغا «شاقىقىدە» بۇرۇلۇپ،

مىڭىپ كەتتى. بالا دەسلەپ ئەجەبسىندى، كېيىن ئاغزىنى پۇرۇپ غودۇڭشىدى:

— ساراڭ دىۋانە، ناننى ياراتماي، ئۆينى ئالامتىكى؟ ...

باتۇق گويا مەست ئادەمدەك دۈگجۈپ مېڭىپ كو-چىنىڭ دوقمۇشىغا چىققاندا ئىختىيارسىز توختىدى، ئارقىغا بۇ-رۇلۇپ ئەنە شۇ تار، ئىچكىرى كوچىغا ئاخىرقى قېتىم ئۇزاق تى-كىلدى، كېيىن ھاپىز خوجىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ شىددەت بى-لەن يۈرۈپ كەتتى.

3

ھاپىز جۇيجاڭ قاتمۇقات، ئارقىمۇئارقا ئېچىلغان يىغىنلاردىن زېرىكىپ ھارغىن قىياپەتتە ئۆيگە كەلدى. مېھمانخانىسىغا كىرىپ سىرتقى كىيىملىرىنى يەشكەچ ئۆز- ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى: «ھەر كۈنى يىتىم، يىتىم!... نېمىدېگەن تۈگىمەس يىتىمنىڭ گې-پى بۇ؟ ياخشىمۇ 11 ماددا بولغىنى، ئەگەر ئۇنىڭدىن كۆپرەك بول-غان بولسا ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە يىتىمنى سۆزلەيدىكەن-مىز - دە! خۇداغا شۈكرى، ھەرنېمە بولسا سۇ كەلگۈچە تۇغاننى توسۇپ، ئىشلىرىمىزنى غىممىسىدە پۈتتۈرۈۋالغانكەنمىز...»

ئۇ خۇرۇم قاپلىق تاپانچىسىنى بۇلۇڭدىكى سىم كارىۋاتنىڭ پۇ-تىغا ئاستى، ئاندىن يەڭلىرىگە شىپال قويغان قارا موۋۇت چاپى-نىنى قويۇش ئۈچۈن تام ئىشكاپىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئاچتى-يۇ، «دىڭڭىدە» چۆچۈپ كەتتى. كۆزىگە ئادەم سۈرىتىدىكى ئاللى-قانداق بىرنەرسە كۆرۈنگەندەك بولدى، بېشىنى بىر - ئىككى قې-تىم سىلكىدى، كۆزىنى يوغان ئېچىپ يەنە قارىدى. راست، كۆزى ئۇنى ئالدىمىغاندى، ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئاستىدىلا بىر ئادەم ئۆرە

تۇراتتى. يەنە كېلىپ، ئۇ ئۇزاقتىن بېرى ئىزدەپ، تۇتىماقچى بو-لۇپ يۈرگەن تونۇش ئادەم تۇراتتى. ئۇ ئەمدى راستتىنلا قورقتى. تىلى كالۋالىشىپ، كۆزلىرى چەكچەيدى. بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپ-لەشكەندەك دېمى سىقىلىپ تۇرغان ئورنىدا مۇمىيادەك قېتىپ قالدى...

باتۇق ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن بىر قولىدا تاپانچا، بىر قولىدا خەنجەر تۇتقان پېتى قاقاقلاپ چىقتى.

— «لەۋزىدە تۇرمىغان يىگىت ئەمەس» دېگەن گەپ بار! — دېدى ئۇ كىنايە بىلەن، — بىر چاغدا مەن ساڭا مۇشۇ ئۆيدە، ئاشۇ كا-رىۋاتنىڭ يېنىدا تۇرۇپ: «يەنە كۆرۈشىمىز!» دېگەنىدىم. لەۋزىمگە بىنائەن بۈگۈن سېنى يوقلاپ كەلدىم. بىلىپ قوي، بۇ ئاخىرقى قېتىم ئۇچرىشىشىمىز بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن سېنى زادىلا ئاۋارە قىلمايمەن!

ھاپىز خوجا ئارقىغا داجىدى، قولىدىكى چاپان چۈشۈپ كەتتى.

— سەن ... سەن ... — ئۇ گاچىلىشىپ قالدى، كېيىن ئۆزىنى سەل - پەل بېسىپ، — باتۇق، سەن تەلۋىلىك قىلما! ھازىر ۋەزى-يەت ئۆتكەنكىگە ئوخشاشمايدۇ. «11 بىتىم» ئېلان قىلىندى. ئە-گەر سەن قارامىلىق بىلەن بىرەر ئىش چىقىرىدىغان بولساڭ بى-تىمنى بۇزۇپ تىنچسىزلىق پەيدا قىلغان بولىسەن! ئۇ چاغدا بۇ-نىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ! — دېدى.

باتۇق قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىگە ئاچچىق مەسخىرە يوشۇرۇنغانىدى.

— بىتىمنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ بىردىنلا چىرايىنى جىددىي ئۆزگەرتىپ، — بۇنىڭغا خەلق تەنتەنە قىلىۋاتىدۇ. مەنمۇ خۇشال، سەنمۇ خۇشال بولۇۋاتىسەن! لېكىن سېنىڭ خۇشاللىقىڭ خەلقنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ. سەن بىزنىڭ

قورال تاشلايدىغانلىقىمىزغا خۇشال بولۇۋاتىسەن. لېكىن بىلىپ قوي، ھاپىز جۇيجاڭ، سەن قورال تاشلىمىغۇچە مەن تاشلىمايمەن! بىزنىڭ قولىمىزدىكى قورال ھېسابسىز قان ـ ياشلار ھېسابىغا كەلگەن. بايا سەن مېنى «تىنچسىزلىق پەيدا قىلغان بولىسەن» دې ـ دىڭ، توغرا، مەن بۇرۇنمۇ تىنچسىزلىق پەيدا قىلغان، ھازىرمۇ قىلىمەن، چۈنكى بىز خەلقنى مەڭگۈ تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن تىنچسىزلىق پەيدا قىلدۇق. تىنچسىزلىق ئىچىدىن خەلقىمىزگە تىنچلىق ئىزدىدۇق. بىزگە ھاياتلىق كېرەك، لېكىن بىز ھايات ـ لىقنى ئۆلۈمدىن ئىزدەۋاتىمىز!...

ھاپىز خوجا باتۇقنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى. ئۇنىڭ گەپلىرى ـ نىڭ ئۇرانى، سالمىقى ھاپىز خوجىنى ھەيران قالدۇردى. باتۇق بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇنقى قوپال، ساددا، قارا قورساق سەھرا با ـ لىسىغا ئوخشاشماي قالغانىدى...

ــ سەن بۈگۈن زادى نېمە قىلماقچى؟! ــ ھاپىز خوجا ئەندى ـ كىپ سورىدى.

ــ قىساس ئالماقچى! ــ دېدى باتۇق چورتلا كېسىپ، ــ سەن «ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم قولىدا ئۆلەر» دېگەن ھېكمەتلىك گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

ھاپىز خوجىنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ تىترەك باسقان قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:

ــ ياق، ياق ... ئۇنداق قىلساڭ «11 بىتىم» گە ئاشكارا قارشى چىققان بولىسەن... مەن بايانات ئېلان قىلىمەن!...

ــ قارشى چىققان بولامدىمەن!؟ ــ باتۇق مىيىقىدا كۈلدى، ــ «11 بىتىم» نىڭ روھىغا قايسىمىز قارشى چىقىۋاتىمىز؟ ئېيتىپ باقە، «11 بىتىم» نىڭ خەۋىرى كەلگەن ئاخشىمى سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟

ــ ھېچ ... ھېچ ئىش قىلمىدىم، باتۇق... ــ ھاپىز خوجىنىڭ ئاۋازى پەسلەپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

ــ ھاپىز، سەن ئۆزۈڭنىڭ شۇملۇقلىرىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەپ ئويلىما! ــ باتۇق ئۇنى تام تۈۋىگە قىستاپ كەلدى، ــ ئېيتە، ئالتە بۇرجەكلىك تۇرمىدىكى مەھبۇسلار قېنى؟ قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن مامۇت قۇرغۇي قېنى؟ ھاجى ئورۇس بىلەن نازاكەت خېنىم قېنى!؟

ھاپىز خوجىنىڭ چىرايى چويۇندەك كۆكىرىپ كەتتى. توشقان كالپۇكلىرى لىپىلداپ يۇزىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى ئېگىز ـ پەس تارتىشتى. باتۇقنىڭمۇ كۆزىگە قىزىللىق تولۇپ قانلىرى تومۇرىدا شۇۋۇلداپ ئاقتى.

ــ سەن قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن مامۇت قۇرغۇينى بىتىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تىرىك كۆمۈۋەتتىڭ! سېنىڭ ئىككى قولۇڭ بىگۇناھلارنىڭ ھېسابسىز قېنى بىلەن بويالدى. بۇگۈن سېنى مەن ئەمەس، شۇلارنىڭ ئەرۋاھى ئۇردى!...


ھاپىز خوجىنىڭ جېنى سەكلىدى. ئۇ ئۆلۈم ئالدىدىكى غالجىرلىق بىلەن باتۇقنىڭ تاپانچىسىغا ئېسىلدى ۋە تىزى بىلەن ئۇنىڭ جان يېرىگە تەپمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، باتۇق چەبدەسلىك بىلەن قوش بىسلىق خەنجەرنى يۇرەككە نىشانلاپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئۇرۇۋەتتى. ھاپىز خوجا سىلكىنىپ ـ سىلكىنىپ خارتىلدىدى، ئارقىدىن تىن تارتماي يەرگە يىقىلدى. بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان قان ئۇنىڭ ھال رەڭ يىپەك كۆڭلىكىنى بوياپ، ئاپئاق تاملارغا چاچراپ كەتتى. باتۇق قولىدىكى خەنجەرنى پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى، قان سىرغىپ تۇرغان خەنجەر ئۇچۇپ بېرىپ مېھرابنىڭ ئۇستىگە سانجىلدى. ئۇ پۇخادىن چىقتى، كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى، شىرە ئۇستىدىكى ئاق داستىخانغا قولىنى

سۈرتتى، قان يۇقى كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى، ھاپىز خوجىنىڭ ئېسىل تاپانچىسىنى ئوقدىنى بىلەن قوشۇپ چاپىنىنىڭ ئىچىگە تىقتى، ئاندىن غالىبانە قەدەم بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

## 4

بىر چاغلاردا ئۆز ئىختىيارى بىلەن توغراقلىقتا كېلىپ جەم-لىنىپ كۈندىن ـ كۈنگە زورايغان، كۈچلەنگەن قوشۇن ئۇرغۇن قىسمەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بەزىدە يېڭىپ، بەزىدە يېڭىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يەنە ئاز قالدى. يېقىندىن بۇيانقى ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن بەزىلەر قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ تەرەپ ـ تەرەپلەرگە تارقاپ كەتتى، لېكىن ئۇلار مەنزىلگە يەتمەي، يول ئۈستىدىلا يو-شۇرۇن زەربىگە ئۇچرىدى، بەزىلەر ئوققا تۇتۇلدى، بەزىلەر تۇتقۇن قىلىندى. ئاخىر توققۇز ئادەم قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە باتۇق بىلەن بەختى سېرىقمۇ بار ئىدى. ئۇلار مەيۈسلەنمىدى، چۈشكۈنلەشمى-دى، بەلكى قوراللىرىنى چىڭ تۇتۇپ، يەتتە سەپدىشىنى ئەگەشتۈ-رۈپ، كەڭ ۋە ساخاۋەتلىك قەدىمىي توغراقلىقنىڭ تېخىمۇ ئىچ-كىرىسىگە ئات سېلىپ كىرىپ كەتتى!...

1986 ـ يىل ئاۋغۇست ـ دېكابىر
ئۈرۈمچى — قەشقەر



**图书在版编目 CIP 数据**

被遗忘的人们：维吾尔文/艾海提·吐尔迪著．—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2009.3
（艾海提·吐尔迪作品集）
ISBN 978-7-5371-6502-0

Ⅰ．被… Ⅱ．艾… Ⅲ．长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．1247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 0233 46 号

责任编辑：**阿布里克木·艾山**
责任校对：**迪力亚尔·吐尔逊**
封面设计：**阿里甫·夏**

艾 海 提·吐 尔 迪 作 品 集
**被遗忘的人们**（维吾尔文）
（长篇小说）
**艾海提·吐尔迪** 著

---

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路二巷 1 号 邮编：830049）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 13.125 印张
2009 年 3 月第 1 版 2009 年 3 月第 1 次印刷
印数:1-4000

---

ISBN 978-7-5371-6502-0 定价：26.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换